www.kitaphumar.com

# ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي ماقالىلەر توپلىمى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 8-ئاي

مەنبە: تەكلىماكانىي بىلوگى، ئۇيغۇرلار تورى

# مۇندەرىجە

1. دوكتۇر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىنىڭ تەرجىمىھالى ........................ 3
2. ھىجرەت ۋە نۇسرەت ........................................................ 23
3. ھىجرەت ۋە نۇسرەت (9) ............................................... 34
4. ھىجرەت ۋە نۇسرەت (10) .............................................. 53
5. ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى ....................................... 74
6. ئۇيغۇر تىل-يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلابقا مۇھتاج ...................... 94
7. رادىل ئابلا تەكلىمىسى ۋە ئۇيغۇر تۇرمۇش پەلسەپىسى ..................... 122
8. پەرق ۋە بەرق (1) ........................................................ 129
9. پەرق ۋە بەرق (2) ........................................................ 139
10. مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم ................................................ 147
11.«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين»گىچە ئەلشىر نەۋائىي سىلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمە ...................................... 223
12.ئۇيغۇرلاردا ئەبگالىق ....................................................... 268
13. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر ................................. 344

# دوكتۇر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىنىڭ تەرجىمھالى

غالىب بارات ئەرك

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دېڭىزىدا نادىر غەۋۋاس
- مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇرشۇناس، دوكتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە

‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە، ‹ تۈركى تىللار دىۋانى › ۋە ‹ قۇتادغۇبىلىك › قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر باش بەلگە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى ، ھېلىھەم زوق ـ شوق بىلەن تەرەننۇم قىلىنىۋاتقان ۋە تۈگىمەس ـ پۈتمەس مۇھەببەت بىلەن ئوقۇلىۋاتقان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرىنىڭ تىلى بولغانلىقى ، شۇنداقلا ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ، نىسبەتەن زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەدەبىي ، تارىخىي ۋە ئىسلامى ئەسەرلەر يېزىلغان شاراپەتلىك تىل بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئېرىلىپ تەتقىق قىلىش ھەققەتەنمۇ ئەمەلىي قىممەت ، رېئال ئەھمىيەت ۋە ئىستىقباللىق زۆرۈرىيەتكە ئىگىدۇر›› .

- پروفېسسور ، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى
- ( قاراڭ: « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى » سوڭ مۇقاۋا)

تېمۇرچىن باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار 1206 ـ يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېمۇرچىننى ”چىڭگىزخان“ دەپ ئاتىدى ھەم بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنى قۇردى. 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىدىكىلەر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېگىننىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، قارا قىتانلارنىڭ دۆلەت نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئېلىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قارام بولدى .

جەنۇبى شىنجاڭنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان خاقانىيە 1212 ـ يىلى تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ قاراقىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى . 1218 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ يارلىقى بىلەن 20 مىڭدىن ئارتۇق موڭغۇل چېرىكى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ چېرىكلىرى قاراقىتان ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلىپ يوقاتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىنلار موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تۆرت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى ، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەڭرىتاغ بويلىرىدىن ماۋارائۇننەھرگىچە بولغان يەرلەر تۆرت مىڭ چېدىرلىق موڭغۇل قەۋمى بىلەن تەقسىم بولدى . چىڭگىزخان ئوغلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇندىن باشلىنىپ، مىلادىيە 1680 ـ يىلى ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاياقلاشتى .

چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ‹‹ چاغاتاي تىلى ›› دېيىلگەن بىر ئاتالغۇ پەيدا بولدى. بۇ قانداق تىل ؟ موڭغۇل تىلمۇ ياكى سۈنئىي پەيدا قىلىنغان ، چاغاتاي جەمەتىگە مەنسۇپ تىلمۇ ؟ ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرى قانداق؟ مانا بۇ ساھەدە 30 يىلدىن بېرى مىننەتسىز مېھنەت قىلىۋاتقان بىر ئالىم بار . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك ئەمگەك ۋە ھوسۇللۇق ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە ‹‹ چاغاتاي تىلى››نىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە شۇنىڭغا دائىر مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن يېڭىچە قاراش، مۇيەسسەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ ساھەدە ئېلىمىزدىكى ئىلىم نوپۇزىغا ئايلاندى . ئۇ كىم ؟ ئۇ ، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، دوكتور ئاسپرانت يېتەكچىسى، دوكتور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىيدۇر .

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەدىمى ئاستانىسى بولغان قەشقەرنىڭ يومۇلاق شەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1966 ـ يىلى قەشقەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن . شۇنىڭدىن باشلاپ 1972 ـ يىلىغىچە يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان ، بۇ جەرياندا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئىقتىساس ئىگىسىگە ئايلىنىش ئىستىكىدە ئۆگىنىشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن . 1972 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىمتاھانىدىن ئۆتۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1975 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغانلىقتىن ، شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان.

ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان ۋاقتى ئۇنىڭ بىلىم دېڭىزىدىكى غەۋۋاسلىقىنىڭ باشلانغان دەۋرى بولغان. ئۇ دەستلەپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاللانما، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىرىنى ئۆتكەن. كېيىنرەك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆتكەن. بۇ دەرسلەرنى ئۆتۈش داۋامىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش - ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ تىلنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەرەب ، پارس تىللىرى ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، داۋاملىق بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغىغان . 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرستېتىدا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، باغداد ، كۇفە ، نەجەف ۋە كەربالا قاتارلىق شەھەرلەردە، ئېلىمىز مۇتەخەسسىسلىرىگە تەرجىمان بولۇپ، ئەرەب تىلى بويىچە پىراكتىكا قىلغان. 1986 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىدا پارس تىلى ئۆگەنگەن. 1996 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە زىيارەتچى ئالىم سالاھىيىتى بىلەن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ ، قاھىرە ئۇنىۋېرستېتىدا ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە ؛ ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتىدا ئىسلام دىنى ئاساسلىرى ( ئۇسۇلۇددىن ) بويىچە بىلىم ئاشۇرغان . 1997 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تىل ـ تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى چاغداش تۈرك شېۋىلىرى ۋە ئەدەبىياتلىرى فاكۇلتېتىدا چاغاتاي تۈركى تىل ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئاسپرانتى بولۇپ ئوقۇغان. بۇ جەرياندا، ‹‹ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى ›› ، ‹‹ ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىيات تارىخى ›› ، ‹‹ ئۇيغۇر ، ئۆزبېك خەلق ئەدەبىياتى ›› ، ‹‹ شەرقىي جەنۇبىي ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك شېۋىلىرى گىراماتىكىسى›› ( پېئىل ۋە مورفولوگىيە قىسمى)، ‹‹ تۈرك دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى تىل تەتقىقات ئەھۋالى››، ‹‹ تۈرك شېۋىلىرى تەتقىقاتىدىكى رېئال مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش يوللىرى ›› ۋە ‹‹ مەتنىشۇناسلىق ›› قاتارلىق دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەتقىقاتىنىڭ يەنىمۇ يۇقۇرى پەللىسى ئۈچۈن ئۇل سالغان. ئۇ قىرىق يەتتە يېشىدا چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ، بەش يىل مۇشەققەتلىك ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ‹‹ مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹ تارىخى ھەمىدى› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە تەتقىقات ›› ناملىق دېسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ تۈركىيە، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش كومىتېتىنىڭ قايىللىق

تەستىقدىن ئۆتۈپ، تۈركولوگىيە كلاسسىك مەتىنشۇناسلىق ( تېكستشۇناسلىق ) كەسپى بويىچە ‹‹ ئەدەبىيات دوكتورى ›› ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، 2002 ـ يىل 5- ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، داۋاملىق مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. تۆۋەندە ئۇنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى 1975 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغاندىن باشلاپ ئاتاقلىق تىلشۇناس ، مەرھۇم پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇيغۇر تىلى ، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى جەھەتلەردىن چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىنى باشلىغان. « ئالىي مائارىپ ساھەسىدە يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇش - ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ۋە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ پەقەت چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولغىلى بولىدۇ » دەپ قارايدىغان ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى، دەرس مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ‹‹ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ›› ، ‹‹ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى››، ‹‹ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ›› ، ‹‹ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى›› ، ‹‹ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ››، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ›› ، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ›› ، ‹‹ نەۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ›› ، ‹‹ تۈرك تىلى ›› ، ‹‹ ئەرەب تىلى ›› قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلىگەن . ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى داۋامىدا، 1986 ـ يىلى لېكتورلىق ، 1992 ـ يىلى دوتسېنتلىق ، 2004 ـ يىلى پروفېسسورلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1992 ـ يىلدىن باشلاپ ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولۇپ، ھازىرغىچە يەتتە نەپەر ماگىستىر تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. 2007 ـ يىلى دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان.

ھالال ئەمگەك ھامان ھەممىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىقى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان . 1991 ـ يىلى ‹‹ بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ›› بولۇپ باھالانغان ، 1995 ـ يىلى مەملىكەتلىك ‹‹ باۋگاڭ مائارىپ فوندى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى ›› بولۇپ باھالانغان . ئۇ 25 يىلدىن بۇيان ئىزچىل سۆزلەپ كەلگەن ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ›› دەرسى 2006 ـ يىلى ‹‹بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس ›› بولۇپ باھالانغان.

پروفېسسور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرىنى ھەرگىزمۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەنلا خۇلاسىلەشكە بولمايدۇ . ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە فاكۇلتېت ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

پروفېسسور ، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇتقۇچى، مۇنبەردىن چۈشسىلا تىرىشچان ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تولۇقلاپ، تويۇندۇرۇپ، مۇكەممەلشتۈرۈپ بارغان . ئۇ خۇددى ‹‹ پەخىرلەن ، كەسىپدىشىم سەن ھەم...›› ناملىق ماقالىسىدە ‹‹ مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن . چۈنكى ئوقۇتقۇچى ياش ئەۋلادلارغا ئىلىم ـ پەن ئۆگىتىپ ، ئۇلارنى زىيالىي ، يەنى دىلى ئىلىم چىرىغى بىلەن يورۇغان ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان كەسىپ. شۇڭا مەن ئويلايمەنكى ، مەدەنىي ئىنسانلار دۇنياسىدا ، ياش ئەۋلادلارغا ، بىلىمسىز ئادەملەرگە بىلىم ئۆگىتىپ ، ئۇلارنى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ، مەدەنىيەتلىك ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئوقۇتقۇچى ـ مۇئەللىملىك كەسپىنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ئەۋزەل كەسىپ يوقتۇر ... ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ـ ئىنسانىي بىلىم ساھەسىدە بىر ئىزدا توختاپ قالماي ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە ، يېڭىدىن يېڭى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇتۇپ ، داۋاملىق تويۇندۇرۇپ تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان كەسىپ ›› دەپ يازغىنىدەك، نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ۋە بېيىتىپ ، ئۆزىگە شاگىرت بولغان ياشلارنىڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن شام كەبى يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھايات تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرۈدىغان بولساق ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان، ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ئۆگەنگەنلىرىگە قانائەت قىلماي، ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

مەلۇمكى، تارىختا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان: ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈچىيىپ بارغان. شۇ سەۋەبلىك ئەرەب ، پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. ھەتتا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ھەر ساھە ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى. بۇ ھال، بۈگۈنكى زاماندىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىياتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان.

مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەتتە يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەرەب ۋە پارس تىلىنى ئۆگەندى ۋە شۇ ئارقىلىق، ئۆزى ئىلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىقبالى ئۈچۈن پۇختا ئاساس هازىرلىدى. ئالىي مائارىپتا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم هاسىل قىلىش ۋە چەتئەللىنىڭ ئىلغار تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆز تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تۈركىيەدە بەش يىل ئوقۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى . داڭلىق قاهىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئاساسلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇردى . مانا مۇشۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 14 يىل ۋاقتىنى يەنە ئوقۇشقا سەرپ قىلغان. بۇ خېلى ـ خېلى ئادەملەر يېتەلمەيدىغان پەللىدۇر.

ئالىي مائارىپ ساهەسىدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتۇش ئۈچۈن سۈپەتلىك ، سەرخىل دەرسلىك بولۇشى لازىم . ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى بۇ ساهەدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى سىڭدۈردى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىن ، ‹‹ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ›› ، ‹‹ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ›› ، ‹‹ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى›› دەرسلىرىنى ئۆتۈش داۋامىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى مۇكەممەل تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلغان ۋە پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىغان. نەۋائىينىڭ ‹‹ مۇهاكىمەتول لۇغەتەيىن ›› ناملىق كىتابىنى نەشرگە تەييارلاپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن . مەرهۇم خەمىت تۆمۈر بىلەن بىرلىكتە، مەملىكىتىمىزدە تۇنجى ، ئاشكارا نەشر قىلىنغان دەرسلىك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابى ‹‹ چاغاتاي تىلى›› نى يېزىپ چىققان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك ياخشى باهالارغا ئېرىشتى. بۇ كىتاب ئېلىمىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان تۇنجى ئەسەر بولۇش بىلەن بىرگە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىدىغان دەرسلىك بولدى . بۇ كىتاب بەزى ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلدى. شۇ شاراپات بىلەن، مەزكۇر ‹‹ چاغاتاي تىلى ›› 1989- يىلى دۆلەت

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پەن تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى 1993 ـ يىلى، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر ›› (323 بەتلىك) ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ ‹‹ چاغاتاي تىلى دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا ›› ، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا ›› ، ‹‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ›› غا ئوخشاش، ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ ، كۆپچىلىك تەسىر قوزغىغان 23 پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. دوكتور ئابدۇرەشىد ياقۇپ بۇ كىتاب ھەققىدە: ‹‹ ئىلمىي ۋە ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىقات يۈرگۈزگەن . كىتابتا بايان قىلىنغان مەسىلىلەر پاكىت بىلەن تويۇنۇپ تۇرىدۇ . بايانلارنىڭ نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇش بىلەنلا قالماي، نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئىلمىي قىممەت ۋە ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە... ( بۇ ) توپلام تۈركولوگىيە ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم بىر تۆھپە ›› ( ‹‹ تىل ۋە تەرجىمە ›› 1995 ـ يىللىق 5 ـسان 37 ـ، 40- بەت ) دەپ باھا يازغان. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر يورۇتۇلغان قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشىدا تۆھپىكار ئەمگەكلەرنىڭ يەنە بىرى ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان ›› (598بەتلىك) ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىدۇر. پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى بۇ كىتابنى ئاز كەم 30 يىللىق ئىزدىنىش ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان. تەتقىقاتچىلار ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان كىتابخانلارنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىپ چىققان بۇ كىتاب، ئېلىمىزدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇ كىتابتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئالتە يۈز نەچچە يىللىق تەرەققىياتى ، ئۆزگىرىش جەريانلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان بېرىلگەن. يەنى ئالدى بىلەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات بېرىلىپ، تارىختا « چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىلنى ھەقلىق رەۋىشتە « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى » دەپ ئاتاشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى ۋە بۇ تىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

ئاساسىدا راۋاجلانغانلىقىنى ، بۇ تىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەينى دەۋر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، بۇ تىلنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پاكىتلىق ، مۇكەممەل بايانلارنى بەرگەن . كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسى ( فونېتىكا ، مورفولوگىيە ، سىنتاكسىس) جەھەتلەردىن تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن . ئۈچىنچى بۆلۈمدە بولسا، مۇسا سايرامىنىڭ ‹‹ تارىخى ھەمىدى ›› ناملىق ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىنىڭ 257 ـ بېتىدىن 395 ـ بېتىگىچە بولغان قىسمىنىڭ فوتو كۆپىيىسىنى، مىلادىيە ـ ھىجرىيە يىللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى ، ئەبجەد ھېسابى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلاردا ئۇچرايدىغان ئاي ناملىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان . ئىلىمىز تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ، پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى ( شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئون نەچچە كىتابنىڭ ئاپتورى): ‹‹ ( بۇ كىتاب) ئۇنۋېرسىتېت ، فاكۇلتېت رەھبەرلىكىنىڭ ، كەسىپداشلارنىڭ ۋە كەڭ ستودېنتلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىدىن باشقا ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى › دەرسى 2006 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . مېنىڭ قارىشىمچە، دەرسلىك ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان › ئالاھىدە سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ئىسپاتلاندى ›› دەپ يازغان . ئاتاقلىق تۈركولوگ جاۋ مىڭمىڭ ( ‹‹ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى › تىلى ئۈستىدە تەتقىقات ›› قا ئوخشاش كىتابلىرى بار ) ئەپەندى بۇ كىتابقا باھا بەرگەندە: ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى يادىكارلىقلاردا زور مىقداردىكى ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلار ئۇچراپلا تۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر شۇ دەۋر يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا چوڭ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقاتتى. ئۇنىدىن باشقا، ئىلىمىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك ، ئۇزۇندىن بېرى بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئىزچىل بوشلۇق ھالىتىدە تۇرغان ئىدى . پروفېسسور ئابدۇرەئوپنىڭ مەخسۇس ئەسىرى ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان ›دا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەتقىق قىلىنغانلىكى، بۇ بىر يېڭى نەتىجە. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مەزكۇر ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم دەرسلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ، تارىخى ، مەدەنىيىتى كەسپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ ›› دەپ

يازغان. ئىلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلىرىدىن بىرى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى ، پروفېسسور ۋاڭ يۈەنشىن ( «« تۈركىي تىللارنىڭ تارىخى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى»» قاتارلىق كىتابلىرى بار) ئەپەندىمۇ: «« ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان › ئىلىمىزدە مۇشۇ ساھەدىكى ئىلغار سەۋىيىلىك خاس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . ئاپتور چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مىڭلىغان قولىيازمىلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ۋە تەھقىقلەپ ، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى ، فونېتىكا ، مورفولوگىيە ، سىنتاكسىس قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەپ چىققان. كەلتۈرگەن مىساللىرى كۆپ ۋە سەرخىل ، ئىسپاتلىرى پۇختا ۋە ئىشەنچلىك. شۇڭا بۇ كىتابنى دۆلەت ئىچىدە مۇشۇ ساھەدە يول ئاچقۇچىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەتقىقات ئەسىرى ۋە مۇنەۋۋەر دەرسلىك دېسە بولىدۇ»» دەپ باھا يازغان .

پروفېسسور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي «« چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان »» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، ئالىي مائارىپ ساھەسىدە ، تەتقىقات ئىشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرماتىكىسىغا بولغان تونۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، شۇ كىتابنىڭ «« گراماتىكا »» قىسمىنى تېخىمۇ تولۇقلاش ، كەڭرەك شەرھىيلەش ، زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن «« چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»» (665 بەتلىك ) ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان. 2007 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب شۇ تاپتا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بېيجىڭ مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن «« 2006 ـ يىللىق بېيجىڭ شەھىرى دەرىجىلىك سەرخىل دەرس »» بولۇپ باھالانغان «« چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى »» دەرسىنىڭ خاس دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلماقتا. ئالىمنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «« ئۇشبۇ كىتاب ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان ›دا بېرىلگەن ‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ›نىڭ ئاددىي ھالدىكى كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ھالدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن پۈتۈنلەي ۋە تولۇقلىما نۇسخا ھېسابلىنىدۇ»» ( قاراڭ: شۇ ناملىق كىتابنىڭ كىرىش قىسمى). دېمەك ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندى 30 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ مۇشەققەتنى راھەت ھېس قىلىدىغان ئالىي خىسلىتى ۋە مىننەتسىز مېھنەتلىرى ، تەمەسىز ئەمگەكلىرى بىلەن، ھاردىم ـ چارچىدىم دېمەستىن ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «« چاغاتاي تىلى »»

، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر ›› ، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن مۇپەسسەل بايان ›› ، ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى ›› قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتتە، ئىلىمىزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ( مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 1953 ـ يىلىغىچە ) نى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ مۇساپىسىنى ، تەتقىقات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر.

## پروفېسسور ، دوكتۇر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىينىڭ تەتقىقات ئىشلىرى ھەققىدە

### غالىب بارات ئەرك

پروفېسسور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەمگىكى ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن ـ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ›› ( 851بەتلىك) ناملىق كىتابىدۇر . بۇ كىتاب 2005 ـ يىلى 5- ئايدا، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ھامان زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ ئەسەر چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن مۇقامشۇناسلىق ، تېكىستلوگىيە تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى 16 ـ ئەسىردە ئامانىسا خانىم باشلىق تىل ئۇستىلىرى ۋە سەنئەتكارلار تەرىپىدىن رەتلەنگەندىن بۇيان، تۈرلۈك تېكىستلەر بىلەن تارقىلىپ كەلگەن ئىدى. مۇقامغا سېلىنغان تېكىستلەر چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئەسلى قوليازمىغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ، بەزى مۇجمەل نۇقتىلارنى ئەسلى قوليازمىغا ئاساسلىنىپ ئېچۇقلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بۇ نۇقتىلارنى تونۇپ يەتكەن ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى موزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازمىلارنى توپلاپ چىققان ۋە بۇلارنى 1997 ـ يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان ‹‹ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ›› ناملىق 13 توملۇق كاتتا ئەسەردە بېرىلگەن تېكىست ترانسكرىپسىيىسى ۋە يېشمى بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىققان. نەتىجىدە، مەزكۇر « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن لاتىن ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيە ۋە يېشمدا سادىر قىلىنغان خاتالىقلارنى ئەسلىي يېزىلىشى ئاساسىدا،

تۈزىتىپ، تولۇقلاپ چىققان. مانا بۇ ئەمگەكلەر بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر بوشلۇقنى تولدۇردى ، شۇنداقلا بىزنى مۇكەممەل بولغان مۇقام تېكىستى ، ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مۇقامشۇناسلىقتا يۇقىرىقىدەك ئەھمىيىتى بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەۋائىي، سادىقى ، قەلەندەر ، مەھزۇن ، ھۇۋەيدا ، مەشرەب، ئايازى، مەشھۇرىي، لۇتفىي، ئەرشىي، بىلال نازىم ، زەلىلىي... كەبى كلاسسىكلارنىڭ شېئىر - غەزەللىرىنى ئەسلىي يېزىلىشى بويىچە بېيىت رەقەملىرىنى قويۇپ كۆرسەتكەنلىكىمۇ بىر تۆھپىلىك نەتىجە، ئەلۋەتتە. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، ھەر بىر مۇقامدا قانچە مىسرا شېئىر بارلىقىنىمۇ سان - سىپىرلىق مەلۇمات بىلەن كۆرسەتكەن. ئالىمنىڭ بۇ كىتابىنىڭ كېيىنكى بۆلۈمى - يەنى تەتقىقات قىسمىدا سىېلىشتۇرما تەتقىقاتنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە گراماتىكىلىق ، ھەرپ - يېزىقچىلىق ۋە سېمانتىكىلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن . بۇنىڭدا ئاساسلىقى 1997 - يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان ئون ئۈچ توملۇق ئەسەردىكى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ترانسكرىپيىسى ۋە يېشىمى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسىغا ئۇيغۇنمۇ يوق دېگەن نۇقتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ، ئەسلىي قوليازمىنى تەكشۈرۈپ ، ئىلگىرىكى نەشر قىلىنغان مۇقام تېكىستىنى بىرمۇ بىر ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئەسلىي تەرجىمە بىلەن ئۆزىنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىغان تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرما قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىمنىڭ بۇ تەتقىقاتىنى مۇقام تېكىستشۇناسلىقىدىكى يۇقىرى پەللە، شۇنداقلا يېڭى نەتىجە دەپ قاراش زۆرۈر. بىزدە مۇندىن ئىلگىرى مۇقام تېكىستلىرىنى ئەسلىي قولىيازمىلارغا سېلىشتۇرۇپ ئىشلەش بولمىغان. شۇڭا ھازىرغىچە مۇقام ناملىرىنىمۇ « چەبىيات » ( توغرىسى «چەببەيات») ، سىگاھ ( توغرىسى « سەگاھ » ) ، «چارىگاھ » ( توغرىسى « چەھەرگاھ » ) ، «پەنجىگاھ » ( توغرىسى « پەنجگاھ »)، ناۋا ( توغرىسى « نەۋا » ) ، «مۇشاۋرەك» ( توغرىسى « مۇشاۋەرەك») دەپ قوللىنىپ كەلگەندۇق. مەزكۇر كىتابتا مۇقام ناملىرىنى تەھقىقلەش ئىشلىرى كەڭ دائىرىدە سۆزلەنمىگەن بولسىمۇ، خاتىمە قىسمىدا ئازراق ئۇچۇر بېرىلگەن. يەنى « مۇشاۋرەك» نامىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى « نىشئەورك» ( نەشئەۋەرەك ، نەشئاۋەرەك) سۆزىدىن كەلگەنلىكى ، « خاتىمە قىسمىدىكى ھاياجان ، ئاخىرقى شادلىق ، تۈگەنچە قىسمىدىكى خۇشاللىق » دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغانلىقىنى ؛ « چەببەيات»نىڭ ئەسلىدە « شەب باياد » بىرىكمىسىدىن ئۆگىرىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ « كېچىدە

ئەسلەش ›› مەنىسىنى بېرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . پروفېسسور يەنە ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە، ‹‹ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ›› ، ‹‹ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى لۇغىتى ›› قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ بۇ كىتابى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىباھا ئەسەردۇر. پروفېسسورنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتساق: « ‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى› دېمەك ‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تىلى› دېمەكتۇر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى شۇ قەدەر سېھىرلىك ۋە شۇ قەدەر جەزىبىدار قىلغان نەرسە، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئۈچ يۈز ئاتمىش ئاھاڭدىن باشقا ، ئۇ گۈزەل ئاھاڭلارغا خۇددى ”ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز“ كەبى ياراشقان ، ئۆزىنىڭ پۈتمەس ــ تۈگىمەس ھاياتى كۈچى ئارقىلىق ، ئۇ يارقىن ئاھاڭلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان ۋە جىلۋىلەندۈرگەن بىباھا ئۇيغۇر تىلىدۇر›› ( قاراڭ: « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان »، سوڭ مۇقاۋا ). ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى زامان ئېتىبارى بىلەن « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتالغان ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا بەستىلەنگەن تېكىستلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يارىتىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دۇردانىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ‹‹ مەزكۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئايرىم كىتاب قىلىنىپ ، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزدە ، دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇشى لازىم ›› دەپ قاراپ ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات قىممىتىنى كۆزلەپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلى يېزىلىشى ، لاتىنچە ھەرپلىك ترانسكرىپسىيىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يېزىلىشى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ، شېئىرىي ۋەزىن ئايرىمىسى ۋە سىلىشتۇرما تەتقىقات دېگەن ئالتە تەرەپ بويىچە مۇكەممەل ئىشلەنگەن بۇ كىتاب شۇ تاپتا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئاساسىي پەن ، ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتقاندىن باشقا، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىمۇ دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

پروفېسسور گېلىك شىمىن ئەپەندى بۇ كىتابقا ۋە ئالىمنىڭ تەتقىقاتىغا باھا بېرىپ ‹‹ ... ئۇشبۇ كىتاب ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلى يازمىلار ئاساسىدا ترانسكرىپسىيە قىلغان، تارىختىن بۇيانقى تۇنجى شۇنداقلا بوشلۇقنى تولدۇرغان مۇھىم ئەسەردۇر. ... پروفېسسور ئابدۇرەئوپ 1986 ــ يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 18 يىل سەرپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ۋە موزېيلارغا بېرىپ ، ئەستايىدىللىق بىلەن، ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئېلىنغان قولىيازمىلارنى يىغدى. ئاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يازمىلار بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ترانسكرىپسىيىلەرنى سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ، ئاخىرىدا ، مەزكۇر ‹ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ›نى تۈزۈپ چىقتى. .. مىنىڭ قارىشىمچە ، نەشىر قىلىنغان ‹ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى › كىتابى ئەمەلىيەتتە، مېنىستىر دەرىجىلىك، ھەتتا دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات سەۋىيىسىدىكى ئەسەردۇر ... ئۈمىدىم ئۇنىۋېرستېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى پروفېسسور ئابدۇرەئوپنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارىسا ، قوللىسا، رولىنى تېخىمۇ بەك جارى قىلدۇرىشىغا تۈرتكە بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئاسپىرانت تەربىيەلىشىگە زۆرۈر ۋە قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرسە›› دەپ تەۋسىيە پىكرى يازغان.

ئانا تىل مەرىپىتىنى « قەلب چىرىقى»، « ۋۇجۇت، تەنىنىڭ يىلىكى»، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى بولسا، « ئەجدادلارنىڭ تىلىكى» دەپ قارايدىغان پروفېسسور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ئانا تىل ۋە ئانا ۋەتەن ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر مۇھىم ئەمگىكى

‹‹ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ››( بۇ كىتاب 1995 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تۇنجى نۆۋەتلىك كىتاب باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغان. 1996 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا ، 1997 ـ يىلى مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار بويىچە مەملىكەتلىك 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) دىگەن كىتابى بولۇپ، 1994 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب مۇقەددىمە، 10 باب بايان ۋە خاتىمەدىن تۈزۈلگەن، مەملىكىتىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە بېغىشلانغان تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ . كىتابتا، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ شەكلەن تۈرلىرىدىن تارتىپ مەنەن تۈرلىرىگىچە ، ئەنئەنىۋى سۆزلەردىن تارتىپ كىرمە سۆزلەرگىچە بولغان پۈتكۈل سۆزلەملەر تولىمۇ راۋان، پاساھەتلىك تىل بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كۆپ تەرەپلىمە ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ سېماسىئولوگىيە، ئېتمولوگىيە ، لېكسىكوگرافىيە ، ستىلىستىكا ۋە ئادەم ئىسىملىرى ئىلمى قاتارلىق پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمى رەۋىشتە شەرھىيلەپ بەرگەن . بۇ كىتابنىڭ ئىلمى قىممىتى ۋە ئىشلىتىلىشچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى تەتقىقاتى

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلغان ھەم دادىغا يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلىنغان يىگانە ئەسەردۇر.

بۇندىن باشقا، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ ئەدەبىي ، ئىجتىمائىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە :

ئابدۇرەئوپ ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋاقىتلىرىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى دېيىشكە بولىدۇ. 1972- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ يۈكسىلىش بولغان . ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى 1983 ــ يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئالايلۇق، ‹‹ كور خېرىدار ›› ( ‹‹ تارىم ›› 1983 ــ يىلى 1 ــسان ) ، ‹‹ قولاق ›› ( ‹‹ ئىلى دەرياسى ›› 1983 ـ يىلى 1 ــ سان ) ، ‹‹ ھەسەت ›› ( ‹‹ قەشقەر ئەدەبىياتى ›› 1983 ــ يىلى 2 ــ سان) ، ‹‹ گۈلزارلىقتا ›› ( ‹‹ شىنجاڭ ياشلىرى ›› 1983 ــ يىلى 7 ــ سان ) ... قاتارلىق ھېكايە ۋە نەسىرلىرى ئەينى چاغلاردا كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە نەچچە ئون پارچە ھېكايە ، نەسىر ۋە ئوبزور ماقالىرى ئېلان قىلىنغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلامى ‹‹ كور خېرىدار ›› 1989 ــ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، 2001- يىلى قايتا بېسىلغان . بۇ كىتاب ئۆزگىچە بەدىئىي دىت ، پىششىق بەدىئىي تىل ، مۇكەممەل قۇرۇلمىسى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن .

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندى گەرچە كېيىنكى چاغلاردا، تىل تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، ئىمكان بار قىسقا نەسر ۋە پوبلىستىك ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنىمۇ نامايەن قىلىپ كەلگەن . بۇنىڭغا ئۇنىڭ ‹‹ پەخىرلەن كەسىدىشىم سەن ھەم ... ›› ، ‹‹ مۇئەللىم ›› ، ‹‹ ئوقۇغۇچى ››، ‹‹ ئانا تىل قەسىدىسى››، « رادىل ئابلا تەڭلىمىسى ۋە ئۇيغۇر تۇرمۇش پەلسەپىسى»، « پەخىرلەن ئوغلۇڭدىن مەھمۇد ۋەتىنى » ( دوكتور كۈرەش ئىبراھىمنى تونۇشتۇرۇش )، « ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا » ( دوكتور ئابدۇررەشىد ياقۇپنى تونۇشتۇرۇش ) ... قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن .

ھەر قانداق مىللەت ياكى توپلۇم ئۆز رېئاللىقىنى تونۇماي تۇرۇپ ئېھتىياجلىرىنى تۈزىتەلمەيدۇ . مىللەتنى سۆيگەن ھەر بىر كىشى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە كۆرۈلگەن

ئىللەتلىك مەسىلىلەرنى ئاڭلىق تونۇشى ، ئىلمىي قارىشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ تۈزىتىشكە نىيەت قىلىشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن نۇقسانىنى- ئىللەتنى تۈزىتىشى كېرەك ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ . بۇ نۇقتىنى روشەن تونۇپ يەتكەن ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندى مىللەت ئىجتىمائىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ئاقىلانىلىق بىلەن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ، تەتقىقات يۈرگۈزدى . مانا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرىغا «« شىنجاڭ مەدەنىيىتى »» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «« ئۇيغۇردىكى ئەبگالىق »» ناملىق ماقالىسى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «« ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن ‹ تۈركىي تىللار دىۋانى› مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى»» دا ئوقۇغان «« مەھمۇد روھىنى ئۈلگە قىلىپ ، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى »» دېگەن لېكسىيىسىنى مىسال قىلىپ كۆرستىشى مۇمكىن . بۇ لېكسىيىسى ««قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»»نىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلارنىڭ ئىچىدە زور تەسىر قوزغىدى. ئالىم ماقالىسىدە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزىنى ۋەتەنگە ، خەلققە بېغىشلاش روھى ، ئىلىم يولىدا جاپالىق ئىزدىنىشى قاتارلىق ھىدايەتكار ئەمگەكلىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بۈگۈنكى كۈندە مەھمۇد كاشغەرىي روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان خالمۇرات غوپۇر، تاش تېيىپ ، كۆرەش ئىبراھىم ... قاتارلىق دوكتور ـ ئالىملارنىڭ قىسقىچە ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ، بارلىق ياشلار ۋە قېرىنداشلارنى «« ئىنتىپاقلىشىپ ، 21 ـ ئەسىرگە قەددىمىز رۇس ھالدا كىرەيلى ... بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەقەت بىرلا يول بار ، ئۇ بولسىمۇ ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولى ، بىلىمسىزلىك ، نادانلىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىش يولى ، ئۆز ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ ، ئۆز ـ ئارا ئىنتىپاقلىشىپ ، ئۆزىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولى ! بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ پۇرسىتىمىزنىڭ قەدرىگە تولۇق يېتىشىمىز ، مۇقەددەس بۇرچىمىزنى ئوچۇق تونۇشىمىز ، بىرلا گەپ ـ مەھمۇد روھىنى ئۈلگە قىلىپ ، ئىلىم پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن بىجانىدىل شۇغۇللىنىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، مۇشۇ مەقسەدتە مەھكەم ئىنتىپاقلىشايلى ، ئۆگىنەيلى ، تەرەققىي قىلايلى ! بۇ ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئۈمىدى»» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. پروفېسسورنىڭ ئىجتىمائىي تېمىدىكى پوبلىستىك ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ، ئىلىمپەرۋەرلىك روھى روشەن نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ .

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى تىلىمىزنىڭ ساپ بولىشى ۋە توغرا قوللىنىشى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلغان ئۇستازدۇر . بىر مىللەت تىلىنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ، ئىجتىمائىي مۇھىتىنى، سىياسىي ــ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەينەكتۇر. تىلشۇناسلارنىڭ ۋاھىم يەيدىغىنى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئانا تىلىمىزنىڭ ساپ بولماسلىقى ، توغرا قوللىنىلماسلىقى ، تەدرىجى ئائىلۋى تىلغا ئايلىنىشى ۋە يوقىلىشىدىن ئىبارەت
.

پروفېسسور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندى ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە،ئاز بولمىغان ئاممىباپ ماقالىلارنى يېزىپ، ئاممىنى تىلىمىزدىكى تۈرلۈك ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىشقا يېتەكلەشنى مەقسەد قىلىپ ئاز بولمىغان ئەمگەكلەرنى قىلدى . مەسىلەن : 20 ــ ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىدىن بۇيان ئۇيغۇر ئاممىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسىرى بىلەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولدى ، ئەمما دۇنياغا داڭلىق بۇ ئالىمنىڭ نام ــ شەرىپى ۋە ئەسىرىنى ئاتاشتا بەزى مەسىلىلەر ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى . ئالىم ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى مول بىلىمىگە ئاساسەن ، ئالىمنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ۋە ئەسىرىنىڭ نامىنى ئەينى دەۋر تارىخى مۇھىتىغا قويۇپ تەتقىق قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەڭ توغرا ئاتاش ئۇسۇلى « مەھمۇد كاشغەرى » ۋە « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ــ تۈركى تىللار دىۋانى » ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئىشلىتىدىغان ”روزا“ ۋە”روزى ھېيت“ ناملىرى ھەققىدە « ‹روزى ھېيت › دېمەي ‹ رامىزان ھېيت › دەپ ئاتىغان دۇرۇس » ناملىق ماقالىسىدە، « روزى » ، « روزى ھېيت » سۆزلىرىنىڭ قوللىنىشىدا نۇقسان بارلىقىنى پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ توغرىسى « رامىزان » ۋە « رامىزان ھېيت » دەپ قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان . مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ” سەللىمازا“، ” ساتىراش“،” مويلاۋ“، ”غەللە ـ پاراق “، ”زاراتگاھ “، ”ئايەم “، ”داربىلتام “، ”ئالىمادىس “، ”ئالاھەزەل “، ” ساھىبخان“، ” چوكان“، ”جانان “، ”ئەلمساق “، ”ئوقەت “، ”مازار ـ ماشايىخ “، ”ساۋات “ ،”بودەك “،” پەتە“، ”ئاللاھ “... دېگەنگە ئوخشاش كۆپلىگەن سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئېتمولوگىيىسى ، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ، لېكسىكىلىق مەنىلىرى قاتارلىقلارنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ، تىلنى توغرا قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان.

« ئۇيغۇر يەر ــ جاي ناملىرىنى خەنزۇچە ئاتاش ۋە يېزىشتا ئېنىق پرىنسىپ بولۇشى لازىم » ( « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 1997 ــ يىللىق 3 ــ

سان) نـاملىق ماقالىسـىنى ئېيتساق تۇرپـان ، قەشـقەر ناملىرىنـىڭ خەنـزۇچە تەلەپپـۇز تەرجىمىسىنى قېلىپلاشـتۇرۇش ، مەيلـى ئـادەم ئىسـىملىرى بولسـۇن يـاكى يەر نـاملىرى تەرجىمىسـىدە بولسـۇن مەنىسـى ياخشـى بولمىغـان خەتلەرنـى ئىشلەتمەسـلىك ، جـاي ناملىرىنى باشقا مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، يېڭـىدىن نـام ياسىماسـلىق ، يەرلـىك نـامنى تەلەپپۇزغـا يـېقىن ۋە تـوغرا تەرجـىمە قىلـىش، قىسقارتماسـلىق تەشەببۇسـىنى ئوتتۇرىغـا قويـدۇ. «"تـارىم" ئاتالغۇسـىنىڭ كـېلىش مەنبەسـى ھەققـىدە پـاكىتلىق قاراش» («شىنجاڭ ياشـلىرى» ژۇرنىلـى) ماقالىسـىدە، ئانـا دەريانـىڭ نامىنـىڭ تـارىم دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەب ۋە جەريانلىرىنى يازما پاكىتلار ئاساسىدا دۇرۇس شـەرھىيلەپ كۆرسەتكەن.

پروفېسسـور ئابـدۇرەئوپ تەكلىماكـانى ئەپەنـدى ئەدىـب ۋە تىلشـۇناس تەتقىقاتچى بولۇپلار قالماي يەنە ئىقتىدارلىق تەرجىماندۇر . ئـۇ ئالـدىنقى ئەسـىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تارتىپ دۇنيا ئەدەبىياتـىدىكى نەمۇنىلىك ئەسـەرلەرنى تەرجـىمە قىلىـپ خەلقىمىـزگە تونۇشـتۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنـىڭ گۈللىنىشـى ئۈچـۈن ھەسسـە قوشـقان. ئالايلۇق، لىۋانلىـق دوكتـور ئەلـى ھەسـەن خەربۇتەلىنىـڭ «بەيتۇللاھنىـڭ تـارىخى» نـاملىق كىتـابىنى ئۇيغۇرچىغـا تەرجـىمە قىلىـش ئـارقىلىق، خەلقىمىـزگە پۈتكـۈل مۇسـۇلمانلارنىڭ ئىنتىلىـدىغان تاۋابگاھىنـىڭ تـارىخىنى تونۇشـتۇرغان . بـۇ كىتـاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن قىسقىغىنە بىـر قـانچە يىـل ئىچىـدە، ئېھتىيـاجنى قانـدۇرالماي بەش قېـتىم بېسـىپ تارقىتىلغـان. ئەرەب ھـازىرقى زامـان ئاتـاقلىق يازغۇچىسـى مىخائىـل نۇئەيمەنـىڭ ھېكـايىلار تـوپلىمى بولغـان «ئەڭگۈشـتەر» نـى تەرجـىمە قىلىـپ، 1984 ـ يىلـى شـىنجاڭ ياشـلار - ئۆسـمۈرلەر نەشـرىياتى تەرىپـىدىن نەشر قىلدۇرغان. ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇپەسسىرى مۇھەممەد زەرىـف قارىھاجى كاشـغەرىي تەرىپـىدىن 1926 ـ يىلـى كاشـغەردە يېزىلغـان تەپسـىر كىتـابى «قۇرئـان كەرىـم ئايەتلىرىدىن ـ ئەممە پارە تەپسىرى» ( 500 مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىملىك ئەسـەر) نى تـۈركىيەدە دوكتورلۇقتا ئوقـۇش جەريانـىدا، 1999 ـ يىلـى ھـازىرقى زامـان ئۇيغـۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتاب سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شـەھىرىدە 2003 ـ يىلـى نەشـر قىلىـپ تارقىتىلـدى . تۈركمەنىسـتاننىڭ داڭلىـق كلاسسـىك شـائىرى مەخدۇمقۇلىنىڭ شېئىرلىرىدىن تـۈزۈلگەن «مەخـدۇمقۇلى شـېئىرلىرى تـوپلىمى» نـى خانىمى، دوكتور مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا بىلەن بىـرلىكتە تـۈركمەن تىلـىدىن خەنـزۇ تىلىغـا تەرجىمە قىلىـپ چىققـان . ئىككـى ئەل دوسـتلۇقىنىڭ ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشـىنىڭ بەلگىسى بولغـان بـۇ كىتـاب 2000 ـ يىلـى خەلـق ئەدەبىيـاتى نەشـرىياتى تەرىپـىدىن

خەنزۇچە نەشر قىلىپ تارقىتىلدى.
پروفېسسور ، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندىنىڭ يۇقىرقىدەك كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ زور تەسىر قوزغىدى ، تۆۋەندىكى كىتابلىرى تېخى نەشر قىلىنمىغان بولۇپ ، بۇلار نەشر قىلىنسا ، شۇ ساھەلەردە قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئايلانغان بولاتتى.

(1) ‹‹ مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹ تارىخى ھەمىدى› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە تەتقىقات›› . بۇ ئالىمنىڭ دوكتورلۇق تېزى (دېسىرتاتسىيسى ئەسىرى ) بولۇپ، 513 بەتلىك بۇ دېسسىرتاتسىيە ئەسىرى ‹‹ مۇقەددەمە›› ، ‹‹ ‹تارىخى ھەمىدى › ناملىق ئەسەرنىڭ گراماتىكىسى›› ، ‹‹ مەتنىنىڭ ترانسكرىپسىيسى ›› ، ‹‹ سۆزلۈك›› ، ‹‹ ئەسەردە كۆرۈلگەن يەر ـ جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىزاھلىمىسى›› ، ‹‹ مەتنىنىڭ فوتۇ نۇسخىسى ›› بولۇپ جەمئىي ئالتە بابتىن تەشكىل تاپقان . ئاپتور بۇ ئەمگىكىدە، « تارىخى ھەمىدى » ناملىق بۇ نادىر ژىرىك ئەسەرنى دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە ئەسلى قولىيازمىسى بىلەن ئەينەن تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭدىكى تىل ماتېرىياللىرىنى فونېتىكا ، لېكسىكا ، مورفولوگىيە ، سىنتاكسىس جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسىنى يېزىپ چىققان.

(2) ‹‹ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى ››. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىللەتلەر نەشرىياتىغا نەشرگە تاپشۇرغان 2811 بەتلىك زور ھەجىملىك بۇ لۇغەت، ئېلىمىزدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەڭ مۇكەممەل لۇغەت ھېسابلىنىدۇ .

(3) ‹‹ تارىخى ھەمىدى›› نىڭ يېڭى تەرجىمىسى.بۇ كىتاب ئالىمنىڭ مۇسا سايرامىينىڭ ئۆز قولىيازمىسىغا ئاساسەن ، ترانسكرىپسىيە، تەرجىمە ۋە ئەسلى قولىيازمىنىڭ فوتو كوپىيىسىنى سېلىشتۇرما قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان تەرجىمە ئەسىرى. قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمىدىكى نۇسخىسى قىلىپ نەشرگە تەييارلانغان بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا.

پروفېسسور، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ھەقىقى ئۇيغۇرشۇناس بولۇشقا مۇناسىپ مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات مىتودىغا ئىگە تەلەپچان تەتقىقاتچى . ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ، بوشاشماستىن ئۆگىنىش روھى بىلەن ئۇيغۇر

تىلشۇناسلىقى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئۇچۇن زۆرۈر بولغان نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ۋە گراماتىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئەرەب ، پارس ، تۈرك تىللىرىنى، شۇنداقلا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن . ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدا ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرلا 40%دىن ئاشىدۇ ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن ئەرەب ، پارس تىللىرىنى ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ 14 ـ ئەسىردىن 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇش بىلەن بىر چاغدا، ئەينى دەۋردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەم مۇشۇ تىلنى خاتىرىلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ ، ئىلىمىزدە مۇشۇ ساھە بويىچە كامالەت ئىگىسى ، ئىلىم نوپۇزىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەر قىلىپ يېزىپ ، ئالىي مائارىپ بويىچە شاگىرت تەربىيىلەپ ، ئىلىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . ئۇنىڭ بىر يۈقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن « چاغاتاي تىلى » ( خەمىت تۆمۈر بىلەن ھەمكارلىقتا ) ، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر » ، « ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى » ، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن مۇپەسسەل بايان » ، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى » ، « چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن ـ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى » قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى ، « كور خېبردار » ناملىق ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى ، « ئەڭگۈشتەر » ، « بەيتۇللاھنىڭ تارىخى » ، « مەخدۇمقۇلى شېئىرلىرى توپلىمى »، « قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ـ ئەممە پارە تەپسىرى » قاتارلىق تەرجىمە كىتابلىرىدىن باشقا، يەنە « مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين » قاتارلىق نەشرگە تەييارلىغان ئەسەرلىرى ھەمدە « ئۇيغۇر دەۋردىكى ئەبگالىق » ، « ‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين›دىن ‹ مەئارىفۇل لۇغەتەين›گىچە»، « ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇدلىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى » قاتارلىق سىياسىي نەزەرىيەۋى ماقالىلىرى بىلەن خاس تىلشۇناسلىققا ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ماقالىلىرى يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى بىلەن بىللە، مۇسا سايرامىنىڭ « تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرى، مۇھەممەد زەھىرىددىن بابۇرنىڭ « بابۇرنامە » ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە داۋاملىق چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ « مەھبۇبۇل قۇلۇب» ۋە «

مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين » قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى يېزىلىشى ، ترانسكرىپسىيىسى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

قىسقىسى، پروفېسسور ، دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمەشۇناسلىقى تەتقىقاتى، خۇسۇسەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە پەللىمۇ پەللە ئىشىپ، نامايەندە خاراكتېرلىك ئەمگەكلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن يېتىك ئىلىم ساھىبى ئاتىلىشقا مۇناسىپ تۆھپىكار ئالىمدۇر.

پايدىلانمىلار :

1. يۈسۈپ ئىگەمبەردى: « ئىلىم يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىش» « قەشقەر ئەدەبىياتى» 2002 ـ يىلى 5 ـ سان.
2. تەلئەت ئىبراھىم تىلەك: « سالام، تەكلىماكانى! » « بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.
3. ئەنۋەر مۇھەممەد: « تەكلىماكان ئوغلى» « ھەر كاللىدا ھەر خىيال » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت

**ـ ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي**

ھىجرەتتە بىباھا ئىمكان

مەن ھېلىقىدەك ئۆز ئۆمۈر ياشامى ئۈچۈن باشتىلا بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈۋېلىپ، شۇ پىلان بويىچىلا ئىش قىلسام دەيدىغان ۋە «قىلىمەن» دېگەن ئىشنى روياپقا چىقارمىسا، زادىلا ئۇنىمايدىغان قالتىس جاسارەتلىك ئىنسان قاتارىغا كىرەلمىسەم كېرەك. ئەمما، مۇھىت ئىمكانى، ھاياتلىق مۇمكىنچىلىكى يار بەرسىلا، ئۆمۈرنى ئاشۇ ئىمكانلار دائىرىسىدە قەدىرلەپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ ياشاشقا يېتەرلىك شىجائەت كۆرسىتەلەيدىغانلاردىنمەن دەيمەن ئۆزەمچە. مۇشۇنداق خۇي-تەبىئەت ۋە خاراكتېر بىلەن ياشاپ كەلگەن مۇھاجىرەتلىك ھاياتىمدا، ھىجرەتنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغان ئىمكانى ئۆز يۇرتىدىكى ئىمكانلاردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە مول ۋە كەڭ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، تەڭداشسىز دەرىجىدەقىممەتلىك بولىدىكەن، دەپ قالدىم.

«لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!»

باشتا تاپشۇرما قىلغىنىمدەك، 1972-يىلى يىگىرمە ئىككى ياشلىق مەن بېيجىڭغا ھىجرەت قىلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. «ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى» دېگەندەك رەتتىكى زۆرۈر پائالىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، رەسمىي دەرسكە چۈشۈپ كەتتۇق.كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق سىنىپىمىزغا بېرىپ، كوللېكتىپ ھالدا، «كەچلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» قىلاتتۇق. مۇنداق چاغلاردا، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز نۆۋەتلىشىپ، سىنىپىمىزغا كېلىپ، ئىختىيارى ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى، ئەدەبىي تەرجىمە ئوقۇتقۇچىمىز ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ بىزگە بايان قىلغان سۆھبىتى ھېلىھەم ئېسىمدە:

ـ مەن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ماشۇجېن بولىمەن،ـ دېدى ئۇ ھەر قايسىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن،ـ سىلەر ل. مۇتەللىپنىڭ مىللەتداشلىرى، يۇرتداشلىرى. سىلەرنى كۆرۈپ، بەك

خوش بولدۇم. پايتەختكە ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگىنىڭلەرگە قۇتلۇق بولسۇن! ئۇ ئۇيغۇرچىنى خۇددى بىراۋغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك، ھەر بىر كەلىمىنى ئايرىم-ئايرىم قىلىپ، ئۆزگە خاس بولغان بىر خىل تاكسۇق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى. ئەمما، چىراي ئىپادىسى ۋە سۆز-جۈملىلەرنى مارجاندەك تىزىپ ئېيتىشتىكى ئەستايىدىللىقى ئۇنىڭ سەممىيلىك بىلەن تويۇنغان قەلب-يۈرىكىنى تەرجىمان بولۇپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى گويا. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران-ھەس بولغان ھالدا، خۇددى ماگىنىت تېشىغا تارتىلىپ چاپلىشىپ قالغان تۆمۈر پارچىلىرىدەك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق. ئەمسىچۇ؟ بىر خەنزۇ ئادەم سىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىڭدىن بولغان بىرئىلمىپەرۋەر ئوتيۈرەك ئىنسانىنى شۇ قەدەر سۆيسە. ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى سەندىنمۇ بەكرەك بىلسە؛ ئۇ يازغان شېئىرلارنى شۇ قەدەر ئەزىزلىسە ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا ئەدىبلەرگە خاس ئىلمىيلىك بىلەن چوڭقۇر چۆكسە، ئاندىن ئۇلارنى دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىغا ئۆرۈسە، سەن تەسىرلەنمەي تۇرالامسەن ئەجەبا!؟ ـ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى،- دېگەن ئىدى ماشۇجېن مۇئەللىم شۇ كۈنى يارىشىملىق قول ھەرىكىتى بىلەن جىددى قىياپەتتە،- ل. مۇتەللىپ ھەممىدىن تولا ئۆگىنىش- ئوقۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ مۇقەددەس پائالىيەت ئىكەنلىكىنى؛ ئىنساننىڭ ياشلىق مەزگىلىنىڭ بولسا، ئۆگىنىش-ئوقۇشنىڭ تېپىلماس ۋە بىباھا پۇرسەت چېغى ئىكەنلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇ چۈشەنچىنى زامانداشلىرىغا، ئەۋلادلارغا تولۇقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە سەممىيەت ۋە جىددىيەت بىلەن تىرىشقان ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ بۇخىل ئالتۇندەك ئېسىل ئىدىيىسى ۋە ئالماستەك قىممەتلىك ئېگى ئۆزىنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «ياشلىق ئۆگەن»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل-قىزلىرى»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» قاتارلىق نادىر شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندۇر. ھالبۇكى، سىلەر لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئوبدان ئۆگىنىشىڭلار، ئەلا ئۆگىنىش نەتىجەڭلەر ئارقىلىق، ئۇ ئوتيۈرەك ئەجدادىڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭلار ۋە ئەمەلىي تۆھپەڭلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ ياش غۇنچە گۈلىنى ئېچىلدۇرۇشۇڭلار كېرەككى، ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەربولسۇن! ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ خىتاپنامە خاراكتېرىدىكى بۇ تەۋسىيەسىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بەك خوش بولدۇق، بەكمۇ ھاياجانلاندۇقلا ئەمەس، بەلكى ھەيران-ھەس قالدۇق. ئەمسىچۇ؟ 1966-يىلى باشلانغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئانا يۇرتىمىزدا، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان، پائالىيەتلىرىنى كىنو سىنارىيەلەشتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئەكسىيەتچى ئىلىم

نوپۇزلۇق قارا يىپلار» قىلىپ ئايرىپ، كوچىلاردا سازايى قىلدۇرۇپ، ئامموۋى كۆرەشكە تارتىپ مۇشتلاپ-ئۇرۇپ،قەددىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن تۇرسا، ئۇ يەردە، «ل. مۇتەللىپنىڭ ‹ياشلىق ئۆگەن›دېگەن شېئىرى ياخشى. ئۇ بىزنىڭ ئۇلگىمىز» دېيىش ئىمكانىمىز يوق بولدى-دە! ئەمما،مانا بۇگۇن بۇ يەردە- پايتەخت بېيجىڭدا، سىنىپ تەربىيىچىلىرىمىزدىن بىرى بولغان ماشۇجېن مۇئەللىم بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى گەپلەرنى دېدى، دېگەندىمۇ چىن دىلىدىن پۇخادىن چىققۇدەك قىلىپ دېدىكى، بېيجىڭ دېگەن بولىدىغان يەر ئىكەن جۇمۇ!؟ مانا بۇ بىزنىڭ پايتەخت بېيجىڭدىكى تۇنجى تەسىراتىمىز ـ شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر نەق. بولۇپمۇ كىچىكىمدىن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ ھەيرانىسى بولغان مەن بېيجىڭدا، پىكىر-تەپەككۇر ۋە ئىلمىي پائالىيەت قىلىش جەھەتتە شۇ قەدەركەڭ ئىمكانلار ساھىبى بولىدىغانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ، تېرەمگە پاتماي قالغاندەك بولۇپ كەتتىم. شۇ كېچىسى، ئون يىللار ئىلگىرى مەن ئوقۇغان قەشقەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى چۈشەپتىمەن.ئەنە، مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكىلا پىششىق خىشلىق، ئىككى تەرىپى ئاكاتسىيىلىك خېلى كەڭ مەيدان، مەيداندىن ئۆتۈپ، چىرايلىق پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىۋاتىمىز. ئالدىمىزدا، ئالدىغا يارىشىملىق ئۈيغۇرچە پېشايۋان چىقىرىلغان ئوقۇتۇش بىناسى. ئۇنىڭ قوش قاناتلىق كەڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بادام دوپپىلىق لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قولىدا بىر كىتاب بار پۈتۈن بەدەن ھەيكىلى غەيۇر ۋە جاسارەتلىك تۇرۇق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بوينۇمدا قىزىل گىلاستۇك.ھەيكەلنىڭ ئالدىدىن پىئونىرلارچە سالام بېرىپ ئۆتىۋاتىمىشمەن،.. ھەي،... قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى- ھە ئۇ! شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچان گەپ-سۆزلىرى ۋە ھوسۇللۇق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق يېتەكلەپ، بىزنىڭ پىكىر-تەپەككۇر ئۇپۇقىمىزنى كەڭ ئاچقان ماشۇجېن مۇئەللىم بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۇستاز-شاگىرت بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن سىنىپىمىزدا، «ل.مۇتەللىپ ئەدەبىيات كورژۇكى» قۇرۇۋالدۇق. كورژۇك ئەزالىرى قەرەللىك سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆيۈشتۇراتتۇق. بەزى شەنبە-يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى تەكلىپ بىلەن، ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە باراتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.ھەمىشە بىزنى ل.مۇتەللىپنىڭ «يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى، تۆكۈلىدۇ ياشلىقتىن بىر تال يوپۇرماق» دېگەن ئۆلۈمسىز بېيتى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئويۇنپەرەسلىك قىلماي، ھەر بىر مىنۇت-سېكونتنىمۇ ئىسراپ قىلماي، جان جەھلىمىز بىلەن تىرىشىپ

ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئىمكانىيەت قويىنى جۇڭگودىكى ھەر قانداق يەردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كەڭ بولغان بېيجىڭ مۇھىتى بىزنى ئاقىبەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن كەڭ ۋە پىششىق، پىكىر-تەپەككۇرى نىسبەتەن ئەركىن، ئويغاق ۋە ئويناق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى. 1975-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمىزدە، مەن ئوقۇغان ئون ئۈچ ئوقۇغۇچىلىق 72- يىللىق يۈكسەك سىنىپتىن ئون نەپىرىمىزنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلىم ئورگانلىرىغا تەقسىم قىلدى. شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى خالىدە ئىسرائىل، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى قۇربان ياسىن ۋە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تۇرۇپ بارات قاتارلىقلار مېنىڭ شۇ زاماندىكى ئىپتىخارلىق ساۋاقداشلىرىم بولىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز مەكتەپ، ئۆز فاكۇلتېتىمىغا ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىنمۇ، ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ « ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!» خىتابىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئوقۇغۇچى ئەۋلادلارنى ل.مۇتەللىپنىڭ «ئىجاد- يىللارنى قىرتىدۇ، دەپ بىرىمىز جاۋاب» روھى بويىچە يېتەكلەپ، تىل، ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىچىلىك ئوقۇ-ئوقۇتۇشى ساھەسىدە، بىرقەدەمدە بىر ئىز چىقىرىپ، بىجانىدىل ئىشلەپ كەلدىم. ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىققا ئاشىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە، ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلەرنى ئاساسەن ئەس- يادسىز ئۆتكۈزىۋەتمىدۇق. چوڭراق قىلغىنىمىز 1995-يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەشكىللىشىدە ئۆتكۈزۈلگەن «لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپتۇ. كېلەر يىلى، يەنى 2012-يىلى، مەكتىپىمىزدە، «لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتىمىز. زامان ياخشى، نىيەت خالىس، ئىمكانلىرىمىز تەل.ھالبۇكى، تىرىشساقلا، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز بۇ يەردە.

## بېيجىڭدە ئەلشىر نەۋائىي تەنتەنىسى

2011-يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى، پايتەخت بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» ماۋزۇلۇق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك

ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئانا يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغاخىزمەت بىلەن كەلگەن يۇرتداشلىرىمىز ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى. بۇ نۆۋەت بېيجىڭدا ئېچىلغان بۇ ئەلشىر نەۋائىي تەنتەنىسى يىغىنىنىڭ مەكتەپلەر تەتىل قىلغان بىر چاغ بولۇشىغا قارىماي، بۇ قەدەرداغدۇغىلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن بولغانىدى. بۇلتۇر،يەنى 2010-يىل 9-ئايدا، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمى جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، بۇ يىل، يەنى 2011-يىل 10- ئايدا،بېيجىڭدە، ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئوتتۇز توملۇق ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى نەشىرقىلماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھاياجان ئىچىدە، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن، بۇ قۇتلۇق خوشخەۋەرنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزدۇق.ھەممەيلەن بىرگە ئوخشاشلا شادلىنىپ، قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. شۇ ئارىلىقتا، مەن«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى» دەرسىنى سۆزلەۋاتقان ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2007-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى: -مۇئەللىم، بىز بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان ئاشۇخەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جۆر بولۇپ، سىنىپ بويىچە بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى قىلساق قانداق؟- دەپ مەسلىھەت سورىدى. - ياخشى گەپ، بىزمۇ ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ 570ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەيلى، ئەمىسە، - قاچان خاتىرىلىسەك بولۇر؟ - نەۋائىي بوۋىمىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ2-ئاينىڭ 9-كۈنى خاتىرىلىسەك، قانداق؟ - بولىدۇ. ئەمىسە، پۈتۈشتۇق. بولۇنغان گەپ شۇ. ئوتتەك قىزغىن پىكىرلىك ۋە چەپىدەس ئىنكاسلىق ياش ئەۋلادلىرىمىز ئۇيغۇر فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە دەرھال دوكلات يازدى.توغرا ئىشنى، ياخشى پائالىيەتنى پائال قوللاشنى ئۆزلىرىگە بۇرچ بىلىدىغان فاكۇلتېت رەھبەرلىكى: «ياخشى ئويلاپسىلەر، بۇ پائالىيەتنى بىر سىنىپ نامىدىن ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېت نامىدىن قىلايلى. ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار» دەپ يولىيورۇق بەردى ۋەئۆزلىرى باش بولۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دوكلات يېزىپ، ئىزىن-ئىجازەت ۋە پائالىيەت مەيدانى ئېلىپ بەردى. ئىككى يۈز كىشىلىك كۆلەمدىكى بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش دېگەننى ئاسان دېسە ئاسان، تەس دېسە، تولىمۇ بەسى مۈشكۈل بىر ئىش.

ئۇنىڭئۇستىگە 2-ئاينىڭ 9-كۈنى دېگەن قىشلىق تەتىلنىڭ دەل كىندىكى. قىزغىنلىقتا، «ھە،شۇنداق قىلايلى!» دەپ بەك ۋارقىراپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە، تەتىل قىلىپ ئانا يۇرتقا قايتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئاتا-ئانا، ئۇرۇغ تۇغقانلارنى سېغىنىش ئۇتىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي: «دادامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئۆيگە تىكىۋېتىپ، قاتنىشىدىغان ئادەم ئاز، پائالىيىتىمىزچۆپچۆل بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇنداق بولمىدى. دەل ئەكسىچە، «ئەلشىر نەۋائىي بوۋىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز» دەپ، ھەتتا 2010-يىل 9-ئايدا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە يېڭى، ماكان، يېڭى مۇھىت تۇپەيلى ئانا يۇرت ۋە ئاتا-ئانىسىنى ئەڭ سېغىنىپ كېتىدىغان 2010-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قىز-يىگىتلەر تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتمىدى. بەزىلىرى 9-فېۋرال ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغان كۈنى تەنتەنىسىنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى. يەنە بىرمۇنچەيلەن، تەتىل قىلىپ دەسلەپ ئۆيگە كېتىپ، 9-فېۋرال كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى. باق، قېرىندىشىم ۋە پەخىرلەنكى، مانا بۇ بىزنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرپەرزەنتلىرىمىز! ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئەلشىر بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەمگەكلىرىگە تالىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ يارىتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغىدەك ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك. بىز بۇنىڭغائەستايىدىل تەييارلىق قىلدۇق: ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بەس-بەستە ماقالەماۋزۇلىرىنى بېكىتىشتى، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىشتى. ئاندىن، بىز بۇ پائالىيەتنى ئانا يۇرتنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان كەڭ جەمئىيەتكە ئىشىكى داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئومۇم خەلق پائالىيىتى قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى، ئەلشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىي ھەممە ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسى. شۇنداقىكەن، ھەممە ئۇيغۇر بۇ يىلنىڭ بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىي 570 ياشقاكىرگەن قۇتلۇق يىل ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دېدۇق. شۇ مۇددىئادا، بىر تەكلىپنامە ئىشلىدۇقكى، شۇ خىلدىكى تەكلىپ-دەۋەتنامىلارغا ئۆرنەك بولغىدەك. بىز بۇ تەكلىپنامىنى جوڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى رىياسەتىدىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ، ھەر قايسى چوڭ گېزىت-ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىلىمدارلارغىچە تارقاتتۇق: «ئىمكانىڭلار بولسا، كېلىڭلار، ئۇيغۇر نەۋائىينىڭ بەش يۈز يەتمىشىيىشىغا بىرلىكتە تەنتەنە قىلايلى» دېدۇق. مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن تارقاتقان تەكلىپنامىنىڭ باش بېتىگە ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھايات ۋاقتىدا سىزىلغان سىزما رەسىمىنىڭ باش قىسمى چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا «بۈيۈك ئۇيغۇر

مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» دېگەن خاتىرىلەش كۈنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماۋزۇسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئېنگلىزچە يېزىق بىلەن دۇرۇس ئىملالىق قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا تەكلىپ سۆز تېكىستى يېزىلدى. تەكلىپنامەنىڭ ئارقا يۈزىگە بولسا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزامۇھەممەد ھەيدەر كوراگان مىلادىيە 1551-يىلى، ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىغا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قىلىپ يېزىۋەتكەن «نەۋائىيىنىڭ ئاتاسى ئۇيغۇر باخشىلاردىن ئەردى، ئاتىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر. يەنى ئەلشىر نەۋائىيىنىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى غىياسىددىن كىچىكىنە ئېدى» دېگەن ھۆججەت ئۆزۈندىسى يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا، «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي مىلادىيە 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى، قەدىمىي خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە، غىياسىددىنكىچىكىنە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇرئەسىرى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دە: ««تور»– ‹تورغا چۈشمەك› تىكى تور؛ ‹تۇر› –تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، قۇش ئولتۇرىدىغان ياغاچنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۆر›– تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، ئۆيىنىڭ تۆرىنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۈر› –تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ‹تۈرمەك› پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ»قاتارلىق مول پاكىتلار ئارقىلىق، ئۆز تىلىنىڭ ئۇنداق «ئو، ئۇ» ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئوزبەك تىلى ئەمەس، بەلكى «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» بولۇپ، جەمئىي تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار مۇبارەك ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەندۇر» دېگەن ئاخىرقى يەكۈن ۋە كەسكىن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىر ئابزاس بېرىلگەن بولدى. ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ بۇ تەكلىپنامىمىزدا قىلماقچى بولغان ئىشىمىز، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىمىز بىر قاراشتىلا بىلىنگىدەك بولىدىكى، ئەلشىر نەۋائىي مىللىي كىملىكى جەھەتتە، ھېچقانداق بىر ئىنتاگىلىقتىنىئىز-ئەسەر يوق، ھەر قانداق بىر غۇدۇق-بۇدۇق قوسۇرغا يول يوق بولغان مۇبارەك ئۇيغۇر ئىنسانىدۇر. ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭدىن تانماسلىق بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بولسا، بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس قەرزىمىزدۇر. شۇنداق قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزتەكلىپنامىدا دېيىلگەن بويىچە، 9-فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى دەل ئۈچتەباشلاندى. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور،دوكتور لېتىپ توختى ئەپەندى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن بولغان

مۆھتەرەم ئىسمايىل تىلىۋالدى ئەپەندىم مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى. تەبرىك خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 9-فېۋرال ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رىياسىتىگە: بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمەيىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، بارلىق يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر شېئىرىيەتى ئۈچۈن بېغىشلىغان. بىز ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانماي تۇرالمايمىز. ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرى ئەينى چاغدىلا دۇنيادا شۆھرەت قازانغان بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدەتېخىمۇ نۇرلىنىپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چولپاندەك پارلاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىز قەلبىگە ئورناپ كەتكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتىنىڭ بايراقدارى.شۇڭا، يىغىن قاتناشچىلىرى ۋە بارلىق دوستلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرتەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۈرنەك قىلىپ، نەۋائىيدەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ،خەلقىمىزنى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىرنەۋائىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تىلەكداشمەن. يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىش ۋەخىزمەتلىرىگە ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن. ئىسمائىل تىلىۋالدى. 2011- يىل 2- ئاينىڭ 5-كۈنى.» تەبرىك خەت ئوقۇپ بولۇنغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدىراس ئالقىشلىرى بىلەن، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھەممەيەس بولغانلىقىغا قارىتا چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ھاياجانلىق سۆيۈنۈشىنى ۋە سەممىي رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن، يىغىن رىياسىتى تەرپىدىن تەييارلانغان،بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى سۆرەتلىك پاكىتلار بىلەن جانلىق تەسۋىرلەيدىغان ئون مىنۇتلۇق مەخسۇس فىلىم يىغىن ئەھلىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى. ئاندىن، ئىلمىي ماقالە ئوقۇش باشلاندى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمغىچە ساق ئىككىيېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەركىزىي مىللەتلەرئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى باشقا ئىدارىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ئون نەپەر تەتقىقاتچى ئۆزلىرىنىڭ

كۆپ تەرەپلىمىلىك قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى ئاساسىدا تەييارلىغان «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مائارىپ- مەرىپەتچىلىكىگە قوشقانتۆھپىسى ھەققىدە»، «بابۇر نەزەرىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹فەرھاد ۋە شىرىن› داستانى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە»، «نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفايىس› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»،«ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك بىلىملەر توغرىسىدا» قاتارلىق ماۋزۇلار بىلەن يېزىلغان ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە شېئىر- غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بىيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۈتۈپخانا خادىمى، تەتقىقاتچى گۈلنىگار ئەسقەر خانىم «دۆلەتلىك كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىرنەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى» ماۋزۇسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ كېلىپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس سىغەر»، «نەۋادىرۇش شەباب»، «بەدىئۇل ۋەسەت»ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» تۆرت چوڭ دىۋانىدىن تەركىب تاپقان «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق شاھ ئەسىرىنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق شاھ ئەسىرى قاتارىدا، «دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەسەر» بولۇپ باھالانغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، يىغىن ئەھلى غۇرۇرلىنىشتىن قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. پېقىر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىينىڭ «قوش تىلچىلىق تەتقىقاتىنىڭ سەركەردىسى ئۇيغۇر نەۋائىي» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىمۇ، پات-پات ياڭرىغان گۈلدىراس ئالقىشلار بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇردى... مانا بۇ ـ بۇ يىل باش باھاردىلا بېيجىڭدا ياڭرىغان ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى. بۈيۈك تۆھپىكار ئەجدادلارنى ھەمىشە ئەسلەش خەلقىمىزنىڭ ئۇدۇم ئەنئەنىسى! ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى «بوۋام» دېيەلمەسلىك ئىمكان مەسىلىسىمۇ ياكى... ئىنسان ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن بىر ئىشنى ئاشۇ ئارمان قىلغىنىدەك پىچىمدە ئەمەلىيلەشتۈرىۋالسا،بەكلا خوش بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. مەزكۇر 9- فېۋرال «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرشائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز»ماۋزۇلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چەندىكىدەك ئۆتكۈزۈپ، ئالدى بىلەن، ئۆزىمىز كۆپ خوشال بولدۇق، خوشال بولدۇقلا ئەمەس، مەمنۇنلۇق قايىنىمىغا چۈمۈلدۇق گويا.«ئۆزىمىزلا خوشال بولۇپ ئولتۇرمايلى، خوشاللىقىمىزنى، شادلىقىمىزنى قېرىنداشلىرىمىزبىلەنمۇ ئورتاقلىشايلى» دەپ ئويلىدۇق ۋە ئۇ پائالىيىتىمىزنىڭ جەريانىنى رەسىملىك قىسقا خەۋەر، ئومۇمىيەتلىك تونۇشتۇرما ۋە ئەدەبىي ئاخبارات شەكىللىرىدە يېزىپ، ئانا يۇرتىمىزدىكى بىر قانچە تور بېكەتلىرى ۋە

گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتتۇق. نەتىجىدە،بىر قانچە خەلق باشقۇرغان تور بېكەتلىرى ئېلان قىلىپ بەردى، سۆيۈندۇق. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باشقۇرغان ئاساسلىق گېزىتلەردىن پەقەت بىردانىسىلا بىر قىسقاخەۋىرىمىزنى ئېلان قىلىپ بەردى، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلدۇق. ئەمما، خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە تېكىستى ئىچىدىكى «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن بىرىكمە تەركىبىدىن «ئۇيغۇر» دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۆزنى چىقىرىۋېتىپ، ئەلىشىر نەۋائىينى مىللەت تەۋەلىك يوق ناجىنسى قىلىپ قويغانلىقىغا بەكلا خاپا بولدۇق، ئۆكۈندۇق. ئاڭلىساق،10-ئايدا ئىچىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىنىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينى «ئۇيغۇر»دېمەيدىغانلارنى قاتناشتۇرۇپ، «ئۇيغۇر» دېگۈزمەي ئاچارمىش. نېمە دەيلى ئەمدى؟ئەلىشىر نەۋائىينى بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزچە تالىشىپ ياكى ھەۋەسىمىز كېلىپ«ئۇيغۇر» دېۋالمىدۇق. بەلكى، مۇندىن 510 يىل بۇرۇن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىي شۇنداق دېگەن، بەشئەسىردىن بۇيان، پۈتكۈل جاھاندىكى ئىلىم ئەھلى «ھەق راس» دېگەن. ھالبۇكى، مېنىڭچە،بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىدا، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە بىر قەۋم خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى «بوۋام» دېيەلمەسلىك ياكى دېمەسلىك ھېچقانداق بىر ئىمكان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ۋىجدان مەسىلىسى، خالاس! بىزنىڭ ئەقىدىمىزچە، ھەققەت بەزىدە ئېگىلىپ، پۈكلۈنۈپ، بىرە - پېشكە خارلىنىپ قالسىمۇ،ھەرگىزمۇ سۇنۇپ كەتمەيدۇ ئاداققى جەھەتتە. شۇڭا، قېيداپ ئولتۇرمىدۇق. بارئىمكانلىرىمىزدىن تولۇقسىز پايدىلىنىپ، يەنە ئۆز پائالىيەتلىرىمىزنى قىلىپ تۇردۇق.مۇشۇ 4-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش شېئىر-نەسىر دېكلىماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە، ئاساسى پەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا نۇقتىلىق سەھنە-مەيدان بېرىلدى. ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىرنەۋائىينىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە ئۆلمەس ئەمگەكلىرىنى قايىللىق بىلەن مەدھىيەلەپ يازغان بىر-بىرىدىن رەڭدار ۋە بىر-بىرىدىن مەنىدار شېئىر ۋە نەسىرلىرىنى مەغرۇرئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ، ئاق بالداق ئېتىلغاندەك قويۇۋەتتىلەر! مەن بۇيەرگە، شۇ قېتىملىق پائالىيەتتە، فاكۇلتېتىمىز 2009- يىللىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالىمجان توختى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، دۇتار بىلەن ئوقۇغان

بىـر لەۋەن ناخشــىنىڭ تېكسـتىنى ئەيـنەن كۆچـۈرۈپ قويـدۇم. ھوزۇرلانغايسـىزلەر، دىلكەش قېرىنداشلىرىم،

ئۇيغۇر نەۋائىي

(ناخشاتېكستى)

(ئەلشىرنەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 570 يىللىقىغا ئاتاپ)

مىلادىيە بىر مىڭ تۆرت يۈز قىرىق بىردە،

خۇراساننىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە.

كۆزئاچتى دۇنياغا ئەلشىر نەۋائىي،

غىياسۇددىن ئىسىملىك ئۇيغۇر ئۆيىدە.

لاپ گەپ ئەمەس بۇ ئۆزىمىزچە دېۋالغان،

جاھان تونۇق ئېنىق ھۆججەت ئاساسى بار،

دەيدۇ«تارىخى رەشىدىي»(1) زەر نامىنى،

«مىرزاھەيدەر كوراگان» دەپ ئىمزاسى بار.

نەقرات:

نەۋائىي،نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،

باشقىلارنىڭ بولماغاي ساڭا دەۋايى!

ئۇنىڭسىزمۇ«مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»(2) ،

شاھىدلىقتا بەجايىكى ئابىدە تاش.

شەرھلەنگەن تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش،

نەۋائىينىڭ كىملىكىگە بولۇپ قانداش.

ئەلىشىر ئىبنى غىياسۇددىن نەۋائىي،

ئىپتىخارلىق بوۋىسىدۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ،

بۈيۈك مىراس ئەمگەكلىرى ئالەمشۇمۇل.

خەزىنىسى جەسۇر روھى ئەۋلادلارنىڭ.

نەقرات:

نەۋائىي،نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،

ساڭا دىلدىن مۇجەسسەم ئەلنىڭ دۇئايى!

ئىزاھات:

(1) مىلادىيە 1551-يىلى، مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى. ئۇنىڭدا: «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇرزىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر» دېيىلگەن. (2) بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن 1499-يىل يېزىلغان مەشھۇر تىلشۇناسلىق ئەسىرى. ئۇنىڭدا، ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ پەقەت «ئو، ئۇ» ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار ئوزبەك تىلى ئەمەس، بەلكى «ئو، ئۇ ئۆ، ئۈ» بولۇپ ساق تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغاندۇر.

2011 ــ يىل 9- ئاپرېل،بېيجىڭ. (ئاپتور:مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى.) مەنبەسى:مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى "سادا"ژۇرنىلى

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت (9)

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى

مېنىڭ ئەمگەكلىرىم ۋە ھەمئەمگەكلىرىم

ئانا يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە ئۆز خەلقى ئۈچۈن مۇئەييەن نەپ كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا ھىجرەت قىلىش ئىنساندىن جاسارەت، ماھارەت ۋە كامالەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خاسىيەتلىك جەرياندۇركى، سەن مۇ شۇ ئۈچ جەھەتتە ياخشى، چەندىكىدەك ۋە يېتىك ئىپادە كۆرسىتەلىسەڭ، ئاندىن نۇسرەت قازىنالايسەن. شۇنداق، بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن يۇلۇنۇپ، باش ئېلىپ چىقماق تولىمۇ تەس، بۇنىڭغا جاسارەت بولمىسا، بولمايدۇ؛ ھىجرەت قىلىپ بارغان ئۇ زېمىندە ياشاش ئۈچۈن، مەسىلەن، ئۇ يېڭى جاينىڭ ئابۇھاۋاسىغا كۆنۈش ئۈچۈن، ئادەملىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، تۇرمۇشنى قامداشقا لازىملىق ئىش-خىزمەت تېپىش ئۈچۈن، مۇئەييەن ماھارەت بولمىسا، يەنە بولمايدۇ؛ يېڭى شارائىتقا كۆندۈك، جېنىڭنى باققىلى بىر ئىش-خىزمەتمۇ تاپتىڭ، ئەمدى، سېنىڭ ئۇ قىلىۋاتقان ئىش-خىزمىتىڭدە، قىلىۋاتقان ئۇ تەتقىقات ياكى ئۆگىنىشىڭدە بەلگىلىك كامالەت، يەنى پىششىق ۋە مۇكەممەللىك ھاسىل قىلالمىساڭ، ئاداققي جەھەتتە بۇ ھىجرىتىڭ نۇسرەتلىك بولغان بولمايدۇ، مېنىڭچە.

مەنغۇ ئىلىم ھىجرىتىنى كىچىكىپ قىلغان ئادەمەن، يەنى يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئاندىن ئانا يۇرت بوسۇغىسىدىن «بىسمىللاھ» دەپ قەدەم ئېلىپ چىقىپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپنىڭ يولىغا قاراپ ماڭالىغان. ھازىرقى نەۋرىلىرىمنىڭ 14-15 ياشلىرىدىلا، سەكرىشىپ، چۇرۇقلىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىلىم يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقانلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئىپتىخار بىلەن خەيرلىك دۇئاسى قىلىپ قالىمەن: بوش كەلمەڭلەر! نۇسرەت سىلەرگە ھەمراھ بولسۇن، ئەۋلادلار!

يەنە ئۆزۈمگە كېلەي، شۇنداق قىلىپ، مەن مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىمۇ، مەملىكەت سىرتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىمۇ ئوخشاشلا بىر مۇددىئا ئۈچۈن- ماڭا تەقسىم بولغام مۇشۇ كلاسسىك ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى

ئوقۇغۇچىلىرىم، تەشكىلىم ۋە خەلقىم رازىي بولغىدەك قىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم-يا زېرىكمەي ئوقۇدۇم. ئەمدى، قاراپ باقايلى: مېنىڭ ئىلىم ھەجرىتىم نۇسرەتلىك بولدىمۇ؟ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ ھەجرەت قىلىشتىكى مۇددىئايىم ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟ مېنىڭ قايسى ئەمگەكلىرىم ھەجرەت ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نۇسرىتىمنى نامايەن قىلىدۇ؟ مەن قىسقىچە قىلىپ، يېزىپ- دەپ باقاي، ئوقۇرمەنلىرىم ئوقۇپ، خەلقىم بىر باھالاپ باقسۇن، غەرىزىم ھەجرەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان، ياكى ھېلىھەم ھەجرەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىم بۇنىڭدىن يا ئىبرەت ۋەيا مەدەت ئالسۇن-دە. قېنى:

ئۇيغۇرچە سۆزلەمشۇناسلىق تەتقىقاتىدا باشلامچى قەدەم

1978- يىلى، بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان بىرىنچى كۈندىن تارتىپ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى، شۇ ئارقىلىق، ئۇيغۇرچە سۆزلۈك بىلەن ئەرەبچە كەلىمىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئىشتىياقى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. ئەمسىچۇ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا، ھەرپ بىلەن ھەرپ، سۆزلەم بىلەن سۆزلەم خېلى كۆپچىلىك ئەھۋالدا ئاساسەن ئوخشاش بولسۇن-يۇ، تىل قۇرۇلما سىستېمىسى، تەلەپپۇز ئۆزگىچىلىكى ۋە سۆز-كەلىمە ياساش ئۇسلۇبى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت ئۇيغۇر ۋە ئەرەب ئۆز مەدەنىي ھاياتىدا، ئۇلارنى راھەت قوللانسۇن. بۇ- تەتقىقات ئارقىلىق، چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، سىر-ئەسرارىنى بىلىپ باقىدىغان ئىش ئەمەسمۇ-ئەجەبا؟!

يەنە دېسەك، يېزىقشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى زادى نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشىشىدۇ؟ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا قانداق پايدىلىق ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئەرەبلەرنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان؟ ئۇيغۇرچە سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ماقال-تەمسىل قاتارلىق تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەن ئەرەبچە سۆز-كەلىمە تۈرلىرىنىڭ تۈپلۈك پەرقلىرى قەيەردە؟ نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەر «اللە» يازىدۇ، بىز ئۇيغۇرلار بولساق، «ئاللاھ» يازىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەردىكى «ئەھمەد» دېگەن بىر ئىسىم ئۇيغۇرلاردا، «ئەھمەد، ئەخمەت، ئەمەت» دەپ ئۈچ ئادەمگە ئىسىم بولالايدۇ؟ نېمىشقا ئەرەبچىدىكى «مەھمۇد» دېگەن ئىسىم ئۇيغۇرچىمىزدا، «مەھمۇد، مەخمۇت، ماخمۇت، مامۇت» دەپ تۆرتكە تۈرلىنىپ كېتىدۇ؟ ئىستېمالىمىزدىكى «نىغمەت»، «نېمەت» ۋە «نامەت» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم-مەنىسى نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى بارمۇ-يوق؟ نېمە ئۈچۈن بىراۋنى «بودەك» (bo:dek) دەپ ئامراقلىق قىلىمىز،

«پوداق» (po:daq) ) دىققەت: مەزكۇر ئىككى سۆزدىكى «ئو» تاۋۇشى ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش( دەپ سەتلەيمىز؟ مەزكۇر ئىككى سۆزنىڭ تىلىمىزدىكى «بورداق» كەلىمىسى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟

مەن مۇشۇنداق سوئاللارنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئېقىۋاتقان ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق ۋە سۆزلەمشۇناسلىققا دائىر بىلىملەر سۆزلەنگەن كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى (سۆزلەمشۇناسلىقى)» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىقتىم. بۇ كىتاب، 1995 - يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ مىڭ بەش يۈز تىراژدىن ئىككى قېتىم جەمئىي يەتتە مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. نەشرىيات مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىغا مۇنداق ئوبزور يازغان: «نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى› (سۆزلەمشۇناسلىقى) ناملىق بۇ كىتاب مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقات بويىچە تۇنجى خاس ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ كىتابتا، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈك سوستاۋىدىكى سۆزلەرنىڭ شەكلەن تۈرلىرى (تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئايرىلغان سۆز تۈرلىرى)دىن تارتىپ، مەنەن تۈرلىرى (سۆز مەنىسىگە قاراپ ئايرىلغان تۈرلەر )گىچە، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن تارتىپ، چەت ئەل تىللىرىدىن كىرىپ ئۆلەشكەن ئۆزلەشمە سۆزلەرگىچە بولغان ھەممە تەرەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ، راۋان ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن، نىسبەتەن تەپسىلىي بايان بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئاپتور كۆپ تەرەپلىملىك ئىزدىنىش ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسىنىڭ سېماسئولوگىيە، ئېتمولوگىيە، لېكسىكوگرافىيە، ستىلىستىكا ۋە ئادەم ئىسىملىرى ئىلمى قاتارلىق پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي رەۋىشتە شەرھلەپ، بۇ جەھەتتە مۇندىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگلىرى تېخى يورۇتمىغان بەزى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانكى، بۇ كىتابنىڭ قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994-يىل 12- ئاي، 1-نەشرى، 1995-يىل 5- ئاي، 1-بېسىلىشى، «نەشرىياتتىن»، 2-بەت)

ئىلىم كۆمۈكلۈك خەزىنىگە ئەمەس، بەلكى كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. دېمەككى، ئىلىم دېگەن ئايمۇئاي، يىلمۇيىل ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن «مەن دېگەن ئۇيغۇر تىل تارىخىدىكى تۇنجى ‹ئۇيغۇر تىلى

لېكسكولوگىيەسى›نى يېزىۋەتكەن ئادەممەن» دەپ گېدىيىپ يۈرمىدىم، ئەكسىچە داۋاملىق مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ چەتئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلەرگە ئىلىم ھىجرىتى قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق، ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى› دېگەن كىتابىمنى يەنە ئون بەش يىل تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ يازدىم. نەتىجىدە، مەزكۇر كىتابىمنىڭ نەزەرىيىۋىلىك ۋە ئەمەلىيەتچانلىق جەھەتلەردىن ئوخشاشلا تولۇقلىما نۇسخىسى بولغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ماۋزۇلۇق كىتابىم 2011- يىل ئاپرېلدا، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەن بۇ يەردە، مەزكۇر كىتابىمنىڭ «كىرىش» قىسمىغا يازغان مۇنۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى قەيت قىلىمەن: «چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەش دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان زۆرۈر ۋە شەرەپلىك ئەمگەك. قولىڭىزدىكى ‹ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى› ناملىق بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ باشلامچى ئەمگەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئانا تىل سۆيگۈسى ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان ئىلىم ئاشنىلىرىنى زۆرۈر بەھرىلەر بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمەن» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011-يىل، 4- ئاي 1-نەشرى، 1- بېسىلىشى، «كىرىش سۆز»، 2-بەت)

قاراپ باقساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئومۇمەن ئارىسىدا، تۈر بەتلىرىدىكى يېزىشمىلاردا ئىملا خاتالىقلىرى دېگەندىنمۇ ئارتۇق كۆپ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خېلى بىر بۆلەك زىيالىي ياشلىرىمىز « جېنىم ئانام» (我的性命妈妈) نى بەخىرامان ھالدا، « جىنىم ئانام» (我的魔鬼 妈妈) قىلىپ يېزىۋەرمەكتە ۋە دەۋەرمەكتەكى، بۇ يەنىلا ئۇيغۇر ھەرپشۇناسلىق ۋە سۆزلەمشۇناسلىق ئىلمىنىڭ خەلقىمىز، خۇسۇسەن ئوقۇغۇچى ئەۋلادلىرىمىز ئارىسىدا، تېگىشلىك دەرىجىدىكى جىددىيەت ۋە ئەھمىيەت بىلەن، ئەستايىدىل ئۆگىنىلمەيۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسىدۇر. بۇ ئەسلىيدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا ئىگىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئۇيغۇر يېزىقى بىلىك-چۈشەنچىسىنىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋە باللىرىمىزنىڭ ئېڭىدا، يېتەرلىك پىچىمدىكى دىققەت-ئېتىبارغا ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنىڭ تەبىئىي ھاسىلىدۇر مېنىڭچە. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغان قېرىنداشلىرىم مېنىڭ «ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىمنى سەۋرچانلىق بىلەن، باشتىن ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇۋەتسە، ئۆز رىغبىتى بويىچە

ئۇبدانغىنا پايدا ئالدۇكى، ھېچ زىيان تارتمايدۇ.

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا

## يېتىك سەۋىيە

ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ تارىخىي قاتلام ئالاھىدىلىكى بىلەن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» ۋە «ھازىرقى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى» دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئەمدى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى دېگىنىمىز، «قۇتادغۇ بىلىك» باش بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنىڭ بىۋاستە داۋامى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنىڭ بولسا، ئۇل- ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. زامان ئۇزايىي جەھەتتىن ئالتە ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، مىلادىيە 1309- يىلى قەلەمگە ئېلىنغان دەپ قارىلىدىغان «قىسەسۇل ئەنبىيا»دىن تارتىپ، 1908- يىل يېزىلغان «تارىخى ھەمىدىي»غىچە بولغان زور مىقداردىكى قوليازما ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى سەمەرلىرى سانىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بۇيۇك ئەلشىر نەۋائىي دەۋرىدۇر. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كەڭ ئامموۋى ئاساسقا ئىگە جەۋھەر قىسمى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرىدۇر.

مۇشۇنداق نەزەرىيەۋى زاكۇن ئاساسىغا ئىگە بولغانىدىن كېيىن، مەن 1976- يىلىدىن تارتىپ، مەرھۇم ئۇستازىم، ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، مەخسۇس چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ھەزىم قىلىش ئاساسىدا، شۇ يىلى 10- ئايدىن باشلاپ، خەمىت ئەپەندىم ئىككىمىز ژىرىك لۇغەت «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈزۈشكە كىرىشتۇق. بۇ لۇغىتىمىزنىڭ ماتېرىيال ئاساسى قىلىپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ئۈچۈن لۇغەت»، «ئابوشقە» قاتارلىق لۇغەتلەرنى مۇتالىئە قىلدۇق. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بويىچە بىزدىن بۇرۇن كونكرېت ۋە ھوسۇللۇق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان مەرھۇم ئۇستاز تەتقىقاتچىلار تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە رەھمەتۇللاھ جارىيلارنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» قاتارلىق

ھىدايەتكار ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەندۇق. ئۇستاز تەتقىقاتچى مەرھۇم رەھمەتۇللاھ جارىي ئەپەندىم «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىللىق 3-سانىدا، ئۆزىنىڭ ۋەزنىلىك ئىلمىي ماقالىسى ««چاغاتاي تىلى» ھەققىدە»نى ئېلان قىلدىكى، مەزكۇر ئىلمىي ماقالە ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا نىسبەتەن تەپسىلىي بىلىك-چۈشەنچە بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى، يەنى 1980- يىلى، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ، «چاغاتاي تىلى دەرسى»نى تەسىس قىلدى ۋە ئۆزى باشلاپ دەرس سۆزلىدى. 1986- يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم ئىككىمىزنىڭ ئون يىل قولمۇقول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، بىرلىكتە يېزىپ چىققان ئىككى يۈز مىڭ خەتلىك ژىرىك ئەسىرىمىز «چاغاتاي تىلى»نى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىپ بەردى. بۇ كىتاب چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە جۇڭگودا ئاشكارا نەشر قىلىنغان تۇنجى كىتاب بولۇش سالاھىيەتى ۋە ئۆزگە خاس قىممىتى بىلەن، 1989- يىل دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تارقاتقان ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993-يىلى، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى مېنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» ماۋزۇلۇق توپلىمىمنى نەشر قىلىپ بەردى. يىگىرمە ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالەمدىن تەشكىل تاپقان بۇ توپلىمىمغا ئۇستازىم خەمىت تۆمۈر ئۆز قولى بىلەن «كىرىش سۆز ئورنىدا» يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرەئوپ پولات چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش بىلەن بىللە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا قىزغىنلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان ھەم بۇ ساھەدە تېز ئۆسۈۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى.»، «ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ياندىشىدۇ. ئاپتور خېلى كۆپ مەسىلىلەردە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى، دەسلەپ قەدەمدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە بۇ كۆز قاراشلارنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش بۇ جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۆز قاراشلارنىڭ مول ماتېرىيال ۋە مۇۋاپىق تەھلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا سۆزسىز

ئەجابىي رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ ئەڭ ئاۋۋال دەل مۇشۇ يەردە.» (ئېلىنىدى: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» 1-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993-يىل، بېيجىڭ)

دېمەكچىكى، مېنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىم ۋە تەتقىقاتىم ئەنە شۇنداق بىلمەسلىكتىن بىلىشكە، ئاز بىلىشتىن مول ۋە مۇكەممەل بىلىشكە قاراپ، كۈچ ئۇلاپ ئۆگىنىش ۋە ئىز بېسىپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تەدرىجى ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە ئىلىم ئەھلى ئېتىراپ قىلغان بۇگۈنكى سەۋىيەنى ھاسىل قىلغان بولدى. ئېسىمدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە دەسلەپ كىرىشكەن چېغىمدا، ئۇستاز تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئۇنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يازىدىكەن. مەن ئۇزۇن يىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇر بولمىغان زاتنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغىنى ئۈچۈن ناقايىللىق ياكى مەسخىرە ئۇقۇمى چىقىپ تۇرىدىغان مەزكۇر قوش تىرناقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلمىغا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىش تەكلىپىنى مەخسۇس ئىلمىي ماقالە بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. (قاراڭ: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989-يىللىق 3- سان: ««چاغاتاي تىلى›دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا») ئۇزايىدىن زىخمۇ كۆيمىگەن، كاۋاپمۇ كۆيمىگەن بۇ ئاتالغۇ كۆنىمىزدە، ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئاساسەن قوبۇل قىلىندى.

ئىلمىدە مۇئەييەن ئىلگىرلەشنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىزىشكىنىدە شۈكرى-قانائەت قىلىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، كونا دەسمىنى يەپ يېتىۋېرىش ھەر قانداق بىر ئىلىم خادىمى ئۈچۈن، ماقۇل ھەرىكەت ۋە ئىلمىي ئىپادە ھېسابلانمايدۇ. سەۋىيەدە يېتىكلىكنى، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىجادىي تەرەققىياتنى قوغلىشىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ يۈكسەك ئارزۇسىدۇر. مەن 1986- يىلى، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ماۋزۇلۇق خاس ئەسەرنى ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم بىلەن شېرىك ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئون سەككىز يىل ناياپ ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ، مەزكۇر ساھەدە بىر قەدەمدىن بىر ئىز چىقىرىپ ئەستايىدىل ئىشلىدىم، ئۆزلۈكسىز ئىزدەندىم. ئاخىردا، شۇ جاپالىق ئىزدىنىشلىرىمنىڭ ھاسىلى بولغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»نى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ شاپائىتىدە، 2004- يىل نەشر قىلدۇرۇپ، ئىلىم ساھەسىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم. يەنە شۇ ئاساستا، ئۆزلۈكسىز دۇرمەي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋەزنىلىك ئەسىرىم «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» 2007- يىل يەنە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر

قىلىنىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل قائىدىسى ھەققىدە خاس ئەسەر يوقلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەردىن بىرى ئوبزۇر يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۇستاز تەكلىماكانىي ئەپەندىم ھەمىشە بىزگە: ‹مەلۇمكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل- يېزىقى دېگىنىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىن بايان-ئىپادە شەكلىدىن تارتىپ، يېزىق شەكلىگە قەدەر ھەر قايسى تەرەپلەردىن روشەن ئالاھىدىلىكلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئاشۇ پەرقلەرنى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش پەقەت ئۇنىڭ ئەسلىي يېزىق شەكلى بىلەن بىللە بولغاندىلا، ئاندىن ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ› دەيتتى. ئۇستازىمىز ئۆزىنىڭ ‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى› ناملىق بۇ كىتابىدا، ئېغىزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بايان قىلىنىۋاتقان ھەر بىر قائىدىگە تالىق مىساللار ئۈچۈن، ‹بابۇرنامە›، ‹تارىخى ھەمىدىي› قاتارلىق مەشھۇر ۋە ئىناۋەتلىك كلاسسىك قوليازما ئەسەرلەردىن مول ئۆرنەكلەرنى بەرگەن. مېنىڭچە، بۇ ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن بېرىلگەن مىساللار مەزكۇر خاس ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىمۇ، ماتېرىيال قىممىتىنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. ئۈمىد شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تىل قائىدىسىنى تەپسىلىي شەرھلىگەن ‹چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى› ناملىق بۇ خاس ئەسەر ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي ئەپەندىمنىڭ مۇندىن بۇرۇن ئېلان قىلغان باشقا ژىرىك ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇر كلاسسىك تىلى ۋە تېكىستشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەۋىيىسىنى يارىتىش يولىدا، ئىلىم ئەھلىگە يېتەرلىك بەھرە بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېگانە قىممىتى بىلەن ئېپتىخارلىنارلىق بىر ئابىدە ئەسەر بولۇپ قالغۇسى!» (ئېلىنىدى: ئوبزۇرلار توپلىمى ‹سالام، تەكلىماكانىي!›دىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىش ئالدىدا)

## ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتىدا پىداكارلىق

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېگىنىمىز، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، مىلادىيە 16- ئەسىرگە كەلگەندە، مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىسا خانىم ۋە قەدىرخان ياركەندىي قاتارلىقلار تەرىپىدىن

رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى يۈرۈش يارقىن مۇزىكا ۋە ئۇنىڭغا جۈر قىلىنغان ئۈچ مىڭ بەش يۈز مىسراغا يېقىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى گۈزەل تېكىستلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك بىر ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسىگە ئېيتىلىدۇ.

بىراق، تا ھازىرغىچە خېلى بىر بۆلەك زىيالىيلىرىمىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېسە، «گۈزەل ئاھاڭ-مۇزىكا» دەپلا چۈشىنىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كېسىۋەتكىلى ۋە تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قانىتى بولغان مۇقام تېكىستلىرىنى بولسا، ھەمىشە نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. يەنە بىرسى، ھەتتا مۇھەررىرلەرمۇ «ئون ئىككى مۇقام» دېسىلا، جۈملىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە ۋە نېمە ئۈچۈن بىلەن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر «ئون ئىككى مۇقام»دىن، «ئون ئىككى مۇقام»نى، «ئون ئىككى مۇقام»غا... قىلىپ، دائىم قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويىدۇ. «نېمىشقا مۇنداق قىلىسىلەر؟ بۇ ئاتالمىش ‹ئون ئىككى مۇقام› دېگىنىڭلارمۇ ياكى مەسخىرە قىلغىنىڭلارمۇ؟» دەپ سورالسا، «پالانى كىتابتا شۇنداق يېزىپتىكەن، ياكى پۈستانى لۇغەتتە شۇنداق يېزىلغانىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق» دېگەندىن باشقا زاكۈن كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ ھال ئۆز زامانىسىدا، «چاغاتاي تىلى» دېگەننى ھەمىشە ۋە ھەممە يەردە قوش تىرناققا ئېلىپ ئىشلەتكەن بىلەن ئوپئوخشاش. بۇ ھال كەم دېگەندىمۇ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلوگىيەسى بويىچە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ توغرىدىكى ئاممىۋى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشنىڭ زۆرۈرىيەتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

يەنە دېسەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن پۈتۈنلىشىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. ئەمدى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى بولسا، پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلىي شەكلى بىلەن تەتقىق قىلىنغاندىلا، ئاندىن ۋايىغا يېتىدۇ!

مەن ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر سەرپ قىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان مۇشۇ چۈشەنچەم بىلەن، 1986- يىلدىن 2004- يىلغىچە ئون سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قوليازما نۇسخىلىرىنى تېپىپ كۆچۈرۈپ توپلىدىم ۋە ئۇنى مۆھتەرەم رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت ئاكا باش تەھرىرلىكىدە ھازىرلىنىپ، 1997- يىلى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابتىكى ئوقۇلغۇ (ترانسكرىپسىيە) بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. ئاخىردا، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، 2005- يىلى 6- ئايدا، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ياردىمى بىلەن

نەشر قىلدۇردۇم. ئارقىدىن، يەنە ئۆزلۈكىدىن «ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئاز كەم بىر مىليون خەتلىك بىر خاس ئەسەر يېزىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ خىرىدارلىقى بىلەن، 2009-يىل 5-ئايدا نەشر قىلدۇردۇم. بۇ ژىرىك ئەسىرىم ھەقلىق قىممەت ۋە ئېتىبار قازىنىپ، شۇ يىللىق «گېرمانىيە فرانكفورت دۇنيا كىتابلار كۆرگەزمىسى»گە قويۇلۇش شەرىپىگە نائىل بولدىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن بەك سۆيۈندۈم!

## ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدە ھەسسىدارلىق

يۇقىرىقى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەن ئالىي مەكتەپنى تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەنمەن. ئۆز ۋاقتىدا، بىزنىڭ «تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دەرسىمىزنى جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى باجىننىڭ مەشھۇر رومانى «ئائىلە»نى، چەتئەل ئەدەبىياتىدىن «روبىنسوننىڭ سەرگەردانلىقى»نى، شۇنداقلا، «دوكسونرويى» قاتارلىق كىنو تېكىستلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر سۆزلەيتتى. كەسىپ ئەھلىدىن، كەسىپ ئەھلى پىششىقلىرىدىن دەرس ئېلىش ئادەمگە تەڭداشسىز راھەت بېغىشلايدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمە دەرسىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتىم، ھەر سائەتلىك دەرستىن بېھىساب بەھرە ئالغاندەك بولاتتىم.

تەرجىمە كەسپى بويىچە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆگەنگەنلىرىمنى ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ، تەرجىمە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى بويىچە، ئۆزۈم ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان بەزى ئەمگەكلەرنى قىلدىم ۋە ئۇلارنى كەسىپ ئەھلى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھوزۇرىغان سۇندۇم:

نەزەرىيە تەتقىقاتى بويىچە قىلغان غوللۇق ئەمگىكىم «ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدە نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ئون بەش مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالەم بولدى. مەزكۇر ماقالە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. مەن مەزكۇر ماقالىدا، خەنزۇچە ئىبارە ۋە ماقال تەمسىللەرنى ئەينەن خەت تەرجىمىسى قىلماي، ئۇيغۇرچىدا مەۋجۇت ئىبارە ۋە ماقال-تەمسىللەرگە كېلىدۇرۇپلا قويىدىغان ئادەتنىڭ

توغرا ئەمەسلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، «تەرجىمىدە ئەسلەن تەرجىمىنى ئاساس، مەنەن تەرجىمىنى قوشۇمچە قىلىش»، «تەرجىمىنى ئىجادىي ئەمگەك ئەمەس، بەلكى ئامانەت ئەمگەك بىلىش» دېگەن پرىنسىپاللىق يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ بۇ قارىشىم تەرجىمانلار ۋە تەرجىمە ھەۋەسكارلىرى ئىچىدە، مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قوزغىغان ۋە بەزى ئوبزور ماقالىلار ئېلان قىلىنغانمۇ بولدى.

ئاندىن، تەرجىمە ئەمەلىيەتى بويىچە قىلغان دەسلەپكى ژىرىك ئەمگەكلىرىمدىن بىرى لىۋانلىق مەشھۇر خىرىستىيانىي ئەرەب يازغۇچى مىخائىل نۇئەيمەنىڭ ھېكايىلار توپلىمى بولدى. مەزكۇر ھېكايىلار توپلىمى ئەسلىدە، ئاپتورنىڭ «مىخائىل نۇئەيمە ئەسەرلىرى» (ئەرەبچە)نىڭ ئىككىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن «ئۆتكەن ئىشلار»، «يوغان پاقالچاق»، «زومىگەر» ماۋزۇلۇق ئۈچ ھېكايىلەر توپلىمىدىن تاللاپ، 1981-يىل 9-ئايدا، «چەتئەل ئەدەبىياتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا «怒艾曼短片小说选» (نۇئەيمە ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار) دەپ تەرجىمە قىلىنغانىكەن. مەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، مەزكۇر توپلامنىڭ ئىچىدىكى «ئەنگۈشتەر» دېگەن ھېكايىنى كىتاب ماۋزۇسى قىلىپ ئالغان بولدۇم. نۇئەيمەنىڭ لىۋان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك، مەردانىلىق، ئەمگەك سۆيەرلىك روھى تەرغىب قىلىنغان «يوغان پاقالچاق»، «تۇغماس»، «كاككۇك سائەت»، «كاتتىلار»، «تاش چوقۇغۇچى ئادەم»، «يولۇچى مېھمان»، «سوۋغات»، «بىر قاپ سەرگە»، «ئىشەكنىڭ قۇيرۇقى»، «ئالماس تويى»، «باكلاۋىرلىق شاھادەتنامىسى»، «ياندۇرقى يىلى»، «ئەگۈشتەر»، «بەگ جانابلىرى»، «ھەسەل ئۈچۈن ئۆلگەن قىز» قاتارلىق ساق يىگىرمە پارچە مەشھۇر ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ توپلىمى 1984- يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندى.

ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىم بىلەن، دادام رەھمەتلىك ئۆز زامانىسىنىڭ جەدىتچى (يېڭىلىق تەرەپدارلىرى) ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان زىيالىي ئادەم بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئائىلە تەربىيىمىز ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلىق تۈپ قائىدىلىرى ئىلمى جەھەتتە، چېكىت چاقىدىغان تەرىپىمىز يوق، پاكىز ئەقىدىلىك چوڭ بولغانمىز. شۇڭا، ئىمكانلار يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە تالىق ئەسەرلەر تەتقىقاتى ۋە تەرجىمىسى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلدىم. مۇشۇ ساھەدىكى ژىرىكرەك ئەمگەكلىرىم دېسەم، «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» بىلەن «قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى»نى مىسال قىلغۇم كېلىدۇ.

«بەيتۇللاھنىڭ تارىخى» لىۋانلىق ئىلىم ئادىمى، دوكتور ئەلىي ھەسەن خەربۇتەلىي تەرىپىدىن دوكتورا تېزى (يەنى دوكتورلۇق ئۇنۋان ئىلمىي ئەسىرى) قىلىپ يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىدۇر. ئاپتور ئەلىي ھەسەن خەربۇتەلىي بۇ كىتابىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلە (ناماز قاتارلىق مۇقەددەس پائالىيەتلەردە يۈزلىنىدان جاي)سى بولغان كەئبەتۇللاھنىڭ تارىخىنى يالغۇز ئىسلام رىۋايەتلىرى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى توپلىغان ۋە ئاساسلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ شاھىتلىقى ۋە ئىسپاتلىقىدا بايان قىلىپ يازغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز زامانىسىدا يۈكسەك شۆھرەت ۋە ئېتىبار قازانغان. مېنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسىرىم 1994- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان، ئارقا-ئارقىدىن ئالتە قېتىم قايتا بېسىلىپ، بېسىلىش قېتىم سانى ۋە تىراژى ئەڭ كۆپ بولغان تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

«قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئەممە پارە تەپسىرى» ئۇيغۇر تەپسىرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدىغان مۇھەممەد زەرىف قارىھاجى 1926- يىلى كاشغەردە يازغان تەپسىر كىتابى. مەن بۇ كىتابنى تۈركىيەدە دوكتور ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، 1999-يىلىنىڭ بېشىدىن 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاز كەم ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەنقەرە شەھىرىنىڭ جەبەجى رايونىدىكى فىدان (كۆچەت) كوچىسى 22- نومۇرلۇق قورۇدىكى ياتىقىمدا تەرجىمە قىلغان. ئەسەرنىڭ تەھرىرلىكتىن ئۆتكەن تۈنجى باسما ئورىگىنالىنى 2001- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىستانبۇلدا ئۆزۈم قورمۇ-قۇر كۆرۈپ، كورربېكتورلۇق قىلغان. تەخمىنەن ئالتە يۈز مىڭ خەتلىك بولغان بۇ زىرىك ئەسەر سەئۇدىي ئەرەبىستانلىق پۇلدار ئابدۇلغەفۇر ئەمىن كاشغەرىينىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن، 2003- يىلى، جىددە شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان. مەن بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئەسەر يېزىشقا تېخى چىقىنىپ بولالمىدىم. شاگىرتلىرىمغا كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلدىم. ھېلىھەم دەيمەن: مەزكۇر تەپسىر كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان ھەر قانداق ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنىڭ قالاق ۋە مۇتەئەسسىپ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئەزەلدىن تارتىپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە، پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىشكە، ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن ئاكتىپ ياشاشقا دەۋەت قىلغان ۋە يېتەكلىگەن نۇرغۇن ئىلغار تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ-بىلىپ ئالالايدۇ؛ ئەسلىيدە، دىن قالاق ئەمەس، ئىنسان قالاق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

# تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتى مەيدانىدا مەسئۇلىيەتچانلىق

مېنىڭ ئىلمىي ئەمگەك مەيدانىم ئەسلىدە، ئەدەبىيات ساھەسى بولغانلىقىنى مېنى يېقىندىن تونۇيدىغان قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. مېنىڭ «مەن پامىر مالچىسى» دېگەن شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1977-يىللىق 8-سانىدا ئېلان قىلىنغان بولسا، مەشھۇر ھېكايەم «كور خېرىدار» يەنە شۇ «تارىم»نىڭ 1980-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر «كور خېرىدار»نىڭ شۇ يىلى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۆزىدە، ««كور خېرىدار»نى ئوقۇغاندىن كېيىن» دېگەن ئوبزورمۇ ئېلان قىلىنغان. شۇ يىللاردا، «ئىلى دەرياسى» ئېلان قىلىپ بەرگەن ھېكايەم «قۇلاق» تىكى پىكىرلەر نۇرغۇن مۇھەررىر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل قۇلىقىغا ياققانىدى. خەيرىيەت، ئارىلىقتا، ئىلمىي تەتقىقات دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، بەدىئىي توقۇلمىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي قالدىم. ئەمما، كىنىمدا بار يېزىش خۇمارى ۋە ئىقتىدارى مېنى ھامان يېزىقچىلىق مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇشقا ئۈندەپلا تۇرغىنى راست. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆيغۇر تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىغا تالىق «ئەبگا ئۇيغۇر» ۋە ««مۇھاكىمەتول لۇغەتەيىن›دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەيىن› غىچە- ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سىلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» ماۋزۇلۇق ئىككى پارچە پىكىر ئويغاتقۇچى خاس ئەسەرلىرىمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىمۇ ئەمەلىيەتتۇر.

بۇ يەردە، مەزكۇر ئىككى پارچە ئەسىرىم ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئۆزۈم ئوبزور يېزىپ كەتسەم تازا توغرا بولماس. ئەمما، پىكىرىم يادروسىنى مۇنداق بىر بايان بىلەن ئوچۇقلاپ قوياي: مېنىڭ يۇرتۇم كاشغەر شەھىرىدىكى خەلق مەيدانى بىلەن تەنتەربىيە يولى ئوتتۇرىسىدا، بىر كۆجۈم بوستانلىق بار. بۇ بوستانلىق ئەسلىدە، ئەتراپى رىشاتكىلىق قورۇما تام بىلەن ئىھاتىلەنگەن، بىلەت سېتىۋالغاندا ئاندىن كىرگىلى بولىدىغان خەلق باغچىسى ئىدى. كۆنمىزدە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رىشاتكا، ئىھاتە تاملار ئېلىپ تاشلىنىپ، تۆرت تەرەپتىن ھەممىشە ئوچۇق تۇرىدىغان، خاھلىغانلار خاھىش قىلغان چاغلىرىدا كىرىپ سەير قىلسا بولىدىغان سالقىن-سايە ئارامگاھ بولدى. «كاشغەرنىڭ ئۆپكىسى» دېيىشمۇ بولىدىغان بۇ بوستانلىق ئۆز قوينىدىكى مۇئەييەن ئارىلىق قويۇپ قېزىلغان كۆللىرى، ئەتراپ-ئارىلىقلىرىدىكى سۇ ئۆكسىمەيدىغان

كىچىك ئېرىقچىلىرى ۋە رەتلىك دەرەخ ۋە گۈل-گىياھلىرى بىلەن ھېلىھەم ئۇيغۇر باغ-باغچە قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىلاردا دېگىنىمدەك، يازلىق تەتىلدە قەشقەرگە كېلىمەن، مەزكۇر بوستانلىقنىڭ جەنۇبىي لېۋىگە دېگۈدەك جايلاشقان تەنتەربىيە يولىدىكى ئۆيىمىزگە چۈشىمەن؛ ئەتىگەن-ئاخشىمى مەزكۇر بوستانلىقنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ئىستىراھەت قىلىپ يۈرىمەن. شۇڭا بۇ بوستانلىق ماڭا بەك تونۇش: غەرب تەرىپىدىكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا مۇشۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ئوينايدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۆرت چاسىلاپ بۆلەكلەرگە ئايرىلغان دەرەخزارلىقلاردا بولسا، توپ-توپ ئادەملەر، كۆپىنچىسى ئون يەتتە ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان كۈچكە تولغان ئەمگەك كۈچلىرى ئىنسانلار ئەتىگەندىن كەچكىچە قەرت ئوينايدۇ. بۇ قەرتچىلەرنىڭ سانى بەزى چاغلاردا، بەش-ئالتە مىڭغا يېتىدۇ پەمىمچە. جەنۇب تەرىپىدىكى كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقلاردا بولسا، يىراق سەھرادىن، ھەتتا ناھىيىلەردىن كەلگەن مۇساپىرلار، ئاققۇنلار، يېتىم – يېسىرلەر ئوخشىمىغان يۇرت تەلەپپۇزىدا پاراڭداشقاچ، سۇنايلىنىپ يېتىشىدۇ؛ بەزىلىرى ئۇخلايدۇ-يا، كۈنۈم-كۈنۈم ئۇخلايدۇ. مەن نامرات دۆلەت مىسىردىمۇ ۋە ئوتتاھال مەملىكەت تۈركىيەدىمۇ ئەڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە بېرىپ، كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ باققانمەنكى، بىزنىڭكىدەك مۇشۇنداق بىر نەچچە مىڭ ئادەم توپلۇشۇپ ئولتۇرۇپ، كۈننى ئاشۇنداق قەرت ئويناش ۋە ئاشۇنداق ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزگىنى مۇتلەق كۆرۈلمەيدۇ ئەسلا! ئەمدى، مەن يۈرۈكۈمدىكىنى دېسەم، ئاشۇ ھارغان يېرىدە ئۇخلاپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغانچە ئېقىپ يۈرىدىغان قېرىنداشلىرىمدىن يىركىنگىم، سەسكىنگىم مۇتلەق كەلمەيدۇ. دەل ئەكسىچە، دىلىمنىڭ ئاللىقانداق بىر چوڭقۇر يېرىدىن چىقىۋاتقان سۆيۈك مېنى مەزكۇر ئۆز قېرىنداشلىرىمنىڭ رېئال رەپرەپ ئەھۋالىنى، كىرىمسىز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، زاماننىڭ نورمال ھايات رېتىمىغا ماسلىشىپ ياشايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ قولىدىن كەلگەن دەرىجىدە ياردەمدە بولۇشۇمغا ئۈندەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، مەيلى «ئەبگا ئۇيغۇر» بولسۇن ۋە مەيلى قوش تىل مائارىپى توغرىسىدىكى كېيىنكى خاس ئەسىرىم بولسۇن، مۇشۇنداق تەبىئىي تۇيغۇمدىن خۇددى ئۆزى كەلگەن تىنتەكتەك تەبىئىي ئۇرغۇپ چىققان ۋىجدانىي نىدا، خالاس!

مېنىڭ ئەمگىكىمنى قەدىرلىگەن ژۇرنالىستلارغا – ھەمئەمگەكلىرىمگە ئىگىلىپ سالام! مەن نەشرىياتچى- ژۇرنالىستلارنى يازغۇچىلار بىلەن ئوخشاش تارازىدا قويۇپ ھۆرمەتلەيمەن. بولۇپمۇ، مۇنداق بىر كەچۈرمىشكە ساھىب ۋە شاھىد بولغىنىمدىن

كېيىن، ئېخىمۇ شۇنداق تۇيغۇ ئىگىسى بولدۇم. ھېكايەت: يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئىككىمىز 1976- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق بىر لۇغەتنى تۈزۈشكە كىرىشتۇق. سۆز ماددىسى (词条) مەنبەسى مەملىكەت ئىچىدە نەشر قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك كىتاب- ژۇرناللاردىن باشقا، مەملىكەت سىرتىدا شۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان تۈرلۈك تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك لۇغەت ۋە كىتابلار بولغاچ، ئۇلارنى بىردىن-بىردىن تېرىپ كاپىيەن قىلىش مىنىڭ زىممەمدە بولدى. ئۇ چاغدا، كومپيۇتېر تېخى بىزنىڭ ئىستېمالىمىزغا كىرمىگەن، يېزىش، كۆچۈرۈش پەقەتلا ئەمگەكچان قولىمىز بىلەن بېجىرىلەتتى. يەنە ئۇ زاماندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدە، لاتىن ھەرپلىك ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىنىلاتتى. مىقبىر تەسلىكتە كاپىيەن قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرسام، يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قېلىپ، يەنە ئەرەب ھەرپلىك قەدىناس ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغانغا پەرمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مەزكۇر لۇغەتنىڭ يېڭى يېزىقلىق كاپىيەنلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى ئەرەب ھەرپىدىكى كونا يېزىقلىق كاپىيەنگە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ چاغدىكى مۆلچەرىمىزچە ئەللىك مىڭ سۆزلۈك بولغان لۇغەتنى مانا شۇنداق تەكرارلانما ئەمگەكلەر بىلەن ئاخىرى كاپىيەنلەشتۈرۈپ بولدۇق. ئاندىن، ئۇنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، ئۆلچەملىك ئاق ئورىگىنال قەغىزىگە كۆچۈردۇق. ئىملالىق، چىرايلىق يېزىشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئەمگەككە پىدائىي بولۇپ قاتناشقانلاردىن كۆنىمىزدە، يازغۇچى ئەنۋەرھاجى مۇھەممەد ۋە رەڭرەسسام تاھىر ھامۇتلار ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىمىزگە شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇ.

خەيرىيەت! مۇشەققەتنى شاراپەت بىلىپ ئىشلەپ ساق ئون بەش يىلدا مەزكۇر «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» ناملىق لۇغەتنىڭ ئۆلچەملىك ئورىگىنالىنى تەييارلاپ پۈتكۈزدۇق. 1992- يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇنى مەلۇم بىر نەشرىياتقا ئاپىرىپ تاپشۇردۇم. تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مەسئۇل كىشى كۆلەر يۈزلۈك، قىزغىن مۇئامىلىلىك ئىدى. ئالاھەزەل يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، ئاتمىش ياشلىق ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇئاۋىن مەكتەپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئانا يۇرتقا قايتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇستازىمىز ئۆچۈن، قىيماسلىق تۇيغۇسى ئىچىدە، ئۇزىتىش پائالىيەتلىرى قىلدۇق. شۇ ئەسنادا، مەزكۇر لۇغىتىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھېلىقى مەسئۇل كىشى مېنى چاقىرتىپتۇ. ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇ يوغان بىر پارتىلاتقۇچ دورىسىدەك مەھكەم بۇقۇچلاپ چىگىلگەن، ھېچبىر قول

تەككۈزۈلگەنلىكتىن ئىز-ئەسەر يوق لۇغەت ئورىگىناللىمىزنى دوقۇسلاتقان ھالدا، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

- «كۆتۈر بۇ لۇغىتىڭنى، ئاداش! بۇ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئوپ پولات نەشرىياتى ئەمەس، خەلق ئاممىسىنىڭ نەشرىياتى. نەچچە كىتابلىرىڭنى چىقىرىپ بەردۇق، كۇپايە شۇ! ماۋۇ بىر نېمەڭلىنى ئەمدى، باشقا نەشرىياتقا ئاپىرىپ چىقىرىشۋال!»

نەشرىياتچىنىڭ دېگەنلىرى يالغانمۇ ئەمەس ئىدى. راست، بۇ چاغقىچە بىر نەچچە پارچە كىتابىمىزنى نەشر قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمما، بۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھالال، شۇ چاغلارنىڭ ئۆزىدە تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىمۇ ئەمەلىيەت ئىدى. شۇڭا، نەشرىياتچىنى بىردەم «ئەپەندىم» دېسەم، بىردەم «ئاكا» دەپ، ئىلتىماسىمىزنى تەكرار-تەكرار قەيت قىلىپ، يالۋۇردۇم گويا. ئۈنۈم بەرمىدى. ئىلاجسىز، لۇغەت ئورىگىناللىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ، خەمىت ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بولغان ۋەقەنى ئەينەن دوكلات قىلدىم. ئەپەندىم «سەيپىدىن» تاماكىسىدىن ئاچچىق قىلىپ يۆگەپ، بىر تال چەكتى.

- زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنچىلىك،- دېدى ئۇ ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن،- نېمە دەيمىز ئەمدى؟ بوپتۇ، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى نەشرىياتلارغا تەڭلەپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ، لۇغىتىمىز باش تۈزگۈچى خەمىت تۆمۈر ئەپەندىمگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەتتى. قىسمەت، لۇغىتىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كەچۈرمىشلىرى قولايراق ۋە ئوڭايراق بولغان بولسا كىمنىڭ دەردى-ھە؟! سىلەردىن ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى، ئى، ئوقۇرمەنلىرىم! مەزكۇر لۇغىتىمىز يەنە ساق توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ مەن تونۇش يۆگەك، ئاشۇ مەن تونۇش شوينا-تاناپلار بىلەن چىگىلگەن پېتى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى. 2002-يىلى يازدا، بېيجىڭدىكى پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىم مەزكۇر لۇغەتنى قايتىدىن قولۇمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«قايتىپ بېرىپلا ئۈرۈمچىدىكى بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم. ئۇ يەردە، ئىككى يىل تۇردى. ئارقىدىن، يەنە بىر نەشرىياتقا تاپشۇردۇم، ئۇ يەردە، تاكى مەن تىل- يېزىق كومىتېتىدىن پېنسىيەگە چىققىچە تۇردى. بىر كۈنى چاقىرتىپتۇ، بارسام، مەسئۇل نەشرىياتچى:

- لۇغىتىڭىز يامان ئەمەس ئىكەن،- دېدى ئۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن- ئەمما، ھەجمى بەك چوڭ ئىكەن. بۇنىڭغا بىز پۇل چىقىرىپ بولالمىغىدەكمىز. مېنىڭچە، سىز يەنىلا بۇ لۇغىتىڭىزنى ئاشۇ ئۆمۈر تېرىگىنىڭىزنى تۆككەن كۈلى (里□ئىچكىرى ئۆلكە)

رىڭىزغا ئاپىرىپ، شۇ يەردە چىقىرىۋالسىڭىز بولغىدەك، مەرھەمەت!

شۇنداق دېگىنىچە لۇغەتنى قولۇمغا كۆتۈرتۈپ قويدى، قاراڭ. يەنە سىزگە ئەكەلدىم...» ئۇستازىم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

بۇ ھېكايەتنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈپ قويۇپ تۇراي. ئەمدى، سەن زادى نېمە دېمەكچى، دېسەڭلەر. «خەۋەردارىڭ بولمىسا، زىيبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەندەك، ھەر قانچە دۇردانە ئەسەر يېزىۋەتسەڭمۇ ژۇرنالىست ئاكاڭ خەۋەردار بولمىسا، ساڭا شاپائەت قىلمىسا، ئەسىرىڭ تەسلىكتە، ئۆزۈڭ بولساڭ، نەسلىكتە قېلىۋېرىدىكەنسەن!

شۇڭلاشقا، 2004- يىلدىن 2011- يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە يەتتە يىل ئىچىدە، مېنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان» (2004-يىل)، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» (2005-يىل)، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (2007-يىل) ۋە «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» (2011-يىل) بولۇپ، تۆرت توم ئازغىنە كەم ئىككى مىليون خەتلىك ئەسىرىمنى نەشىر قىلىپ بەرگەن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياقۇپ مۇھەممەتروزى ئەپەندى، مۇئاۋىنلىرى قەيسەر قۇربان ئەپەندى ۋە ئەخمەتجان ھوشۇر ئەپەندى، شۇنداقلا مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ئەركىن قادىر ئەپەندىلەرگە ئىگىلىپ سالام بىلەن چىن يۈرىكىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن! ئۇلار مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى نەشىر قىلىپ بەرگەنلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە سەممىي كۆڭلى بىلەن، لىللاھ مەيداندا تۇرۇپ، مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە خالىس باھا بەرگەن، ئىلمىي ئوبزور قىلغانلاردۇر؛ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ پۇچەك مال ئەمەس، ئەكسىچە ئىلىم سورۇنىغا ئېلىپ چىقىش قىممىتى بار جىڭ مال ئىكەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن پەرق ئەتكەنلەر، مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئىلىم سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان جەۋاھىرشۇناسلاردۇر. مەزكۇر ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن قىممەتلىك پىكىرلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە ئىلھاملىرى مېنىڭ ئۇ ئەسەرلەرنى ئىمكان بار ئەھمىيەتلىك، ۋەزنلىك ۋە قىممەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقالىشىمغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ تۈجۈپىلەپ تەھرىرلىشى، كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلىشى گەرچە ئۇ كىتابلىرىمنىڭ ئادەتتىكى كىتاب بازىرىدا ئانچە بازارلىقى بولمىسىمۇ، ئەمما ئالىملار ۋە ئىلمىي ئورگانلار كىتاب جاھازلىرىدا باھالىق ئەسەر بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ئاندىن، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، مېنىڭ «ھەق ۋە ھوقۇق مەرىپىتى ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇل تېشى» قاتارلىق ئەھمىيەتلىك پوپىلىر

ماقاللىرىم، «تاشنى چاينىغلى بولمىسا، سۆيۈش كېرەك» قاتارلىق ئىلمىي سۆھبەتلىرىم ۋە «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم» ۋە «ھىجرەت ۋە نۇسرەت» قاتارلىق چاتما ئەدەبىي خاتىرىلىرىم مۇبارەك ژۇرنال «جۇڭگو مىللەتلىرى»نىڭ گۈل سەھىپىسى ئارقىلىق، ئۇزاقتىكى مېنىڭ كۆڭۈل ئىپتىزىمغا ۋە ئەتراپتىكى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ دىل باغچىلىرىگە ئۇزۇلمەس خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى بولۇپ قۇيۇلۇپ كەلدى. بۇ مۇناسىبەت بىلەن، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات شامئابىي ئەپەندىگە نۆۋەتتىكى باش مۇھەررىرى تۇرۇپ بارات ئەپەندىگە ۋە دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى تالانتلىق شائىر، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم يىلتىز ئەپەندىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! بولۇپمۇ، تۇرغۇن يىلتىز ئەپەندىنىڭ «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم»نى مەھمۇد كاشغەرىي يىلى خەلقىمىزنىڭ ئەس-خاتىرىسىدە تېخى تونۇلۇپ بولغان ئاشۇ 2009- يىلىنىڭ ئۆزىدىلا، ھەر سانغا بۆلۈپ، بىر تۇتاش ئېلان قىلىپ بەرگەن جاسارىتى ۋە مەزكۇر ئەسىرىمدىكى بىر شېئىرنىڭ تەھرىرلىكى توغرىسىدا، ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى ئاشكارا مۇنازىرە شەكلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتىكى ماھارىتى مەندە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، تەكرار رەھمەت ئېيتىمەن!

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئەڭ سېغىنىدىغىنى يۇرت، ئەڭ زارىقىدىغىنى يۇرتنىڭ مېۋىسى بولىدۇكى، ئانا يۇرتىمىزدا چىقىۋاتقان ئەزىز ئۇيغۇر تىلىدىكى ژۇرناللار بىز ھىجرەت تۇرمۇشىدىكىلەر ئەڭ زارىقىپ كۈتىدىغان مەنىۋى مېۋىلەر ھېسابلىنىدۇ. قايسىمىزغا يۇرتتا چىقىدىغان ژۇرنالدىن بىرسى كەلسە، يەنە بىرىمىزگە سۆيۈنچە بىلەن كۆرسىتىشكە ئالدىرايمىز. ئۇنىڭ سەھىپىسىدە كۆرۈلگەن ماۋزۇلارنى مۇزاكىرە نۇقتىسى قىلىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا مۇلاھىزە قىلىشىپ كېتىمىز. ئەگەر ناۋادا شۇ قاتاردا، سىڭگىمۇ بىرەر پارچە ئەسىرىڭ ژۇرناللارنىڭ بىرىدە يۈز كۆرسىتىپ قالدىمۇ- بولدى، شۇ كۈنلا دوستلىرىڭنى شادلىق بەزمەڭگە چىللايسەن، بەختىيارلىق تۇيغۇڭ ئىچىدە، ئۇلارنى سائادەتمەنلىكىڭ بىلەن مېھمان قىلىسەن. يىللار مابەينىدە، ئەمگەكلىرىمنى قەدىرلەپ ئۆز قويىنىغا ئېلىپ، مېنى سائادەتمەن قىلىپ كەلگەن ژۇرناللارنىڭ بېشىدا، مۇبارەك «جۇڭگو مىللەتلىرى» تۇرىدۇ.

ئاندىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 80- يىللاردىن باشلاپلا، ئىزچىل ھالدا مېنىڭ ئەمگەكلىرىمگە مېھرى بىلەن قاراپ كەلگەن ئورگاندۇر. مەزكۇر نەشرىيات 1986- يىلى، مەرھۇم بىلىم ئادىمى تۇختى ئابىخان ئەپەندىمنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلغان «چاغاتاي تىلى» ناملىق كىتابىمىز ئۇيغۇر دۇنياسىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر

تىلى بىلىكلىرىنى باشلامچى بولۇپ تارقاتقان تۇنجى خاس ئەسەر بولغان. 1995- يىلى، ئابلىمىت ئوسمان ئەپەندىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» بولسا، شۇ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي كىتابلارنى باھالاشتا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1996- يىلى، بېيجىڭ شەھىرى بويىچە، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلمىي خاس ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ 1997- يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلارنى باھالاشتا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغانىدى. بۇ يىل 2011- يىلى، مەن مەزكۇر نەشرىياتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مېغىزلىق بايان» ماۋزۇلۇق تەخمىنەن يەتتە يۈز مىڭ خەتلىك بىر ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى ھازىرلاپ، نەشرگە تاپشۇردۇم. پۈتۈنمىز بويىچە بولغاندا، مەزكۇر ئەسەر 2012- يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىلا ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

يەنە بىر قۇتلۇق خەۋەر، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز تۈزگەن ۋە ئوتتۇز يىلدىن بېرى سەرگەردانلىق قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئاخىرى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى مەسئۇللىرى ياقۇپ مۇھەممەتروزى، قەيسەر قۇربان ۋە ئەخمەتجان ھوشۇر ئەپەندىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى ئارقىسىدا، مەزكۇر نەشرىياتنىڭ نەشر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، پۈتۈملەر تۈزۈلدى ۋە شۇ ئان جىددەللەپ تەھرىرلەنمەكتە.

ئاندىن، مېنىڭ مۇنازىرىلىك ئەسەرلىرىم «ئەبگا ئۇيغۇر» بىلەن «‹مۇھاكەمۇتۇل لۇغەتەين›دىن ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين› غىچە- ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»نى ئانا يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى چوڭ يۈرەك قۇربان مامۇت ئەپەندى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرى ھەمپىكىرىم رىسالەت مۇھەممەت خانىملار ئەبەدىي ئەس-خاتىرىمدەدۇر. مېنىڭ «مەجبۇرىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىك، رىئاللىقتىن بىھۇدە قاقشىماسلىق، مەۋجۇد قانۇن-تۈزۈم ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەردىن جانلىق پايدىلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئاكتىپ ياشاش، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئانا تىل باش بولغان مىللىي كىملىك ۋە ئانا مەدەنىيەتنى قەتئىي قوغداش، ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق، ئۆزىمىزدىكى قالاقلىق رىئاللىقنى ئۆزگەرتىش» ئىدىيەم ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن چۈشىنىش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاش شەرىپىگە

ئېرىشكەنلىكىدىن ئۆمۈرۋايەت مەمنۇنمەن!
ئەمدى،نېمە دەي؟ 1976- يىلىدىن ھېسابلىغاندا، قېرىنداشلىرىم بىلگەن بۇ ئىلمىي تەتقىقات سەۋداسى قازىنىدا قايناۋاتقىنىمغا ئوتتۇز ئالتە يىل بولۇپتۇ. ئوتتۇز ئالتە يىل دېگەن پۈتكۈل تارىخنىڭ ئومۇمىي ئېقىنىدا، قولدىن بىر قارس چىقارغانچىلىك ۋاقىت دېيىلىدۇ. ئەمما بىر كونكرېت ئىنسان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆمۈرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىسمىنىڭ ھەممىسى شۇ گويا. دېمەكچىكى، ئىلمنىڭ ئۆمرى بەك ئۇزۇن، بەلكى چەكسىزدۇر؛ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ قوينى بولسا، ناھايىتىمۇ كەڭ، بەلكى بىپاياندۇر. ھالبۇكى، ئىلمگە ئۆزىنى بېغىشلىغان، پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنى ئاتىغان بىر ئىنساننىڭ ئەمگىكى- ئۇ ئەمگەكنىڭ نېقەدەر چوڭ ياكى نېقەدەر كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر- ئۇنىڭ ئەھلى جامائىتى تەرىپىدىن ھەقلىق يۇسۇندا قەدىرلەنسە، تېگىشلىك پىچىمدە ئەزىزلەنسە، ئۇ ھالدا مەزكۇر ئاڭلىق ئەمگەكچى چىن دىلىدىن سۆيۈنىدۇ ۋە ئۆز ئۆمرىدىن رازىيمەن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.
شۇڭا، بۇ بابنىڭ خۇللەس كالامى ۋە ئاچقۇچلۇق سۆزلىرى دەپ مۇنداق يازغۇم كېلىدۇ: ھالال ئەمگەكلىرىم بىلەن ئۆزۈم مەمنۇن، يۈزۈم يورۇق؛ ئۆمرۈم ئوتتۇقلۇقكى، ھەمئەمگەكلىرىم بولغاچ خالىس ۋە ئۇلۇغ!

2011- يىل 20- ئاۋغۇست، شەنبە. شەھرى كاشغەر.

(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى)

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت (10)

**(چاتما ئەدەبىي خاتىرە)**

**ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي**

ئەۋلادلار! ھىجرەت قىلىڭلار، ئۆچۈڭلار،

ھىجرەتتە جەزمەن بار نۇسرەت، ئۇنى قۇچۇڭلار!

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشقانسېرى، مائارىپقا بولغان سېلىنمىسى يىلدىن يىلغا ئېشىۋاتقانلىقى تۈرلۈك پائال ئەمەلىيەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ، زىيالىيلار ئامىسىنى مەمنۇن قىلماقتا. ئالايلۇق، مائارىپ مىنىستىرلىكى قارمىقىدا، «چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندى» (留学基金) بەرپا قىلىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز كەسپلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆزى قوبۇل قىلىنغان ئالىي مەكتەپتىن باشقا، شۇ كەسىپ بويىچە ئوقۇتۇشىنىڭ ئەلالىقى بىلەن داڭق چىقارغان چەتئەللەردىكى مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇشىنىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەت بويىچە، دۆلەتنىڭ «985 پىلانى»دىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيەتىنى قازانغان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي بىلىم يۇرتى بولغاچ، بۇ مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن تارتىپ، ماگىستىرانت ـ دوكتورانتلىرىغىچە، بۇ قوللاشتىن بەھرىلىنىۋاتقىنىغا بەش-ئالتە يىل بولۇپ قالدى. شۇ شارائىت بىلەن، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىمۇ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەلاچىلىرىنى، ماگىستىرانت ـ دوكتورانتلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنى ئىلتىماس قىلسىلا، ئۇيغۇرشۇناسلىق، تۈركىي تىلشۇناسلىق ۋە ئالتايشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە، ئىلمىي تەتقىقاتتا ئالدىن كەتكەن گېرمانىيە، تۈركىيە، شىۋېتسىيە ۋە شىۋېتسارىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئەۋەتىپ، ئىز باسارلارنىڭ كەسپىي جەھەتتە خەلقئارالىق سورۇنلارغا يارىغىدەك بولۇپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئالىي مائارىپ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئېچىۋېتىش- ئىسلاھات سىياسىتىنى ئالىي مائارىپ ساھەسىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ھەر قايسى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە، ھەر قايسى كەسىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كەسپىي سەۋىيەسىنى زامان تەلەپ قىلىۋاتقان پىچىمدە ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن، پروفېسسورلارنىڭ دۇنيا ئىلىم سەھنىلىرىدە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەن قىلالايدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنماقتا ۋە مۇشۇنداق تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىش مۇددىئاسىدا

قىلىنىدىغان ئىلىم زىيارەتلىرىگە يېتەرلىك ئىقتىسادىي قوللاش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈلمەكتە.

بىلىشىمچە، بۇ تۈردىكى ئىلىم زىيارەتلىرى ئومۇمەن قىلىنغاندا، مۇنداق ئۈچ خىل يۈسۈندا ئەمەلىيلەشمەكتە: بىرسى، چەتئەللەردە ئۆيۈشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك قىلىش ۋە ئۇ يىغىنلاردا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنى خەلقئارالىق سورۇندا نامايەن قىلىش؛ ئىككىنچىسى، تەكلىپ بىلەن، چەتئەللەردىكى ئىلىم ئوچاقلىرى- ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىدا دەرس ئۆتۈش- ئىلىم سۆزلەش؛ ئۈچىنچىسى بولسا، چەتئەلدىكى داڭقلىق ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بىلىم ئاشۇرىۋاتقان ۋە ھەمكارلاشما ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا قاتنىشىۋاتقان شاگىرتلارنى يوقلاش، ھال سوراش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈش. شۇ ئارقىلىق، ماگىستىرانت-دوكتورانت بولغان تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي دەرىجىدىكى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش.

دېمەك، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش شوئارى ئاستىدىكى بۇ زامانىمىزنىڭ مائارىپى ئوقۇغۇچىغىمۇ، ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئىلمىي ھىجرەت قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ تۇرۇپتۇكى، پەقەت تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ھالال ئىشلەپ سالاھىيەت قازانساقلا، ئۇ ئىمكانلاردىن بىزمۇ بەھرىلىنەلەيدىكەنمىز.

## ئىستانبۇلدا ئىلىم زىيارىتى

مەكتەپ تەشكىللىنىڭ قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، مەن 2011-يىل 17- دېكابىردىن 31-دېكابىرغىچە، ئىستانبۇلدا ئىلىم زىيارىتىدە بولۇش پۇرسىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. مېنىڭ بۇ زىيارىتىم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچىنچى تۈرگە ياتىدىغان زىيارەت، يەنى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان شاگىرتلارنى يوقلاش، ھال سوراش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش تەتقىقات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش زىيارىتى ئىدى.

12-ئاينىڭ 16 -كۈنى،كەچ سائەت بېجىڭ ۋاقتى 11:55 دە، تۈرك ھاۋا قاتناشلىبىنىيسى «بوئىن 777» تىپلىق TK 0021 نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، ئىستانبۇل تامان ئۇچتۇق -يابىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم!

ئايروپىلاننىڭ خەۋەر ئىكرانىدا، بېيجىڭ بىلەن ئىستانبۇلنىڭ ئارىلىقى 7082 كىلومېتىر بولۇپ، ھاۋادا ئۇچۇش ۋاقتى توققۇز سائەت قىرىق بەش مىنوت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي مەلۇماتتىن باشقا، ئايروپىلاننىڭ شۇ ئاندىكى ئۇچۇش ئېگىزلىكى، تېزلىكى، بېيجىڭدىن ئۇچقانغا قانچىلىك بولغانلىقى ۋە ئىستانبۇلغا بېرىشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقى قاتارلىق كونكرېت مەلۇماتلار قەرەللىك ھالدا، ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. دىققەت قىلسام، ئايروپىلان دەسلەپكى ئىككىسائەتتەتراپىدا، 9144 مېتىردا ئۇچتى، ئاندىن كېيىن بىر مەزگىل 9763 مېتىردا ئۇچتى .كېيىن، 10763 مېتىر ئېگىزلىكتە سائىتىگە 1045 كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچتى.ئايروپىلاننى تۈرك ئۇچقۇچىلار لاھەيدىسەدەپ ئارمان قىلىمەن— بۇلار شۇ قەدەر سىلىق ھەيدەيدۇكى، ئىنسانئىھەققەتەنراھەت ئىچىدە ھوزۇرلاندۇرىدۇ...

ئىستانبۇل ۋاقتى بىلەن، 17-دېكابىر سەھەر سائەت تۆرتتىن ئون بەش مىنوت ئۆتكەندە، ئايروپىلانىمىز سالامەت ھالدا، ئىستانبۇل ئاتا تۈرك خەلقئارا ئايرودورومىغا قوندى ۋە ئەلھەمدۇ لىللاھ! 17-18-دېكابىر (شەنبە-يەكشەنبە) تۈركىيەدىمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى بولغاچ، مەنمۇ ئارام ئالدىم. 19- دېكابىر (دۈشەنبە) كۈنى ئىلمىي زىيارىتىمنى رەسمىي باشلىدىم.

## مۇستافا كاچالىن ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا

پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندى تۈركىيە ئىستانبۇل مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتا تۈرك مائارىپ ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى مائارىپى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى. 2011-يىل 3-ئايدىن 7-ئايغىچە، تەكلىپلىك چەتئەل ئالىمى سۈپىتىدە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدە ئىلىم سۆزلىگەن. شۇ چاغدا، بىز تەشكىللىنىڭ ئىجازىتى بىلەن، مەن يېتەكلەۋاتقان 2010-يىللىق دوكتورانتلىرىم مايسىگۈل ھۆسىيىن بىلەن ئايشەمگۈل ئېلىنى بىرلىكتە تەربىيەلەش پۈتۈمى تۈزۈشكەن ئىدۇق. پۈتۈمگە ئاساسەن، مەزكۇر دوكتورانتلىرىم 2011-يىلى 10-ئايدا مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىگە كەلگەن بولۇپ، شۇ تاپتا، «چاغاتاي تۈركچىسى ۋەسىقەشۇناسلىقى دەرسى» قاتارلىق دەرسلەر بويىچە، مۇستافا مۇئەللىمدە ئوقۇۋاتاتتى. بۇ قېتىم مەن مۇشۇ ئالىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئىلمىي زىيارەتكە كەلگەن ئىدىم.

پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندى تۈركولوگىيە دۇنياسىدا تونۇلغان بىلەنمۇ نەتىجىلىرى تەتقىقات نەۋائىيشۇناسلىق ئالىمدۇر. 16ـ ئەسىر كلاسسىكلىرىمىزدىن نىيازىي ئىشلىگەن «ئەلىشىر نەۋائىي تىلى لۇغىتى» (ئەللۇغەتۇن نەۋائىييە ۋەل ئىستىشھادۇل چاغاتائىييە)نى ئۇ ئون ئىككى يىل سەرپ قىلىپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا، ھازىرقى زامان تۈركچىسى بويىچە ئىشلىگەن 1432 بەتلىك ژىرىك ئەسەر « Nevaînin Sözleri Ve Çagatayca Tanıklar»(چاغاتايچە ئەسەرلەردىن دەلىللەنگەن نەۋائىي تىلى) 2011ـيىل، تۈركىيە ئاتا تۈرك مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي ئورگىنى قارمىقىدىكى تىل-يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن نۇقتىلىق تەتقىقات ئەسىرى قىلىپ نەشر قىلىنغان. شاگىرتلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئەمەلىيەتچان ۋە ئىشلەمچى ئالىمدىن خاس دەرس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى شەكسىز يۈكسەلدۈرەتتى.

مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيەدىكى ئالدىنقى ئون مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرى سانىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى. ئۇ 1883ـ يىلى قۇرۇلغان «ھەمىدىيە تىجارەت ئالىي مەكتىپى» (Hamidiye Ticaret Mekteb-i Âlisi) ئاساسىدا راۋاجلىنىپ مۇكەممەللىشىپ، 1982ـ يىلى بۈگۈنكى «مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى» بولغان. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا، ئون بىر ئىنستىتۇت، توققۇز خاس پەنلەر ئالىي مەكتىپى (جۈەنكې)، ئوتتۇز ئىككى تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ئەللىك بىر مىڭ ئوقۇغۇچى مائارىپ كۆرىدۇ. ئۇ يەنە، ئۆز قارمىقىدىكى ئىقتىساد ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، تىبابەت ئىنستىتۇتى، بىناكارلىق ئىنستىتۇتى ۋە دورىگەرلىك ۋە چىش دوختۇرلۇقى ئىنستىتۇتى قاتارلىقلاردا تۆرت خىل تىلدا ئوقۇتۇش يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن، تۈركىيەدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كۆپ تىللىق ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور چېن لى ئەپەندى. ئۆتكەن يىلى ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋە ئىككى ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى ھەمكارلىشىپ، ماگىستىرانت ۋە دوكتورانت تەربىيەلەش ھەققىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىشقانىدى. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت خىراجىتى بىلەن مارماراغا كېلىپ ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنىڭلا سانى مۇشۇ بىر-ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئونغا يەتكەنىدى.

مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىستانبۇلنىڭ ئاسىيا تەرىپىدىكى كادىكۆي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇستافا مۇئەللىملەر ئىشلەيدىغان ئاتا تۈرك مائارىپ ئىنستىتۇتى

بولسا، كادىكۆي رايونىنىڭ «گۆز تەپە» (كۆز تۆپە) مەھەللىسىدە ئىدى. مەن پروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى مۇستافا كاچالىن ئەپەندىنى 12- ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، ئۆز ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسى چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشكە كەڭ مەيداندا، بىر قاراشقا قانات كېرىپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتكە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان كۆركەم باش بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، دېرىزىلىرى جەنۇبقا قارىتىپ ئېچىلغان، يورۇق ۋە ئازادە ئىدى. مۇستافا مۇئەللىم ئۆزىنىڭ كۈبرا ۋە فەدا ئىسىملىك ياردەمچى ۋە كاتىپلىرى بىلەن بىللە ئىكەن. قىزغىن كۆرۈشۈش ۋە ھال-ئەھۋال سورۇشۇشلاردىن كېيىن، مۇستافا مۇئەللىم رەسمىي ماۋزۇغا كۆچۈپ، شاگىرتلىرىمىزنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيانقى ئۆگىنىش – تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

- قىسقىسى،- دېدى ئۇ ئۆز تونۇشتۇرمىسىنى خۇلاسىلاپ - شاگىرتلىرىڭىز ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق، ئىلىم-مەرىپەتكە پىداكار، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىشى ئەستايىدىل، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىرادىسى زور بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن مېنىمۇ سۆيۈندۈردى. ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇ يەردىكى يېتەكلىشىم ۋە دەرسلىرىمگە ئۇلارنىڭ قانداق پىكىرلىرى باركىن؟ بۇ ھەقتە، سىز بىلەن مۇڭداشقاندا ئىنكاس قىلىشى مۇمكىن. مەن بۇلارنىڭ بىزدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، قولۇمدىن كېلىدىغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىشكە ھازىرمەن.

ئارىلىقتا، مۇستافا مۇئەللىمنىڭ ياردەمچىسى فەدا ئەپەندى بىلەن كاتىپى كۈبرا خانىملارمۇ سۆز قىستۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ شاگىرتلىرىمغا بولغان تونۇشلىرىنى مەمنۇنىيەت ۋە رازىمەنلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پىكىرلىرى بىلەن بايان قىلىپ ئۆتتۈشتى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، مەن شاگىرتلىرىم بىلەن كېلىپ، مۇستافا مۇئەللىمنى ئىشخانىسىدا تەكرار زىيارەت قىلدىم. شۈكرانىلىرىمنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن، بىللە ئېلىپ كەلگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»، «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە بۇ يىل يېقىندىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ناملىق كىتابلىرىمنى مۇستافا مۇئەللىمگە تەقدىم قىلدىم. مۇستافا مۇئەللىم بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ تەييارلىشىدا يېقىندا

نەشردىن چىققان مەزكۇر « Nevaînin Sözleri Ve Çagatayca Tanıklar »(چاغاتايچە ئەسەرلەردىن دەلىللەنگەن نەۋائىي تىلى) ناملىق كىتابىدىن بىرنى ھەدىيە قىلدى. ئارقىدىن، ئۇ ياردەمچى ۋە كاتىپلىرى بىلەن بىزگە ھەمراھ بولۇپ چىقىپ، ئىنستىتۇت كۇتۇپخانىسى، فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىق بىلىم ئوچاقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. بۇ كۈنى ئىستانبۇلدا ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا، ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. بىز بىنالار ئارىلىقىدا، قەدەممۇ قەدەم بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان سۇپسۈزۈك سۇلۇق پونتانلىق كۆلچەكلەر، ئەتراپى زەيتۇن دەرىخى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن بۇ باغ كەبى گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتى قوروسىنى ئىستىراھەت قەدىمىدە مېڭىپ، سەيلە قىلدۇق. فاكۇلتېت ئالدىدا، كۇتۇپخانا پەلەمپىيىدە ۋە ئېگىز خادىسىدا ھەمىشە ئاي-يۇلتۇزلۇق تۈرك قىزىل بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدىغان، يېنىدا مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ داھىيانە سالاپەت بىلەن ساپادا ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ھەيكەل بار ئىنستىتۇت مەيدانىدا، بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتلىرىگە چۈشتۇق.

## «ئانا يۇرت ئۇيغۇر ئاشخانىسى»دىكى راھەت

تۈركىيەنى «دۇنيانىڭ مۇزېيخانىسى» دېسە ھەرگىزمۇ لاپ ئاتقانلىق بولمايدۇ مېنىڭچە. دېمەكچىكى، تۈركىيەدە نىمە كۆپ تارىخى ئىز-ئەسەرلەر كۆپ. خۇسۇسەن، ئىستانبۇلدا تېخىمۇ شۇنداق. ئوقۇرمەنلىرىم بىلىدۇ، مەن تۈركىيەدە، يەنى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن بەش يىل ئوقۇغان. بىراق، ئوقۇغۇچىلىق پېقىرلىقىدىن، بولۇپمۇ چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان غېرىپ-غۇرۋەتچى ئوقۇغۇچىلىق پېقىرلىقىدىن، بەش يىل ئىچىدە ئىستانبۇلغا ھېيت-بايراملاردا، بىر قانچە قېتىم كەلگەن بولساممۇ، بۇ يەردىكى ئاسارى ئەتىقەلەر (تارىخى كونا ئىزلار)نىڭ تولىسىنى تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدىم. بۇ قېتىملىق ئون بەش كۈنلۈك ئىلمى زىيارىتى ئاشۇ نېسى قالغان ئارمانلارنى نەقلەشتۈرۈش پۇرسىتى بولدى گويا. شاگىرتلىرىم ۋە مۇستافا مۇئەللىملەر بىلەن بىللە، بوش-بىكار قالغان ۋاقىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ، سۇلتان ئەھمەد جامەسى، سۇلايمانىيە جامەسى، ئايا سوفيا جامەسى ۋە مۇزېيى، توپ قاپى سارايى قاتارلىق زىيارەت نۇقتىلىرىنى ھوزۇرلىنىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق.

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرى ئىدى. شاگىرتلىرىم بىلەن پۇتۇشۇپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بايازىت مەيدانىدا ئەتىگەن سائەت توققۇز يېرىمدا ئۇچراشتۇق. ئاندىن، ئۇ يەردىن چوڭ كوچىغا چىقىپ، كۆپ يېتىش تامان پىيادە ماڭدۇق. شاھزادە جامەسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، فاتىھ مەيدانىغا باردۇق. ئۇ يەردىن فاتىھ جامەسى قورۇسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى مەشھۇر «فاتىھ سۇلتان مەھمەت قەبرىگاھى» (Fatih Sultan Mehmet Türbesi)نى ئېھتىرام بىلەن زىيارەت قىلدۇق. قەبرىگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ ئوڭ قول تەرەپتىكى تامدا، قەبرىگاھ ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات يېزىلغان: «فاتىھ سۇلتان مەھمەت مىلادىيە 1432-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەدىرنەدە تۇغۇلغان، 1481-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى، 49 يېشىدا گەبزەدە ۋاپات بولغان. ئوسمانلى ئىمپىراتورلۇقىنىڭ يەتتىنچى پادىشاھى بولغان مەزكۇر فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ دادىسى سۇلتان ئىككىنچى مۇرات، ئانىسى بولسا، ھۇما خانىمدۇر. فاتىھ سۇلتان مەھمەت 1451-يىل ئون توققۇز يېشىدا تەختكە چىققان. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1453-يىلى، ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلىپ، ئوسمانلى ئىمپىراتورلۇقىنىڭ يېپيېڭى بىر دەۋرىنى ئاچقاندۇر. ئۇنىڭ ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلىشى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: ‹ئىستانبۇل شەھىرى ئەلۋەتتە فەتىھ قىلىنىدۇ. شەك-شۈبھە يوقكى، ئۇنى فەتىھ قىلغان قوماندان نېقەدەر ئېسىل قوماندانىدۇر ۋە ئۇ سەردارلىق قىلغان قوشۇن نېقەدەر ئېسىل قوشۇندۇر-ھە!›دېگەن شارابەتلىك ھەدىس سۆزىنى شەرەپ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن زات بولۇش شەرىپى بىلەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولغاندۇر....» دەپ يېزىلغان ئىدى.

«ئىستانبۇلنىڭ ئاسمىنى بوۋاقنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ. فاتىھ جامەسى ۋە فاتىھ سۇلتان مەھمەت قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىشقا كىرىشتىن بۇرۇن بىر چىرايلىق تۇرغان ئاسمان قەبرىگاھتىن چىقىپ قارىساق، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، چوڭ مەزگىللىك يېقىنلىشىپ قالغاچ، قورساقلىرىمىز ئېچىشقا باشلىغانىدى. كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتىپ چوڭ كوچىغا چىققىنىمىزدا، يامغۇر يېغىپ كەتتى، دەرھال بىر ماگىزىنغا كىرىپ، يامغۇردىن پاناھلاندۇق. ئاسماننىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، بۇ يامغۇر بىر دەمدە توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

- مۇئەللىم! بۇ كوچىنىڭ ئاۋۇ تەرىپىنى «ئاقساراي» دەيدۇ. «مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار» دەپ ئاڭلىغان ئىدىم.- دېدى شاگىرتلىرىمدىن بىرسى- مەن بۇ گەپنى دېگەن يۇرتدىشىمغا تېلېفون قىلىپ، يەنە بىر ئۇقۇشاي، شۇ ئاشخانىنى تېپىپ تاماق يەپ كەتمەيلىمۇ؟

بىلىشىمچە، بۇ «فاتىھ»، «ئاقساراي» دېگەنلەر ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ مەركىزى رايونلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇ يەرلەردىمۇ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى بولۇپ كەتكەنلىكى ھەممىمىزنى سۆيۈندۈردى ۋە شۇ ھامان ئۆزگە تەلپۈندۈردى. بۇ ھالدا، نە يېغىۋاتقان يامغۇر توسالغاي بىزنى، نە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قاسىرغا (بوران) ياندۇرالغاي رايىمىزنى. پاناھلىنىۋاتقان ماگىزىدىن قايتىپ چىقتۇق-دە، بارلىقى جەزملەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئاشخانىسى تامان  پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق.

چوڭ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاسما كۆۋرۈك بىلەن ئۆتۈپ، بىرىپ باقمىغان ئۇ ئاشخانىمىزنىڭ نەق ئورنىنى يول بويى ئۇ يەر – بۇ يەردىن سوراش دېگەندەكلەر بىلەن بولۇپ، يەنە 15ـ20 مىنوتلار يۈرۈپ مەنزىلگاھىمىزنى ئاخىر تاپتۇق: ئۇ «ئاقساراي»دىكى چوڭ كوچىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ئىگىز قەۋەتلىك «ئەندەر ماگىزىنى» (Ender Mağazaları) نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر ئارا كوچىدا ئىكەن. ئورنى ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئېچىلغان دېرىزىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئانا يۇرت ئۇيغۇر ئاشخانىسى» دېگەن ئۇيغۇرچە-تۈركچە ۋىۋىسكا خېلى ئۇزاقتىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سالام بىلەم ئاشخانا ئىچىگە كىردۇق. مۇلازىمەت پۇكىيىدىكى ئۇزۇن قارا ساقاللىق خوجايىنمۇ، تاماق توشۇپ، چاي قۇيۇپ يۈرگەن يارىشىملىق بۇرۇت قويغان خادىم يىگىتمۇ ئوخشاشلا «ئەلەيكۇم سالام» بىلەن بىزنى ئىلىك ئالدى ۋە خوشچىراي بىلەن ئورۇن كۆرسەتتى. دېكابىرنىڭ ئاخىرى بولغان بۇ كۈنلەردە، بورانلىق يامغۇردا قالغان بىز مۇساپىر-غۇربەتچىلەرگە بەجايىكى ئۆز ئۆيىمىز تۇيۇلدى بۇ ئاشخانا ئىچى. ئاشخانا تاملىرىغا مەككە-مەدىنەلەردىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ سۈرەتلىرىدىن باشقا، ئانا يۇرتتىكى قەشقەر، تۇرپانلاردىكى نامايەندە خاراكتېرلىك بىنا-قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈرەتلىرىمۇ ئېسىلغان ئىدى. ئىشىكتىن كىرىشكە ئوڭ قول تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان بىر چوڭ شكاپتا لىق كىتاپ تۇراتتى. شكاپنىڭ ئۈستى قەۋىتىدىكى ئەينەك

قاپقاقتا: «كىتاپلىرىمىز ھەقسىزدۇر. ئوقۇپ پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ» دېگەن ئۇيغۇرچە-تۈركچە خەت يېزىلغانىدى.

چۈش مەزگىلى بولغاچ، ئاشخانا ئوندىن يەتتە ئۆلۈش توشاق ئىدى. ئۇيغۇرچە مۇلازىمەت قائىدىسى بويىچە دەرھال ئىسسىق چاي كەلتۈرۈلدى. لەۋلىرىمىز پىيالىغا تەگدى-يۇ، ئانا يۇرت ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان چاي بىلەن كىرگەن ئىللىقلىق شۇ ھامان پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى راھەتكە چۆمدۈردى....

## ئورتا كۆي دېڭىز ساھىلىدىكى ئەنجۈمەن

مېنىڭ بۇ قېتىملىق ئىلمى زىيارىتىمنىڭ بىر مۇددىئاسى كۆرۈش بىلەن ئاڭلاشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئوقۇش-ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى، پىكىر-ئىنكاسلىرىنى شۇ جاي، شۇ مۇھىتنىڭ ئۆزىدە ئاڭلاش، كۆرگەن بىلەن ئاڭلىغانلىنى ئۆز جايىدا سىپلىشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق، چەتئەلنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساھەگە تاللىق ئىلىم سەۋىيەسىنى ھەقىقى دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئىدى.

شۇ مۇددىئادا ئوقۇغۇچى-شاگىرتلار بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەت يىغىنى (ئەنجۈمەنى)نى 29-دېكابىر كۈنى، ئىستانبۇل «بوغاز ئىچى كۆۋرۈكى» يېنىدىكى ئورتا كۆي دېڭىز ساھىلىدە ئەمەلىيلەشتۈردۈم.

ئەتىگەن سائەت دەل ئوندا، ئۆزۈمنىڭ ئىككى شاگىرتى ۋە بىزنىڭ فاكۇلتېتتىن كەلگەن باشقا ئىككى ئوقۇغۇچى ۋە مەن قوشۇلۇپ بەشىمىز ئورتا كۆي دېڭىز ساھىلىدىكى ئۈستى ئوچۇق كەڭ كافىخانىغا يىغىلدۇق ۋە ئۇنىڭ دېڭىز بىلەن لەۋلىشىپ تۇرىدىغان شەرق تەرىپىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردۇق.

بۇ كۈنى ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسى يېرىم ئوچۇق بولۇپ، ئەتىگەنلىك قۇياش مارمارا دېڭىزىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يۇشۇرۇنۇپ، مۆك-مۆكلەڭ ئويناپ يۈرۈتتى. بىزدىن ئالاھەزەل ئىككى يۈز مېتىر يىراق قىيپاش ئۈستىمىزدە، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ۋە تۈركىيە ئىستانبۇلنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىك زامانىۋى زىرىك قورۇلۇشى سۈپىتى بىلەن جاھانغا داڭقدار بولغان «ئىستانبۇل ئاسىيا-ياۋرۇپا بۈيۈك كۆۋرۈكى»، يەنى «ئىستانبۇل بوغاز ئىچى كۆۋرۈكى»

گىگانت سالاپەت بىلەن بىرگە بېقىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياۋرۇپادىن ئاسىياغا ۋە ئاسىيادىن ياۋرۇپاغا قىتئە ئاتلاپ توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان مىنىبۇس، ئاپتوبۇس ۋە مېتروبۇسلار ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئالدىمىزدا بولسا، قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان مارمارا دېڭىزى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە، چوڭ-كىچىك پاساژىر كېمىلىرى ۋە يۈك پاراخوتلىرى كاپىتانلار ئۆزلىرى بىلىشىدىغان گۈدۈك تىلى بىلەن ئۆز ئارا مۇڭداشقان ھالدا، ئاي-يۇلتۇزلۇق تۈرك قىزىل بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئۇ ياندىن بۇ يانغا ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇ مەنزىرىنى «بۆرىلەر ۋادىسى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە كىنولاردا كۆرگەنىدۇق. بۈگۈن شۇ قۇتلۇق مەنزىرىنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ھالدا، ئىلىم ھىجرىتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز مانا. . . .

سۆھبىتىمىز مۇشۇنداق گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە، تولىمۇ راھەت ۋە ئەركىن كەيپىيات ئىچىدە بولدى. ئەينى شارائىتتىكى مۇھىتقا يارىشا بولغان پىكىر ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە، پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىماي، پەقەت بايانلىرىنىڭ ئۆزىنى يېزىپ قويغۇم كەلدى:

- تۈركىيەنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ نەق تەسىراتى ئانا يۇرت تۇيغۇسى بولدى، مۇئەللىم،- دېدى بىر ساۋاقداش قولى بىلەن ئۆزىنىڭ چۆرە-ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ- مەن تۈركىيەگە كېلىپ، خۇددى شىنجاڭغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. قارىماسىز مانا مۇشۇ چۆرىمىزگە، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى رۇخسار، قىلىق-قىياپەت ۋە يۈرۈش تۇرۇشلىرى بىلەن بەئەينى بىزنىڭ يۇرت-مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆزى. شۇڭا، مەندە ھېچبىر چەتئەلگە چىققاندەك تۇيغۇ يوق. راست گەپنى قىلسام، مەن بۇ تۈركىيەگە كەلمەي، گېرمانىيەگە بارسام بوپتىكەن، دەپ قالدىم.

- تۇۋا، تەسىرات دېگەن شۇ قەدەر ئوخشىمايدىكەن. مېنىڭ تەسىراتىم بۇ دوستۇمنىڭكىنىڭ دەل ئەكسى، قاراڭ مۇئەللىم،- دېدى يەنە بىرەيلەن ھاياجان بىلەن- ماڭا تۈركىيەنىڭ بەرگەن تەسىراتى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولدى. راست گېپىمنى دېسەم، بۇرۇن مەن ئۆزۈمگە مۇتلەق ئىشەنمەيتتىم، ئۆزۈمنى ئەڭ ئىقتىدارسىز ئىنسان ھېسابلايتتىم. ئۆزۈمگىلا ئەمەس، ھەتتا ئەتراپىمدىكىلەرنىمۇ ھېچبىرسىگە ئىشەنمەيتتىم. ھەممەيلەننى ئىقتىدارسىز سانايتتىم. «بىز يا ماشىنا ياسىيالمساق، يا ئايروپىلان ھەيدىيەلمسەك، نېمە دېگەن ئىقتىدارسىزلىق، مىسكىنلىك بۇ-ھە؟» دەپ ئويلاپ، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپلا يۈرەتتىم. ئەگەر بىراۋ: «مەن كەلگۈسىدە ئۇنداق ئېنژېنېر بولۇپ، مۇنداق نەرسىلەرنى ئىختىرا قىلىمەن» دېسە، «ۋاي، لاپچى» دەيتتىم، گېپىگە ھەرگىز چىنپۈتمەيتتىم. بىراق، بۈگۈنچۇ؟ مەن تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ

مەنزىرىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى يېڭىباشتىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. قاراڭلار دوستلار، قىياش ئۆستىمىزدىكى. ئاشۇ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 1560 مېتىر، كۆۋرۈكنى ئېسىپ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى سۇنئىي چوققا ئارىسى 1073 مېتىر، كەڭلىكى 39 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بولسا، 64 مېتىر كېلىدىغان ۋە دۇنيا بويىچە تۆرتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان غايەت چوڭ ئاسما كۆۋرۈك «ئاسىيا-ياۋرۇپا بۈيۈك كۆۋرۈكى»نى مۇشۇ ئەتراپىمىزدا ئولتۇرغان بىزگە ئوپئوخشاش رۇخسارلىق تۈركلەر ئۆزى بىنا قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئاۋۇ بىزنىڭ مارمارا ئۇنىۋېرستېتىمىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى «كامال پاشا» مەھەللىسىدە ياسىلىۋاتقان ئېگىز قەۋەتلىك ئىش بىناسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈپ، چىرتىيۇژ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ – مۇڭدىشىپمۇ كەلدىمكى، لايىھەچىسىمۇ، قۇرۇلۇشچىسىمۇ ھەممىسى تۈركلەركەن! نېمە دېمەكچىسەن.دېسەڭلار، كۆرگەنلىرىمدىن، بىلگەنلىرىمدىن ئالغان نەق تەسىراتىم شۇكى، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئەسلىدە ھەر قانداق ئىشلارنى قىلالايدىكەنمىز، يەنى تىرىشىپ ئۆگەنسەك، پەن-تېخنىكا ئىگىلىسەكلا، ھەر قايسى ساھەلەردە، ماھارەت ۋە ئىقتىدارنىڭ ساھىبى بولالايدىكەنمىز بىزمۇ!

- بۇ يەردىكى ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىرنىڭ بىلىم دائىرىسى بىزدىن ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەن، يازغان ۋە يېزىۋاتقان ئىلمى ئۇنۋان ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيەسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، دېگەن تەسىراتتىمەن.- يەنە بىر ساۋاقداش قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن مۇنۇلارنى بايان قىلدى- مەيلى كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا بولسۇن ۋە مەيلى ھازىرقى زامان ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا بولسۇن، تىل جەھەتتىنمۇ، ئەدەبىيلىك جەھەتتىنمۇ ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۈچۈن بولغان قىممىتى جەھەتتىن بولمىسۇن، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مۇكەممەل قىلىدىكەن. ماۋسۇملۇق نەتىجە ئۈچۈن يازىدىغان ماقالىلار ئۈچۈنمۇ بەك ئىزدىنىدىكەن، ماقالىلىرىنى جەزمەن نەشر قىلىش سەۋىيەسىگە يەتكۈزمىگىچە بولدى قىلمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىزدىنىش روھى، «ئەڭ ياخشىسىنى مەن قىلىمەن» دەيدىغان رىقابەت ئېڭى ۋە «قىلغىنىمىز ئەلگە مەنپەئەتلىك بولسۇن» دەيدىغان ئەمەلىيەتچانلىقى مېنى قايىل قىلدى زادى....

ئوقۇغۇچى- شاگىرتلار بۇ ئىلمى سۆھبەتكە ھەقىقەتەن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقان ئىكەن. بەزىلىرى ئۆز تەسىراتلىرىنى يېزىپ، رەسمىي دوكلات ماقالىسى قىلىپ كەلگەنىكەن، ئوتتۇرىدا ئوقۇدى. «چەتئەلدىكى ئەۋزەل شارائىت ۋە ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ياخشى ئۆگىنىش، ئەڭ ياخشى

نەتىجە بىلەن ۋەتەن، مىللەت ۋە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاش» تەپەككۇرى يادرو قىلىنغان بۇ سۆھبەتتە، پىكىرلەر شۇ قەدەر سەممىي، مۇلاھىزىلەر شۇ قەدەر ئەمەلىي، نەق ۋە قىممەتلىك ئىدى.

ـ «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا » دېگەن ئاتا سۆزى ھەقىقەتەن بەرھەق ئىكەن دەپ قالدىم.ـ دېدىممەن ئاخىردا شاگىرتلارنىڭ پىكىر-قاراش ۋە خۇلاسە ھۆكۈملىرىگە سەممىي قايىللىقىمنى بىلدۈرگەن ھالدا. ئىلىم ھىجرىتى سىلەرنى مەرىپەت بىلەن يېتىلدۈرۈپتۇ، بىلىش ئۇپۇقۇڭلارنى تېخىمۇ كەڭەيتىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن سۆيۈندۈم!...

سۆھبىتىمىز تاكى چىڭقى چۈشكىچە داۋاملاشتى. چۈشلۈك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ۋاپۇر (كۆمۈر يېقىلغۇلۇق سۇ ئۈستى قاتناش كېمىسى)غا ئولتۇرۇپ، ئىستانبۇلنىڭ يېگانە مەنزىرىسىنى دېڭىزدىن تاماشا قىلدۇق ۋە قۇياش غەربكە ساڭگىلىغان چاغدا، كادىكۆي ۋاپۇر بېكىتىدە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىگە قايتىپ كەتتۇق.

بۇ كۈنى، مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئىستانبۇل ئىلىم زىيارىتىمدىكى يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئۆگىنىش كۈنى بولۇپ، خاتىرەمدە مەھكەم قالدى.

## خاتىمە

ئىلىمگە تالىپ ئۆتكەن مۇھاجىرەتلىك ھاياتىمنى، ئوقۇش-ئۆگىنىش بىلەن، تەتقىقات ۋە تەھقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەچۈرگەن ياشام كۈنلىرىمنى شۇنچىلىك بايان قىلدىم. يەنە كونا گەپ: بۇلاردىن مەقسەت ھېچبىر سەنەم سېتىش، داۋىغازلىق قىلىش ئەمەس، غەرەز قېرىنداشلار بىلەن مۇڭدىشىش، خاھلىغانلار بىلەن سىردىشىش، ئەۋلادلارغا تەجرىبە ۋە ساۋاقلار بويىچە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، خالاس!

خۇللەس كالام شۇكى، ھىجرەت ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن سۈننەتتۇركى، توغرا نىيەت، يېتىك جاسارەت بىلەن قىلساڭ، مۇشەققەتنى سەۋر بىلەن، ئەقىل-پەم بىلەن ۋە مۇھەببەت بىلەن يەڭسەڭ، ئۇنىڭ ئاقىبىتى جەزمەن نۇسرەتتۇر.

ھىجرەت قىلىش ــ يۇرتنى تاشلاپ، قېچىپ كېتىش ئەمەس. ھىجرەت قىلىش ــ ياقا يۇرتلاردا بىچارىلەرچە ئېقىپ يۈرۈپ جان بېقىش ئەمەس. ھىجرەت قىلىش ــ ھەم

ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ مىللىتى، قەۋمى ۋە جامائىتىنىڭ پارلاق ئىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر!

ھىجرەت قىلىش ئىنسانغا دۇنيا ياشامىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇتىدۇ؛ مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىتىدۇ؛ مەنىلىك ياشاشقا تەجرىبە، ئىبرەت ۋە ئۆرنەك كۆرسىتىدۇ؛ ئانا يۇرتنىڭ قەدرىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنداق، ھىجرەت ياخشى ئىش. ھىجرەت زۆرۈر ئىش. ئەمما، ھەر قانداق ياخشى ئىش ۋە زۆرۈر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، ئۇبدان تەييارلىق قىلىش لازىم بولىدۇ.

## ھىجرەتنىڭ يۈك-تاقىسى مەرىپەتتۇر، بىلىمدۇر

ھىجرەت- تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خاسىيەتلىك بىر سەپەر دېيىلسە، ئۇنىڭ زۆرۈر كېرەك – يارىقى، يەنى مەزكۇر سەپەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يۈك-تاقىسى بىلىم-مەرىپەتتۇركى، ھىجرەت قىلغۇچى ئىنسان بىلىم بىلەن يېتەرلىك قوراللانغان بولۇشى لازىم ئىكەن، دەپ قالدىم ئۆز كەچۈرمىشىمچە.

ئالايلۇق، مەن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلغان ئاشۇ كۈنلەرنى: قىرىق يەتتە ياشلىق چارباش بولغىنىمدا، تۈركىيەگە «ئوقۇيمەن» دەپ باردىم. ئوقۇشقا بېرىشتىن بۇرۇن، كىرىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئىجازىتىنىمۇ ئېلىپ بولغان. شۇڭا، بېرىپلا، ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشلۈق بېجىرەلىگەن بولدۇم. بىراق، تۈركىيەدە (باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ شۇنداقمىش)، ئوقۇشقا ئالغۇچى ئورۇننىڭ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ ياتاق-تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەسئۇلىيەتى بولمايدىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلىشى، ئىمتىھان-سىناقلارغا قاتنىشىشىغا ئوبدان ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قەيەردە يېتىپ- قوپۇشى، نەدىن تاماق يېيىشىغا تالىق تۇرمۇش ئىشى بىلەن مۇتلەق كارى بولمايدىكەن. مەن مەملىكەتتىكى چاغدا، چەتئەلدىكى ئوقۇشىنىمۇ خۇددى مەن مەملىكەتتە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدىكىدەك «مەكتەپكە كىرىمەن، ئالدى بىلەن، ‹خوش كېلىپسىز، مانا بۇ سىز يېتىپ- قوپىدىغان ياتىقىڭىز، مانا تاماق بىلىتىڭىز، ئەنە ئاشۇ سىز تاماق يەيدىغان تاماقخانا› دەپ كۆرسىتىپ قويىدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. ھەتتا، ئوقۇشقا كىرگەن يەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلىشتىمۇ، ياش چەكلىمىسى

قاتارلىق شەرتلەر بارلىقى، تۈركىيەدە يىگىرمە توققۇز ياشتىن يۇقىرى ياشلىق قىرى ئۇقۇغۇچىلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرمەيدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچى پاتونلەي ئۆز ھەمىيىنىغا تايىنىپ ئوقۇشى لازىم بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. مانا بۇ مېنىڭ بىلىكسىزلىكىم، ھىجرەت يولى-تاقىسى جەھەتتىكى تەييارلىقسىزلىقىم بولۇپ، تۈركىيە ئەنقەرەگە كېلىپلا، تېگىرقاپ قېلىشىم ۋە ئاخىرىدا، ھېلىقى جەبەجى كۆزلۈكى ئۈستىدە، ئايىغى كۆرۈنمەس ئويغا غەرق بولۇپ، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ قېلىشىمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتتىق دىتاللىق باش سەۋەب ئىدى. دېمەكچىكى، ھىجرەت قىلغۇچى ئۆز يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئۆز مەنزىلگاھىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىدىن تولۇق بىلىكلىك بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن.

ئاندىن، ئىلىم ھىجرىتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئاساسىي بىلىم تەييارلىقى مۇكەممەل، ئىمكان بار تولۇق بولۇشى لازىمكەن. تۈركىيەدىلا ئەمەس، ئاڭلىسام، باشقا خېلى دۆلەتلەردە، مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ شاھادەتنامىسىنى تولىمۇ دىققەت بىلەن تەكشۈرىدىكەن. تەسىراتىمچە، بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇمى پەنلەر ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي مائارىپ ئۈچۈن ئۇل-ئاساس سالىدىغان بولغاچ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، بۇ مەزگىللىك ئوقۇش-ئۆگىنىشنىڭ مۇكەممەل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.

ھازىر جۇڭگودا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمى دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا ئومۇمىي خەلقنى مەرىپەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەۋزەل تۈزۈمدۇر. دۆلەتنىمىز ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، توققۇز يىللىق مائارىپنى ھەقسىز مائارىپ قىلىۋېتىشى تېخىمۇ ئەلىيۇلئەلا ئىش بولدى. شۇڭا، خەلقىمىز، خۇسۇسەن ياشلىرىمىز بۇ ئەۋزەل شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، توققۇز يىللىق مائارىپ مەجبۇرىيىتى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىنى تېپىۋېلىشى ۋە بۇ يولدا ئاداققىچە تەۋرەنمەي مېڭىشلىرى- توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ بولدۇم، ئەمدى سودىگەر بولىمەن» دەپ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشتىن يالتىيىپ قالماسلىقى لازىمدۇر.

تۆپىكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئانا تىللىق مائارىپ، دۆلەت تىللىق مائارىپ ۋە ئەجنەبىي تىللىق مائارىپلارنىڭ ھەممىسى مائارىپ، ھەممىسى ئىنسانىي مەرىپەتلەندۈرۈش پائالىيەتىدۇركى، خۇددى گۆھەر قانداق ساندۇقتا بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر ئوخشاشلا گۈھەر بولغىنىغا ئوخشاش، مائارىپمۇ قانداق تىلدا ئېلىپ بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا مائارىپتۇر، ئوخشاشلا ئىنساننى بىلىم بىلەن مەرىپەتلەندۈرۈش پائالىيەتىدۇر. دەرۋەقە، ھەر قايسىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، ئانا تىللىق مائارىپ ئانا مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا لازىم مۇھىم مائارىپتۇر؛ شۇڭا، ئانا تىللىق مائارىپتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيمىز ۋە ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك! دۆلەت تىللىق مائارىپ ئۆزەك ياشاۋاتقان دۆلەتنى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدا ياشاشنى ئۆگىتىدىغان مۇھىم مائارىپتۇر؛ شۇڭا، دۆلەت تىللىق مائارىپتىمۇ بوش كەلمەسلىكىمىز، مائارىپ كۆرۈپ، مەرىپەتلىك بولۇش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدە ئۆز ھەقلىرىمىزدىن تولۇق بەھرىلىنەلەيدىغان بولۇشىمىز لازىم؛ ئەمدى، ئەجنەبىي تىللىق مائارىپ بولسا، دۇنيانى بىلىش، چۈشىنىش ۋە يەر شارىلىشىشقا پايدىلىق مۇھىم مائارىپتۇر. شۇڭا، مەملىكىتىمىز مائارىپ تەلپىي بويىچە ئۆگىنىلىۋاتقان چەتئەل تىللىرىنىمۇ چەندىكىدەك ياخشى ئۆگىنىپ، دۇنيانىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە يۈكسىلىشىدىن ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ قايسى باسقۇچىدا، جاھان مەرىپەت پەللىسىنىڭ قەيرىدە تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇشىمىز- بىلىپ گەپ قىلىشىمىز، بىلمەي تۇرۇپ، لاپ ئاتماسلىقىمىز لازىم!

ئىلىم تارازىسى بىلەن تارتىپ تۇرۇپ ئېيتقاندا، مەرىپەت ئۆلچىكى بىلەن ئۆلچەپ تۇرۇپ، لىللاھ گەپ بىلەن دېگەندە، «پالانى تىللىق مائارىپ مىللىتىمىزنى نابۇت قىلىدۇ، يوقىتىۋېتىدۇ» دېگەن سېپىي ئۆزىدىن ئېزىتقۇ گەپتۇركى، بىر مىللەتنى ھەر قانداق تىللىق مائارىپ ئەمەس، بەلكى مائارىپسىزلىق، بىلىمسىزلىك ۋە مەرىپەتسىزلىك يوقىتىۋېتىدۇ، قېرىنداشلار!

## نۇسرەتنىڭ دەسمىرى تىرىشچانلىقتۇر، ئەمگەكتۇر

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادى كاپالەت بىلەن روھىي جاسارەت كېتىدۇ. ئەمدى، ھىجرەتنى نۇسرەتلىك قىلىش، يەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، غەلىبىلىك قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئىزچىل تىرىشچانلىق بىلەن جاپالىق ئەمگەك كېتىدۇ. ھىجرەت قىلىش، يەنى مۇئەييەن تىلەك ۋە ئارزۇ بىلەن، ئۆزى تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنى، ئۆز مەھەللىسىنى مەيلى قانچىلىك قىسقا زامان ۋە مۇئەييەن ۋاقىتلىق بولسىمۇ تاشلاپ، ئۆزى بېرىپ باقمىغان بىر يات يۇرتقا كېتىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمدى، ئۇ ياقا يۇرتقا، ئۇ چەت

ئەلگە ھىجرەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ يۇرتىدا، ئەسلىدە ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى مۇشكۇلدىن مۇشكۇل، تەستىن تەس ئىشتۇركى، مۇھاجىر بولغان ئادەم ئۆز يۇرتىدىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە جاپا تارتماي، نەچچە ھەسسە ئىغىر ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، چەندىكىدەك غەلىبىگە ئېرىشكىلى، كۆڭلىگە پۈككەن مۇرادىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدىكەن ئەسلا. بۇ يەردە، يەنە ئۆز كەچمىشىمدىن بىر مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرەي بۇ مەسىلىنى: قىرىق يەتتە يېشىمدا، بەش يىللىق دوتسېنت سالاھىيىتىم بىلەن تۈركىيەگە چىقىپ، دوكتورانت (يەنى دوكتور ئاسپىرانتى) بولدۇم. مەملىكىتىمىز جۇڭگودا، ماگىستېرلىق ئوقۇشۇمۇ، دوكتورلۇق ئوقۇشۇمۇ ئۈچ يىل يېتىپ ئاشىدۇ. مەن بەش يىل ئوقۇپ، ئاران ئالدىم ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانى دېگەننى. نېمە ئوقۇدۇن؟ تېزى، يەنى ئۇنۋان ئېلىشقا ئاساس بولىدىغان دىسسېرتاتسىيە ئەسىرىمنى قاتتىق تەلەپ ئۇستازلارنىڭ ئىلىم سەۋىيە ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا، تەكرار-تەكرار جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن. مەن شۇ 1997-يىللىرىنىڭ ئۆزىدە، چاغاتاي تۈركچىسىدە يېزىلغان مەتنىلەر تەتقىقاتى بويىچە ئىشلەۋاتقىنىمغا يىگىرمە بەش يىل بولغان بىر كونا تەتقىقاتچى بولسامۇ، مېنىڭ كونا مەتنىلەرنى ئوقۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىشىم بۇ يەردىكى ئۇستازلىرىمنىڭ ترانسكرىپسىيە پرىنسىپلىرىغا توغرا كەلمەيدىكەن. ئالايلۇق، ئەرەبچىدە «ياخشى، بەلەن» ئۇقۇمىنى بىرىدىغان سۆزنى بىز «ھەسەن» دەپ ئوقۇساق-يازساق، بۇ ئۇستازلار «ھاسان» دەپ ئوقۇيدىكەن ۋە شۇنداق يازىدىكەن؛ «ھامان»نى بۇلار «ھەمەن» دەيدىكەن. بىزدە، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «-ئۇ» بىلەن ئارقا سوزۇق «-ئا» ھەرگىزمۇ ماسلاشمايدۇ؛ ئەمما، بۇ يەردە ماسلىشىۋېرىدىكەن. مەسىلەن، «مۇبارەك» نى بۇ يەردە «مۇبارەك»، «دۇنيا»نى «دۇنيا» «لۇغات»نى «لۇگات» دەيدىكەنمىز. بۇ مەسىلىدە، «قايسىمىزنىڭ توغرا؟» دەپ مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدىكەنكى، جەزمە «ئەۋەت» (شۇنداق) ياكى «باش ئۈستۈنە» (باش ئۈستىگە!) دېيىشلا كېرەك بولىدىكەن. شۇ ۋەجدىن، مەن دىسسېرتاتسىيە ئەسىرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بولغان 250 نەچچە بەتلىك ترانسكرىپسىيە قىسمىنىلا، جەمئىي ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتتىم. يەنە دېسەك، ئۇ ئۇستازلار يالغۇز سىنىلا يېتەكلىمەيدۇ، يەنە باشقا ئوقۇغۇچى-شاگىرتلىرىمۇ بار. ئۇنۋان ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتمە نۇسخىسىنى ئۇستاز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ، بىر كەلىمە-بىر كەلىمەدىن تۈزىتىپ، توغرىلاپ چىقىدىغان گەپ. ئالدىرىساڭ بولمايدۇ، سەۋر بىلەن كۈتۈشۈڭ، ئۇستازنىڭ دېگەنلىرىنى سەۋر بىلەن بىرمۇبىر قوبۇل قىلىشىڭ، قانداق قىل دېسە، شۇنداق بەجا

كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ئاشۇ بەش يىللىق ئۇنۋان ئوقۇشى جەريانىدا، ئەڭ كۆپ  تىلغا كەلتۈرگىنىم: «ئەسسەبىر ۋەننەسر ۋەئىننەللاھە مەئەس سابىرىن» (سەۋر قىلساڭ، يېڭىسەنكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر) دېگەن بىر جۈملە بولىدىكى، مۇشۇنداق سەۋر بىلەن، قەتئىي بەرداشلىق بېرىش روھى بىلەن ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، 1997-يىل 11- ئايدا باشلىغان دوكتور ئۇنۋانى ئوقۇشىنى 2002-يىل 4-ئايدا غەلىبىلىك تاماملاپ، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا شەرەپ بىلەن ئېرىشتىم! ئەمما، مەندەك سەۋر قىلالماي، مەندەك چىداملىق ۋە كۆتۈرۈشلۈك بولالماي، ئۇنۋان ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان دەرسلەرنى ئوقۇپ تاماملىغان بولسىمۇ، دېسسېرتاتسىيە ئەسىرىنى يېتەكچى ئۇستازىنىڭ تەلەپ ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمىگەنلىكتىن، ئۇنۋاننى ئالالماي قايتىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى تەبئىي.

سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشۈمچە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاشكەنكى، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى تولۇق كۇرس ئوقۇشى ئومۇمىيەتلىك بىلىم جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلىش ئوقۇشىدۇر. ماگىستېرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئاسپىرانت ئوقۇشلىرى بولسا، يەكمۇيەك ئېتىشىش ئوقۇشى، يەنى يەككە تۈر بويىچە، مۇئەييەن بىر كەسپنىڭ ئايرىم بىر تارمىقى بويىچە ئوقۇپ، ئاشۇ ئوقۇغان نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئۆزى بىر بىنانى لايىھەلەپ ۋە پۈتتۈرۈپ، ئۇنى شۇ پەننىڭ مۇنەججىملىرى بولغان ئۇستازلار گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرىكىدىن، ماقۇللىشىدىن ۋە كوللېكتىپ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئوقۇشىدۇر. مەن بەش يىل تەر ئاققۇزۇپ پۈتكۈزگەن بەشيۈز ئون ئۈچ بەتلىك بىنا ئەسىرىم «مۇسا سايرامىينىڭ ‹تارىخى ھەمىدى› ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (Musa Sayrami <Tarix- i Hamidi> İnceleme- Metin- Dizin) دۇنيا بويىچە، بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىي 1908-يىلى يازغان «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىنى دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە ئىلمىي تەتقىقات يولى بىلەن تونۇشتۇرغان تۇنجى ئەسەر بولۇش نادىر قىممىتى ۋە قىياپىتى بىلەن، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىدا ۋە ئۇلارنىڭ تور بېكىتىدە، مۇتالىئە قىلىشقا ۋە پايدىلىنىشقا ئوچۇق شەكىلدە ساقلانماقتا.

## نۇسرەتلىك ھىجرەتنىڭ خۇللەس كالامى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشتۇر، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەشتۇر

ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇرتىدا، ئۇنىڭدىنمۇ ئاغرىنىپ، بۇنىڭدىنمۇ رەنجىپ، ئاسماندىنمۇ، زېمىندىنمۇ قېيىدىغان هالدا، كونا ئېرىقنىڭ بويىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ غەيۋەتخورلۇق قىلىپ ئولتۇرغىچە، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكان يار بەرسە، ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتسىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ «هىجرەت» بولمايدۇ، بەلكى، «كۆچۈپ كېتىش» (تۈركچە Göç etmek) بولىدۇ، خالاس.

بىز «هىجرەت» دېگەندە، ئاساسلىقى ۋەتەن، خەلق، مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇددىئاسىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇپ- بىلىم ئېلىشتىن ئىبارەت ئاڭلىق ۋە غايىلىك پائالىيەتنى كۆزدە تۇتىۋاتقان ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئاداققى نۇسرەت بەلگىسى يۇرت-ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ۋە يۇرت -ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش بولۇشى لازىم دەپ قارايمىز.

بىزدە، نۇسرەتلىك هىجرەت قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەپ، هىجرەتلىك هاياتىنىڭ پايدىسىدىن، خاسىيىتىدىن ئۆرنەك كۆرسەتكەنلەر ئاز ئەمەس. ئەجدادلاردىن مەمتىلى تەۋپىق، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى كەبىلەر، زاماندىشلاردىن خالمۇرات غوپۇر، تاشپولات تېيىپ ۋە زەپەر ئابلىز قاتارلىقلار مىسال بولۇپ تۇرۇپتۇ.

مەن 1972-يىلى، يىگىرمە ئىككى يېشىمدا ئىلىم هىجرىتى قىلىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگىنىمدىن بۇيان ساق قىرىق يىل ئۆتۈپتۇ. مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى هىجرەت ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، مەن ئانا يۇرتقا قايتىپ كەتسەم، ئاندىن هىجرەت بىلەن ماڭا نېسىپ بولغان نۇسرەت مۇكەممەل بولغان بولاتتى. شۇڭا، 2002-يىلى، ئەللىك ئىككى ياشلىق مەن قەشقەرگە، هېچ بولمىغاندىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ بىرىگە يۆتكىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن بەل باغلىدىم. بىراق، شۇ يىللىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 6-سانىدا ئېلان قىلغان ‹‹مۇهاكەمەتۇل لۇغەتەين›دىن ‹مائارىفۇل لۇغەتەين› (قوش تىللىق مائارىپ)غىچە- ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» ماۋزۇلۇق رىسالەم تۈپەيلىدىن، مەن ئىشىك قېقىپ بارغان ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ هېچقايسىسى مېنى خىزمەتكە ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئانا يۇرتقا قايتىپ كېتەلمىدىم. بۇ يەردە، «نېمە دېمەكچىسەن زادى؟» دېسەڭلار، مۇهاجىرەتتىكى ئادەم دېگەن مۇشۇنداق يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەبلەر

تۇپەيلىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتالماي قالىدىكەن. بۇ ھالدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممە ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، چىن يۈرەكتىن سۆيگەن شۇ ئانا يۇرت، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەن ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىق قالغىچە بىجانىدىللىق بىلەن، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش كېرەككى، «قەيەردە بولساڭ بول، ئەزىز ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلە مول» دېگەن مانا شۇ!

شۇنداق تونۇش بىلەن، يەنىلا مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىشلەۋاتىمەن. دوكتورانت يېتەكچىسى بولغانلىقىمنىڭ شاراپىتىدىن، پېنسىيونېر بولۇش ۋاقتىم 2015-يىلغىچە ئۇزارتىلدى. تولۇق كۇرسقا دەرس ئۆتكەندىن باشقا، ھازىرغىچە ئون توققۇز نەپەر ماگىستىر ۋە دوكتور تەربىيىلەپ چىقاردىم. مەن تەربىيەلىگەن ئاسپىرانتلار ھازىر كارغا ياراپ، ئۆزلىرى ئاسپىرانت قوبۇل قىلغىدەك بولۇپ قالدىكى، بىز ئارزۇ قىلغان ۋە قوغلاشقان نەتىجىمۇ شۇ ئىدى.

ئەمدى، مەن پېنسىيونېر بولسام، كۆپرەك يېزىقچىلىق ھۈنىرىمنى قىلغۇم بار. ھېلىمۇ، ئۇنتۇپ قالماس چاغدا يازغاچ تۇراي دەپ، نۇسرەتلىك ھىجرەت قىلىش جەريانىدا، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلغان پەرقلەرنى بايان قىلىدىغان «پەرق ۋە بەرق» ماۋزۇلۇق بىر ئەدەبىي خاتىرە يېزىۋاتىمەن. قىسمەت بولسا، بىر كۈنلەردە قايسىدۇر بىر دوقمۇشتا، شۇ خاتىرەم بىلەن ئوقۇرمەنلىرىم ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالارمەن. ھالبۇكى، شۇ چاغقىچە «خەير-خوش» دېگەچ، مەزكۇر خاتىرەمنى مۇلاھىزىچى كۆڭلى بىلەن بىرلىپ ئوقۇپ، دېگەنلىرىمگە ئىزچىل قۇلاق بېرىپ كېلىۋاتقان ئەۋلادلارغا سەممىي كۆڭلۈم بىلەن شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى:

- سەنمۇ غەيرەت قىل قېرىندىشىم (بالام، نەۋرەم): تىرىشىپ ئوقۇ، بىرلىپ ئۆگەنگىن-دە، ئوكيان ئاتلاپ ئىلىم ھىجرىتى قىلىش سالاھىيەتىنى قازان؛ شۇندىلا، سەنمۇ ھىجرەتنىڭ بىباھا ئىمكانلىرىدىن بەھرىلىنىشنىڭ ۋە ئىلىم بىلەن يېتىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرىسەن ھامان!

2012- يىل، 23- يانۋار (دۈشەنبە)، بېيجىڭ.

# ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى

- لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشىدە يېڭى سەۋىيە يارىتايلى!

(لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

### ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

«بۈگۈنكى دۇنيادا، جاھان ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئالىمى يوق مىللەت بىچارە مىللەتتۇر؛ مەشھۇر ئالىمى بار تۇرۇغلۇق، ئۇنى خاتىرىلىمەيدىغان مىللەت بولسا، ناكەس مىللەتتۇر.» بۇ- مىنىڭ گېپىم ئەمەس، بەلكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھۆرمەتلىك ئىسمايىل تىلىۋالدى ئاكىنىڭ سۆزىدۇركى، بۇ - ھەقىقەتەنمۇ تەپەككۇر جەۋھىرى بولۇشقا لايىق، تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر سۆزدۇر.

ئاشۇنداق توغرا چۈشەنچىگە چىن دىلىمىز بىلەن قولداش بولغاچ، بىز مەھمۇد كاشغەري، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، ئامانىساخان نەفىسىي، مۇسا سايرامىي ۋە ئابدۇلخالىق ئۇيغۇرىي قاتارلىق تۆھپىكار بۈيۈكلىرىمىزنى خاس لېكسىيە سۆزلەش، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق مۇئەييەن پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئىزچىل ھالدا خاتىرىلەپ كېلىۋاتىمىز. شۇ قاتاردا، 1995-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئەنجۈمىنىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ شەھىد بولغانلىقىنىڭ ئەللىك يىللىقىنى تەسىرلىك خاتىرىلەپ، ئىككى سائەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى (يەنى پانەل) ئۆتكۈزگەنىدۇق. بۈگۈن (مىلادىيە 2012-يىل 17-نويابىر كۈنى) بىز بۇ يەردە، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى رىياسەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى ئېتىخارلىق ۋە غۇرۇرلۇق تۇيغۇمىز بىلەن خاتىرىلەپ، لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمىز، ھەممىمىزگە

خەيرلىك بولسۇن!

مەن «ئۇيغۇر پېداكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى- لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشتە يېڭى سەۋىيە يارىتايلى!» ماۋزۇلۇق بۇ لېكسىيەمنى « يەتتە يىلدا يەتمىش يىللىق ئىشنى قىلىپ بولغان ئىنسان»، « لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى»، « لوتپۇللاھ مۇتەللىپتىن بىزگە مىراسلار »، «ئۆرنەك ياشام، ئەينەك هايات ۋە ئەۋلاد بۇرچى» دېگەن تۆرت تارماق ماۋزۇغا بۆلۈپ سۆزلەيمەن:

## 1- يەتتە يىلدا يەتمىش يىللىق ئىشنى قىلىپ بولغان ئىنسان لوتپۇللاھ مۇتەللىپ

1922-يىلى 16-نويابىر كۈنى، ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناهىيىسىدە، بىر مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. (ئېلىندى: ئەلقەم ئەختەم نەشرگە تەييارلىغان: «ل.مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىل 2-ئاي نەشرى) ئۇ 1931-يىلى، غۇلجىدىكى تاتار زىيالىيلىرى ئاچقان ئۇيغۇرچە مەكتەپ «تاتار مەكتىپى»گە ئوقۇشقا كىرگەن. مەزكۇر يېڭى مائارىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1935-يىلى، «رۇس گىمنازىيەسى» (رۇس تىلى ئوتتۇرا مەكتىپى)گە كىرىپ ئوقۇغان. رۇس تىلى ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنى 1939-يىلى، ئىمتىهان بېرىپ، ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ دارۇل مۇئەللىمىن»گە كىرىپ ئوقۇغان. 1941- يىلى يازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى جۇغراپىيىلىك ۋە ئېكولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە رۇس تىلى تەرجىمانلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1942-يىلى 2-ئايدا، «شىنجاڭ گېزىتى»گە خىزمەتكە كىرىپ، مۇھەررىر بولغان. 1943-يىلى 11-ئايدا، «ئاقسۇ گېزىتى»گە باش مۇھەررىر ياردەمچىسى بولغان.

ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا كەلگىچە بولغان يولدا، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئۆگەنگەن ھەمدە سەپەر ھاسىلاتلىرىدىن «يۇلغۇنلۇقتا» ناملىق ھىكايىسىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ ئاقسۇدا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، «ئاقسۇ گېزىتى»دە «جەنۇب شاملى» ناملىق بەتنى تەسىس قىلىپ ، ئاپتورلارنى ئويۇشتۇرۇپ ، گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە تەسىرىنى كېڭەيتكەن. «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەسەرلىرى شۇ

بەتتە ئېلان قىلىنغان. ل . مۇتەللىپ ئاقسۇغا كەلگەنـدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىجادىيەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەم يېتەكلەش بويىچە، نۇرغۇن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن تاشقىرى، سانايى نەفىسىي (سەھنىلىك سەنئەت ۋە گۈزەل سەنئەت) ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، «غەرىب ـ سەنەم» ، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق ئوپېرا ـ دراممىلارنى سەھنىلەشتۈرگەن ۋە ئۆزى رېژىسسور، دېكراتسىيە ئىشلىگۈچى ، رول ئالغۇچى بولغان. سەنئەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، «غەرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى ئاقسۇ ۋە ئونسۇ سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينىغان ، ئۆزى غەرىبنىڭ رولىنى ئالغان.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى رېپېتىس قىلىشقا باشلىغان، 11- ئايدا بىر تەرەپتىن رېپېتىس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دېكراتسىيەسىنى سىزغان. بۇ ئوپېرا 12- ئايدا سەھنىدە ئوينالغان ، ل . مۇتەللىپ تاھىرنىڭ رولىنى ئالغان. دراممىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقتىن ئاۋات ۋە ئۇچتۇرپان ناھىيەلىرىگىمۇ بېرىپ ئورۇنلانغان.

لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيەسى ئاقسۇ شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان جىددىي پەيتتە، يەنى 1945- يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى كېچىدە، ئۆزىگە ئوخشاش يىگىرمە نەپەر ۋەتەنپەرۋەر ياش بىلەن بىللە، گومىنداڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. 1956-يىل 8-ئايدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى رەئىس ماۋزېدوڭ ئىمزا قويغان «شىنجاڭ 2-نومۇرلۇق ھۆججەت»تە، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئاتىغان. (ئېلىندى: يالقۇن روزىنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011-يىل 9-ئايدا تۈرتىنچى قېتىم قايتا بېسىلغان «يىللارغا جاۋاب» (لوتپۇللاھ مۇتەللىپ شېئىرلىرى توپلىمى)، كىرىش، 1-2-بەتلەر؛ غالىپ بارات ئەرك يازغان: «تۇنىدىكى چاقماق- لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئاقسۇدا» ماۋزۇلۇق ماقالە، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 2012-يىللىق 2-سان. 34-بەت)

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ قىلىنام ئۆركىشى بۇ دۇنيادا، ئاز كەم يىگىرمە ئۈچ يىللا ياشىغان. ئەمما، بىز ئۇنىڭ 1937-يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجىدا يېزىپ ئېلان قىلغان «خەلقىمگە» ماۋزۇلۇق شېئىرىدىن باشلاپ، 1945-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى قەتلى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى ياتقان تۈرمىنىڭ تېمىغا «بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ، ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قانخور ئەبلەخ» دېگەن ئىككى مىسرانى يېزىپ قالدۇرغىنىغىچە ئۆتكەن ساق يەتتە يىل ئىچىدە، مىللەت ئۈچۈن، خەلق

ئۇچۇن قىلغان مىننەتسىز ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى، ئەلگە قىلغان تاماسىز خىزمەتلىرىنى ئادىل ۋىجدانىمىز بىلەن دەڭسەپ، ئادالەت تارازىمىز بىلەن تارتىپ كۆرىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قىممەت ۋە ئەھمىيەت جەھەتتە يەتمىش يىللىق ئىشنى قىلىپ بولغان ئىگىلىگەنلىكىنى بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى سەمىمىي تۇيغۇمىز بىلەن چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى، نەسرىي ئەسەرلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى ۋە سىزغان رەسىملىرى، تەھرىرلىگەن ئەسەرلىرى، ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرى مەيلى سان-سالماق جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى سۈپەت-ساپا جەھەتتىن بولسۇن، ئەلىيۇلئەلا دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ھېچ مۇنازىرە كەتمەيدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا، ئۇ شەھىد بولغان ئاشۇ 1945-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن بۇيان ئۆتكەن ئاتمىش يەتتە يىلدىن بېرى، خەلقىمىز ئۇنى ئېتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن يادلاپ تۇرىۋاتىدۇ، چوڭقۇر سۆيۈنۈش بىلەن ئەسلەپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ!

بىز مانا شۇنداق ئاساسلار بىلەن ئېيتىمىزكى، قىممەت ۋە ئەھمىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ھەقىقەتەنمۇ يەتتە يىلدا يەتمىش يىللىق ئەمگەكنى قىلىپ بولغان بۈيۈك ئىنساندۇر!

## 2- لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى

لوتپۇللاھ مۇتەللىپ قىسمەت بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئاز ياشىغان، ئەمما ، ئۆز ياشامنىڭ ھەر بىر كۈننى غەنىمەت بىلىپ، ھەر بىر قەدەمدە بىر ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، ئەۋلادلارغا ئەبەدىي ئۆرنەك بولغىدەك دەرىجىدە. ساز ياشىغان ئىنسانكى، ئۇنىڭ قىسقا ئەمما ئەھمىيەتلىك ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ تەتقىق قىلىشقا، ئۆرنەك ئېلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ يالغۇز شېئىرنى ياخشى يازالايدىغان شائىر بولغانلىقىدا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ قولايلىق-قولايسىز ھەر قانداق شارائىتتا ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىلىم ئۆگىنىدىغان، ئۆگەنگەنلىرىنى، بىلگەنلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تاماسىز ئىشلىتىدىغان، جاھاندارچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي كۈننىلا ئۆتكۈزۈشنى ئاران-ئاران بىلىدىغان ياۋاش، بىچىقىم، لامزەللە، بەھرىسىز ئادەم بولۇشنى مۇتلەق خاھلىمايدىغان،

دەل بۈنىڭ ئەكسىنچە، پىداكارلىق بىلەن ھۆنەر-سەنئەت ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى سەرپ قىلىپ جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئادەمىي قىممەت بىلەن مەۋجۇدلۇقىنى، ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق مۇكەممەل بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ۋە كۆرسىتىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن ھەقىقىي بىر ئۆرنەك ئىنسان بولغانلىقىدا!!

بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زىيالىلار ئۇنىڭ كىشىلىكى ۋە ئەمگەكلىرى ئۈستىدە تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپلا كەلدى. ئالايلۇق، قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئالىمە گۈلسۇم ئاۋۇتوۋا خانىم «لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئىجتىمائىي مىراسى» دېگەن ماۋزۇدا دوكتور نامزاتى دىسسېرتاتسىيەسى ياقلىغان. ئېلىمىزدە، تۇرسۇن ئەرشىدىن ئەپەندىنىڭ لوتپۇللاھ مۇتەللىپ توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقىنىغا 30 يىل بولدى. ئۇ «لوتۇن»، «لوتپۇللا مۇتەللىپ» ، «تەگرىتاغ دىيارىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز»، «لوتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «ل. مۇتەللىپ» قاتارلىق توققۇز پارچە كىتاب يېزىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى . مۆمىن مۇھەممىدى يازغان «شاۋقۇن» (رومان) ، ژۇرنالىست ئەيسا يۈسۈپ يازغان «ئاقسۇدا 1945- يىل» (تارىخىي قىسسە) قاتارلىق كىتابلارمۇ لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئاتالغان ئەسەرلەردۇر. قازاقىستانلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىب خىزمەت ئابدۇللىن يازغان «لۇتپۇللاھ» ناملىق دىراما سەھنىلەردە تەكرار-تەكرار ئوينالغان. ئېلىمىزدە يەنە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھايات پائالىيەتى تەسۋىرلەنگەن «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق ھېكايە فىلىم ئىشلىنىپ، يۇرتىمىز كىنوخانىلىرىدا قويۇلغان. (ئېلىنىدى: غالىپ بارات ئەرك يازغان: «تۆھدىكى چاقماق-ل.مۇتەللىپ ئاقسۇدا»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 2012-يىللىق 2-سان 34-بەت)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يازغۇچى تۇرسۇن ئەرشىدىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ناياب ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەزكىرە-تەرجىمىھال ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تۆھپىكار يازغۇچى ۋە لوتپۇللاھشۇناس تەتقىقاتچىدۇر. بىز ئۇنىڭغا، شۇنداقلا لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بارلىق ئەپەندىلەر ۋە خانىملارنىڭ ھەممىسىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز!

بىراق، ئومۇمىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ كىشىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى يېتەرلىك ئەمەس؛ ھازىرغىچە

قىلىنغان مەزكۇر تەتقىقاتلار تىپىك ئەۋلادلارنىڭ، خۇسۇسەن ياش باللارنىڭ لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى تولۇق چۈشىنىشىگە، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئۆگىنىشىگە كۇپايە ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىقاتىدا بوشلۇق تېخى ناھايىتى زور، بۇ ساھەدە، قىلىشقا تېگىشلىك ۋە ئەرزىيدىغان ئىشلار تېخى ناھايىتىمۇ نۇرغۇن. ئالايلۇق، مەملىكىتىمىزدە، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئەسەرلىرى كلاسسىك ئەسەر نۇقتىسىدىن تېخى تەتقىق قىلىنمىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئەسەرلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت ئاشۇ ئەسلىي يېزىق شەكلى بويىچە ئەينەن كۆرسىتىپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ كلاسسىكلىق سالاھىيەتى نامايەن بولىدۇ ۋە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەسلىي باھاسى ۋە قىممىتى جۇلالىنىدۇ. يەنە دېسەك، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى، شۇنداقلا، ئۇ ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئۆزگىچە خاس ياشام چۈشەنچىسى، تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىقلار تېخى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلىنمىدى. ھالبۇكى، بۇ جەھەتتىكى سىستېمىلىق ئىزدىنىشنى پىلانلىق يولغا قويۇپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ كۈنىمىزدىكى تۇرمۇش ئەمەلىيەتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنىڭ دەۋر-زامان پىداكارىغا تولىمۇ مۇھتاج بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، نېقەدەر زۆرۈر ۋە نېقەدەر نەق ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتى زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەت بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە ئەڭ ئىستىقباللىق بىر ئىلمىي ئەمگەكتۇر. مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر مىللەت، ھەر قانداق بىر تويلۇم-جامائەتنىڭ كەلگۈسى ئىقبالى ئۇنىڭ ياشلىرىنىڭ مىجەز-خۇلقى، راي-روھى ۋە ئىشەنچ-ئەقىدىسى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لۆم-لۆم مىجەز، روھسىز، ئۆزىگە ئىشەنچى يوق ۋە ئەقىدە-ئېتىقادسىز ياشلاردىن تەركىب تاپقان مىللەت ۋە قەۋمنىڭ مۇتلەق ئىستىقبالى بولمايدۇ! ئەمدى، بىر مىللەتنىڭ ياشلىرىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، پارلاق ئۈمىد ۋە جۇشقۇن روھ ئاتا قىلىپ تۇرىدىغان مەنبە ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۇلارنىڭ مىللەت تارىخىدا، شانلىق چېلىشلار بىلەن، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن تۆھپىكار ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمسىز ئەمگەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئەھمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنىڭ ھەر قانداق بىر مەدەنىي ئىنسان ئۈچۈن پەرز

ئەھمىيىتىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئائىلە تەربىيەسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىلا ئېنىق بىلگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئون بەش يېشىدىن باشلاپلا، تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي ھوسۇل-ھاسىلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ قەلەم ۋە ئىش-ئەمەل پائالىيەتى ئارقىلىق نامايەن قىلىپ كۆرسەتكەن ئەجداد لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە يېقىلماس بايرىقى بولۇش سالاھىيەتىگە تولۇق ئىگىدۇركى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتىنىڭ ئىستىقبال مەنبەسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە!

ئەمدى، ھەر قانداق بىر شەخس ياكى شەيئىنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىق ساۋاق ياكى ئىبرەتلىك تەجرىبە ئېلىش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ تەتقىقاتىنىڭ ئاداققىي جەھەتتە ئۇيغۇر ياشلىرىغا تەقدىم قىلىپ بېرىدىغىنى بولسا، ئەڭ ئالدى بىلەن، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى ئۆزىمۇ، ئاتا-ئانىسىمۇ ۋە ئۆز خەلقىمۇ رازىي بولىدىغان دەرىجىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك قىلىش ئېڭى، شۇنداقلا ھەر قانداق ئەھۋال ۋە ھەر قانداق شارائىتتا، تېڭىرقاپ قالماي، ھودۇقۇپ كەتمەي، جامائەت، مىللەت ۋە خەلق ئۈچۈن مىننەتسىز خىزمەت قىلىش روھى بولۇشىدا ھېچبىر شەك ۋە شۈبھە يوقتۇر!

## 3. لوتپۇللاھ مۇتەللىپتىن بىزگە مىراسلار

لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئۇيغۇر تارىخىدا، مىللەت ئۈچۈن، پىداكارلىق بىلەن ئۆگەنگەن، خەلق ئۈچۈن، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن، خىزمەت قىلغان، ئاخىردا، ھەق ۋە ئادالەت ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بولغان بىر ئەجدادتۇر. ھالبۇكى، بۇ خىل سالاھىيەتى بىلەن ئۇنى «ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى» دېيىشكە پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز. مېنىڭ ئۆگىنىشىمچە، بۈيۈك ئەجداد لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىباھا مىراسلىرىنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

### ‹1› ئىشتىياق بىلەن، جىددىيەت بىلەن ئۆگىنىش روھى

بىز بىلگەن تەرجىمىھالىدا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ 1931 يىلى «تاتار مەكتىپى»گە

ئوقۇۋشقا كىرگەن دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ شۇ چاغدىكى ئانا يۇرت مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىي شارائىتى تۈپەيلىدىن، توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئاندىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ھازىرقى زاماندا، باللار 6ـ7 ياشتا مەكتەپكە كىرىپ بولىدۇ. توققۇز ياشلىق باللار بولسا، 2ـ3ـ سىنىپنى پۈتتۈرۈپمۇ بولىدۇ. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ مەرىپەت ئۇچىقى بولمىش مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دەرسلەرنى تولىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن، تۈرلۈك بىلىملەرنى يېتىك پىداكارلىق بىلەن ئىگىلىگەن. شۇڭلاشقا، ئۇ باشلانغۇچنى ئۇيغۇرچە ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى رۇسچە ئوقۇغاندا، ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇرچىنى يەپ قويمىغان. رۇسچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دارىل مۇئەللىمىننى يەنە ئۇيغۇرچە ئوقۇغاندىمۇ، ئۆگەنگەن رۇسچىسىنى يوقىتىپ قويمىغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، رۇسچە ئۆگىنىش مودا ۋە رۇسچە ئۆگەنگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان ئەينى شارائىتتا، چەتئەللىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە رۇسچە تەرجىمان بولۇش شەرىپىنى ۋە پۇرسىتىنى قازىنالىغان. ھالبۇكى، بۇلار ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغاندا، تۈرلۈك دەرسلەر بويىچە پىداكارلىق بىلەن، جىددىيەت بىلەن ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ۋە ئېنىق دەلىلىدۇر.

دۇنيادا، ئۆگىنىش، يەنى مۇئەييەن قاراتمىلىقى بولغان ھالدىكى ئىلىم-پەن ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىشى ئەمەلىيەتتە، يۈكسەك دەرىجىدىكى پىداكارلىق تەلەپ قىلىدىغان جەڭگىۋار پائالىيەت، يۇقىرى سەۋىيەدىكى جىددىيەت تەلەپ قىلىدىغان شەرەپشان ئەمگەكتۇركى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بۇ نۇقتىنى ئەڭ ئېنىق چۈشەنگەن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىناق قىلىپ، زامانداشلىرىغا ۋە سىلە- بىز ئەۋلادلارغا ئۆرنەك كۆرسەتكەن ھىدايەتكار ئىنساندۇر. ئۆگىنىشنىڭ بىر ئىنسان ئۈچۈن نېقەدەر مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆگىنىش، ئۆگەنگەندىمۇ پىداكارلىق بىلەن، جانپىدالىق بىلەن ئۆگىنىش ئېگىي ۋە بىباھا چۈشەنچىسى ئۇنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرىدا دادىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەنگەن: قېنى بىللە ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

ياشلىق ئۆگەن

ياشلىق تىرىش-تىرماش، ھارماي ئۆگەن،
ئىلمىنىڭ دېڭىزى قاينام ھەم چوڭقۇر.

نادانلىق ئۇ «ھەممىنى بىلدىم» دېگەن،
(مۇنداقلا) كۆرۈپ...ۋاراقلاپلا بىر قۇر.
ئىلىم-مۆجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى،
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئوقى ئون يىل!
كۆزلا ئەمەس ئالدىڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورۇتىدۇ يورۇق دىل.
ھەر بىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئاجايىپ.
ئىلىم ھارماس، مەرد ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىنىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەر قاچان غايىب.
راھىب بول ئىلىمنىڭ نازاكەت چۆلىدە،
مۆجىزىلەر گۈمبىزىگە شەيخ.
كۈن-تۈن زىكرى قىل شۇلار تۈۋىدە،
ئىجتىھاد سېنى دېگۈزمەس دەرىخ.
ئادەم بالىسى پارقىراق، كىر قونماس ئېسىل،
ھەممىدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ مېڭىسى.
ياق، ئۇيلان...ئوبدان پىكىر قىل،
دەۋرگە ئامراق يېڭىنىڭ يېڭىسى.
ئۆگىنىش سازىغا ماھىر سازەندە،
كۆرگىن، سىرىپ قول چەككىنىنى.
تارغا تىل بەرگەنمۇ شۇ ئاددىي بەندە،
تاماشا قىل مۇقاملار يولىن ئەگكىنىنى.
قايسى مۇقام، قايسى پەردە باغرىڭ،
قايسى سازەندە دىلىڭغا سۇ بەرگەن؟
قايسى ناخشا پەسلەتكەن زارىڭ،
قايسى ناخشا كۆڭۈلگە گۈل تەرگەن؟
ئويلىساڭ، ياشلىق قىسقا، سېنىڭ ئۆمرۈڭ-
تاڭدا چېچەكلەپ، گويا كەچتە قۇيۇلىدۇ.
دىماغقا خۇش پۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ،
كۆز ئېچىپ، يۇمغاندەك تۈيۈلىدۇ.

ئەرلەرنى باسسا ساقال-بۇرۇتلار،
قىزلارغىمۇ ئىز سالىدۇ بۇدۇر-قورۇقلار.
پۇرلاشمايدۇ دەرەخلەر ياپيېشىل تۇرۇپلا،
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەيدۇ قۇرۇتلار.
ياشلىق چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چىغىلىڭ مۇشۇ ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن.
(1943-يىل، ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.)

كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ بىلدۇقكى، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ «ياشلىق، ئۆگەن!» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىرىدا، ئىنسان زادى نېمە ئۈچۈن چوقۇم ئۆگىنىشى كېرەك؟ بىر نەرسە ئۆگىنىش ئاسان ئىشمۇ ياكى تەس ئىشمۇ؟ ئۆگىنىش زادى نېمىگە ئەسقاتىدۇ؟ ئۆگىنىشنىڭ مەۋسۇمى قاچان ۋە مەقسىتى نېمە؟ ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى نېمە، ئۆگەنمىگەننىڭ زىيىنى قايسى؟ ...دېگەنگە ئوخشاش رېئال ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل جاۋاب بەرگەن.

لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ چۈشەنچىسىچە، ھەر قانداق بىر ئىنسان ئادەم بولۇش، يەنى ھەقىقىي بىر ئىنسان بولۇش ئۈچۈن جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ مەزكۇر شېئىرىنىڭ چۈشۈرگە بېيىتىدىكى «قاراڭغۇ دىل چۆلىدە بىر كۈن چۆكسەن، ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن» دېگەن ھۆكۈم مىسرالىرى بىلەن ئېنىق ئىپادىلەنگەن. يەنى ئىنسان ئەگەر بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇپ ياشاشقا بەل باغلاپ ئىلىم-پەن ئۆگەنمىسە، ئۇ ئاقىۋەتتە ساۋاتسىزلىقنىڭ چۆلىدە، ئىلىمسىزلىكنىڭ دەشتىدە ھالاك بولىدۇ شۇ.

ئىلىم ئۆگىنىش ئاسان ئىشمۇ؟ ياق، ئىلىم ئۆگىنىش ناھايىتىمۇ تەس ئىش، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئىلىمنىڭ دېڭىزى قايناپ ھەم چوڭقۇر»، شۇڭا «ياشلىق، تىرىش-تىرماش، ھارماي ئۆگەن». روشەنكى، بۇ يەردىكى «ياشلىق» ئەمەلىي ئۇقۇمدا، «ياشلار، ياش ئادەم، ياشلىق ساھىبى» دېگەن بولىدۇ. يەنى ئىلىمنىڭ دېڭىزى باشقا دېڭىزلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ قايناملىق ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تۇرمۇش يولىغا يېڭىدىن قەدەم قويغان ياشلار تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ھەمىدە ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۆگىنىشلىرى كېرەككى، پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن چەندىكىدەك ئۇنۇم قازىنالايدۇ.

ياشلار زادى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىشلىرى كېرەك؟ چۈنكى، «ئىلىم- مۆجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى»دۇر، شۇڭلاشقا، «بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئوقى ئون يىل». يەنى قالاقلىق، نامراتلىق ۋە قاششاقلىق بىلەن بىر ئۆمۈر ياشىغىچە، ئىلىم ـ پەن بىلەن مۆجىزىلەر يارىتىپ، پاراۋان ۋە گۈللەنگەن تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە بىر يىل ياشاش ئۈچۈن، ئون يىل ئوقىساڭمۇ ئەرزىيدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۆگىنىش پائالىيىتىنى زادى قانداق پوزىتسىيەدە ئېلىپ بارسا، ئاندىن توغرا بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە لوتپۇللاھ مۇتەللىپ: «ئۆيلىساڭ ياشلىق، قىسقا سىنىڭ ئۆمرۈڭ، تاڭدا چېچەكلەپ گويا كەچتە قۇيۇلىدۇ.دىماغقا خۇش پۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ، كۆز ئېچىپ-يۇمغاندەك تۈيۈلىدۇ» دېگەن كەسكىن كەلىمىلەر بىلەن جاۋاب بەرگەن. يەنى ھايات گويا ئاتقان ئوقتا ئوخشايدۇ؛ يىللارنىڭ ئۆتۈشى ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى بولسا، ئاداققى جەھەتتە ئىنسانغا خۇددى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ۋاقىت تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. شۇڭا، ياشلار، بەرنالار مىنوت-سېكونتنىمۇ قولدىن بەرمەي، جىددىيەت بىلەن ئۆگىنىشلىرى كېرەكتۇر.

مۇلاھىزە بىلەن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەمدىلا يىگىرمە-يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي، ئەڭ قىممەتلىك پائالىيەتى بولغان ئۆگىنىشنى ئاشۇنداق يۇكسەكلىكتە تونۇغان. ئۇ ئەنە شۇنداق يۇكسەك تونۇش ۋە ئالىيجاناب ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تولۇپ تاشقان ئىشتىياق بىلەن، ھەممىشەملىك جىددىيەت بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆگىنىشنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئوخشاشلا پارلاق نەتىجە ۋە قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئۆلۈمسىز ھايات قازانغاندۇر!

## ‹2› جانلىق ئۆگىنىپ جانلىق ئىشلىتىش ۋە ئەمەلىيەتچانلىق روھى

ئۆگىنىش ئۇسلۇبى بابىدا، «ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئۆلۈك ئۆگەنمەسلىك، كۆچۈرمىچى بولماسلىق، جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش كېرەك» دېگەن نەزەرىيەنى ھەممە ئادەم ئاڭلىغان، ھەممە ئىنسان بىلىدۇ. ئەمما، مەزكۇر نەزەرىيەنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ كۆرسىتىش بەسى مۈشكۈل بىر ئىش مىنىڭچە. بۇ بەسى مۈشكۈل ئىشنى، يەنى ئۆگىنىشتە قۇرۇق نەزەرىيەچى بولماسلىق، ئەمەلىيەتچان بولۇش، ئۆگەنگەن نەرسىنى ئامال بار بالدۇرراق ئەمەلىي پائالىيەتكە سىڭدۈرۈش، ئىمكان بار بۇرۇنراق ئەمەلىيەت غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈشنى بۇيۈك ئەجداد لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئۆز

ھاياتــدا دادىغا يەتكــۈزۈپ ســىناق قىلغــان ۋە مــول مىســالالار بىــلەن ئىســپاتلاپ كۆرسـەتكەندۇر. ئـالايلۇق، ئـۇ بـالىلىق چېغىـدا «تاتـار مەكتىپـى»گە كىرىـپ ئۆزىنىـڭ ئۇيغۇرچە ئانا تىلى بويىچە مائارىـپ كـۆرگەن. ئارقىـدىن شـۇ چاغـدىكى تەقەززالىـق ۋە ئەمەلىي تەلەپ بويىچە «رۇس تىلى مەكتىپى»گە كىرىـپ ئىككىنچى بىـر تىـل بولغان رۇس تىلى بويىچە مائارىپ كۆرگەنكى، بۇ ئەمەلىيەتى ئارقىلىق، ھازىرقى زامـان ئۇيغـۇر تارىخىــدا، قــوش تىــل (ئىككــى تىــل) بــويىچە مائارىــپ-مەرىــپەت كۆرۈشــتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈرنەك كۆرسـەتكەن. مېـنىڭچە، بـۇ بۈگـۈنكى زامـانىمىز ياشـلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىشىغا ۋە ئۈرنەك ئېلىپ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان مـۇھىم بىـر تەجرىبە-ساۋاقتۇر.

لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىـڭ ئوقـۇش-ئـۆگىنىش ھاياتىـدا ئەۋلادلارنىـڭ ئۆگىنىشـىگە مۇناســىپ كېلىــدىغان يەنە بىــر تەرەپ شــۇكى، ئــۇ ئــۆز زامانىســىدا، مەكتەپــتە ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمـۇش ئەمەلىيەتـىدىن ئۆتكـۈزۈپ، پىكىـر-تۇيغـۇلىرىنى ئـۆز خەلقـى بىلەن ئورتاقلىششنى بالدۇرلا باشلىغان. مىسال ئۈچۈن بۇ يەردە، 1937-يىلـى ئەمـدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ل. مۇتەللىپنىڭ غۇلجىدا يازغان «ئەپەندى بولماق» مـاۋزۇلۇق شېئىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

- بۇ يىل ئون ئىككى يىل بولۇپ قالدى، ئۇكام،
بۇ «ئەپەندى بولماق» مېنى بىر بالاغا سالدى، ئۇكام.
شۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە ساقلىمنى قىرىپ يۈردۈم،
كەينى يېرىق چاپانلارنىمۇ كىيىپ يۈردۈم،
لېكىن «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى ھېچ كۆرمىدىم، ئۇكام،
بىر جاۋاب بەرسىڭىزچۇ، «ئەپەندى» دېمەسكە يەنە نېمە كام؟
- غەم يېمەڭ، ئاكا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ زاماندا بەك ئاسان،
ھازىر ئۇدۇللا ماگىزىنغا بارىسىز.
ئازراق پۇلىڭىزغا كاستۇمدىن بىرنى ئالىسىز،
يەنە كازىبكىتىن بىرنى يانچۇققا سالىسىز.
يەنە ئالىسىز ئاق كۆڭلەك ۋە ئۇزۇن گالستۇك،
بىر سېرىق شىبلىت كىيسىز ئاندىن ئۇنى موك.
تاماكىڭىزنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرۈۋېرىڭ،
سىزنى «ئەپەندى» دېگۈچىلەرنى كۆرۈۋېرىڭ.

(1937-يىل، نويابىر، غۇلجا)

شائىر لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ بۇ ساتىرىك شېئىرى شۇ ۋاقىتتىكى «ئىلى گېزىتى»گە بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا، زىيالىيلار قوشۇنى ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. شائىر بۇ ساتىراسىدا، ئۆزى بىلمىسىز تۇرۇپ، زىيالىيلارچە ياسىنىش ئارقىلىق «ئەپەندى» بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن بىر ئەخمەقنى مەسخىرە قىلىدۇ. (ئېلىندى: «يىللارغا جاۋاب»(ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011-يىل9-ئاي 4-بېسىلىشى)

ل.مۇتەللىپ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى، 1937-يىل دېگەن مۇتەللىپ تېخى «رۇس گىمنازىيەسى»دە، يەنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ل.مۇتەللىپ باشلانغۇچ مائارىپنى ئانا تىلى بىلەن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىغا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئانا تىل سۆيگۈسىدە تاۋلانغان بولغاچ، رۇس گىمنازىيەسىدە رۇس تىلى بىلەن مائارىپ كۆرگەندىمۇ، ئۇيغۇرچىنى تاشلاپ قويمىغان، ئۇنتۇپ كەتمىگەن. ئۆز زامانىسىدىكى رۇس تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى ۋە ئىجتىمائىي قىزغىنلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلى مۇھەببىتىنى ئازراقمۇ سۇسلاشتۇرالمىغان، بەلكى ئۇ يەنىلا ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىپ، ئۇيغۇرچە ئوقۇش-يېزىشنى ۋە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى بىلىملىرى بويىچە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزى ئىككىنچى بىر تىلدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىمۇ، «ئەپەندى بولماق» كەبى ئېنىق پىكىرلىك گۈزەل شېئىرنى گېزىتتە ئېلان قىلىشقا يارىغىدەك سەۋىيەدە يازالىغانكى، مەزكۇر شېئىردا ئىپادىلىگەن پىكىر شائىرنىڭ 1942-يىل ئۈرۈمچىدە يازغان: «مەرىپەت ئىزدە، ئىررىنمە، سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى؛ بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» (قاراڭ: «يىللارغا جاۋاب»(ل.مۇتەللىپ شېئىرلىرى)، 67-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011-يىل 9-ئاي 4-بېسىلىشى) دېگەن مەشھۇر پارچىسىدا ئىپادىلىگەن تەپەككۇر جەۋھىرىگە تولىمۇ جىپسا كېلىدۇ. لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ بۇ ئەمەلىيەتى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، ئىككىنچى بىر تىل بىلەن مائارىپ كۆرۈش مەجبۇرىيەتى ۋە ئېنگلىز تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى دېڭىزىدا شەھىد بولۇپ كېتىۋاتقان ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بىر جانلىق دەرس ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ساۋاقتۇر!

لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ئىككىنچى بىر تىل بىلەن مائارىپ كۆرگۈزۈش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ئەھۋالدىمۇ ئۆز ئانا تىلى بىلەن شۇنداق گۈزەل شېئىرىي ئەسەر يېزىپ ئىلان قىلدۇرالىغانلىقى بىلەن پاراللېل ھالدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر تىل بولغان رۇسچىنى ئۆگىنىپ، چەتئەل ئىلمىي تەتقىقات ئۆمىكىگە خىلى ئۇزاق مەزگىللىك (بىر يىل) تەرجىمانلىق قىلىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك سەۋىيە ھاسىل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە، ھېلىقىدەك بولۇر-كېتۇر، ئۆلۈك ئەمەس، بەلكى جانلىق ئۆگىنىپ جانلىق ئىشلىتىشنى بىلىدىغان، نېمىنى ئۆگەنسە شۇنى ئوخشىتىپ ئۆگىنەلەيدىغان ۋە ئۆگەنگەننى ئىمكان بار شۇ ۋاقىتتىلا ئۆزىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئادىتىگە ساھىب بولغان بىر ئۆگىنىش ماھىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇكى، بۇمۇ زامانىمىز ياشلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى پۈتكۈل ئوقۇش ھاياتىنى پەقەتلا «باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇش دەۋرى، تەييار نەزەرىيەلەرنى ئۆلۈك يادلاش دەۋرى» قىلىپ قويىدىغان، كىتابتىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە (مەيلە ئۇ يېزىق بىلەن بولسۇن ۋە مەيلى ئېغىز بىلەن بولسۇن) مۇتلەق قاتناشمايدىغان ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دوراپ بېقىشقا، ئۆرنەك ئېلىشقا ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان بەكمۇ مۇھىم بىر تەجرىبە-ساۋاقتۇر مىنىڭچە.

بۇ يەردە يەنە مۇھىم بىر نەرسە شۇكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئۆز زامانىسىدىكى ئانا يۇرتىمىزدا، مائارىپ-مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، زامانىمىز ياشلىرىنىڭكىدەك داغدۇغىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. پەقەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇرۇمچى دارۇل مۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئەمما، ئۇ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بىر ئىنساننىڭ مۇئەييەن بىلىك جەھەتتە تولۇپ، تويۇنۇپ يېتىلىشىنىڭ ئاداققىي جەھەتتە، قانداقتۇر داغدۇغىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۇزۇن ئوقۇش، ئوقۇپ ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان بولۇش دېگەنلەر بىلەن يا ئەندىن ۋە يا بىۋاسىتە ئالاقىلىق ئەمەسلىكىنى، پۈتكۈل ئەقىل-زېھنىنى ئايىماي سەرپ قىلىپ، شىجائەتلىك بىلەن ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇپمۇ ئەڭ ئالىي بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىنى ۋە يېتىك ئالىم بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن بىر گىگانت ئىنساندۇر!

### ‹3› پىداكارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھى

ئابلىمىت ئابدۇللاھ يازغان «مەرھۇم پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروفنى ئەسلەيمەن» ماۋزۇلۇق ئەسلىمىدە مۇنداق بىر بايان بار: «سابىق شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى مۇزەپپەر ئابدۇللايوف (لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ نەۋرە ئاچىسى گۈلسۇم مۇتەللىپ ‹1919ـ1999ـيىللار›نىڭ كۈيوغلى) لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ ھايات پائالىيەتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ‹ 1945ـيىلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتى رەھبەرلىكى ئاقسۇدىكى لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئابدۇغوپۇر ناسىروۋ قاتارلىق كىشىلەرنى لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى غۇلجىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالاھىدە ئاقسۇغا ئەۋەتكەن. ئابدۇغوپۇر ناسىروفلار ئاقسۇغا بېرىپ، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشىدۇ. مەقسەتنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئابدۇغوپۇر ناسىروفلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، غۇلجىغا كەتمەكچى بولىدۇ. بىراق، يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئاتىنىڭ ئۆزەڭگىسىگە پۇتىنى ئېلىپ بولغان لوتپۇللاھ توساتتىن ئۆزىنىڭ ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئابدۇغوپۇر ناسىروف: ‹نېمە بولدىڭىز؟ تېز بولۇڭ!› دېگەندە، ئۇ: ‹شۇ تۇرۇقتا مەن ئاقسۇدىن كەتسەم، بىرىنچىدىن، مەن گومىنداڭدىن قورققان بولمامدىمەن؟ ئىككىنچىدىن، سەپداشلىرىمنى تاشلاپ كەتسەم، قانداق بولىدۇ؟ ياق، مەن كەتمەيمەن. سەپداشلىرىمغا نېمە بولسا، ماڭىمۇ شۇ!› دەپ، غۇلجىغا كېتىشتىن يالتىيىپ قالىدۇ. ئابدۇغوپۇر ناسىروفلار نەسىھەت قىلىپ: ‹مۇتەللىپ، ياخشىسى بىز بىلەن بىللە غۇلجىغا كېتىڭ. بولمىسا، ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ. بۇ- رەھبەرلىك بىزگە ئالاھىدە تاپشۇرغان ۋەزىپە. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن باش قوماندانلىق ئىشتابى پات ئارىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىدۇ. سىز شۇ چاغدا، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن بىللە يەنە ئاقسۇغا كەلسىڭىز بولىدۇ ئەمەسمۇ؟› دېگەندە، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ: ‹ ياق، كەتمەيمەن. سەپداشلىرىم بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولىمەن. مەن ئاقسۇدا، مىللىي ئارمىيەنىڭ زەپەر قۇچۇپ كېلىشىنى كۈتىمەن› دەپ، ئاقسۇدا قېپقالىدۇ. ئابدۇغوپۇر ناسىروفلار ئامالسىز ئۆزلىرى غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ» (ئېلىندى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2011ـيىللىق 4ـسان، 46ـبەت)

مېنىڭچە، يۇقىرىقى بايانلار لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ يالغۇز شېئىرنى ياخشى يازالايدىغان بىر شائىر، ئىستىداتلىق بىر سەنئەتكارلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن، مىللەت ئېڭى يېتىك، قەۋم ــ جامائەت تۇيغۇسى مۇكەممەل، ئىنسانىي قېرىنداشلىق-ئاغىنەدارچىلىق يۈرىكى بېجىرىم بولغان بىر مەردانە ئىنسان ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

مەن خەلقىمىزنىڭ لوتپۇللاھ مۇتەللىپكە بەرگەن «ئوت يۈرەك» دېگەن سۈپەت تەۋسىپىنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. ئۇ خۇددى ئۆز شېئىرلىرىدا: «خاھلايمەن دوستۇم بۇلاقتەك خوشال شارقىراپ ئېقىشنى؛ خاھلايمەن ئەركىن تايلاقتەك ئىجاد يايلىقىدا قىيغىتىشنى. خاھلايمەن شېئىرىم ئورۇقلىرىنى ۋەتەن باغرىغا چېچىشنى؛ خاھلايمەن دەريا قىرغاقلىرىدا رەنا گۈللەر ئېچىلدۇرۇشنى» («دوستۇمغا»، يۇقىرىقى تويلام، 84-بەت)، «ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا، يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا؛ كۆرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا، يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا» («يىللارغا جاۋاب»، يۇقىرىقى تويلام، 82-بەت) دېگىنىدەك، كىشىلىك تۇرمۇشقا، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابقا، شۇنداقلا ئىنسانىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلىرىغا ئوخشاشلا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى؛ ئۆزگە شۇغۇللىنىش نىسىپ بولغان ھەر قانداق بىر ئىشقا جەددىيەت بىلەن كىرىشەتتى ۋە ئەڭ ياخشى نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن پۈتكۈل كۈچى بىلەن تىرىشاتتى. ئالايلۇق، ئۆزى سەھنە ئەسىرى يازاتتى، ئۆزى باش رول ئالاتتى، گېرى كەلگەندە، سەھنە دېكراتسىيەلىرىنى يەنە ئۆزى قول تىقىپ سىزاتتى. بۇ يەردە مەسىلىنىڭ نازۇك ۋە قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى شەخسى كىرىم-چىقىمى ئۈچۈن، ئۆزى شەخسىي نام-ئابروي قازىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى بەجا كەلتۈرسە، ئۆزى تەۋە بولغان كوللىكتىپقا، خەلققە پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پەرز-بۇرچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىلىك ئىچىدە، ئاڭلىق قىلاتتى. ھەر قانداق سورۇندا ئۇ ئۆزىنى ئۆز خەلقى، ئۆز سەپداشلىرى ۋە ئۆز مەسلەكداشلىرىنىڭ ئىچىگە قوياتتى؛ ھەر قانداق ئىش قىلغاندا بولسا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنى، ئۆز سەپداشلىرىنى، ئۆز مەسلەكداشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇلارغا بەرگەن سۆزىنى، لەۋزىنى ۋە ۋەدىسىنى ئويلاپ ئىش قىلاتتى. ھەتتا خۇددى يازغۇچى ئابلىمىت ئابدۇللاھ ھېكايە قىلغىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھاياتى تەھلىكە ئاستىدا قالغان، قاچسا قۇتۇلىدىغان،تۇرسا تۇتۇلىدىغان ۋە ئۆلىدىغان ئەھۋالدىمۇ، ئالدى بىلەن ئاشۇ بىر-بىرىگە سۆز بېرىپ لەۋزە قىلىشقان سەپداشلىرىنى، ھەممەسلەك ئاغىنىلىرىنى ئويلىغان ۋە ئۇلارغا ئىزاھات بېرىپ قويماي، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي جېنىنى قۇلتۇقىغا قىستۇرۇپ «غېيىپدە»لا تىكىۋېتىشنى، قىچىپ كېتىشنى قانداق ئويلىسىمۇ، مۇتلەق راۋا كۆرمىگەن، مەرتلىك ــ مەردانىلىق ھېسابلىمىغان. مېنىڭچە مەرت بىلەن نامەرتنىڭ پەرقى مۇشۇنچىلىكلا: مەردانە ئادەم ھەرقانداق ئەھۋالدا، دەسلەپ باشقىلارنى، خەلقنى

ئۆيلايدۇ؛ نامەرت-خۇمسى ئادەم بولسا، باشتىمۇ، ئاياغدىمۇ پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، خالاس!

ھالبۇكى، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق، ئۆگەن»ى بىلەن «يىللارغا جاۋاب»ى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق خەلقپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ۋە مەردانىلىق پەزىلىتى بىلەن تويۇنغان ياش ئوتلۇق يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان دۇردانىلار بولغانلىقى شاراپىتىدىنلا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن، خۇسۇسەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن، مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك ۋە ئۆلۈمسىز ماياك ئەسەرلەر بولۇپ كەلدى، كەلمەكتە ۋە كەلگۈسى!

## 4- ئۆرنەك ياشام، ئەينەك ھايات ۋە ئەۋلاد بۇرچى

بىر ئىنسان بۇ دۇنيادا، ئۇزۇن ياشىشىمۇ مۇمكىن، قىسقا ياشىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بەختلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ياشاش ھەر قانداق بىر نورمال ئىنسانىنىڭ ئەقەللىي ئارزۇسى، ئەلبەتتە. ئەمدى، ئىنسان زادى قانداق ياشىغاندا، بەختلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا قىممەت قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىنسانلار ئوخشىمىغان جاۋاب بېرىشى تەبىئىي. مېنىڭ قارىشىمچە، ھاياتنىڭ قىممىتى ياشىغۇچىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا ئۆمۈرلۈك بولۇشىنى ئۆلچەك قىلمايدۇ. بەلكى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تار شەخسىيەتچىلىك، ئۆزەمچىلىك ۋە مەنمەنچىلىك ئىدىيەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى جامائەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى ۋە ئەقىدىسى ئاساسىدا، تىرىشچانلىق، ئىجادچانلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ھايات ھەقىقىي بەختىيار ھايات ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ياشام بولىدۇ. ئەگەر بۇ چۈشەنچە توغرا كۆرۈلگەن تەقدىردە، بىز تونۇغان ۋە كۆندىن كۈنگە چوڭقۇر تونۇۋاتقان گىگانت ئىنسان لوتپۇللاھ مۇتەللىپ قايىنام ئۆركىشىنىڭ ھاياتى بۇ دۇنيادا ئەھمىيەتلىك ياشاش ئىستىكىدە بولغان ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايدىغان، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەن ئىلىم-پەن ئارقىلىق ۋەتىنى، مىللىتىنى روناق تاپقۇزۇشنى ئىستەك ۋە غايە قىلغان ياشلار ئۈچۈن، ئەينەك بولالايدىغان نەمۇنىدار ھايات ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە!

«لوتفۇللاھ مۇتەللىپ ــ قايىنام ئۆركىشى. جاھان بىلىدۇ، لوتفۇللاھ مۇتەللىپتە، بۇگۈنكى خىلى - خىلى ئۇيغۇردا يوق ساۋات، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ماھارەتلەر بار ئىدى. ئۇ ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، ھەم كومپوزىتور، ھەم رەسسام ۋە ھەم سەھنىدە رول ئېلىپ ئوينىيالايدىغان سەنئەتكار — ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە

خېلى مۇكەممەل يېتىشكەن تالانت ئىگىسى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئېغىزدا دېگىنىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە، قەلىمى بىلەن يازغىنىنى ئۆز پائالىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغان مىللەتپەرۋەر ۋە پىداكار ئۇيغۇر ئىدى.» (ئېلىنغان: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1997-يىللىق 4-سان 69-بەت)

« ئەمەلىيەتتە، بىر مىللەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغان بىرىنچى ئامىل ـــ دەل پىداكارلىقتىن ئىبارەت. ئەگەر ھازىرقى دۇنيادا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنى تونۇيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغانلار خېلى بار دېيىلسە، بۇ ئالدى بىلەن، لۇتفۇللاھ مۇتەللىپكە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پىداكار ئەجدادلارغا مەنسۇپ!» (قاراڭ: يۇقىرىقى ژۇرنال، ئەينى بەت)

«بىر مىللەت پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسە، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى چىن ھەقىقەتتى بىلەن چۈشەنسە، ئاندىن پىداكارلارنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلارنى دائىملىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.» (ئېلىنغان: يۇقىرىقى ژۇرنال 70-بەت)

«ئەمەلىيەتتە، ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېتىدۇ. دۇنيادا، ئىنساننى پۇشايمانسىز ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ خاسىيەتلىك پائالىيەت ئۆگىنىشتۇر. كىم ئۆگىنىشكە ماھىر، شۇ ھەممىگە قادىر. ھالبۇكى، ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ھەقلىق مەنپەئەت داستىخىنىنى تېگىشلىك نېمەتلەر بىلەن مول قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبال تەقدىرىگە ئۆزى يول قىلىشنى ئويلايدىكەن، پىداكارلىق بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك.» (قاراڭ: يۇقىرىقى ژۇرنال، ئەينى بەت)

«پىداكارلىق بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىش كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى تولىمۇ ئېغىر. پىداكارلىق بولمىسا، ھۆددىسىدىن چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. سەن بىر ئۇيغۇر ياشىسەن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن مائارىپ كۆرمىسەڭ بولمايدۇ، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئاناڭنىڭ تىلى. ئاندىن خەنزۇ تىلى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت تىلى، دۆلەت ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا تىلى. جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەنزۇچە بىلمىسەڭ، ئۆزگىنى چۈشەنمەيسەن، ئۆزگىلەر كۆزىدىكى ئۆزەڭنىمۇ چۈشەنمەيسەن. شۇڭا، جۇڭگودا تۇرۇپ، خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا بىلمىگەن ئۇيغۇر زىيالىيسى ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي زىيالىي سانالمايدۇ. » (ئېلىنغان: يۇقىرىقى ژۇرنال 71-بەت) روشەنكى، بۇ خىل رېئال تەلەپلەر، بۇ خىل ياشاش زۆرۈرىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە، بىزدىن يېتەك چىدام، تولۇپ تاشقان غەيرەت ۋە تەخىرسىز پىداكارلىق

تەلەپ قىلماقتا، قېرىنداشلار!

بىز نېمە ئۈچۈن لوتپۇللاھ مۇتەللىپنى خاتىرلەيمىز؟ مەزكۇرنىڭ بىر مەشھۇر ئەجداد بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلەپ قويۇش ۋە روھىغا دۇئا قىلىپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ جەسۇر روھىنى ئۆلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆرنەك ھاياتىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزلىرىمىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىتىۋاتقانلىرىمىزنى ئۇ بۈيۈك ئەجدادىمىزنىڭ قىلغانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى نۇقسانلارنى، ئىلمىي ھاياتىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

ئالايلۇق، سىلە-بىزلەرمۇ شۇ تاپتا، دەل 21-22 ياشلىق ياشلارمىز. ئانا يۇرتىمىزدىن بەش- ئون مىڭ كىلومېتىرلاپ ئۇزاقتا، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئاستانەلەردىن بولغان بېيجىڭدا، بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتىمىز؛ بەزىلىرىمىزنىڭ ئوقۇۋاتقىنىمىزغا بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى، ھەتتا ئوقۇش پۈتتۈرەي دەپمۇ قالدۇق. ئەمدى، بىز ئۆزىمىزنىڭ شۇ چاغقىچە ئۆتكەن ئۆمرىمىزنى ئەجدادىمىز لوتپۇللاھ مۇتەللىپكە سېلىشتۇرۇپ باقايلى، قېنى: بىز ھەر قايسىمىز ئىنساننىڭ زىلۋا بىر چېغى بولغان ياشلىق دەۋرىمىزنى ئاشۇ لوتپۇللاھ مۇتەللىپ ئېيتقان «ياشلىق، ئۆگەن!» دېگەن ئىلمىي تارازىغا لىق كەلگىدەك قىلىپ ئۆتكۈزەلەپتۇقمۇ-يوق؟ بىزنىڭ ئەتىگەندە سەھەر تۇرالماي قالىدىغان، ئاربلاپ دەرسلەرگە چىقماي قويىدىغان، تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ۋە ئەستايىدىل ئىشلىمەيدىغان، تولۇق دەرسلەرنى جىددىيەت، ئەھمىيەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەتلا مۇئەللىمگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاتمىش نومۇر ئېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغان... ئەھۋاللىرىمىز لوتپۇللاھ-لوتۇن ئاكىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە ئويغۇن كېلەمدىكىن-يوق؟ شەخسىي ھالىتىمىزدىن باشقا، كوللېكتىپ جامائەت ئوبرازىمىز ۋە كوللېكتىپىزىملىق روھىمىزچۇ؟ تەنتەربىيە كۆرەكلىرى قاتارلىق كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشماي، كوللېكتىپ ئىناۋىتىمىز، تۇپلۇم شان-شەرىپىمىز ئۈچۈن چېلىشماي، بەش كوللېكتىپ بىر يەرگە جەم بولۇپ قىلغان بىر بەسلەشمىدە، بىز ئەڭ قالاق بەشىنچى كوللېكتىپ بولغىنىمىز ھالدا، مۇتەللىپ بوۋىمىزغا يۈز كېلەلەپتۇقمۇ؟ (مۇشۇ 2012-يىللىق ئەتىيازلىق ئىنستىتوت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى بەشىنچى (سوڭىنچى) بولغانكى، ئۇدا بەش يىلدىن بۇيان چېمپىيون بولۇپ كېلىۋاتقان فاكۇلتېت بىلەن 260 نومۇر پەرقلىق، 4- بولغان فاكۇلتېتىنىمۇ 60 نومۇر تۆۋەن قالغان.)

بوۋىمىزنى خاتىرلەپ تۆرت كۈپلېت شېئىر يېزىپ قويۇش، ياكى بىر نەچچە بەتلىك ماقالە بىلەن ھەمدۇ-سانا ئوقۇپ قويۇش بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئەمەس، بىزنىڭ

مۇددىئايىمىز ــ شۇ قەدەر ئېيتىخارلىق بوۋىمىز بىزگە ئۆز ئەمەلىيەتى ئارقىلىق ئۆرنەك بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ تۇرغان ھالدا، ئىلىم ھاياتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۋەتمەسلىك؛ پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان بۇ ناياب ئۆمرىمىزنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك؛ خۇددى لوتپۇللاھ بوۋىمىز «ئىجاد- ئىللارنى قىرىتىدۇ دەپ بىرىمىز جاۋاب!» دېگىنىدەك، تىرىشچانلىق، ئىشچانلىق ۋە ئىجادچانلىق ئۇدۇمى بىلەن ياشاپ، ھوسۇللۇق ئەمگەكلىرىمىز ئارقىلىق، ئىللارغا، دەۋرگە ۋە تارىخقا شۇنداقلا، سۆيۈملۈك خەلقىمىز ــ ئەزىز مىللىتىمىزگە مەردانە جاۋاب بېرىشتۇر!

## ساۋاقداشلار، ئى، ياش ئەۋلادلار!

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز تەرەققىيات قەدىمىنىڭ مىسلىسىز تېزلىكى، رىقابەت رېتىمىنىڭ تەقەززاسىز جىددىيلىكى ۋە تاللاش ــ شاللاش جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن، بىزدىن مىڭلىغان ۋە مىليونلىغان قابىل ئىز باسارلارنىڭ يېتىشىپ چىقىپ، لوتپۇللاھ مۇتەللىپ كۆتۈرگەن «ياشلىق، ئۆگەن!» بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز لەپىلدىتىپ، مەملىكەت ۋە دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە تېگىشلىك ئورنى بار ئاۋانگارتلاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا!

بۇ ھالدا، لوتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ نەمۇنىلىك، مول مەزمۇنلۇق ۋە ھوسۇللۇق ھاياتىنى ئەينەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش روھىنى ئۆرنەك ۋە بىلىم ئىگىلەش ئۇسلۇبىنى ئۈلگە قىلىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەن ساھەمىزدە، زامانغا ياراشقىدەك يېڭى سەۋىيە يارىتىش، شۇنداقلا، ئەلا ئۆگىنىش نەتىجىلىرىمىز بىلەن، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتىمىزدا، ئۇ لوتپۇن ئاكىمىز ئارمان قىلغاندەك پارلاق تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇمىز بىلەن، ئاڭلىق ھالدا، بىر ئۆلۈشتىن كۈچ چىقىرىش بولسا، سىلە-بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر، ئەلۋەتتە!

لېكسىيەمنى قۇلاق بېرىپ ئاڭلىغىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت، قېرىنداشلار!

2012-يىل 17ــنويابىر، بېيجىڭ.

# ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق مەدەنىيتى بىر ئىنقىلابقا مۇھتاج

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

-

مۇقەددىمە

بىر قانچە ئاي ئىلگىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقات باشقارمىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن «‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى، شۇنداقلا ‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى› نى قايتا تۈزىتىپ، تولۇقلاپ ئىشلەش ھەققىدە» ماۋزۇلۇق پىكىر ـ تەكلىپ توپلاش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. راستىمنى ئېيتسام، «تىل ـ يېزىق كومىتېتى بۇ نۆۋەت ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ساۋابلىق ئىشقا تۇتۇش قىلىپتۇ» دەپ ئويلىدىم، سۆيۈندۈم. شۇڭا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز تەتقىقاتىمچە ھېس قىلغانلىرىمنى بىر نەچچە بەتكە يىغىنچاقلاپ، ۋاقتىدىلا مەركىزى ئورۇنغا يوللاپ بەرگەن بولدۇم.

مېنىڭ نەزىرىمدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئۆلچەملىك، ئىلمىي ۋە نىسبىي مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرۈش دەۋر تەقەززاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر زور ئىش. ھالبۇكى، بۇ زور ئىشنىڭ چەندىكىدەك ئوڭۇشلۇق ۋە جايىدا روياپقا چىقىشى ئۈچۈن، ھەممىمىز زور ئىخلاس ۋە سەممىي ئەقىدە بىلەن بىر ئۆلۈش ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم. مۇشۇ ئويى بىلەن، خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل ئىزدىنىش ئاساسىدا ھېس قىلغانلىرىمنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىپ، تىل ئەھلىنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنغۇم كەلدى.

ئادەتتە، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي مەدەنىيىتى دېگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىل ـ يېزىقى   تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان بارلىق  مىللىي دەسمايىلىرىنىڭ ئەڭ غوللۇقى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا، زامانىۋى مىللەت سېپىگە قوشۇلالىغان ھەر قانداق بىر مىللەتتە، تىل ـ يېزىق  مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل ـ ئاساسى سانالغاچقا، مەزكۇر ھەم تىلى ھەم يېزىقى بار مىللەت جاھان مىللەتلىرى سورۇنىدا ئەتىۋارلىنىدۇ ۋە ھەقلىق رەۋىشتە «مەدەنىيەتلىك مىللەت» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

مۇشۇنداق زاكون ئاساسى بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئۆزىنىڭ يارقىن ـ يېقىملىق تەلەپپۇز ئىپادىسى ۋە گۈل كەشتىسى كەبى گۈزەل تىزىق نامايەندىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بارلىق مىللىي دەسمايىلىرىنىڭ ئەڭ غوللۇقى ، ئومۇمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل ئاساسىدۇر. ھالبۇكى، بىز بۇ مىللىي دەسمايىمىزنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، غالتەككە چىقىرىپ قويماسلىقىمىز، يىتتۈرۈپ، يوقتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ئەگەر «تىل ـ يېزىق  غوللۇق بىر مەدەنىيەت ئاملى؛ تىل ـ يېزىق  ساھىبى بولۇش بولسا، مەدەنىي ئىنسانلىقنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى» دېگەن قاراش ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق چۈشەنچە، ئورتاق  قاراش ھالىتىگە كەلسە، بۇ ھالدا، ئەمەلىي ئىستېمالدا سۆز ـ كەلىمىلەرنى تىل قائىدىسىگە ئۇيغۇن تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىملا قائىدىسىگە مۇناسىپ ھالدا يېزىش بولۇپ  ئىپادىلىنىدىغان تىل ـ يېزىقنى قوللىنىش ئىشى جەزمەن مەدەنىي ۋە ئىلمىي بولۇشى لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز بىلەن مۇئەييەن ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى ئىپادىلەپ سۆزلىشىمىز، يەنى تاۋۇش چىقىرىپ كەلىمىلەرنى تەلەپپۇز قىلىشىمىز مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن، يازغانلىرىمىز بولسا، ئىلمىيلىك پرىنسىپلىرىغا  مۇناسىپ بولۇشى لازىم .

ئەمدى، زادى قانداق بولغاندا، بىر تىل ـ يېزىقنىڭ  ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشى مەدەنىي ۋە ئىلمىي بولغان بولىدۇ؟ دەرۋەقە، بۇ مەسىلىنى كونكرېت ئاساسلار بويىچە تۈرلۈكچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. مېنىڭ ساق يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئۆز ئانا تىلىم ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا بىر قانچە قېرىنداش مىللەت ۋە

چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىم ئاساسىدا ھاسىل قىلغان يەكۈن خاراكتېرلىك چۈشەنچەم شۇكى، بىر تىلدىكى سۆز ــ كەلىمىلەرنى سۆزلۈگۈچى ئېنىق ئاڭلىتالايدىغان، ئاڭلىغۇچى بولسا، تولۇق ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىدە تەلەپپۇز قىلىش مەدەنىيلىك بولىدۇ؛ يېزىقنى بولسا، ئىمكان بار ئەدەبىي تەلەپپۇزغا يېقىن قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇش، نورما چېكىنى مۇقىم قىلىپ توختىتىش ئىلمىيلىك بولىدۇ .

ئۇنداق بولسا، ئەللىك يىل ئىچىدە، ئۈچ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش ۋە بەش قېتىم ئىملا قائىدىسىنى يېڭىلاش قىلغان ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىنىڭ نۆۋەتتىكى قوللىنىلىشى مەدەنىي ۋە ئىلمىي بولۇۋاتامدۇ ــ يوق؟ مېنىڭچە بۇ ــ زىيالىيلىرىمىز، خۇسۇسەن تىل ــ يېزىق خادىملىرىمىز ئۈچۈن، ئەمەلىيەتكە چوڭكەن ۋە كېلەچەكنى نەزەردە تۇتقان ھالدا چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرى، تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئاساسىدا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ .

دەرۋەقە، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ئەللىك ئالتە يىلنىڭ مابەينى ۋە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان ئەللىك يىلنىڭ بۇ يۇزىدە، ئومۇمىيەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى جايىدا قوللىنىشنى تەتقىق قىلىش مۇناسىپ ھالدىكى بىر ئىلىم ساھەسى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئۆزىنىڭ خاس خادىملىرى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر. لاشتۇرۇلۇپ كەلدى: ئۇيغۇر تىلىنى مەدەنىيەت ئۆلچەكلىرىگە ۋە ئىلىم نورمىلىرىغا ئۇيغۇن قىلىپ قوللىنىش، ۋە ئۇنىڭ مەدەنىي ھاياتتىكى قوللىنىشچانلىقىنى دەۋر تەلىپىگە ماس ھالدا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يېزىش ــ دېيىش قائىدىلىرىنى تىلشۇناسلىق ئىلمى بويىچە شەرھ. لەيدىغان تىل قائىدە (گىرامماتىكا) كىتابلىرى يېزىلدى؛ ئۇيغۇرچە سۆز ــ كەلىمىلەرنى ئوچۇقلاپ بايان قىلىدىغان قورال كىتاب ــ خاس لۇغەتلەر نەشر قىلىندى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگودىكى قېرىنداش مىللەتلىك ئورنىنىڭ شاراپىتىدىن ، ئۇيغۇر تىلىنى دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئاز بولمىغان سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇ تاپتا، يەنە ئاز بولمىغان ھەر مىللەت تىل ئالىملىرى بىر دۆلەتتە، دۆلەت تىلى بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر تىل ــ يېزىقلىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇد

بولۇپ تۇرۇش نورملىرى، پايدا – زىيىنى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەردە باش قاتۇرۇپ، يېڭىدىن – يېڭى تېمىلار بويىچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بۇ خىل ئومۇمىيەتلىك تەتقىقاتلاردىن باشقا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىتىلغان خاس تەتقىقات-لارغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان تىل – يېزىق سىياسىتىنى ئىزچىل ۋە مۇقىملىق كاپالىتىگە ئىگە قىلغان ھالدا، مىللەتلەر تىل – يېزىقىنى ئۆز خەلق ئاممىسى ئىچىدە تېخىمۇ ئۆلچەملىك- لەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ قائىدىلىكلەشتۈرۈش قانۇنى ئاساسى بويىچە ئالاھىدە تەكىتلەنمەكتە. مۇشۇنداق ئوبدان ۋەزىيەتتە، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىل – يېزىقى ئىستېمالىدىكى مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەدەنىيلىك ئۆلچىكى ۋە ئىلمىيلىك نورمىسى ئاساسىدا، كۆپ قاتلاملىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەققەتەنمۇ زۆرۈرىيىتى بار.

## بىرىنچى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىل – يېزىق ئىستېمالىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر

مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىل – يېزىق ئىستېمالىدا، نەزەرىيە جەھەتتىن جەزمەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق مەسىلىلەر مەۋجۇد :

### – 1 ئەدەبىي تىل بىلەن جانلىق تىلنىڭ يېتەكلەش – يېتەكلىنىش مۇناسىۋەت چىكى ئېنىق ئەمەس

ئىناۋەتلىك لۇغەتلىرىمىزدە ، «ئەدەبىي تىل» ۋە «جانلىق تىل» دېگەن ئۇقۇم مۇنداق شەرھلەنمەكتە:

ئەدەبىي تىل (ئەدەبىيات ئاتالغۇسى): بەلگىلىك بىر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلىپ ئۇزاق تارىخىي دەۋر جەريانىدا شەكىللەنگەن، پىششىقلانغان، قېلىپ-لاشتۇرۇلغان ھەممە ئەدەبىي ئەسەرلەر، گېزىت – ژۇرناللار، كىتاب، ماتېرىياللار، خەت – ئالاقە ۋە رادىئولاردا ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلى. (قاراڭ : «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ‹ قىسقارتىلمىسى› 74 – بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىل) بۇ ئىزاھ بويىچە بولغاندا،«ئەدەبىي تىل = يېزىق تىلى » بولىدۇ .

جانلىق تىل(تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى) : شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىزىدا قوللىنىدىغان تىلى، يەنى خەلق تىلى. ئۇ ئادەتتە ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق تىل شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. «ئېغىز تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 387- بەت ). بۇ ئىزاھ بويىچە بولغاندا، «جانلىق تىل = خەلق تىلى = ئېغىز تىلى» بولىدۇ .

بۇ يەردە، «ئەدەبىي تىل» نىڭ «ئەدەبىيات ئاتالغۇس »، «جانلىق تىل» نىڭ بولسا، «تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى» دېيىلىشىدىن تارتىپ، «شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىزىدا قوللىنىدىغان تىلى» نىڭ «ئېغىز تىلى» ئاتالماي ، «خەلق تىلى» ئاتىلىشىغا قەدەر بولغان شەرھتە، ئېغىر دەرىجىدىكى مەنتىقسىزلىق ۋە ئۇقۇم خاتالىقى مەۋجۇدلۇقى ئېنىق. ئەمما «جانلىق تىل» نىڭ ئىزاھىدا، ئۇ ئادەتتە، «ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ» دېگىنىمىزدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىدىكى « ئەدەبىي تىل » ئەمەلىيەتتە، « ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلى» بىلەن «ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىز شەكلى» دېگەن ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئادەتتە « ئەدەبىي تىل » دېگەندە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز «ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلى» ئىكەنلىكى، «جانلىق تىل»، «ئېغىز تىلى» دېگەندە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز بولسا، «ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىز شەكلى» ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىناۋەتلىك لۇغەت كىتابىمىزنىڭ ئىزاھلىشىدىن چىقارغان بۇ چۈشەنچىمىز توغرا بولىدىغان بولسا، 1997 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» دېگىنى ئەمەلىيەتتە، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئېغىز شەكلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، يەنى «ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» دەپ بىلىمىز، ئەلۋەتتە .

ئەمدى، مېنىڭ بۇ يەردە مۇھاكىمىگە قويۇۋاتقان مەسىلەم بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىق شەكلى (يەنى ئەدەبىي تىل) بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېغىز شەكلى (يەنى جانلىق تىل) نىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئەدەبىي تىل جانلىق تىلنى يېتەكلىشى كېرەكمۇ ياكى ئەدەبىي تىل جانلىق تىلنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىنى ۋە ئۆزگەرتىشىنى ھېچقانداق بىر شەرتسىز قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنى ئەمەلىي مىسال بىلەن بايان قىلساق مۇنداق بولىدۇ : چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشلەمچى، ئەر ئىشچى» ئۇقۇمىنى ئاڭلاتقان ھالدا ئىشلىتىلىدىغان «مەردىكار» دېيىدىغان بىر سۆز بار ئىدى. جانلىق تىل (ئېغىز تىلى)

نىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى بوگۇنكى ئۇيغۇر تىلىدا «مە:دىكار» :mä (dikar) دەۋاتىمىز ۋە شۇنداق يېزىۋاتىمىز؛ نۆۋەتتە، بۇ خىل « ر » نى چۈشۈرۈپ قويۇش «ل» نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا كېڭەيمەكتە. ئالايلۇق، ھازىر «مەركەزدىن كەلگەن سادا» دېگەن جۈملە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەلەپپۇز لۇغىتىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە، «مەركەزدىن كە:لگەن (kä: gän) سادا» دېيىلىۋاتىدۇ . مۇشۇ مودىنى قوغلىشىپ كېتىۋەرسەك، « مەركەزدىن كەلگەن سادا » دېگەن جۈملىنى « مە:كەز ( mä: (käz دىن كە:لگەن ( kä: gän ) سادا » دەيدىغان ۋە شۇنداق يازىدىغان كۈنلەرگىمۇ ئۇزاق قالمىغاندەك تۇرىدۇ !

دېمەكچىكى ، جانلىق تىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بىر ھەرپ بىر ھەرپتىن يەپ ـ يالماپ ئەسلىدىكى گۈزەل، يارقىن سۆز ـ كەلىمىلەرنى چولتا، كەمتۈك ۋە يېقىمسىز سۆزلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. ھالبۇكى، بىز تىلشۇناسلىق ئىلمى ۋە سۆزلەمشۇناسلىق مەدەنىيىتى ئۆلچەملىرى ئاساسىدا، بۇ خىل بولۇشسىز ئەھۋالغا ئاداققى خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك .

**2 ـ ناباب تەلەپپۇز ئادىتىنى تىلنىڭ مۇقەددەس قانۇنىيىتى قىلىپ كۆرستىش**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆز ـ كەلىمىلەرنى جانلىق تىل (يەنى ئېغىز تىلى) بويىچە تەلەپپۇز قىلىشتا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەت ساقلانماقتا:

1› › بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ھېچبىر ئاساسسىز ھالدىلا چۈشۈرۈپ قويۇش. مەسىلەن:

| يېزىق تىلىدا | ئەدەبىي ئېغىز تىلى (جانلىق تىل) دا |
|---|---|
| يولداشلار | يولداشلا : |
| بازار | بازا: |
| كەلگەن | كە:گەن |

| | |
|---|---|
| كەلمەك | كە:مەك |
| خاھلا ـ | خا:لا |
| ئاللاھ | ئاللا: |
| ئۆتكەرمە | ئۆتكە:مە |
| كارناي | كا:ناي |
| بارامسەن | بارامسە : |
| كېلەمدىمەن | كېلەمدىم |

...ۋە باشقىلار.

2›› تەلەپپۇز قولايلىقىنى قوغلىشىپ، خېلى بىر بۆلەك ئۇزۇك تاۋۇشلارنى باشقا تاۋۇشقا ئۆزگەرتىۋېتىش .مەسىلەن:

| يېزىق تىلىدا | ئەدەبىي ئېغىز تىلى ( جانلىق تىل ) دا |
|---|---|
| ئاق نىياز | ئاخ نىياز |
| ئاق قوناق | ئاخ قوناق |
| ساقلىماق | ساخلىماق |
| تاقلىماق | تاخلىماق |
| تەقسىم | تەخسىم |
| ئاچماق | ئاشماق |

| | |
|---|---|
| چاچماق | چاشماق |
| ئىچمەك | ئىشمەك |
| ئىچ كىيىم | ئىش كىيىم |
| پىچماق | پىشماق |
| ئالماق | ئامماق |
| قارىماق | قايىلماق |
| ئىنقىلاب | ئىڭقىلاب |
| تەنقىد | تەڭقىت |

...دېگەنلەرگە ئوخشاش

3〉 〉 سۆزلەم بېشىدا مۇستەقىل بوغۇم ھاسىل قىلىپ كەلگەن «ئۇ ، ئۈ» سوزۇق تاۋۇشلىرىنى «جاراڭسىزلاشتۇردۇق» دەپ، تەلەپپۇزدا يوقىتىۋېتىش . مەسىلەن :

**ئۆكا**. بۇ سۆزدىكى «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشى تورپان شىۋىسىدە «ئۇكە» قىلىپ، تولۇق «ئۇ» تەلەپپۇز قىلىنغاندىن باشقا، ئومۇمى ئەدەبىي ئېغىز تىل (جانلىق تىل) دا، جاراڭسىزلاشتۇرۇلۇپ ، ھېچ مۇقامدا يوق بىر تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

**ئۆچرىماق**. بۇ سۆزلەم بەزى ئېغىزلاردا «ئۇشلىماق»، يەنە بەزى ئېغىزلاردا بولسا، «ئۇشرىماخ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇكى، «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشى ئەمەلىيەتتە، ئىلىپبەدە ئۆگەتكەن «ئۇ» غا مۇتلەق ئوخشىمايدىغان بىر ناجىنسى تاۋۇش بولۇپ قالىدۇ.

**ئۆچۈن**. بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «-ۈ» ھەر ھالدا ئېنىق « ئۈ » تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، باش بوغۇمدىكى «ئۇ» بولسا، زادىلا بىر تىل تاۋۇشىغا ئوخشىماي قالىدۇ ۋە باشقىلار.

4› «ئى» سوزۇق تاۋۇشنى سۆزنىڭ ھېچقانداق بىر بوغۇمىدا، ئېلىپبەدە ئۆگىتىلگەن ئۆلچەمدىكى «ئى» قىلىپ تەلەپپۇز قىلماسلىق. مەسىلەن:

«ئىخلاس، ئىخچام، ئىقتىساد» قاتارلىق سۆزلەردىكى مۇستەقىل بىر بوغۇمنى تەشكىل قىلغان «ئى» تاۋۇشى ئەمەلىي تەلەپپۇزدا جاراڭسىزلاشتۇرۇلۇپ ، يوقىتىۋېتىلىدۇ؛ «بىز، سىز، قىز، كىر،قىر» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشى ئەمەلىي تەلەپپۇزدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى« ï » تاۋۇشىغا يېقىن بىر تاۋۇش قىلىپ ئېيتىلىدۇ؛ «كىشى، چىشى، ئىشى» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشى بولسا، ئەمەلىي تەلەپپۇزدا ئېلىپبەدە ئۆگىتىلگەن «ئى» تاۋۇشى بىلەن مۇتلەق ئوخشاشمايدىغان، تولىمۇ غۇۋا، تولىمۇ مەۋھۇم بىر تاۋۇش قىلىپ ئېيتىلىدۇ ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋاللار بۇ چاغقىچە نەشىر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە، ئىزچىل ھالدا، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆز – كەلىمىلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتىكى مىللىي ئادىتى» قىلىپ تەسۋىرلىنىپ كەلدى. ماقۇل، ئۇ بىر خىل تىل ئادىتى بولسىمۇ، بولسۇن. بىراق، ئۇ ئادەت ئىلمىي ئادەتمۇ ياكى ئوسال ئادەتمۇ؟ يەنى مەزكۇر تىل ئادىتى ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئىلمىغا ئۇيغۇن، تىل مەدەنىيىتى ئۆلچەملىرىگە مۇناسىپ ئادەتمۇ، يوق؟ ئەگەر ئۇ قانۇنلاشتۇرۇلۇپ ، مۇقىملاشتۇرۇشقا لايىق ياخشى ئادەت بولسا، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن پايدىلىرى قايسىلار؟ ئەگەر ئۇ بىر خىل ناباب، ئوسال ئادەت بولسا، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىرى قايسىلار؟ بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە، نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بولغان بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلمىدى .

مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى كېچىكتۈرمەي، ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى تىل ئىستېمالىمىزدىن توپلانغان پاكىت ئاساسلار بويىچە، ئاندىن قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل قوللىنىش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن تەجرىبە، ساۋاقلاردىن ئىلمىي پايدىلىنىش ئاساسىدا، نىسبەتەن كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، مۇندىن كېيىنكى تىل قوللىنىش ئىستىقبالىمىزغا ئۆلگە – ئۈرنەك بولغۇدەك بىر يەكۈن چىقارمىساق زادى بولمىغۇدەك.

**- 3-يازغاننى ئوقۇماسلىق، نەتىجىدە، يازغان بىلەن ئېيتقان ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىش**

مېنىڭچە، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۈنسايىن ھەدەپ كېتىشىدە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار:

1، سوزۇق تاۋۇشلارنى جاراڭسىزلاشتۇرىۋېتىش، يەنى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاشۇ سوزۇق تاۋۇش ھالىتى بىلەن ئەينەن ۋە تولۇق تەلەپپۇز قىلماسلىق ئىللىتى ھەدەپ كەڭكەنلىكتىن، ئۆز قولىمىزدا يازغىنىمىز بىلەن ئېغىزىمىزدا ئېيتقىنىمىز بىردەك بولماسلىق ئادەتكە ئايلىنىپ قالماقتا. ئالايلۇق، تۈركىيە تۈركچىسىدىكى «kişi ،içmek، bir،biz » سۆزلىرى ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاشلا، «بىر، بىز، كىشى، ئىچمەك» يېزىلىدۇ. ئەمما، تۈركلەر يازغىنىنى ئەينەن ئوقۇيدۇ ۋە يازغىنى بىلەن ئەينەن قىلىپ سۆزلەيدۇ. بىز ئۇيغۇرلار بولساق، ئەمەلىيەتتە مەزكۇر كەلىمىلەردىكى «ئى» (i) ھەرپىنى ئېلىپبەدە ئۆگىنىلگەن پېتى ئەينەن « ئى » تەلەپپۇز قىلمايمىز. ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان يېرىمىز شۇكى، بىز دەل ئاشۇ «ئىچمەك» سۆزىدىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلماي، ئۇنى جاراڭسىزلاشتۇرىۋەتكەنلىكىمىزنىڭ كاساپىتىدىن، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كېلىدىغان «چ» ئۇزۇك تاۋۇشى «ش» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز مەزكۇر سۆزدىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىنى ئېلىپبەدە ئۆگەتكەن بويىچە راۋۇرۇس قىلىپ «ئى» تەلەپپۇز قىلىدىغان بولساق، بۇ ھالدا، «ئىچمەك» سۆزىنى «ئىشمەك» دەپ تاشلىمايمىز ۋە ھېچ قىينالمايلا، ھېچبىر بىئەپلىك ھېس قىلمايلا، يازغىنىمىزغا ئەينەن قىلىپ، «ئىچمەك» (iqmäk) تەلەپپۇز قىلالايمىز. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئەمەلىي تەلەپپۇزىمىزدىكى «سۈت ئىشتىم، سۇيۇقئاش ئىشكەندە، چاي ئىشكەن» دېگەندەك ئىللەتلىك تەلەپپۇز قىلىش جەزمەن يوقىلىدۇ.

2، تىل تەلەپپۇزىدىكى ھورۇنلۇق ـ ئۇيغۇر ئىملاسىنى بۇزىۋاتقان ۋە ئۇنى چېكى توختىماس قىلىپ قويىۋاتقان باش جىنايەتچى.

مېنىڭچە، دۇنيادا باتۇر مىللەت بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قورقاق مىللەت بولىدۇ؛ ئىشچان مىللەت بولغانىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھورۇن مىللەتمۇ بولىدۇ؛ ئەمدى، تىرىشىپ تىرمىشىپ، بىر مىليارد نوپۇسلۇق خەلق بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىمىزنى ھەم باتۇر ھەم ئىشچان مىللەت دېمىسەك ، خاتالىشىپ قالىمىز، ئەلۋەتتە. بىراق، لاپنى چۆرۈۋېتىپ ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ قارىساق، گۈزەل تىلىمىزدا بىر ئوبدان «ق» تاۋۇشى تۇرسا، ئۇنى«ق» تەلەپپۇز قىلماي «خ»

دېيىش، ئېلىپبەيىمىزدە «چ» فونېمىسى بار تۇرۇقلۇق خاھلىغان يەردە ئۇنى «ش» تەلەپپۇز قىلىش، «ر، ل، ھ، ن» قاتارلىق تاۋۇشلارنى بولسا، ھېچبىر سەۋەبسىز ھالدىلا تەلەپپۇز قىلماي تاشلىۋېتىش قاتارلىقلار تېگى ــ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۇرۇنلۇقنىڭ مەھسۇلىدۇركى ، بۇ يامان ئادەتنى تۈزەتمەسلىككە ھېچبىر ئاساسىمىز، بۇ ئۇسال ئىللەتنى تۇگەتمەسلىككە ھېچبىر ھەققىمىز يوقتۇر!

## ئىككىنچى. تەلەپپۇزدا تىل تاۋۇشلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ نەق زىيىنى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتابلاردا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايسىبىر تاۋۇشنى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان قولىيازما ئەسەرلەرنىڭ خاتىرىلىشىگە قارىغاندا، كېيىنكى چاغلاردا، بەزەن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئاۋام خەلق تىلىدا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەمما، قانۇنىيەتلىك ھالدا قايسى بىر تىل تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئادەت قىلىۋالغانلىقى ۋە بۇ ئادەتنى يېزىقتا ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈلمەيدۇ . ئەكسىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىدىكى «بارغاندۇ، كەلگەندۇ، تۇرغاندۇ، بولۇپتۇ...» سۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە، «بارغاندۇر، كەلگەندۇر، بولۇپتۇر...» شەكلىدىكى «ر» لىك سۆزلەر ئىكەنلىكى؛ «ـ دىكەن» قوشۇمچىسىنىڭ ئەسلىدە «ــ دۇر ئەركەن» شەكلىدە ئىكەنلىكى؛ «كېلەتتى، باراتتى، قىلاتتى ...» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ بولسا، ئەسلىدە، «كەلەر ئەردى، بارار ئەردى ، قىلۇر ئەردى» شەكلىدە ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. دېمەكچىكى، تىل تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنى گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا «مۇئەييەن بىر قىسقا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ھەتتا بىر كېچىدىلا شەكىللەنگەن ئىش» دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ يېزىق ۋە ئىملادا ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىپ، ئۆزىنى تىلنىڭ «تەبىئىي قانۇنىيىتى» شەكلىگە كىرگۈزۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىدىن بۇيانقى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، 1953 ــ يىلى ئىشلەنگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئىملا قائىدىسى» مەيدانغا كەلگەندىن بۇيانقى يېقى ئىش ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. ھالبۇكى، ئەگەر بىز ھەققىي ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلەلىدىغانلا بولساق، مەزكۇر تىل تاۋۇشلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنىڭ ئەدەبىي تىلدا ئېتىراپ قىلىپ، داۋاملىق كېڭەيتىشكە

ئەرزىيدىغان ئىلمىي ئىش ياكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئىللەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا لىللاھ يەكۈن چىقىرالايمىز.

مېنىڭچە، نەق پايدا ـ زىيان ئۆلچىكى بويىچە ئۆلچىگەندە، تىل تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا، تۆۋەندىكىدەك زىيانلارنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ:

1ـ ئۇقۇم خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاڭلىغۇچىنى تېڭىرقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئالايلۇق، سوپۇن ھەققىدىكى بىر ئېلاندا: « ‹بۇركۇت› ماركىلىق سوپۇن ئىش كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ» دېيىلىۋاتىدۇكى، بۇيەردىكى «ئىش كىيىمى» دېگىنى 工作服 نى كۆرسىتەمدۇ ياكى 内衣 نى كۆرسىتەمدۇ، ئاڭلىغۇچى دەرھال ئاڭقىرالمايدۇ. چۈنكى، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» دە « 工作服» نى «ئىش كىيىمى» دېگەندىن باشقا، «ئىچ كىيىم» دېگەن سۆزنىمۇ «ئىش كىيىم (kiyim ix) » دەپ تەلەپپۇز قىلىشلار، دەپ ئۆزگەرتىۋاتىدۇ .( قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 840 ـ بەت،1 ـ قۇر )

2ـ ئىملا قائىدىسىنى شەرھلىگىلى بولمايدىغان قىلىپ بۇزۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەسلىدىكى «مەن بارامدىمەن» جۈملىسىنى «مەن بارامدىمە» دەپ «ن» تاۋۇشىنى تاشلىۋېتىش ئاز، يېتەرسىز كۆرۈلۈپ، بارا ـ بارا «مەن بارامدىم» شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تولۇق بىر بوغۇمنى تاشلىۋېتىش ھەدەپ كېتىۋاتىدۇكى، بۇ يەردە، «مەن بارامدىم» چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ «سەن بارامدىڭ»، «ئۇ بارامدى» شەكلى بولمىغاچقا، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئىلمى ۋە خاس تىل قائىدىسى جەھەتتە، ئوچۇقلىغىلى ۋە ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان بىر يېتىم ۋە چولاق ھال بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

3ـ تاۋۇش چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە تىل تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇزدا ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى ۋە قايىل قىلارلىق شەرھى بولمىغاچقا، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، چەتئەللىكلەرگە ۋە باشقا مىللەت ئۆگەنگۈچىلىرىگە ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار: «مۇئەللىم، ئۇيغۇرلار زادى نېمە ئۈچۈن، ھەدېسىلا تاۋۇشلارنى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ق› نى ‹خ› غا ‹چ› نى ‹ش› غا ۋە ‹ج› نى ‹ژ› غا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىشىنىڭ زاكون ئاساسى نېمە؟ ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسىنىڭ

چېكى زادى قاچان توختايدۇ؟ يېزىش قائىدىسى قاچان مۇقىملىشىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي، تىرناق تاتىلاپ تۇرۇشماقتاكى ، بىلگەن ئادەمگە بۇ ـ بىر مىللەتنىڭ تىل ئوقۇتۇشىدىكى تولىمۇ ئەيىبلىك ھالدۇر!

4ـ تاۋۇش چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسىدىكى قائىدىسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى مەزكۇر ئەدەبىي تىل تەلەپپۇز لۇغىتىنى تۈزگەن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئالايلۇق، 1997ـ يىل نەشر قىلىنغان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى » نىڭ 124 ـ بېتىدە، «باج» لىق سۆزلەرنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇزى مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ.

| ئىملا | تەلەپپۇز |
|---|---|
| باج | baž( باژ ) |
| باج تۈرى | türi baž |
| باج تۈزۈمى | tüzümi baž |
| باج كىرىمى | kirimi baž |
| باج نىسبىتى | nisbiti baž |
| باجخانا | bažhana |
| باج ـ خىراج | hiraž baž |

لۇغەتنىڭ 219 ـ بېتىدە «تاج» لىق سۆزلەر مۇنداق بېرىلىدۇ:

| ئىملا | تەلەپپۇز |
|---|---|
| تاج | taj |
| تاج تۈكى | taj tüki |

| | |
|---|---|
| تاج كىيمەك | taj kiymäk |

بۇ لۇغەتنىڭ 611- بېتىدە،«كاج» لىق سۆزلەر مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

| ئىملا | تەلەپپۇز |
|---|---|
| - | |
| كاج | kaj ( كاج ) |
| كاج ئادەم | kaj adäm |
| كاج پەلەك | kaj päläk |
| كاج تەلەي | kaj täläy |

دېمەكچىمىزكى، مەزكۇر «باج، تاج، كاج» سۆزلىرى ئوخشاشلا بوغۇم ئاخىرى «ج» لىق بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ بىرسىدە، «ج» نى «ژ» غا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش راۋا كۆرۈلگەن. يەنە بىرسىدە بولسا، «ج» تاۋۇشىنى ئىملادىكى بىلەن ئەينەن ئوخشاش «ج» قىلىپ تەلەپپۇز قىلىش قانۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل پۈتۈنلەي ئوخشاش كاتېگورىيە، ئوخشاش بىر خىل قېلىپتىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئوخشىمايدىغان بولۇشى لازىملىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەرقانداق ئادەم ھەر قانداق قېلىپمۇ ئىلمىغا ئۇيغۇن قىلىپ چۈشەندۈرەلمەيدۈكى، بۇنى پەقەت ئۇيغۇرتىلى فونېتىكىسىدىكى ئالجوقلۇق قىلىش دېيىش مۇمكىن، خالاس!

5- ئەڭ مۇھىمى، مەزكۇر لۇغەت تۈزگۈچىلىرىنىڭ بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزى دىئالېكتى بولۇپ كېلىۋاتقان قەشقەر تىلى ( خاقانىيە تىلى ) تەلەپپۇزىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشى ئەڭ يۇز خاتىرىلىك سۆز بىلەن ئېيتقاندىمۇ خىيانەت ۋە چىدىماسلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەزەلدىن ئەبەتكە «قاچ» (跑)نى «قاش» دېمەيدۇ؛ «كەچ» (晚 上) نى « كەش » دېمەيدۇ؛ «باج» نى «باژ» دەپ تەلەپپۇز قىلمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ تىلىدا، «ئاچ» بىلەن «ئاش» سۆزلىرى بىر ـ بىرگە بەدەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىككى سۆزلەم؛

ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدا، بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ق» ( مەسىلەن: قوناق، يانتاق، ئوتلاق، يايلاق، تاق ــ تاق ماڭماق دېگەنلەرگە ئوخشاش) تاۋۇشى ھەرگىزمۇ «خ» ئېيتىلمايدۇ. تىلچىلىرىمىز بىلىسە، قەشقەر تەلەپپۇزى تا ھازىرغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نىڭ ئۆلچەملىك تىل تەلەپپۇزىنى ئومۇمەن ئەينەن ساقلاپ كېلىۋاتقان، پۈتكۈل ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان سەردار تەلەپپۇزدۇر. مىڭ ئەپسۇس، كېيىنكى ئەللىك يىلنىڭ مابەينىدە، قەشقەر تەلەپپۇزى تەلەپپۇز ئۆلچىمى ۋە نورمىسى ساھەسىدە ھېچ ئاساسسىز ھالدا، يەكلىنىپلا كەلدى. ئەگەر ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلساق، بۇ ــ بىر چوڭ نۇقساندۇر !

«بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن ئېيتقاندا، نەچچە مىليون نوپۇسلۇق قەشقەر يەنىلا ئۇيغۇر دۇنياسىنىڭ مەركىزى رايوندۇر. ئەللىك نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتمۇ قەشقەر تەلەپپۇزىنىڭ بىر نەچچە يۈز مىڭ تەرمە نوپۇسلۇق ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىغا قارىغاندا، ئىلمى، ئىلغار، تۇراقلىق ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋېتۇكى، بۇ رېئاللىق جەزمەن ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى. تارىختىن ساۋاق ئېلىش، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇش ئاساسىدا، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك كەسكىن بىكىتمە تۈزۈش زۆرۈر**

تارىخ بىزگە نېمە ساۋاق بېرىدۇ؟

2500 يىللىق تېبابەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئاشۇ سانغا ئۇلىشىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، تېبابەت، دورىگەرلىك ئىلمىنى ماياق بىلەن خاتىرىلىمەيدۇ ــ دە! « قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى» (قاراڭ: «قامۇسۇل ئەئلام» 3- توم،1876- بەت) بۇ ــ بىز ئۆزىمىز لاپچىلىق بىلەن دەۋالغان گەپ ئەمەس، بەلكى سەممىيەتچىل ، ھەققەتچىل چەتئەل ئالىملىرىنىڭ قايىللىق تۇيغۇسى ئىچىدە قىلغان خالىس باياناتى ۋە ئىللاھ باھاسىدۇر. دېمەكچىكى، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقى ھەققەتەنمۇ ئىپتىخارلىق ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە.

بۇ شانلىق تارىخنىڭ بىزگە بەرگەن زۆرۈر ۋە قىممەتلىك ساۋاقلىرى چىن كۆڭلىمىزدىن ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇكى، 1908 ــ يىلى دۇنياغا كەلگەن

چوڭ ھەجىملىك نادىر ئەسەر «تارىخى ھەمىدى» بۇ جەھەتتە بىزگە قىممەتلىك دەرس بېرىدۇ. ئالايلۇق، ئالىم مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ بۇ ئۆچيۈز توقسانبەش بەتلىك سەرخىل ئەسىرىدە، يەر ئىسمى «ئۆچتۇرپان» نىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى قىلىپ، «ئۇشتۇرپان» بولۇش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

« ئۇشتۇرپان قەدىم، كوھنا شەھەردۇر . ئىلگەرىكى ئاتى ‹ئۈچ› ئىكەن. مەنسۇرخان زەمانەلەرىدە ، ئادەملەرى بىئەدەبلىك قىلىپ، ئىتائەتتىن چىققان تۇغرادىن كايىب ، ئەمرۇل ئۇمەرا ئەمرى جەببار بەردى بەگ دوختۇيىنى لەشكەرلەرى بىرلە ئىبەرتىپ ، ئۈچ ئەھلىنى قەتلىئام قىلىپ، باقمەندەسىنى يۇرت ـ يۇرتقا تارقاتىپ ئەتىپ، تۇرپانىدىن ئادەم كۆچۈرۈپ ئالىپ كەلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاباد قىلغان ئەكەن. بۇ ۋەجھەدىن ، كەنت ـ ئايماقلارىنىڭ ئىسم ـ ناملارى تۇرپانىنىڭ كەنت ـ ئايماقلارى ئىسمى بىرلە مۇسەممادۇر : ‹ئۈچ› لەفزىغا ‹تۇرپان› لەفزىنى مۇنەززەم ئەتىپ، ‹ئۆچتۇرپان› دەيدۇر . بەلكى ئەغلاتى ئاممە بىلەن ‹ئۇشتۇرپان› ئاتاپتۇر » (قاراڭ: ‹تارىخى ھەمىدى› قولىيازما، 342- بەت، 7 ـ 13 ـ قۇرلار). (يېشىمى: ئۇشتۇرپان ــ قەدىمى بىر شەھەر بولۇپ، بۇرۇنقى نامى ‹ئۈچ› ئىكەن. مەنسۇرخان زامانىسىدا، خەلقى خانىنىڭ ئەمىر ـ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك، خان باش قوماندان، زالىم سەركەردە، بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۈچ خەلقىنى ئومۇمى قىرغىن قىلغان. قىلىچتىن ئېشىپ قالغانلىرىنى يۇرت ـ يۇرتقا تارقىتىۋەتكەن. كېيىن، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاۋاتلاشتۇرغانىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ نامى تۇرپاننىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان، يەنى ‹ ئۈچ › سۆزىگە ‹ تۇرپان › سۆزى قوشۇلۇپ، ‹ ئۈچتۇرپان › دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ھەر ھالدا، كېيىنچە، ئاۋاملارنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە ‹ئۇشتۇرپان› بولۇپ قالغان)

ئالىم مۇسا سايرامى بۇ يەردە، بىرىنچىدىن، ئەسلىدىكى «ئۈچتۇرپان» دىكى «چ» تاۋۇشىنىڭ ئاۋام خەلق تىلىدا «ش» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئاۋاملارچە خاتا تەلەپپۇز (ئەغلاتى ئاممە) دەپ ئاتايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇخىل ئاۋام خەلق تىلىدىكى خاتا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنىڭ كېيىنچە، يېزىق تىلىغىمۇ كۆچۈپ، ئەسلىدىكى «ئۈچتۇرپان» نىڭ «ئۇشتۇرپان» قىلىپ يېزىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆرسەتكەن. مىنىڭچە، بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئاشۇ بىر ئەسىر

بۇرۇنقى «چ٤ش» ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى بۇگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك دەرس ۋە پايدىلىق ساۋاق چىقىرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيتى بار.

دېمەكچىكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ «چ ٤ ش» ئۆزگىرىشى مەسىلىسى مەۋجۇد. ئالايلۇق، دېھقان- لىرىمىزدىن «قوناقلىقتا سۇ ئاچتۇق» دېگەننى «قوناخلىقتا سۇ ئاشتۇق » دەيدىغانلار بار؛ «قورساق ئاچتى» دىكى «ئاچتى» نىمۇ ، «يانچۇقتا پۇل ئاشتى» دىكى «ئاشتى» نىمۇ ئوخشاشلا «ئاشتى» دەپلا تۇگىشىدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇلارنى ئاز دەپ، تېلېۋىزورلىرىمىزدا، «ھوزۇر بېغىشلار ئىشكەندە ئۇنى، ‹ئاخ قوناخ› ماركىلىق شۇ ئېسىل مەينى» دېگەنگە ئوخشاش «چ» نى «ش»، «ق» نى «خ» تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ئېلانلار كۆنسايىن كۆپەيمەكتە. ئەڭ ئەجەللىك يېرى، بۇ خىل بولمىغۇر ئادەت بەزى تىلچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئويۇل – توپۇل ئېتىراپ قىلىنىپ، ئەدەبىي تەلەپپۇز لۇغەتلىرىگە، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلمەكتە. ئالايلۇق، 1997 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» دە، «ئاچ ـ زار» نى «ئاش ـ زار» ئوقۇۇڭلار، «ئاچقۇچ» نى «ئاشقۇچ » دەڭلار، « ئاچ ـ يالىڭاچ » نى «ئاش ـ يالىڭاچ» تەلەپپۇز قىلىڭلار،«تاق سان» نى «تاخ سان» دەڭلار، «تەقۋا» نى «تەخۋا»، «لەقۋا» نى «لەخۋا» تەلەپپۇز قىلىڭلار ، دەپ تەلىمات بېرىلگەن. (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 68 ـ 228، ـ 248، ـ 840 ، ـ بەتلەر)

تەبىئىيكى ، مۇنداق كېتىۋەرسە، يەنى بۇ خىل خاھىشقا بىر ئىلمىي چەك قويۇلمىسا ، بىر مەدەنىي نورما بېكىتىلمىسە ، خۇددى بىر ئەسىر بۇرۇنقى «ئۇچتورپان» دېگەن ئىسىم ئاۋام خەلقنىڭ بۇزۇق تەلەپپۇزىغا بويسۇنۇپ، ئاخىردا «ئۇشتورپان» دېيىلىدىغان ۋە يېزىلىدىغان بولۇپ قالغاندەك، يۇقىرىدا بىز مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن «چ» لىق سۆزلەر ئومۇميۈزلۈك «ش» لىق، «ق»لىق كەلىمىلەر بولسا، «خ» لىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە ئاخىرى بېرىپ، تەلەپپۇز بىلەن ئوخشاش يېزىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ھالبۇكى، يۈز يىللارنىڭ يالدامىسى بولغان شاھ ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي» دە ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا تالىق بىباھا پاكىتلار بىزنى ئويلاندۇرۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

كۆنىمىزدىكى رېئاللىق نېمە؟

1953 ـ يىلى ئىشلەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلىپبەسى ۋە ئىملا قائىدىسى » دە، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «خاھلا ــ (خواهلا ـ) »، «خاھ ــ ناخاھ (خواه ناخواه)» يېزىلغان سۆزلەرنى خالا ـ (la: ha) ۋە خايناخا (haynaha) قىلىپ يېزىشنى بېكىتتۇق. يەنى بىر يەردە، «ھ» تاۋۇشنى چۈشۈرۈپ قويساق، يەنە بىر يەردە ئۇنى «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىشنى ۋە يېزىشنى راۋا كۆردۇق. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «مەردىكار (مردكار)، ئۆتكەرمە ( اوتكارمه)، ئورغاق (اورغاق)، قارغا (قارغا)، كارناي» شەكلىدە يېزىلىپ ۋە دېيىلىپ كەلگەن سۆزلەردىن ھېچ ئاساسسىز ھالدىلا «ر» تاۋۇشىنى چۈرۈپ تاشلاپ، «مە:دىكار»(mä :dikar)، « ئۆتكە:مە» (ötkä: mä) ، »ئو:غاق» (o:ğak)، «قا:غا» (qa: ğa)، «كا:ناي (ka:nay) «دېيىشنى ۋە دېگىنىمىز بويىچە يېزىشنى ئومۇملاشتۇردۇق. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يۇقىرىقىدەك «ھ ، ر» ھەرپلىرىنى تاشلىۋېتىش ئۆز سىپىنى كېڭەيتىپ، «ل» ھەرپىنمۇ تەلەپپۇز قىلماسلىق، يەنى «كەلمەك» نى «كەمەك» (kä: mäk) دېيىش، «ئولتۇر ـ» نى «ئو:تۇر ـ» (o:tur) ئېيتىشقا قاراپ، سۆرئەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا .

بۇ خىل تاۋۇش چۈشۈرۈپ قويۇشتىن باشقا، بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ق» نى «خ» تەلەپپۇز قىلىش، «چ» نى «ش» ئوقۇش ۋە «ج» نى « ژ » دېيىشنى ئۆگىتىش ۋە تەرغىب قىلىش ھەدەپ كەتكەنلىكتىن، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان غەلىتىلىك ۋە قالايمىقانچىلىقتىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچىلەرلا ئەمەس ، بەلكى ئۆگەتكۈچىلەرمۇ ئوخشاشلا گاڭگىراش ھېس قىلماقتا.

1953-يىلى ئىشلەنگەن ئىلىپبە ۋە ئىملا قائىدىسىدىن باشلاپ ھېسابلىساق، ئەللىك يىلنىڭ ئىچىدە ئۈچ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتكەن ۋە بەش قېتىم ئىملا قائىدىسى يېڭىلىغان مىللەت بولۇپ قالدۇق. مەزكۇر بەش قېتىملىق ئىملا قائىدىسى يېڭىلاشتا، بىردەم «ھۆرمەت» نى «ھۇرمەت» دېمىز دېسەك، يەنە بىر دەم «ئىللىق» (温暖) نى «يىللىق» دېمىز دەپ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئەرزىمەس ئىشلارنى قىلدۇق . بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسىدە، ئەسلىدىكى «قولاي» سۆزىنى ( يەنى قولغا ئەپ كەلگەن ئىشنى ‹قولاي› دېيىشنى) «قۇلاي» دېمىز دەپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان، ھېچقاچان ۋە ھېچبىر ۋاقىتتا، باشقا بىر سۆزگە ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇقۇم خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىق دېلوسى بولمىغان «قولايلىق» سۆزلەرنى بىكاردىن ــ بىكارغا ئۆزگەرتىپ، «قۇلايلىق، قۇلايسىز، قۇلايلاشتۇرماق» دېمىز ۋە مۇشۇنداق يازىمىز

دېگىنىمىزگە قارىغاندا، بۇ خىل لاۋزىلىق ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ـ ئەيىۇھەننـاس !

كەلگۈسى بىزدىن نېمىنى كۈتىدۇ؟

ئەگەر بىز بۇ مەدەنىيەت رىقابىتى گويا قۇچاقلاشـما جەڭ ھـالىتىگە كـىرگەن بۈگـۈنكى دۇنيـادا، بىـر تىلنىـڭ مەۋجۇدلـۇقى ۋە تەرەققىيـاتى ئەمەلىيەتـتە شـۇ تىـل ئىگىسـىنىڭ مەۋجۇدلـۇقى ۋە تەرەققىيـاتى بىـلەن تەقـدىرداش بولغـان ئەڭ ئاساسـلىق ئامىـل ئىكەنلىكىنى بىلسەك ۋە ئېتىراپ قىلساق، بۇھالدا ، شۇ قەدەر يارقىن ـ يېقىملىق ۋە شۇ قەدەر ئەۋرىشـىم، بـاي ئىپادىلـىك، گـۈزەل ئۇيغـۇر تىلىمىزنـى ئۈنـۈك ئىلمىيلىكـى ۋە مەدەنىيلىكـى بىـلەن قوغـداپ قېلىشـنىڭ ھەقىقەتەنـمۇ ئەھمىيەتلـىك ۋە ھەقىقەتەنـمۇ ئۇلۇغ بىر ئىش ئىكەنلىكىنى يۈرىكىمىزدىن چوڭقۇر ھېس قىلىمىز ۋە تونـۇپ يېتىمىز، ئى، قېرىنداشلار!

ئەمدى، بۇ يەردىكى ئـاچقۇچلۇق مەسـىلە شـۇ: تىـل مەدەنىيىتـى دېـگەن نـېمە؟ بىـر تىلـدىكى سـۆز ـ كەلىمىلەرنـى ناخشـا قىلـىپ ئېيتقانـدىمۇ ئېنىـق ئـاڭلاپ ئـۇققىلى بولـدىغان، ھەرپ ـ بوغـۇملىرىنى ئېنىـق، ئاڭلىنىشـلىق قىلـىپ، تولـۇق ۋە راۋۇرۇس تەلەپپۇز قىلىش مەدەنىيەت بولامدۇ ياكى كەلىمىلەرنـى تەلەپپـۇز قىلىشـتىمۇ ھورۇنلـۇق قىلـىپ، ھەرپ ـ تاۋۇشـلارنى چۈشـۈرۈپ قويـۇش ۋە خاھلىغـانچە ئۆزگەرتـىۋېتىش مەدەنـىيەت بولامـدۇ؟ تىـل ـ يېزىـق ئوقـۇ ـ ئوقۇتۇشـىدىن مەقسـەت دېھقـاننى تىـل مەدەنىيىتـى بـويىچە زىيالىيلاشـتۇرۇش ئۇچۇنمـۇ يـاكى زىيـالىينى گەپ سـۆزدە دېھقانلاشتۇرۇش ئۇچۇنمـۇ؟ سـۆز ـ كەلىمىلەرنـى تەلەپپـۇز قىلىـش ۋە يېزىشتا، ئـاۋام خەلقنىڭ، دېھقانلارنىڭ تىل ئادىتىنى ئاساس قىلـىپ، شـۇلارنىڭ قۇيرۇقىـدا پىرقىـراپ يۈرۈش ئىلىم ھېسابلىنامدۇ يـاكى دېھقـانلىرىمىزنىمۇ، ئـاۋام خەلقىمىزنىمۇ تەربىيىلەپ، سۆز ـ كەلىمىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەي ، ھەرپ ـ تاۋۇشلىرىمىزنى يالماپ ـ يەۋەتمەي، ساق ـ ساغلام، توغرا ـ دۇرۇس تەلەپپۇز قىلىش مەدەنىيەت سانىلامدۇ ؟

تارىخىمىزغـا نەزەر سالسـاق، ئەجـداد ئـالىم بوۋىلىرىمىزنـىڭ ئۆزلىرىنـىڭ ئۆلۈمسىز ئەمگەكلىرى ئارقىلىق، تىـل مەدەنىيىتـى ۋە ئۈنـۈك ئەھمىيىتـى ھەققىـدە، ھـىدايەتلىك ساـۋاقلارنى ۋە نۇسـخىلىك يولىيـورۇقلانى بەرگەنلىكىنـى كـۆرىمىز . مۇنـداقچە قىلـىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان يازما ئەسەرلەرنى بۈگۈنكى زامانىۋى مەدەنىيىتىمىز

ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش سەممىيتى بىلەن بېرىلىپ مۇتالىئە قىلساق، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى » دىن ئۇلۇغ ئەلشىر نەۋائىينىڭ «ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» سىگىچە ، يۈسۈپ خاس ھاجىبىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بىدىن ئىسمەتۇللاھ مۆئجىزىينىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» بىغىچە،مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىينىڭ «تارىخى رەشىدى»سىدىن مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەمىدى» سىگىچە بولغان پۈتكۈل كلاسسىكلار گويا بىزگە ئەمەلىي ئۈرنەك كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ مۆھتەرەم ئالىم بوۋىلىرىمىز ئۆزىنىڭ شانلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگە شۇنداق دەرس بېرىدۇ: سۆز ــ كەلىمىلەرنى توغرا، تولۇق تەلەپپۇز قىلىش ۋە سۆز ــ ئاتالغۇلارنى ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ سۆز تۈپىنى ۋە ئېتمولوگىيىسىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولىغۇدەك قىلىپ دۇرۇس يېزىش بولسا، شۇ تىل ئىگىسى ئۈچۈن ئانا مەدەنىيەتتۇر !

ئۇيغۇر تىل ــ يېزىق مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدىكى مۇشۇنداق گۈزەل دەۋرگە ئېرىشەلىگەنىكەن ، بىز تىل ئەھلى، تىل خادىملىرى ۋە تىل ــ يېزىقىمىزنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇل ئاساسى بىلىدىغان بارلىق زىيالىيلار تىل تەرەققىيات تارىخىمىز تەمىن ئەتكەن ئەمەلىي پاكىتلاردىن ساۋاق ــ دەرس ئېلىپ، سۆز ــ كەلىمىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە گەپ ــ جۈملىلەرنى ئېخچىملاش قائىدىلىكلەشتۈرۈش مەسىلىسى بويىچە، پارلاق دەۋرىمىزنىڭ چاپسان قەدىمىگە ماس كېلىدىغان بىر ئىلمىي ئۆلچەمك ، بىر مەدەنىي پرىنسىپ بېكىتىپ چىقىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، كېلەچەكنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنىمۇ دەل شۇ!

ئۇنداقتا، بىزنىڭ بېكىتىمىز قانداق خاراكتېردە بولۇشى كېرەك؟

مېنىڭچە، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى بېكىتىمىز ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى دەۋرلىرىدە ئىپادىلىگەن ئەنئەنىسىنىمۇ ھېسابقا ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، دەۋرىمىزنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ تەلىپىنىمۇ نەزەرگە ئالغان ھالدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك كەسكىن بېكىتمە بولۇشى لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق:

**‹1› ئۇيغۇر يېزىقىدا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى يوقىتىش كېرەك.**

ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇيغۇر گراماتىكىسى ۋە يېزىق ئىملاسىدا، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى» دېگەن بىر ماۋزۇ بار. بىراق ۋىجدانىمىز بىلەن ئىدراك قىلىپ، چىن سەممىيىتىمىز بىلەن ئېتىراپ قىلساق، ئېغىزىمىزدا، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى» دەپ ئاتاۋاتىمىز ، ئەمما ئۆز قولىمىز بىلەن يازغىنىمىزدا بولسا، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى» قىلىپ ئىپادىلەۋاتىمىز . مەسىلەن: « ئاتا çئانىسى؛ دادا çدادىسى» دېگەن مىساللىنى ئالساق ، مۇشۇ يازغىنىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ئاياغ بوغۇمدىكى «ئا» ئەسلىدىكىدىن ئاجىز بولغان بىر «ئا» (å) غا ئاجىزلاشمىدى بەلكى «ئى» (i) دەيدىغان باشقا بىر مۇستەقىل سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگەردى. بۇ بىر ئەجەللىك مەسىلە!

مېنىڭ تەتقىقاتىمچە، ئۇيغۇر تىلىدا، سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىدۇ، يەنى «ئا، ئە» (a، ä) سوزۇق تاۋۇشلىرى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا، ئۆزلىرىدىن نىسبەتەن ئاجىز بولغان «ئا، ئە» (å،ä) تاۋۇشلىرىغا ئا جىزلىشىدۇ ، دېگىنىمىز توغرا. ئەمدى، بۇ خىل ئاجىزلاشقان سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز لۇغەتلىرىمىزدە ، ئاجىزلىشىش بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىپ قويساقلا كۇپايە قىلاتتى. بىراق، مەزكۇر ئاجىزلىشىش ھادىسىسىنى يېزىقىمىزدا، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى» قىلىپ ئىپادىلىشىمىز پۈتۈنلەي خاتا بولغانكى، بۇ خاتالىقنى جەزمەن ۋە ئۇزۇل ــ كېسىل تۈزىتىشىمىز لازىم. چۈنكى يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان «ئاتا، ئانا» سۆزلىرىنى ئالساق، ئۇلارغا 3ـ شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى «سى» نى قوشقاندا، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئا» سوزۇق تاۋۇشى ئۆزگە قوشۇلغان «سى» دىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىنىڭ تەسىرىدىن « ئاتا، ئانا » ئوقۇلغان چاغدىكى «ئا» (a) تاۋۇشىغا قارىغاندا ئاجىزلاشقان ۋە بىر چېكىتلا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ئا» (å) تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. ئەمدى، بىزنىڭ ئېلىپبەيىمىزدە، « ئاجىز ‹ئا›، ئاجىز ‹ئە› » دەيدىغان ئايرىم ھەرپ بولمىغانىكەن، مەزكۇر ئاجىزلاشقان «ئا» تاۋۇشىنى يېزىقتا يەنىلا نورمال «ئا» بىلەن ئىپادىلەپ «ئاناسى» قىلىپ يېزىشىمىز ۋە ئۇنى تەلەپپۇز لۇغەتلىرىمىزدە «anåsi» دەپ (ئىككىنچى بوغۇمدىكى ‹ئا› ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ) ئوقۇلىدۇ، دەپ ئىزاھلاپ قويساقلا كۇپايە قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىسى ئېنىقكى، بىز يېزىقتا زورمۇ ـ زور «ئاتىسى، ئانىسى» قىلىپ يازغىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچبىر ئۇيغۇر بۇ سۆزلەرنى «atisi، anisi» دەپ، ئىككىنچى بوغۇمنى ئېلىپبەدە ئۆگەتكەن «ئى» بويىچە تەلەپپۇز قىلمايدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، نازۇك تىل ماشىنىسىغا خاتىرىلىتىپ بېقىڭ!

يەنە دېسەك، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىغىلا تەئەللۇق بولغان خاس مۇلۇك ئەمەس، باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلىدىمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى مەۋجۇد. ئالايلۇق، تۈركلەرمۇ burası ( بۇ يەر ) alayım،) (ئالاي )، bakayım (باقاي)، دېگەن سۆزلەرنى ئېغىزدا burısı (بۇرىسى)، alıyım (ئالىيىم)، bakıyım (باكىيىم ) شەكلىدە دېگۈدەك تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەمما، يېزىقتا بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ، خالاس. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئېغىز تىلىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەرنى بىرمۇ ـ بىر قالدۇرماي ئىپادىلەپ كەلسە، «تىل ـ يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش» دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ!

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، 1953 ـ يىلى ئىشلەنگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملىپبە ۋە ئىملاسى» دا، «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ مۇئەييەن تىل تەلەپپۇز شارائىتىدا، ئۆزلىرىدىن تۆۋەنرەك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان « ä، å» لەرگە ئاجىزلىشىش ھادىسىسىنى يېزىقتا، ئېنىق ھالدىكى «ئې، ئي» لارغا ئۆزگىرىدىغان قىلىپ ئىپادىلەشنى نىزاملاشتۇرۇپ قويۇش بىر تارىخىي گۇناھ بولغان. بىز بۇ گۇناھنى يۇيۇپ تاشلىشىمىز، يېزىقىمىزدىكى «ئا، ئە ۋئي، ئى» ئۆزگىرىشىنى قەتئىي يوقىتىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، بۇ قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) غا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىنى ئاداققى جەھەتتىن قوغداپ قالالىشى ياكى قالالماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان جىددىي ھەم مەسئۇلىيەتلىك زور بىر ئىشتۇر!

2» سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىششىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم.

گۈزەل ئۇيغۇر تىلىمىزدا، «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئي، ئى» بولۇپ جەمئىي سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار. بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ـ ئەبەتكە جىنسى ئەركەك، جاراڭلىق تاۋۇشلاردۇركى ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز ئىچىدىن «جاراڭلىق سوزۇق تاۋۇش» ۋە «جاراڭسىز سوزۇق تاۋۇش» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنمەيدۇ . چۈنكى، بىر سۆز ـ كەلىمىدە، بىر سۆز بوغۇمىدا، «سوزۇق تاۋۇش جاراڭسىزلاشتى» دېگەن گەپ ئەمەلىيەتتە، «سوزۇق تاۋۇش نا جىنسىيلاشتى ، سوزۇق تاۋۇش يوقالدى» دېگەن سۆز. بۇ مەسىلىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر بىز «ئىچ، ئىش» دېگەن سۆزلەرنى تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرۈپ «iq ,ix » دەپ تەلەپپۇز قىلماي، تەلەپپۇز

لۇغىتىمىز تەلىم بەرگەندەك « i°x، i°ç» دەپ چىكىسىدە تۆشۈكى بار ناجىنسى قىلىپ، يەنى جاراڭسىزلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلساق، بۇ ھالدا مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بوغۇمىدا ئەمەلىيەتتە، سوزۇق تاۋۇش بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، سوزۇق تاۋۇش دېگەن مەڭگۈ جاراڭلىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇ جاراڭسىز بولسا، ھەرگىزمۇ سوزۇق تاۋۇش ھېسابلانمايدۇ .

روشەنكى، ئەگەر بىز «ئۇيغۇرتىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار جاراڭسىزلىشىدۇ» دېگەن لەنەتەگەردى يەكۈندە چىڭ تۇرساق ۋە ئەمەلىي تەلەپپۇزدا بۇ چۈشەنچىنى ئومۇملاشتۇرساق ، بۇ ھالدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىغىزىمىزغا ئۆزىمىز كاچاتلىغان، يەنى «ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر بىر سۆز بوغۇمىدا بىر دانە سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ» دېگەن تۈپ قائىدىنى يوققا چىقارغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش، سۆز – كەلىمىلەرنى شەكىللەندۈرۈش پرىنسىپىغا تالىق ئۇل – ئاساس نىزامىنى قاراپ تۇرۇپلا بۇزۇپ تاشلىغان بولىمىز، خالاس!

يەنە دېسەك، ھېچقانداق بىر تارىخى مەنبەدە، «ئۇيغۇرلار سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، بىر يېرىدىن يەل قېچىپ كېتىپ، پىسىرلاپ قالىدۇ» دەيدىغان بايان كۆرۈلمەيدۇ. دېمەكچىكى ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ھەرقانداق ئەھۋالدا، ھەرقانداق تىل شارائىتىدا، ئاشۇ ئىلىپبەدە ئۆگىتىلگەن سوزۇق تاۋۇش ھالىتى بىلەن راۋۇرۇس تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھالبۇكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئىقتىدارىمىزغا ئىشەنسەك، ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن شەكىللىنىپ قالغان مەزكۇر «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى» دەيدىغان ناكەس ئادەتنى تىل – تەلەپپۇز ساھەمىزدىن پاك – پاكىزە سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

ئەڭ مۇھىمى، بىز پەقەت ئۇيغۇرتىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەممىسىنى سۆز – كەلىمىلەرنىڭ ھەر قانداق يېرىدە، جاراڭسىزلاشتۇرماستىن ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان چېغىمىزدىلا، ئاندىن سۆز – كەلىمىلەردىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ھادىسىسىنى ئۈنۈملۈك توسىيالايمىز ۋە قەتئىي چەكلىيەلەيمىز . بۇ ئارقىلىق، سۆز – كەلىمىلەرنىڭ ھەر قانداق تىل شارائىتىدا ئۆزگىرىپ كەتمەي، ئوچۇق ۋە مەدەنىي تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز پەقەت «ئىچمەك، ئۇچماق، ئىچ كىيىم، ئىچ مايماق، ئىچ – قارىن، ئۇچقۇر، ئۇچقۇن،

قوچماق، كۈچلۈك...» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ھازىرقى تەلەپپۇز لۇغەتلىرىمىز تەلىم بەرگەندەك ئۇزۇن تاۋۇشلاشتۇرۇپ، يەنى جاراڭسىزلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلماي، ئېلىپبەيىمىزدە ئۆگىتىلگەن ئەسلى ھالىتى بويىچە «ü,u,i» تەلەپپۇز قىلىدىغانلا بولساق، بۇ ھالدا، مەزكۇر سۆزلەرنى «ئىشمەك، ئۇشماق، ئىش كىيىم، ئىش مايماق، ئىش – قارىن، ئۇشقۇر، ئۇشقۇن، قوشماق، كۈشلۈك» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ تاشلىمايمىز، بەلكى يازغىنىمىز بىلەن ئەينى قىلىپ، «içmäk، uçqun، uçmaq، uçqur، iç-qarin، içmaymak، içkiyim، quçmak، küçlük » دەپ راۋۇرۇس تەلەپپۇز قىلالايمىز، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىن چىقتىكى، ئاتالمىش «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىششى» ئۇيغۇرچە سۆز – كەلىملەردە، چېكى توختىماس تاۋۇش ئۆزگىرىشى بالاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان باش جىنايەتچى. بىز بۇ باش جىنايەتچىنى چوقۇم جازالاپ يوقىتىشىمىز كېرەك.

**3- تەلەپپۇزدا ئۇزۇن تاۋۇشلارنى چۈشۈرۈپ قويۇشنى مەنئى قىلىش كېرەك.**

تارىخى ۋە ئەمەلى پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، تەلەپپۇزدا «ر، ل، ھ، ي» قاتارلىق ئۇزۇن تاۋۇشلارنى چۈشۈرۈپ قويۇش ئۇيغۇرلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى دەۋرىگە كىرىشىنىڭ ئالدى – كەينىدە شەكىللەندۈرۈۋالغان بىر ئۇسال ئادەت. شۇنداقلا، گۈزەل ئۇيغۇر سۆز – كەلىملىرىنىڭ رىتىمچان، خۇش ئاڭلىنىشچان ۋە ساغلام ئۇستىخان ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، ئۇنى رەپرەپ، چولاق ۋە كەمتۈك قىلىپ قويۇۋاتقان يامان ئايەت. ھالبۇكى، ئەگەر بىز بۇ ئايەتنى يوقاتمىساق ، بۇ ئۇسال ئادەتنى يوق قىلمىساق، تىل تەلەپپۇزدا مەدەنىيلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز.

مەن تەجرىبە ئۈچۈن، «ئەكبەر، ئەسقەر» دېگەن ئىككى سۆزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ئەر – ئايال، چوڭ – كىچىك ئادەملەرگە تەلەپپۇز قىلدۇردۇم. ھېچبىر ئۇيغۇر ئۇلارنى «ئەكبە : ، ئەسقە : » دەپ، «ر» سىز تەلەپپۇز قىلمىدى. بۇنىڭدىن چىقتىكى، ئۇيغۇرلار بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ر» تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلالماسلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بىمار خەلق ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىپبەسىدىكى ئوتتۇز ئىككى ھەرپىنى سۆز – كەلىملەرنىڭ ھەر قانداق يېرىدە، ھەر قانداق تىل شارائىتىدا، ئوخشاشلا تولۇق ۋە ئوچۇق تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ساغلام خەلق. بۇ يەردىكى مەسىلە تىل –

مەدەنىيىتى ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئىللەتلىك تەلەپپۇز ئادىتىنى يوقىتىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز «بار» نى «با: »، «بازار» نى «بازا: »، «ئانار»نى «ئانا: » دېمەيدىغان، ھەدېسىلا «ر» تاۋۇشىنى يېمەيدىغان بولۇش؛ ئاندىن بۇنى ئاۋام پۇقرا ۋە بارلىق خەلقىمىزگە ئۆگىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، تىل تاۋۇشلىرىنى چۈشۈرۈپ قويماي، تولۇق تەلەپپۇز قىلىشنى بىر مەدەنىيەت ھېسابلاپ ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسى خالاس.

مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، ئەجدادىمىزدىن مىراس گۈزەل تىلىمىزنى بۇزۇپ، سۆز ــ كەلىمىلەردە ھېچبىر ئاساسسىزلا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلماي تاشلىۋېتىش ۋە بۇ خىل ئىللەتنى قائىدىلەشتۈرۈپ ، «بۇ دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تەلەپپۇز ئادىتى»، «بۇ دېگەن تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى» دېيىلىش ئەمەلىيەتتە ئىلمىسىزلىك، جاھىللىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىق ئىستېمالىدا، ئەدەبىي يېزىق تىلى ئارقىلىق ئەدەبىي جانلىق تىلنى يېتەكلەش، قەلەم ئارقىلىق ئېغىزنى يېتەكلەشنى يولغا قويۇپ، تەلەپپۇزدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى چۈشۈرۈپ قويۇش ئىللىتىنى پات ئارىدىلا تۈگىتىشىمىز كېرەك.

**4» تەلەپپۇزدا ئۈزۈك تاۋۇش ئۆزگىرىشكە ئومۇمىيەتتىن يول قويماسلىق لازىم.**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، ئاساسلىقى«ق» نىڭ «خ» غا، «چ» نىڭ «ش» غا ۋە «ج» نىڭ «ژ» غا ئۆزگىرىشى بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان تەلەپپۇزدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ھادىسىسى ئەمەلىيەتتە، پەقەت يېقىنقى يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ئاۋام خەلق ئارىسىدا، سىستېمىلىق تىل ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسى كۆرمىگەن ئاددىي پۇقرالار ئىچىدە، سەۋىيىسىزلىك ۋە بىلمىگەنلىكتىن ھەدەپ كېتىپ، بازار تېپىپ قالغان ئوسال ئادەت. ھالبۇكى، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز، خۇسۇسەن تىل ــ يېزىق ساھەسىدە تەر تۆكۈپ ئىشلەۋاتقان خادىملىرىمىز بۇ خىل ئوسال ئادەتنى ئۇنداق ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يۈرۈپ بايقىۋالغان «يېڭى بايقاندى»، «يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى» ساناپ، ئۇيۇل ــ تويۇللا لۇغەت ۋە دەرسلىك كىتابلارغا كىرگۈزۈپ، قانۇنلاشتۇرۇپ قويماسلىقلىرى لازىم. مېنىڭچە، بىزنىڭ تىل ــ يېزىق خادىملىرىمىز تارىخنىمۇ بىلىدىغان، كەلگۈسىگىمۇ كۆز يەتكۈزەلەيدىغان، ئەجدادلارنىمۇ تونۇيدىغان، ئەۋلادلارغىمۇ يۈز كېلەلەيدىغان، مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك

ئالىملاردىن بولۇشى لازىم. بىزنىڭ تىل ئالىملىرىمىز ئۆزلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان تىل ساھەسىنىڭ باشقا ھەرقانداق بىر ساھەگە ئوخشاشلا، ياخشى، ئاكتىپ نەرسىلەرمۇ، پاسسىپ نەرسىلەرمۇ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان بىر مەيدان ئىكەنلىكىنى ئاڭقارغان ھالدا، تىل ـ يېزىق ئىستېمالىدا ئاۋام خەلق ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان تىل ھادىسىلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ياخشى، ئاكتىپ ھادىسە، يەنە قايسىلىرىنىڭ بولسا، دەرھال توسۇش ۋە چەكلەشكە تېگىشلىك ناچار، پاسسىپ ھادىسە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئايرىيالايدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇشلىرى لازىم.

ئاندىن، تىل ھادىسىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، قائىدە ـ نىزاملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، جان باقارمەن مىيانە يولغا كىرىۋالماي، كەسكىن تەدبىرلىك بولۇش لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆنىمىزدىكى «ق؟ خ؛ چ؟ ش؛ ج؟ ژ» ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە، ياكى «ق، چ، ج» ھەرپلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبە جەدۋىلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ، «قاق» نى «خاخ» «قوناق» نى «خوناخ» «چاچ» نى «شاش»، «چۆمۈچ» نى «شۆمۈش»،«جاراز» نى «ژاژاز» دېيىشنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك، ياكى بولمىسا، «ق، چ، ج» تاۋۇشلىرىنى سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ ھەرقانداق يېرىدە يەل قاچۇرۇپ قويماي، ئەينەن، راۋۇرۇس تەلەپپۇز قىلىشنى نىزاملاشتۇرۇش لازىمكى، جەزمەن ئىككىنىڭ بىرى بولسۇن !

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمچە ، ئۇيغۇرلار ئۆز ئېلىپبەسىدىن «ق، چ، ج» ھەرپلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. شۇنداقىكەن، تىل تەلەپپۇز بازىرىدا، خاتا يېتەكچىلىكنىڭ كاساپىتىدىن كۆنسىرى يامراپ كېتىۋاتقان «ق؟ خ ؛ چ ؟ ش؛ ج؟ ژ» ئۆزگىرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە، ئوقۇغۇچىلارغا مەركەزلىك «ق، چ، ج» ھەرپلىرىنى سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ ھەرقانداق يېرىدە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىشى، تېلېۋىزور، رادىئو دىكتورلىرى ۋە پروگراممىا رىياسەتچىلىرى باشلامچى بولۇپ، ئۆز تىل تەلەپپۇزىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئىللىتىنى ئىمكان بار ئەڭ قىسقا زاماندا، ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشلىرى لازىم.

مېنىڭ تەتقىقاتىمچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تەلەپپۇزىدىكى «ئا ، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىز «ئا، ئە ‹ ä، å ›» تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىششىنى يېزىقتا «ئې، ئى»گە ئۆزگىرىش قىلىپ ئىپادىلەش، تىل تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويۇش ، سوزۇق تاۋۇشلارنى جاراڭسىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇزدا ئۆزگەرتىۋېتىش بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بۇ تۆرت ئىللەت ئۇيغۇر تىل – يېزىق ئىستېمالىنى مەدەنىيەتسىزلىك ۋە ئىلىمسىزلىك گىردابىغا سۆرەۋاتقان تۆرت چوڭ ئاپەتتۇر. ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرى جەزمەن بىر ئىنقىلاب قىلىپ، بۇ تۆرت چوڭ ئاپەتنى چوقۇم يوقىتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىل – يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ داغدام يولىدا، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

## خاتىمە

بىر چاغدا، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر نەچچە بۇرادىرىم بىلەن ئۇيغۇر تىل – يېزىق ئىستېمالىنىڭ كۈنىمىزدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا غەيرى رەسمىي زاكونلىشىپ قالدىم. بىر بۇرادىرىم قولىنى جۆنەپ تۇرۇپ: «مۇشۇ ‹تىل – يېزىق كومىتېتى› دېگەن ئورگان ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان مۇشۇ ئادەملەرلا بولىدىكەن، ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنىڭ چېكى مەڭگۈ توختىمايدۇ؛ سۆز ئاتالغۇلىرىمىز مەڭگۈ قېلىپلىشالمايدۇ» دېۋىدى، ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر رەنجىش ئىچىدە پۈچىلاندىم، خاپا بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئەمىسچۇ؟ دەۋرىمىزدىكى بۇ تىل – يېزىق كومىتېتى بىر ھوقۇقلۇق ئورگان. ئۇ يەردە پۈتكۈل ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇرۇمنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پىداكار ئالىملىرىمىز، تىل ئۇستازلىرىمىز ئىشلەيدۇ. ھالبۇكى، تىل – يېزىقىمىزنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە مۇقىملىشالماسلىقىنى قانداقمۇ ئۇ زاتلاردىن كۆرگىلى بولسۇن؟!

ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا، دەرس سۆزلەۋېتىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنىڭ ئالتە يۈز يىلغىچە مۇقىم ئىملادا بولغانلىقىنى ئىپتىخار بىلەن مەدھىيىلەۋاتسام، بىر ئوقۇغۇچى كەسكىن ئاۋاز بىلەن: «مۇئەللىم! چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى دەۋرىدە تىل – يېزىق كومىتېتى بارمىدى؟» دەپ سورىۋېدى ، تۇرۇپلا قالدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇجۇقۇپلا كەتتىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئەمسە، تارىخنى ۋاراقلاپ باقايلى. شۇنىسى قىزىقكى، ھېچبىر مەنبەدە، ئاز كەم ئالتە ئەسىرلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئۇيغۇر دۇنياسىنىڭ قايسى بىر يېرىدە، تىل ـ يېزىقنى ئىملا ۋە تەلەپپۇز بويىچە بىر قائىدىگە سېلىشنى، سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئورگان، يەنى بىر «تىل يېزىق كومىتېتى» نىڭ بولغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئۇنداق بولسا، كۈنىمىزدە تىل ـ يېزىقىمىزنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە مۇقىملىشالماي، توختىماي قورچۇلۇپ تۇرۇشنى بۈگۈنكى مۇشۇ تىل ـ يېزىق كومىتېتىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتامدۇ ـ يا؟

ئەگەر بىزنىڭ جاۋابىمىز «شۇنداق! » بولىدىغان بولسا، قولىمىزدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىشىمىزنىڭمۇ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولماي قالىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مەزكۇر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن مەخسۇس كۈچ ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن، تىل ـ يېزىقىمىزنىڭ زامانغا ماس ھالدا قائىدىلىكلىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشى ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلىۋاتقان ئورگان. ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان تىل خادىملىرىمىز ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ ئەمگەكلىرى ھالال ۋە ئەجىر مۇكاپاتقا مۇناسىپتۇر. ھالبۇكى، بىز پەقەت ھەر بىر يېڭى مۇدىر ئالماشسا، بىر قېتىم ئىملا قائىدە ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى يېڭىلايدىغان ئادەتكە خاتىمە بېرىپ، سەممىيەت بىلەن بېرىلگەن پىكىر ـ تەكلىپلەرگە نىسبەتەن «بۇ پىكىرنى كىم ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ قەيەرلىك، قانچە ياش...؟» دېيدىغان مەھەللىۋىيلىك زېھنىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلمىيلىك ۋە مەدەنىيلىك تارازىسى بىلەن ئۆلچەش ئاساسىدىكى خالىس ۋە دورۇس مۇئامىلىدە بولىدىغانلا بولساق، ئەڭ مۇھىمى، بىر ـ بىرىمىزنى ئېتىراپ قىلساق، بىر ـ بىرىمىزنى ئىچىمىزگە سىڭدۈرەلەيدىغان بولساقلا ، ئۆز ئىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز چوقۇم ياخشى ئىدارە قىلىپ كېتەلەيمىز. شۇ قاتاردا، تىل ـ يېزىقىمىزنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، تۇراقلىق ۋە نىسبىي مۇقىملىققا جەزمەن ئېرىشتۈرەلەيمىز، ئەلۋەتتە.

. 2004- يىل 4- مارت، پەيشەنبە، بېيجىڭدا يېزىلدى.

2005 ـ يىل 30 ـ سىنتەبىر، تولۇقلاندى.

# رادىل ئابلا تەكلىمسى ۋە ئۇيغۇر تۇرمۇش پەلسەپىسى

— «كۆڭۈلدىكى سۆز — رادىل ئابلا بىلەن يۈزمۇ يۈز»نى كۆرۈپ

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسى تەشكىللىگەن «رادىل ئابلا بىلەن يۈزمۇيۈز» سۆھبەت نومۇرىنى تەكرار ۋە ئەستايىدىل كۆردۈم. رىياسەتچى ئۆمىد غەنىنىڭ سۆھبەت ئاخىرىدا ئېيتقان: «ھۆرمەتلىك كۆرۈرمەنلەر، يۇقىرىدا كۆردۈڭلار ۋە ئاڭلىدىڭلار، رادىل ئابلا ‹قىينىچىلىق دېمەك مېنىڭ بايلىقىم دېمەكتۇر› دەپ قارىغان. ئىشىنىمەنكى، بۇ سۆھبەت سورۇنىمىزدىكى شۇنداقلا، ئېكران ئالدىدىكى قېرىنداشلارنىڭ قىيىنچىلىقى رادىل ئابلانىڭكىدىن ئاز ئەمەس. كۆرگىنىڭلارغا رەھمەت، خەير-خوش، كېلەر ساندا كۆرۈشەيلى!» دېگەن يەكۈن سۆزىنى گويا بىر نۇسرەت مەشئىلى بىلىپ سۆيدۈم.

ئەمسىچۇ؟ بۇ دۇنيادا كىمنىڭ قىيىنچىلىقى يوق؟ ھەممە ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقى بار. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالەمدە قىيىنچىلىقى يوق ئىنسان يوقتۇر. ئەمما، «‹قىيىنچىلىق دېمەك بايلىق دېمەكتۇر›، يەنى ‹مېنىڭ قىيىنچىلىقىم بار› دېگەن گەپ ‹مېنىڭ بايلىقىم بار› دېگەن بولىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەھمىيەتلىك يېرى، بۇ سۆز قۇرۇق گەپ قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر ساپساپچى ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەر بىر قەدىمىدە بىر ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ مېڭىۋاتقان بىر ئەمەلىيەتچى سەردار ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قەلبىمنى لەرزىگە سالدى، كۆڭلۈمنى قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزگىچە رام قىلىپ ئالدى.

مەن رادىل ئابلاغا چىن پۈتتۈم. ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇغان سەممىيەت بىلەن ئۇتتۇرىغا قويغان «قىيىنچىلىق = بايلىق (قىيىنچىلىق باراۋەر بايلىق)» دېگەن تەپەككۇر جەۋھىرىنى شەرتلىك ھالدا، «رادىل ئابلا

تەڭلىمىسى» دەپ ئاتىدىم ۋە بۇ تەڭلىمىنى يېشىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتلىك جاۋابىم بىلەن، رادىل ئابلاغا جۆر بولۇشقا ناياب ئۆمرۈمنى ئاتىدىم!

رادىل ئابلا تەڭلىمىسى ماتېماتىك تەڭلىملا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پەلسەپىلىك تەڭلىمىدۇر. شۇڭا بۇ تەڭلىمىنى يېشىش ئۈچۈن، ئېلىش-قوشۇش ئەمىلىنى بىلىشتىن باشقا، تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئامىللارنى ئوبدان ۋە توغرا تونۇش مەرىپىتى بولۇش كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، «قىينچىلىق = بايلىق» تەڭلىمىسىنى يېشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «قىينچىلىق» قانداق ئەھۋالدا، ئاندىن «بايلىق»قا باراۋەر بولىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. رادىل ئابلانىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، گويا بۇ تەڭلىمىنىڭ يېشىمىنى ئىمالىق ئىزاھلاپ كۆرسەتكەنلىكى ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا، قىينچىلىق بايلىققا باراۋەر بولىدۇ:

(1) ئاڭ جەھەتتىن قىينچىلىقنى توغرا تونۇش. قىينچىلىق دېگەن زادى نېمە؟ باشتىن ئېيتساق، قىينچىلىق دېگەن تەۋەللۇتتىكى ئانىنىڭ تۇنجى ئىنجىقى؛ بۇدرۇق بۆۋەكنىڭ تۇنجى قەدىمىكى، ئانىنىڭ ئىنجىقى بولمىسا، ئانا ئىنجىقلاشقا جۈرئەت قىلمىسا، ۋەلەد (پەرزەنت) تەۋەللۇت بولمىغان (تۇغۇلمىغان) بولاتتى، ھاياتتىكى داۋامەتلىك بولمىغان بولاتتى؛ بوۋاق تۇنجى قەدەمگە جۈرئەت قىلمىغان بولسا، مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇش نېسىۋىسىدىن بەھرىلىنىپ، راھەت ياشىمىغان بولاتتى. مۇندىن چىقتىكى، قىينچىلىق ھەر قانداق ئىنسان ھەر قانداق ئىشتا دۇچ كېلىدىغان تەبىئىي ئۆتكەل ۋە زۆرۈر پەللە. يەنىمۇ ئېچىپ ئېيتقاندا، قىينچىلىق ئىنساننىڭ دۈشمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى، سەپەردىشى-يولدىشى، خالاس! روشەنكى، ئاڭ جەھەتتىن قىينچىلىقنى توغرا تونۇش، دۇرۇس ئاڭقىرىش بولسا، مەزكۇر «قىينچىلىق = بايلىق» تەڭلىمىسىنى يېشىشتە، ئاساسنىڭ ئاساسىدۇر.

(2) قىينچىلىقنى سۆيۈش. قىينچىلىق ئىنسان تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي ئۆتكەل ۋە بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان زۆرۈر پەللە بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سۆيۈملۈكتۇر. ئىنسان قىينچىلىقنىڭ مۇشۇ سالاھىيىتىنى تونۇغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا توغرا يۈزلىنەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاچمايدۇ. چۈنكى بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە قىينچىلىقتىن قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن

قېچىش بىلەن بىھۇدە ئاۋارە بولغاندىن كۆرە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئېتىراپ قىلىپ ۋە سۆيۈپ تۇرۇپ يېڭىش كېرەك بولىدۇ.

مېنىڭچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى «تاشنى چايىنغىلى بولمىسا، سۆيۈش كېرەك. (‹تۈركىي تىللار دىۋانى›، 1-توم، 221-بەت)» دېگەن ماقالمۇ، قىيىنچىلىقنى قورقۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىش ۋە سۆيۈش بىلەن يېڭىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

(3) قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە، جانلىق، ئاكتىپ ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇش. بىزنىڭ قىيىنچىلىقنى تونۇشىمىز ۋە ئۇنى سۆيۈشىمىز ئاداققى جەھەتتىن ئۇنى يېڭىش ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئىنساندا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ جاسارەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە پاراسەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل تەل بولۇشى كېرەك. جاسارەت قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بىر ئىنساندا ئالدى بىلەن، قىيىنچىلىققا توغرا يۈزلىنەلەيدىغان جاسارەت، مۈشكۈلچىلىكلەرگە دۇرۇس قارىيالايدىغان جۈرئەت بولۇش كېرەككى، بۇ بولمىسا، قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەمدى، قىيىنچىلىقنى تونىغان، جۈرئەت-جاسارەت بىلەن ئۇنى يېڭىشكە ئاتلانغاندىن كېيىن بولسا، نۇسرەت قازىنىشقا زۆرۈر بولغان ئەمەلىي ھەل قىلغۇچ چارە كېرەك بولىدۇكى، بۇ چارە جىسمانىي كۈچ-قۇدرەت ئىشلىتىش بولۇشىمۇ، مەنىۋى ئەقىل-پاراسەت قوللىنىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.مۇئەييەن ئەقىدىگە ساھىب بولغان نورمال ئىنسان بۇ دۇنيا ياشامى جەريانىدا، ھامان بىر خىل ياخشى ئارزۇ، ئەزگۈ تىلەك ۋە غايىۋى مەقسەتنىڭ تەلپۈندۈرۈشىگە جور بولۇپ ئۆتىدۇ. ئەمدى ئاشۇ ئارزۇ ۋە غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ياكى مەزكۇر ئارزۇ ۋە غايىنىڭ خىيالى بىلەنلا چەكلىنىش جەھەتتە، ئىنسان يەنە «ئاكتىپ» ۋە «پاسسىپ» ياكى «ئەمەلىيەتچىل» ۋە «خىيالپەرەس» دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش، كۆڭۈل تىلىكىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈرەش قىلغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەنگەن ئىنسانلارلا دۇنيا ياشامىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل ئاكتىپ كۈرەش قىلىش ۋە بۇ خىل ئىزدىنىش بولسا، ئىنساندىن يېتەرلىك جىسمانىي كۈچ-قۇدرەت بىلەن مۇناسىپ پەم-پاراسەت كۈتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇئەييەن بىر ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈچ بىلەن بولۇشىمۇ، پەم بىلەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھال بەزەن چاغدا، ئىنساننىڭ

جىسمانىي كۈچ ئىشلىتىپ كەسكىن ۋە قەتئىي بولۇشقا ھاجەتمەن بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا، ئاددىي قوپال ئەمەس، بەلكى سەبىرچان، تاكتىكىلىق ۋە سىلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «كەسكىن ۋە قەتئىي بولدۇم» دەپ، مۇشت ئىشلىتىپ قويۇپ، نەتىجىدە مەقسەتكە يېتەلمەي داغدا قالغاندىن، ھوش ئىشلىتىپ، مەسىلىنى ئىمكان بار سىلىق ئىلمىي يول بىلەن ھەل قىلىپ، مۇددىئا غايىسىگە يېتىش ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاكتىپ ياشاش ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا كىرىدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇئەييەن ئەقىدىگە ساھىب بولغان نورمال ئىنسان بۇ دۇنيا ياشامى جەريانىدا، ھامان بىر خىل ياخشى ئارزۇ، ئەزگۈ تىلەك ۋە غايىۋى مەقسەتنىڭ تەلپۈندۈرۈشىگە جور بولۇپ ئۆتىدۇ. ئەمدى ئاشۇ ئارزۇ ۋە غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ياكى مەزكۇر ئارزۇ ۋە غايىنىڭ خىيالى بىلەنلا چەكلىنىش جەھەتتە، ئىنسان يەنە «ئاكتىپ» ۋە «پاسسىپ» ياكى «ئەمەلىيەتچىل» ۋە «خىيالپەرەس» دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش، كۆڭۈل تىلىكىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈرەش قىلغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەنگەن ئىنسانلارلا دۇنيا ياشامىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل ئاكتىپ كۈرەش قىلىش ۋە بۇ خىل ئىزدىنىش بولسا، ئىنساندىن يېتەرلىك جىسمانىي كۈچ-قۇدرەت بىلەن مۇناسىپ پەم-پاراسەت كۈتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇئەييەن بىر ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈچ بىلەن بولۇشىمۇ، پەم بىلەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھال بەزەن چاغدا، ئىنساننىڭ جىسمانىي كۈچ ئىشلىتىپ كەسكىن ۋە قەتئىي بولۇشقا ھاجەتمەن بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا، ئاددىي قوپال ئەمەس، بەلكى سەبىرچان، تاكتىكىلىق ۋە سىلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «كەسكىن ۋە قەتئىي بولدۇم» دەپ، مۇشت ئىشلىتىپ قويۇپ، نەتىجىدە مەقسەتكە يېتەلمەي داغدا قالغاندىن، ھوش ئىشلىتىپ، مەسىلىنى ئىمكان بار سىلىق ئىلمىي يول بىلەن ھەل قىلىپ، مۇددىئا غايىسىگە يېتىش ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاكتىپ ياشاش ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا كىرىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن «قىيىنچىلىق دېمەك بايلىق دېمەكتۇر» دېگەن رادىل ئابىلا تەڭلىمىسىنىڭ بىباھا قىممىتى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ «ئەمگەك بىلەن ھالال ياشاش» قىلىپ ئېپادىلەپ كېلىۋاتقان تۇپلۇك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى مەنبە قىلغانلىقىدا دەپ قارايمەن. ئىزدىنىش ۋە پارلاق ئەسلىمىزنى قېزىش تىلىكىدە، ئۇلۇغ

ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن بۈيۈك قاموس «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن قوللىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ مىغىزلىق شەرھىنى كۆرۈپ سۆيۈنىمىز. ئالايلۇق:

ئىشچاننىڭ ئەرنى(لېۋى) ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق. ئىشچان ئادەم تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى تاماقلارنى، سېمىز گۆشلەرنى كۆپ تېپىپ يېگەچكە، كالپۇكى ياغلىشىدۇ؛ ھورۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ئېرىنچەكلىكىدىن ئىشتىن قېچىپ، تاياق يەپ بېشىنى قانىتىدۇ. بۇ ماقال ھورۇنلۇقنى تاشلاپ، ئىشچان بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. قاراڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»(ت ت د)، 1-توم (ت 1)، 96-بەت(ب)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى.

تىكمىگىچە ئۈنمەس، تىلمىگىچە تېپىلماس. يەنى دەرەخ تىكىلمىگىچە ئۈنمەيدۇ، مۇراد-مەقسەت ئىزدەنمىگىچە قولغا كەلمەيدۇ. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تىرىشىش لازىملىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.(ت ت د، ت2، 27 ب)

يازدا قاتتىق ئىشلىسە، قىشتا سۆيۈنەر. (ت ت د، ت3، 218 ب)

ئەمگەك بىكار كەتمەس. بۇ ماقالنىڭ مەزمۇنى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «ان مع العسر يسرا» (ئىنە مەئەلئۇسرى يۇسران: ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار) دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. (ت ت د، ت1، 149 ب)

كىچىكىدە قېتىرقىنسا، ئۇلغايغاندا(قېرىغاندا) سۆيۈنەر. (ت ت د، ت2، 390ب) مانا بۇ ماقاللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش پەلسەپىسى ئالدى بىلەن، ئىشچانلىق پەلسەپىسى، ئىش-ئەمگەكنى سۆيۈش پەلسەپىسى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

مەلۇمكى، بۇ دۇنيادا ياشاش، ھايات كەچۈرۈش ئەمەلىيەتتە بىر پائالىيەت جەريانىدۇر. ئەمدى، ھەر قانداق بىر ئىنسان بۇ پائالىيەت جەريانىنى ياخشى نەتىجىلىك ۋە ئىمكان بار راھەتلىك قىلىش، مۇمكىن بولغىنىچە ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەمگەك قىلىشقا، تەر ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا،

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئاندا: «لىس للانسان الا فى السۇ» (لەيسە لىلئىنسان ئىللا فىسسەئا: ئىنسان ئۈچۈن، سەئيى-ئەھتىمام قىلىشتىن، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشتىن باشقا يول يوقتۇر.) دېيىلىدۇ. دېمەكچىكى، ئەمگەك قىلىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىنسان ياشامى ئۈچۈن، بىر خىل زۆرۈرىيەتتۇر، بىر خىل مەجبۇرىيەتتۇر. ئەمما ئىنسان مۇشۇ ئەمگەكنى سۆيۈش-سۆيمەسلىك مەسىلىسىدە، «ئىشچان» ۋە «ھۇرۇن» دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشچان بولۇشنى، ئەمگەكنى سۆيۈشنى ئۆزلىرىگە تۇپكى تۇرمۇش پەلسەپىسى قىلغاچقا: «ئىنسان ئەمگەك قىلسا، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، يەنى ئىشچان بولسا، بۇ ھالدا، ھايات پائالىيىتى ياخشى نەتىجىلىك بولىدۇ، لېۋى ياغلىشىدۇ، تۇرمۇشى ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتىدۇ» دەپ قارىغان ۋە بۇ قاراشنى ئومۇملاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىنسان ھاياتىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە: «ھۇرۇننىڭ بېشى قانلىق» دېگەن كەسكىن يەكۈن بىلەن، خەلقنى ئاگاھلاندۇرغان. شۇنداقلا،«ئەزمىگە بوسۇغمۇ داۋان كۆرۈنۇر»(ت ت د، ت1، 59 ب)، «ئېرىنچەككە بۇلۇت كۆلەڭگىسى يۈك بولۇر»(ت ت د، ت1، 186 ب) قاتارلىق ماقالىلار ئارقىلىق، ھۇرۇنلۇق ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۆككەن ۋە جىددىي تەنقىد قىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلار مىڭ يىللار مابەينىدە ئەمگەك بىلەن ياشاشنى ئۆزلىرىنىڭ تۈپلۈك تۇرمۇش پەلسەپىسى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، تارىخ بويىچە ئالدىغا ئۇچرىغان تۈرلۈك-تۈمەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەۋجۇتلۇق ئالەمىدە ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋە داستىخىنى ۋە تىرىكچىلىك ئورنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ساقلاپ، تەرەققىيات دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرلىرىگە سالامەت يېتىپ كېلەلىگەندۇر. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە، رادىل ئابلا ئەپەندىنىڭ ئەجدادلار روھى شادلىق ۋە قۇۋانچ بىلەن ئېيتىشقانلىرىغا جاسارەت بىلەن ئىشلەپ ئۆلگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا قىلغان «قىيىنچىلىق دېمەك بايلىق دېمەكتۇر» دېگەن خىتابى ئەمەلىيەتتە، بۇ گىگانت ئىنسان ۋەكىللىك قىلغان پىداكار كارخانىچىلارنىڭ مىللەتنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ رەھىمسىز رىقابەت دېڭىزىدىن زەپەر قۇچۇپ چىقىشى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇيۈك تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىدۇر.

ھاسىلكالام، رادىل ئابلا تەگلىمىسى كۈچلۈك ۋە ئىلغار پەلسەپە ئاساسىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشەنچلىكتۇر؛ بۇ تەگلىمە «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ، جان تىكىپ

ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتقان بۇ دەۋرىمىزدە، ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشىغا ساھىب بولغان ھالدا، ياشراق كىشىلەر يۈزلەنگەن ياتلىشىش بىلەن قىممەتلىكتۇر؛ قاراپ تۇرۇشلار، مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن كۆرسىتىمەن، قىزىقىشىم، سەنمۇ سىناپ باققىنىڭ، بۇ تەڭلىمىنىڭ يېشىمى جەزمەن ھىدايەتلىك ۋە نۇسرەتلىكتۇر!

# پەرق ۋە بەرق (1)

(چاتما ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

### مۇقەددىمە

روناق تاپىمەن دېسەڭ، روناق تاپقانلار بىلەن ئۆزۈڭنى سېلىشتۇرۇپ پەرقىنى تاپ. پەرقنى تاپساڭ، ئۇنى ئېتىراپ قىلساڭ ۋە ئۇ پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سەممىيەت بىلەن، جاسارەت بىلەن ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن تىرىشساڭ-كۈرەش قىلساڭ، ئاندىن سەنمۇ بەرق ئۇرۇپ راۋاجلىنىسەن، روناق تاپىسەن!

بىر ئىنسان ئىككىنچى بىر ئىنساندىن، بىر توپلۇم يەنە بىر بىر توپلۇمدىن، بىر مىللەت يەنە بىر باشقا مىللەتتىن يا ئەندىن ۋە يا بويىدىن، مەيلى ئۇ مائارىپ- مەرىپەت سەۋىيەسى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئەقىدە-ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى پىسخىكا، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتىن بولسۇن، ئازدۇر كۆپتۇر بولسىمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇكى، ئىنسانلار ئارىسىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بۇ خىل مۇئەييەن دەرىجىدىكى پەرقنىڭ مەۋجۇدلۇقى تەبىئىي بىر ئەھۋال. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇ خىل پەرق ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشىنى، راۋاجلىنىشىنى ۋە ئالغا بېسىشىنى زۆرۈر مەنۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدىغان ئورتاق بايلىقتۇر. ئەمدى، بۇ تۈر تەبىئىي ۋە قىممەتلىك پەرقنىڭ ئەزەلدىن ئەبەتكە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى شۇ ئىنساننىڭ ياكى ئىنسانلار توپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بولسا، ئۇنىڭ قالاقلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، بەرق ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئېپتىداسى- بىسمىللاھىسىدۇر!

بىر ئىنسان بىلەن ئىككىنچى بىر ئىنسان، بىر جامائەت بىلەن يەنە بىر جامائەت، بىر مىللەت بىلەن باشقا بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېپىش ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەت كېتىدۇ. ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ كاللاڭنى مەرىپەت ئوزۇقى بىلەن تويۇندۇرمىساڭ، پەم-

پاراسەت كۆزۈك يورىمايدۇ. بىلىك بىلەن تويۇنغان پاراسەتلىك كۆزۈك بولمىسا، ئەمەلىي پەرقلەر ئالدىدا دۆۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەيسەن.

پەرقنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق ئەمەس، بەلكى بىر كەمچىلىك، بىر نۇقسان ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنى توغرا تونۇش، يەنى ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن جاسارەت كېتىدۇ. ئادەتتە، ھەر قانداق بىر ئادەم «بىزنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇچىلىقىمىز يوق» دېگەندە، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش جەھەتتە، ئەسلىدە ئوخشاش پىچىم، ئوخشاش نەرق ۋە ئوخشاش قىممەتتە بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىدۇ، مېنىڭچە.

كەمچىلىك ۋە نۇقسان بولغان ئۇ پەرقنى تونۇپ، ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ۋە ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن، جاپالىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئەمگەك كېتىدۇ. ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ قالاق، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغان، پاسسىپ ھالىتىڭنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولمىساڭ، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، گۈللىنىش ئۈچۈن ئۆزۈڭ تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلمىساڭ، باشقىلار سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىكاردىن بىكارغا، ھېچ بەدەلسىز ياخشىلاپ قويمايدۇ. «رووۇك ئەھۋالىمنى ئۆزگەرتىپ، روناق ھالەتكە يېتىمەن» دېگەن ھەر قانداق بىر شەخس، ھەر قانداق بىر توپلۇم-جامائەت ۋە ھەر قانداق بىر مىللەت بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

مەن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، ئۆزۈمنىڭ كۆرگەنلىرى ۋە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەمەلىي مىسال قىلىپ، «پەرق ۋە بەرق» ماۋزۇلۇق بۇ چاتما ئەدەبىي خاتىرىگە تۈزۈش قىلىپ قالدىم. مەن پەرقنى تېپىشتا، كۆپىنچە ياش ۋاقتىمدىكى مەن ۋە ئەتراپىمدىكى ھەمداستىخانلىرىم بىلەن بۈگۈنكى باللىرىم ۋە ئوقۇغۇچى-شاگىرتلىرىمنى سېلىشتۇردۇم؛ جامائەت ۋە مىللەتلەردىن سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بىزگە قېرىنداش بولغانلىرىنى، ماگا بەكرەك چۈشىنىشلىك بولغانلىرىنى ئالدىن ئويلاشتىم.

بۇ يازمىشلىرىمدىن مۇددىئا يەنىلا قېرىنداشلارچە مۇڭدىشىش، ياشامغا زۆرۈر ئاساسىي بىلىكلەر ئۈستىدە، ھەممەسىلەكلەر بىلەن ئۆز ئارا پىكىر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق، بىزنىڭ ياشامىمىزغا سەمىمىي ۋە خالىس كۆز بىلەن قاراپ،

قىلغان ئەتكەنلىرىمىزنى بولۇشلۇق باھالايدىغان بالىلىرىمىزغا. ئەۋلادلىرىمىزغا سەممىي مەسلىھەت بېرىشتىن ئىبارەت، خالاس.

## سەھەر قوپۇش ئۇخلاشتىن ئەۋزەل

مۇندىن بىر كەم ئەللىك يىل بۇرۇن، يەنى 1963-يىل. قەشقەر 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى (بۈگۈنكى قەشقەر شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ)گە ئوقۇشقا كىردىم. مەزكۇر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى پۈتكۈل قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرلا بولغاچ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق 12 ناھىيە ۋە ئاپتونوم ناھىيەدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىناتتى. ئۆيى مەكتەپكە يىراقلار ۋە ئىختىيار قىلغانلار ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيتتۇق. تاماق-ياتىقىمىز مەكتەپتە بولغاچ، تۇرمۇشىمىز ھەربىي گازارما تۇرمۇشىدەك قاتتىق ئىنتىزاملىق، ئەمما تولىمۇ تەرتىپلىك ئىدى: سەھەر سائەت ئالتىدە، مەكتەپ رادىئو ئۈزەلىدىن ياڭرايدىغان ئورۇندىن تۇرۇش مۇزىكىسى بىلەن تەڭ ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق. تەنتەربىيە مەيدانىغا چىقىپ، سىنىپلار بويىچە رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپ، گىمناستىكا ئويناتتۇق. ئاندىن، ياتاققا قايتىپ، يۈز-كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، سىنىپلىرىمىزغا كىرىپ، بىر سائەت ئەتىگەنلىك دەرس مۇزاكىرىسى (ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش) قىلاتتۇق. ئاندىن، ياتاقلىرىمىزغا چىقىپ، قاچا-قوشۇقلىرىمىزنى ئېلىپ، مەكتەپ تاماق زالى (چوڭ يىغىن زالىمۇ شۇ ئىدى) غا بېرىپ، ئەتىگەنلىك تاماق يەيتتۇق. سائەت سەككىز بولغاندا، ئۆيىدىن كېلىدىغان بالىلار بىلەن بىرگە رەسمىي دەرسكە كىرەتتۇق. بەزەن چاغلاردا، ئەتىگەنلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش (自习) ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بولىدىغانمۇ بولغانىدى. مۇنداق چاغلاردا، ئۆيىدە يېتىپ ئوقۇيدىغان بالىلارمۇ كېلىپ، ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىگە قاتنىشاتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا، شۇ چاغدىكى 14-15ياشلىق بىزلەردىن: «بەك سەھەر تۇرۇپ كەتتۇق، كۆپرەك ئۇخلىۋالساق بولاتتى» دەپ قاخشايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەكسىچە، سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش مۇزىكىسى چىقىشتىن بىر سائەت بۇرۇن، يەنى سەھەر سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا، ھەتتا، مەكتەپ سىرتى كوچىغا چىقىپ، يۈگۈرەپ چېنىقىدىغان نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمىز بار ئىدى. مەكتىپىمىز بىلەن ئارىلىقى ئونبەش-يىگىرمە كىلومېتىر يىراق كېلىدىغان

«ئـاۋات»، «يېڭـئۆسـتەڭ» دېـگەن يـۇرتلاردىن ئەتىگەنلىـك مـۇزاكىرىگە ئۇلگـۇرۇپ كېلىدىغان بىر مۇنچە ساۋاقداشلىرىمىز بولىدىغان: قارىساڭ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئاناردەك قىپ-قىزىـل، كۆزلىرىـدىن هـارغىنلىق ئەمەس، ئىـنتىلىش، چـىدام ۋە غەيـرەت ئۇرغـۇپ تۇراتتى.

مۇندىن ساق قىرىق يىل مۇقەددەم، يەنـى 1972-يىـل، بېيجىـڭ مەركـىزىـى مىللەتـلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئۇ چاغدىكى مەكتەپنىڭ يېتىش-قوپۇش تۈزۈمى ئاشۇ ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىمىز بىلەن ئوپئوخشاش دېگـۈدەك ئىـدى: قىشتا ئەتـىگەن سائەت ئالتىدە، يـازدا بولسا، ئـالتە يېرىمـدا، ئـورنىمىزدىن تـۇرۇپ، تەنتەربىيە مەيـدانىغا چىقىپ، هەر قايسى سـىنىپ-فـاكۇلتېتلار بـويىچە رەتلىـك تىزىلىـپ تـۇرۇپ، گـىمناسـتىكا ئويـنـايتتۇق. ئانـدىن، يۇيۇنـۇپ-تارىنىـپ، ئەتىگەنلىـك تاماقـقا چىقـاتتۇق. ئانـدىن، ئۆزلۈكـىدىن ئۆگىنىش قىلاتتۇق. ئاندىن چۈشـتىن بـۇرۇنقى تـۆرت سـائەتلىك رەسـمىي دەرس بـولاتتى. كەچقـۇرۇن سـائەت ئالتـىـدە، كەچلىـك تامـاق يەيتتـۇق. كەچ سـائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە بەلگىلەنگەن سىنىپقا بېرىپ، كوللىكتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلۈكـىدىن ئـۆگىنىش قىلاتتـۇق. ئەتىگەنلىـك ئۆزلۈكــىدىن ئـۆگىنىش ۋاقتــىدا، شـۇ كۈنلـۈك دەرسلەرنى تەكرارلىۋالاتتۇق؛ كەچلىك ئۆزلۈكـىدىن ئـۆگىنىش چېغىـدا بولسا، ئەرتىكى دەرسلەرگە كۆز ئېتىپ، ئالدىن تەييارلىق قىلىۋالاتتۇق.

هازىر 21-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى ئـونىنچى يىللىرى بولـۇپ قالـدى. مەملىكىتىمىـزدە، 1978-يىلدىن باشـلاپ يولغا قويۇلغـان ئىسلاهات ۋە ئېچىـۋېتىش سىياسـىتى ئـۆتكەن ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە، هەققەتەنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلىـۋەتتى. شۇ قاتاردا، مەكتەپلەردە، خۇسۇسەن ئىچكىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ قورولىرىـدا، شـەرقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىنتىزاملىرى «مۇتەئەسسىپ كىشىلەر» قارىلىپ، يېتىـپ-قوپـۇش، يـۈرۈش-تـۇرۇش تـۈزۈملىرى غەربـچە ئەركـىن دۇنيالاشـتۇرۇۋېتىلدى. ئـالايلۇق، ئالـدى بىـلەن، سەھەر تۇرۇپ، كوللىكتىپ تەنھەرىـكەت قىلىـش بىكـار قىلىـۋېتىلگەنلىكتىن، هـازىرقى نەۋرىلىرىمىز ئەتىگەنـدە سائەت يەتتىـدىن ئەللىـك مىنـۇت ئـۆتكىچە بىمالال ئـۇخلاپ، دەرس باشلىنىشـقا ئـون مىنـۇت قالغانـدا، يوتقانـدىن سـۇغۇرۇلۇپ چىققـان پېتـى، كۇسارچاق، پۈتىغا بىر تەرەت كەشنى سىپىۋالغان هالـدا سـىنىپقا كىرىـپ كەلسـە، دەرس ۋاقتــىدا، ناشـتىلىق ئۈچـۈن دۇككانــدىن ســېتىۋالغان كاكـا كولولـۇق ئىچىملىكنـى مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، «غـۇرت-غـۇرت» ئىچىـپ ئولتۇرسـا، بولىۋېرىـدىغان بولدى.

سېلىشتۇرۇپ قالىمەن ئۆزۈمچە: مۇشۇ ھالدا بۇ مۇقەددەس ئىلىم مەركىكە مەيدانى، يەنى دەرسخانىمۇ ياكى كافىيخانىمۇ؟ بۇ مەنزىرە بىلەن بىزنىڭ بالا ۋاقتىمىزدىكى مەكتەپ قوينى مەنزىرىسىنى سېلىشتۇرغاندا، يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى بىز بەختىيارمۇ ياكى بۈگۈنكى نەۋرىلىرىمىز سائادەتمەنمۇ؟ ئۆز زامانىسىدا، بىز سەھەر تۇرۇپ نېمە زىيان تارتقان ئىدۇق، بۈگۈنكىلەر جىق ئۇخلاپ نېمە پايدا ئېلىۋاتىدۇ؟

ئىنسانشۇناسلار، پسىخولوگلار، ھەتتا دوختۇرلارنىڭمۇ ئېيتىشىچە، مەندەك يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان قېرى ئادەم بىلەن ئۆمۈر تۆگىسى تېخى يىگىرمىگە يېتىپ-يەتمىگەن ياش ئۆسمۈرلەردە كۆز قاراش، تونۇش ۋە پىكىر پەرقىنىڭ بولۇشى تەبىئىي بىر ئەھۋالمىش. شۇڭا، مەن بۇ يەردە، ھازىرقى مەپكۇرەم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئون تۆرت-ئون بەش ياشلىق تولۇق ئوتتۇرا ۋە يىگىرمە ياشلاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى زامانىمدىكى تەسىراتىمنى سەممىيلىك بىلەن ئەينەن دېسەم، سەھەر قوپۇش ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ئاشۇ بىر كۆڭلۈك ھاياتىمىزنى ئىنسانغا خاس ھالدىكى تەشەببۇسكارلىققا، ئاكتىپلىققا ۋە دۇرۇس مەزمۇنلۇققا ئىگە قىلىدىغان بىباھا دەسمىرىمىز ئىدى. قاراڭ، سەھەر تۇرۇپ، ساپ ھاۋالىق كەڭ مەيداندا تەنھەرىكەت قىلساق، باشقىچە روھلىنىپ كېتەتتۇق. ناشتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئەتىگەنلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قىلىپ، شۇ كۆڭلۈك دەرسلەرگە ئانچە-مۇنچە بولسىمۇ كۆز ئېتىۋالساق، دەرسكە كىرگەندە «مۇئەللىم مەندىن سوئال سوراپ قالسا، قانداق قىلارمەن؟» دەيدىغان ئەندىشىمىز بولمايتتى. سەھەر تۇرغاچ، ناشتىسىز قالمايتتۇق-تە، نەتىجىدە، ئۈچىنچى-تۆرتىنچى سائەت دەرسى ۋاقتى بولغاندا، قورساقلىرىمىز ئېچىپ، كۈركىراپ كېتىدىغان ئەھۋال مۇتلەق يۈز بەرمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، سەھەر تۇرۇپ، دەرسلىرىمىزنى تەكرارلاپ، تاپشۇرۇقلىرىمىزنى ئىشلەپ، شۇ كۆڭلۈك ئىشلىرىمىزنى ئالدىمىزغا سېلىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، يېڭى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ياخشى چۈشىنىپ، ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭالايتتۇق-دە، دەرسلەرنى ئۆگەنگەنسېرى ئۆگەنگىمىز كېلەتتى، كۆڭلىرىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە تەشەببۇسكارلىق، ئاكتىپلىق ۋە راھەتلىك قانائەت ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئەمدى، ھازىرقى مەن ئوقۇتىۋاتقان بالىلىرىمىزغا قارىسام، بىرىنچى-ئىككىنچى سائەتلىك دەرسكە كەلمەيدىغانلار ۋە كېچىكىدىغانلار كۆپ. تۆرتىنچى سائەتلىك دەرستىن قاچىدىغانلارمۇ خېلى بار. نېمىشقا؟ سەھەر تۇرۇپ گىمناستىكا ئوينايدىغان زورلىغۇچى خاراكتېردىكى تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، ئەتىگەندە بالدۇر تۇرۇش-تۇرماسلىق

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەچ، باللار ئومۇمەن سائەت سەككىزگە ئون-ئون بەش مىنۇت قالغىچە ئۇخلايدۇ. ئورنىدىن كېچىكىپ تۇرغاچقا، بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە ھەممىشە مۇئەللىمدىن كېيىن كىرىدۇ. ئەتىگەنلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دېگەنلەر بولمىغاچ، مۇئەللىم دەرس ھەققىدە سوئال سورىسا، تىرناق تاتىلاپ، گۆشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەتىگەندە ناشتا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، سىنىپقا ياتاقتىنلا كەلگەچ، تۆرتىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىغىچە قورسىقى نامايىش قىلىپ كېتىپ، دەرستىن قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھالبۇكى، «دەرسكە كېچىكىش»، «مۇئەللىم سوئال سورىسا جاۋاب بېرەلمەسلىك»، «دەرسكە قاتناشماسلىق» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سېپى ئۆزىدىن بولغان قالاقلىق، پاسسىپلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇكى، مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ دىل-كۆڭلىدە ئىنسانى راھەت، ۋۇجۇدىدا غەيرەت-شىجائەت كۆڭدىن كۆڭگە ئازىيىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، تۆرت-بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىن چەندىكىدەك بەھرە ئالالماي، ئىلمىسىز پېتى چىقىپ كېتىدۇ، ئەلبەتتە. ئەمدى، ئەگەر بىز مەزكۇر قالاقلىق ۋە پاسسىپلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەسلىدە ئىنسان يېڭەلمەيدىغان يوغان بىر دۈشمەن ئەمەس، بەلكى ئادەتتە ئانچە بەك ئېتىۋارغا ئېلىنىپمۇ كەتمەيدىغان ئاشۇ سەھەردە ئورۇندىن تۇرماسلىق ئىللىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساق، ماۋزۇيىمىزدىكى مۇھاكىمىگە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئەستايىدىل مۇلاھىزە بىلەن قاتنىششتا پايدا بارلىقى چوقۇمدۇر، شۇڭا، قېرىندىشىم، يالتىيىپ قالما، مېنىڭ بىلەن بىرگە يۈر، پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىلىگىنى باغلا، بېگىنى تۈر!

## سەھەر قوپماق ئىبادەت

ئۇيغۇرنىڭ مۇسۇلمان مىللەت بولغانلىق شارائىتلىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەھەر تۇرۇش مىللىتىنىڭ بىر گۈزەل ئادىتى ئىدىكى، مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شامالباغدىكى ئائىلە، مەن ئۆسۈپ ئۆك بولغان كاشغەردىكى مەھەللە-كوي مۇھىتى بۇنىڭغا شاھىدلىق بېرەلەيدۇ:

-«سەھەر قوپماق ئىبادەتتۇر!» دېيتتى ئانام رەھمەتى ھەر كۈنى بامداد نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئايەت ھۆرگەن قوللىرى بىلەن بېشىمىزنى سىلاپ تۇرۇپ، -«قوپۇپ كېتىڭلار ئەمدى، ئورۇنىڭلاردىن دەس تۇرۇپ كېتىڭلار!»

ئۆرنىمىزدىن تۇرۇپ، تالا-تۈزگە چىقساق، ئاشۇ  شەرق ئەمەلدىلا بوزارغان، ئەمما تاڭ تېخى تولۇق يورىمىغان، ئۇ يەردە- بۇ يەردە ئاق قۇشقاچلار كامارلىرىدىن يېڭىلا چىقىپ، «چىرىق-چىرىق» قىلىپ سايرىشىۋاتقان شۇ قارا-گۇرۇشىم سەھەردە، قەشقەرنىڭ توققۇزاق دەرۋازىسى قاتارلىق شەھەر سىرتى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭ كوچا دوقمۇشلىرىدىن: «كەلسىلە، مېھمانلار كەلسىلە! زاسۋي شورپىمىز يېڭىلا چىقتى، كەلسىلە!»دېگەن ياڭراق مېھمان چاقىرىش سادالىرى شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سائەت ئالتە-ئالتە يېرىملاردىلا ھېيتگاھ جامەسىنى مەركەز قىلغان كوي-كوچا دوقمۇشلىرىدا، بامداد نامىزىدىن كېيىنكى كالتە بازار شەكىللىنىپ، نانۋايخانىلار، چايخانىلار «مىژ-مىژ» مېھمانلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ھازىرچۇ؟

بۇلتۇر (2011-يىل) تۇغقان يوقلاپ قەشقەرگە باردىم. بىر كۈنى، بىر كونا بۇرادىرىم بىلەن ئەتىگەندە شەھرىمىزنىڭ كونا خام بازىرى كوچىسى دوقمۇشىدا كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتۇق. دېگەن مۆھلەتتە كۆرۈشتۇق، شۇ چاغ سائەت ستېرىلكىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. «بىرەر چايخانىدا چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى» دېيىشىپ، شۇ ئەتراپتىكى ئۈچ چايخانىغا باردۇق، ھەممىسىنىڭ ئىشىكلىرى مەھكەم ئېتىكلىك تۇرۇپتۇ. «بۇ نېمە ئىش؟»ھەيرانى- ھەس بولۇپ بۇرادىرىمدىن سورىدىم.

-سەئۇدىي ئەرەبىستاندىكىلەر بامداد نامىزىدىن كېيىن «پادىشاھ ئۇيقۇسى» دەپ بىر قەپەز تاتلىق ئۇخلىۋالارمىش.- دەپ ئىزاھ بەردى بۇ ھالغا بۇرادىرىم كالتە چار ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ،- ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بەھرىلىنىپ، مەككىنى ھەج قىلىپ، ھاجى بولغانلار كۆپەيگەنسېرى شەھرىمىزنى بامداد نامىزىدىن كېيىن ئۇخلاش ئادىتى بېسىپ كەتتى مۇشۇنداق. شۇ ۋەجىدىن، ھېلىقى سىلە-بىز كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا بامداد نامىزىدىن كېيىنلا قايناپ كېتىدىغان كالتە بازارلار  يوقالغىنى نە ۋاخ. بىراق، ئەھۋالنىڭ تەرەققىي قىلىپ، بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ ھېس قىلماپتىمەن،

دېمەك، بۇ ئەمەلىيەتتىن چىقتىكى، يوتقاندىن سەھەر قوپۇشنى ياكى ۋاقچى قوپۇشنى قايسى بىر مىللەتنىڭ ئادىتى، يەنە قايسىدۇر بىر مىللەتنىڭ ئادىتى ئەمەس دېگىلى بولمىغىدەك. بىراق، ئۇنداق بولسا، «سەھەر قوپماق ئىبادەت» دېگەن ئۇيغۇر ئاتا سۆزى، يەنى ئۇيغۇر خەلق ماقالى قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ئۇ زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدىغاندۇ؟

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدا شەكىللەنگەن ماقال-تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە، شۇ مىللەت، شۇ قەۋم خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيەتى ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈن خاراكتېرلىك مۇئەييەن زاكوننى چۈشەندۈرىدىغان ئەقلى جەۋھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، جاھان مۇسۇلمانلىرى لۇغىتىدە، «ئىبادەت» دېيىدىغان بىر كەلىمە بار. «ئىبادەت» دېگىنىمىز يارالمىشنىڭ ياراتمىشقا قىلىدىغان چوقۇنۇش پائالىيەتىنى كۆرسىتىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ئىبادەتنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر پائالىيەت يوقتۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ زوررۇ ۋە ئەڭ خاسىيەتلىك پائالىيەتتۇر. ھالبۇكى، «سەھەر قوپماق ئىبادەتتۇر» دېگەن بۇ بىر جۈملىنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇدۇم بىر ئاتا سۆزى قىلىپ ئىشلىتىلىشۋاتقانلىقى ئەمەلىيەتتە، سەھەر قوپۇشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ئىبادەت دەرىجىسىدىكى بىر مۇقەددەس ۋە خاسىيەتلىك پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ مېنىڭچە.

ئۇنداق بولسا، سەھەردە قوپۇشنىڭ خاسىيەتى زادى قەيەردە؟ بۇ مەسىلىگىمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز «سەھەر قوپساڭ ئىشىڭ پۈتەر، ۋاقچى قوپساڭ ئىشىكىڭ يۈتەر» دېگەن ماقال بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. بۇ دېگەنلىك، سەھەردە بالدۇر قوپساڭ شۇ كۈنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭنى قىلىپ پۈتتۈرەلەيسەن؛ ئەگەر ۋاقچى قوپساڭ، بېجىرىلىشى لازىم بولغان ئىشلىرىڭنى قىلىپ بولالمايسەن-دە، شۇ كۈنى سەن ناھايىتى زور زىيان تارتىسەن دېگەنلىكتۇر.

شۇنداق، ھەر قانداق ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ياشامى جەريانىدا ھەر كۈنى بېجىرىشى كېرەك بولغان مۇئەييەن ئىش-ئەمگىكى، بۇرچ-ۋەزىپىسى بولىدۇكى، ھەر كىم شۇ ئىشلارنى پۈتكۈزگەندە، شۇ بۇرچ-ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى نورمال تۇرمۇش، ھاياتى ھەقىقى ئىنسانى ھايات بولىدۇ. ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز مەزگىل-ۋاقتىدا پۈتكۈزمەسلىك ياكى پۈتكۈزەلمەسلىك بولسا، ئۇ ئادەمنى تۇرمۇشتا پاسسىپ، خار ۋە بەھرىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.  ئالايلۇق، سەن بىر مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. سەھەر قوپساڭ، دەرس باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈنۈگۈنكى دەرسنى تەكرارلىۋېلىشقا، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىۋېلىشقا ۋاقتىڭ بولىدۇ. دەرسىڭنى تەكرار قىلىۋالساڭ، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىۋالساڭ، ئۆگەنگەنلىرىڭ مېڭەڭگە چوڭقۇر ئورنايدۇ، كاللاڭدىكى بىلىك خەزىنەڭ موللىشىدۇ. بۇ ھالدا دەرس باشلانغاندا، مۇئەللىم سوئال سوراپ قالسا، ئېنجىق-مېنجىق قىلماي، دۇرۇس جاۋاب بېرەلەيسەن. بۇنىڭ بىلەن، مۇئەللىم ۋە

ئوقۇغۇچى-ساۋاقداشلىرىڭ ئالدىدا، يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ. مانا بۇ ئەمەلىيەتتە، سەھەر قوپۇشنىڭ خاسىيەتى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيەتىڭ تەلەپ قىلىدىغان ۋە جەزمەن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشىڭنىڭ بەلەن رەۋىشتە پۈتكىنىدۇر. ئەگەر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، سەھەر قوپۇشتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك پائالىيەتتىن نېسىۋىسىز قېلىپ، ۋاقچى قوپساڭ، سەھەردە تومۇرنىڭ ئوچۇقىدا، دەرسلىرىڭنى تەكرارلىۋالالمايسەن-دە، بۇ ھالدا، سىنىپقا كىرگەندە بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپمۇ ئولتۇرالمايسەن؛ مۇئەللىم تۈنۈگۈن ئۆتكەن دەرسلەرگە ئائىت سوئال سوراپ قالسا، جاۋاب بېرەلمەي، گۆشىرىپ تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قالىسەن. ئوقۇغۇچىلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، ساۋاقداشلىرىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، شۇ كۈنلۈك ئۆگىنىش ۋەزىپەڭنى، بىلىم ئېلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىشىڭنى پۈتكۈزەلمىگىنىڭ ئۈچۈن، ۋىجدانىڭ ئازاپ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇكى، بۇ-غايىلىك بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كېيىن ئورنىنى تولدۇرىۋالغۇسىز دەرىجىدىكى چوڭ زىياندۇر، ئەلۋەتتە.

يەنە دېسەك، سەھەردە قوپۇش ئورۇنلىنىشى ئاددىي، ئەمما قىممىتى تەڭداشسىز بىر پائالىيەت. ئۇ ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن، كۈندىلىك ئادەت بولغان چاغدىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدە مول ئىمكان ۋە بۈيۈك نۇسرەتلەر مەنبەسى ئىكەنلىكى كارامەتىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلاردىن ئۇدۇم «سەھەردە قىلساڭ ناشتا، كېسەل تۇرماس باشتا» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالى دەل مۇشۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى سەھەردە قوپۇش-قوپماسلىق مۇنداقلا قارىغاندا، بىر-ئىككى سائەت ۋاقىتقا جېددىي قاراش-قارىماسلىق مەسىلىسىدەك ئاددىي كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ بىر-ئىككى سائەت ۋاقىت ھەر قانداق بىر ئىختىيارىي زاماندىكى بىر-ئىككى سائەت ئەمەس، بەلكى شۇ كۈنلۈك ھاياتىنىڭ باش بۇرنىدىكى بىر ئىككى سائەت ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىنىشى ياكى سەل قارىلىشى ئەمەلىيەتتە شۇ ئىنسانىنىڭ پۈتۈن بىر كۈنلۈك ياشام-ھاياتىغا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتىدىغان باش پەيت ۋە رەھبەر مەزگىل بولغانلىقى سالاھىيەتى بىلەن تەڭداشسىزدۇر. ئالايلۇق، پەقەت سەھەر قوپقان ئادەملا ئۆز ۋاقتىدا ۋە كەڭ-كۈشادە ناشتا قىلالايدۇ، ناشتا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئادەمنىڭ بەدەن ھۈجەيرىلىرى نورمال ئىشلەش ئىمكانىغا ئېرىشىدۇ. بەدەن ھۈجەيرىلىرى نورمال خىزمەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ كۈچ-مادارى مەزمۇت، مېڭە قۇۋۋىتى مۇكەممەل بولىدۇكى، بۇ ھالدىكى ئىنسان خاھلىغىنىچە ئىلىم-ھېكمەت

ئۆگىنىپ، بايلىق-نېمەت قازىنىپ، بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىنىڭ پەيزىنى راھەت سۈرەلەيدۇ؛ بۇ جاھاندىكى ئىنسانىي ياشامنىڭ ھەممە مېۋىلىرىنى بىمالال تېتىپ كۆرەلەيدۇ.

سەھەردە قوپۇش ئىنسانىي ئىشچانلىق خىسلىتى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ۋاقچى قوپۇش بولسا، ئادەمنى ھورۇنلۇق ئىللىتى بىلەن جازالايدۇ. بۇ جاھاندىكى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ياشاش ۋە پاسسىپ كۈن ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن پەقەت ئىككىلا سىنىپقا بۆلۈش مۇمكىن: بىرسى ئىشچانلار سىنىپى؛ يەنە بىرسى بولسا، ھورۇنلار سىنىپى. ئىشچانلار دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە، خاسىيەتلىك سەھەر قوپۇش پائالىيەتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان غالىپلاردۇر؛ ھورۇنلار بولسا، ۋاقچى قوپۇش ئادىتى تەرىپىدىن جازالانغان مەغلۇپلاردۇركى، بۇ ئىككى سىنىپ- ئىككى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەملەرنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ۋە مۇتلەق پەرقلىق ئالامىتى شۇ: ئىشچان ئادەملەر ھەمىشە سەھەر قوپىدۇ، ھەر كۈنلۈك ياشام ئۈچۈن بالدۇر ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەرقانداق قىيىن شارائىت، ئوسال ئەھۋالغا قالغاندىمۇ، مېڭىسىنى ئىشلىتىپ، قولىنى ئىشقا سېلىپ، ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن ئىنسانغا مۇناسىپ  ھايات يولى ئېچىپ ياشايدۇ. ھورۇن ئادەملەر بولسا، ھەر دايىم ۋاقچى قوپىدۇ، ئىش-ھەرىكەتتە مىسلىداپ ھامان باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بولسا، ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن ۋە بىلىمسىزلىكىدىن بىردەم ئاسماندىن ئاغرىنسا، يەنە بىردەم زېمىندىن زارلىنىپ، توختىماي قاخشايدۇ.

تەجرىبە-ساۋاقلىق يەكۈن شۇ: ئىشچانلارنى جەزمەن پارلاق ئىستىقباللىق تۇرمۇش تاللايدۇ، پاراۋان، گۈللەنگەن ئىنسانىي ياشام قۇچاقلايدۇ. ھورۇنلارنى بولسا، بۇ رەھىمسىز رىقابەتلىك ھايات ھامان مەغلۇبىيەت ئازگىلىغا تاشلايدۇ. بىراق، شۇنى بىلگىنكى، ئىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە بۆشۈكى ئەمەلىيەتتە بىرلا يەردە-ئاشۇ خاسىيەتلىك تاڭ سەھەردە!

2012-يىل 6-ئىيۇن، بېيجىڭ.

# پەرق ۋە بەرق (2)

(ئەدەبىي خاتىرە)

## كاشغەردە سەيلانە، دۇنيادا يېگانە

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

قەشقەردە سەيلە-ساياھەت قىلىش ئادەتتە، ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىنى تاۋاپ قىلىشنى يادرو قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ماڭا ئوخشاش تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ياقا يۇرتلاردا ۋە چەتئەللەردە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ مۇھەببىتى قەشقەرنىڭ ھەر قانداق بىر يېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كۇچلۇك بولىدىغانلىقىدا ۋە ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىكى ئورنىنىڭ ھەممىدىن يۇكسەك تۇرىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر.

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېيتگاھ (بايراملىق) مەيدانىغا جايلاشقان بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە كۆلىمى زور، ياسىلىشى كۆركەم مەسجىدلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (شەرقتىن غەربكە) 120 مېتىر بولۇپ، ئومۇمى يەر مەيدانى 16800 كۋادرات مېتىر (25.22 مو) كېلىدۇ. پۇتكۇل جامە قۇرۇلۇش گەۋدىسى جەھەتتىن خانىقا، كايۋان، مەدرىسە، ھويلا، گۇمبەز، مۇنار ۋە دەرۋازىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلەككە بۆلۇنگەن. خانىقانىڭ ئۇزۇنلۇقى 36.5 مېتىر، كەڭلىكى 10.5 مېتىر بولۇپ، جامە ئىچىدە ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 456 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭغا كايۋان قاتارلىق ئۇستى يېپىق قىسىملارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 2600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 4200 ئادەم ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك سەۋىيەسى بىلەن مۇكەممەل ئىلمىيلىكىنىڭ ئۆز ئارا بىرىكتۇرۇلۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئالايلۇق، تورۇسنىڭ يېپىلىشىدا، تۆرت قاتار لىم ئۆز ئارا قارمۇقارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇز ئارانى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى

ئىنچىكە ھېسابلاش نەتىجىسىدە، بىر-بىرىگە چىپسالاشتۇرۇلغان توغرا تۆرت بۇلۇڭلۇق گېئومېتىرىيىلىك شەكىل ھاسىل قىلىپ، خۇددى شاخمەت تاختىسىدەك رەتلىك ۋە يارقىن كۆرۈنىدۇ. مەسجىد تورۇسىنى تۆرت قاتاردىن جەمئىي 140 تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇكى، بۇ تۈۋرۈكلەر تىزىلىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن، مەسجىدكە زىننەت ۋە سۈر بېرىپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش گەۋدىسىنى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم مەنزىرە بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. تورۇستىكى توققۇز ئارا يارقىن رەڭ ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىككە ساھىپ گۈل-نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن.

جامە چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان مۇنارلارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر بولۇپ، ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىقى 28 مېتىر كېلىدۇ. ئېگىزلىكى 4.7 مېتىر ۋە كەڭلىكى 4.3 مېتىر بولغان مەزكۇر چوڭ دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئېگىزلىكى بولسا، 12 مېتىر كېلىدۇ. دەرۋازا زالى تېگى تەكشى يۈزلۈك، ئەتراپى سەككىز تەرەپلىك، تورۇسى بولسا، گۈمبەز شەكىللىك ياسالغان. بۇ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازا ئىككى يېنىدىكى كۆركەم- سالاپەتلىك مۇنارلار ۋە ئېگىز پەشتاق، شۇنىڭدەك دەرۋازا زالى تېمىغا چىقىرىلغان مېھراپ شەكىللىك تاكچىلار ۋە نەپىس نەقىشلەر بىلەن قويۇق مىللىي سەنئەت پۇرىقى چىچىپ، ئادەمنىڭ قەلبىگە ھوزۇر بېغىشلاپ تۇرىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىدە ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇلىدۇ. جۈمە كۈنى 9-8 مىڭ ئادەم جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. رامىزان ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا، جامە ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ، 50 مىڭ ئادەم ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانى جايلاشقان يەر بۇنىڭدىن 6-5 ئەسىرلەر بۇرۇن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر قەبرىستانلىق ۋە قومۇشلۇق بولۇپ، قەبرىستانلىقتا شۇ زامانلاردىكى ئوردا خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد- ئەۋلادلىرىدىن ۋاپات بولغانلار دەپنە قىلىناتتى. بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن كاشغەرنىڭ ھۆكۈمدارى ساقىسىز مىرزا دەل مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. مەزكۇر ساقىسىز مىرزانىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قەبرىستانلىقتا تۇپراق بېشى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئىبادىتىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش نىيىتىدە، بىر مەسجىد ياساپ قويماقچى بولغان. نەتىجىدە، ھىجرىيەنىڭ 846-يىلى (مىلادىيە 1442-يىل)، ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خانىقاسى جايلاشقان يەرگە بىر مەسجىد بىنا قىلىنغان.

مەزكۇر مەسجىد بىنا قىلىنىپ يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى كاشغەر ھۆكۈمدارى ئەبۇلھادىينىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئەبۇلھادىي بەگدە بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ،

ئۈنىڭ ساۋابىنى مەرھۇم تاغىسىغا بېغىشلاش ئويى پەيدا بولىدۇ-دە، نەتىجىدە ھىجرىيەنىڭ 944-يىلى (مىلادىيە 1538 -يىل) ھېلىقى مەسجىدنى يېڭىباشتىن كېڭەيتىپ ياساپ، ئۇ ئادەتتىكى كىچىك مەسجىدنى جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى بولىدىغان جامە قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

شۇنىڭدىن يەنە 250 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە قاراشلىق خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلفىيە خېنىم ئىسىملىك بىر ئايال ئەسلىدە، نۇرغۇن يول راسخوتى تەييارلاپ، مەككەئى مۇكەررەمەنى زىيارەت قىلىپ،ھەج بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان بولۇپ، چەت مەملىكەتلەردىكى يەرلىك ماجىرالار تۈپەيلىدىن سەپەرنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالماي، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. مەزكۇر زۇلفىيە خېنىم سەپەردىن ئېشىپ قالغان زادىراھىلە (سەپەر پۇلى، يول خىراجىتى)سىنى سەرپ قىلىپ، ساۋاپ ئىزدەپ، ھىجرىيەنىڭ 1201-يىلى (مىلادىيە 1787- يىل) ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ ياسىغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىيە 1809- يىلى، قەشقەر ھۆكۈمدارى ئىسكەندەر ۋاڭ جامەنى ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان ۋە جامە ئىچىگە كۆل كولىتىپ، دەرەخ قويۇپ كۆكەرتكەن. مىلادىيە 1839 –يىلى، زەھىرۇددىن ھاكىمبەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساتقاندا، ھېيتگاھ جامەسىنى شەھەر سىرتىدىن شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى مەركىزى مەسجىدكە ئايلاندۇرغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىپ، رەسمىي «ھېيتگاھ جامەسى» دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 1873-يىلى، يەنى بەدەۋلەت ياقۇببەگ دەۋرىدە، جامە يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغان. بۇ قېتىملىق ياساشتا، جامەنىڭ غەرب تەرىپى مەسجىد، شەرق تەرىپى بولسا، مەدرىسە بولۇپ، ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان. مەزكۇر مەدرىسە قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە 72 ئېغىز تالىبۇل ئىلىملەر ھوجرىسى، شەرقى شىمال تەرىپىگە بولسا، 100دىن ئارتۇق ئادەم بىمالال يۇيۇنالايدىغان ھامام (مۇنچا)، گۈمبەزلىك چوڭ دەرۋازا، مۇنار ۋە پەشتاقلار ياسالغان. شۇنىڭ بىلەن، جامەنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى شەكىللەنگەن.

ھېيتگاھ جامەسى ھىجرىيەنىڭ 1354-يىلى (مىلادىيە 1936-يىل) يۇرتىمىزدىكى «ئىسلاھى مەدارىس ۋە مەساجىد ھەيئىتى» (مەدرىسە ۋە مەسجىدلەرنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى) دېگەن خەلق تەشكىلاتى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ، جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە ئىككى دانە يان دەرۋازا ئېچىلىپ، نامازخانلارنىڭ جامەگە كىرىش-چىقىشى راۋانلاشتۇرۇلغان.

جۇڭگودا جۇمهۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. 1962-يىلى، مەزكۇر ھېيتگاھ جامەسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلگەن. 1983-يىلى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك رېمونت قىلىنغان ھەمدە جامە ئىچىگە زامانىۋى مۇنچا، مۇستەھەبخانا، تاھارەتخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار قىلىنىپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇلغان.

ھېيتگاھ جامەسى 1994-يىلى چوڭ دائىرىدە يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان بولۇپ، بۇ قېتىمدا، جامەنىڭ كىرىشتە سول تەرىپىدىكى كونا ھوجرا ئۆي ۋە دۇكانلار چېقىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا دۆلەتنىڭ زور مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى بىلەن، ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىنغان ھالدىكى پىششىق خىشلىق 23 ئېغىز ھوجرا ۋە 53 ئېغىز دۇكان ياسالدى. جامەنىڭ تاشقىرىقى سۇپىلىرىغا چىنە خىش، ئاساسلىق يوللىرىغا سۇرمە تاشلار ياتقۇزۇلۇپ، جامەنىڭ ھۆسنىگە يېڭى ھۆسن قوشۇلدى. جامە 1999-يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىندى. يۇقىرىقى بىر نەچچە قېتىملىق رېمونتقا دۆلەت جەمئىي ئىككى مىليون يۈەن سەرپ قىلدى.

شۇ تۇرۇقتا، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئۆزىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، نەقىش-بېزەكچىلىك جەھەتتىكى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار شاراپىتىدىن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى سانىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن سەيلە-ساياھەتچىلەرگە قەشقەرنىڭ گۈزەل سىماسىنى نامايەن قىلىپ تۇرماقتا.

«قەدىمىي شەھەر كاشغەرنىڭ يۈرىكى» دېيىشكە بولىدىغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بۇ تارىخىنى ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىنداش زېھىن خەزىنىسىدە مەھكەم ساقلىشى لازىم بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمدى، جامە ئۆزىنىڭ سالاپەت ۋە شاراپەت نۇرىنى تۆكۈپ تۇرغان ھېيتگاھ مەيدانىدا سەير قىلىشنىڭ پەيزىنى مۇنداق بىر يېڭى ئەمەلىي كەچۈرمىشىم بىلەن بايان قىلاي:

2012-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، شەنبە. چۈشتىن كېيىن سائەت دەل ئۈچتە، مۇندىن قىرىق ئىككى يىل بۇرۇن قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزا 1-كەنتتە، يانمۇ يان تۇرۇپ كەتمەن چېپىپ كوممۇنا ئەمگىكىگە قاناشقان، 1983-يىلدىن بېرى تۈركىيە ئىستانبۇلغا يەرلىشىپ ياشاۋاتقان بۇرادىرىم ئابدۇررەھىم ھاجىم بىلەن ھېيتگاھ

مەيدانىدا كۆرۈشۈپ، سەممىي كۆڭۈللۈك سۆھبەت ۋە ئاراملىق بىر ئىستىراھەتتە بولدۇم.

بىز ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە كۆرۈشتۇق. جامەنىڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان شەرقىي تېمى «تەڭرىتاغ كىتابخانىسى»، «مەھمۇدىيە كىتابخانىسى»، «رىشتە ساياھەت بۇيۇملىرى دۇكىنى»، «ھېيتگاھ ئامانگۇل چىش ياساش- گۈزەللەشتۈرۈش ئورنى» قاتارلىق ئۆزى ئىخچام- كىچىك، ئەمما گۈزەل- كۆركەم دۇكانلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ دۇكانلارنىڭ ئالدى تەرىپى مەيداندىن بىر يېرىم مېتىر چامىسىدا ئېگىز تۇرىدىغان كەڭ سۇپا، سۇپا ئۈستىدە ئون نەچچە تۈپ قىنىق يېشىل ياپراقلىق ياش رىيدە دەرىخى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ھالدا رەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار تاشلاپ تۇرىدىغان سايە بولۇپمۇ شۇ كۈنكىدەك تومۇز كۈنلىرىدە، مەزكۇر شاھانە سۇپىنى راھەتلىك بىر ئارامگاھغا ئايلاندۇرغان ئىدى،

ھاجىم بۇرادىرىم بىلەن مەزكۇر سۇپىدىكى ئىنسانىي ئۆزىنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىسى ھېس قىلدۇرىدىغان كۆتەك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، بىردەم ھال-مۇڭلاشقاندىن كېيىن، ئورنىمىزدىن قوزغىلىپ، ھېيتگاھ مەيدانىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلدۇق.

ئاۋۋال رىيدەلەر سايىسىدە ئورۇن ئالغان جامەنىڭ شەرقىي تېمىدىكى دۇكانلارغا كۆز ئاتقاچ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شىمالىي يان دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈلدىغان ۋە غەربتىن شەرققە سوزۇلغان نوربېشى كوچىسىنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىغا كىرىش ئېغىزى تەرەپكە ئۆتتۇق. ئۇ يەردىكى كونا كىتابلار بازىرىغا بىر قۇر كۆز ئاتقاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ ھېيتگاھ مەيدانىغا شىمال تەرەپتىن يۈزلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك دۇكانلار «قۇرەيش ئىمپورت ماللار دۇكىنى»، «ئەبرار ئىمپورت ماللار دۇكىنى»، «خوتەن قاشتېشى تىجارەت دۇكىنى»، «يىڭىسار پىچىقى تىجارەت دۇكىنى»، «ئالماس قايماقلىق ماروژناخانىسى» قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدىن بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ تېشىدىن كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ يېنىدىكى كونا ئېتى «ئەنجان رەستىسى» دېيىلىدىغان جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كوچىغا كىردۇق. ئۇ يەردە ئاستى-ئۈستى قەۋەتلىك مەخسۇس ئالتۇن بۇيۇملار تىجارەتخانىلىرى ۋە زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى ئورۇن ئالغان ئىدى. بىز ئۇ يەردىن شەرق تامان ئىلگىرىلەپ، لىپىت بىلەن چۈشىدىغان ئاستى چوڭ قولفۇن ماگىزىنى، ئۈستى بولسا، «ئوردا مېھمانخانىسى»، «ھىدايەت كىيىم- كېچەك شەھەرچىسى» ۋە ئېلېكتىرونلۇق ئەسكەرتىش تاختىسىدىن « قەشقەر- ئۈرۈمچى- كاراچى- جىددە» دېگەندەك ئېلانلار نۆۋەت بىلەن كۆز چىمچىقلىتىپ تۇرىدىغان «خەلقئارا ئاۋئاتسىيە

بىلەن سېپتىش ئورنى» قاتارلىق ئىككى قەۋەتلىك تىجارەتگاھلار ئالدىدىن ئۆتتۇق. بۇ بىنالارنىڭ شەرقى تەرىپى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۆتۈدىغان «شىمالى ئازاد يولى» كوچىسىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى.

بىز ئۇ يەردىن «شىمالى ئازاد يولى»نى لەخمە يول بىلەن كېچىپ ئۆتۈپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا شەرق تەرەپتىن خوشچىراي بىلەن بېقىپ تۇرىدىغان ««ئەمىن› ئوردا ئالدى سودا بازىرى»، «سادىق سودا سارىيى» ۋە «ئىخلاس سودا سارىيى» قاتارلىق كۆپىنچە ئىككى قەۋەتلىك ۋە بەزىلىرى ئۈچ قەۋەتلىك بولغان كۆجۈم تىجارەتگاھلارنى سەيلە قەدىمى بىلەن كېزىپ چىقتۇق.

ئاندىن، «شىمالى ئازاد يولى»نى شەرق تەرەپتىن كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە ھېيتگاھ مەيدانىغا تەكرار كىردۇق. بۇ يەردە، يەنى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئەسلىدىكى «خەلق كىنوخانىسى»نىڭ ئورنىدا، «زەپەر ئالاھىدە تائاملىرى»، «ھېيتگاھ كاتتا بازىرى ئالىي دەرىجىلىك رەخت دۇنياسى» قاتارلىق ئىككى قەۋەتلىك رېستۇران ۋە تىجارەتخانىلار ئورۇن ئالغان بىر زور بىنا بولۇپ، ئۇ ھېيتگاھ مەيدانىنى جەنۇب تەرەپتىن بېزەپ تۇراتتى. بىز مەزكۇر بىنانىڭ ئالدىدىن غەرب تامان مېڭىپ ئۆتۈپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كۆلۈمسىرەپ بېقىپ تۇرىدىغان ۋە بىنا ئۈستىدىكى «مىكيول چاي-تائاملىرى» دېگەن رېستوران ئىسمى ئۇزاقتىنلا كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىناغا كىردۇق. بىنانىڭ ئۈستى قەۋىتى، يەنى يېشىل ياپراقلار ۋە ئۈزۈم شەكىللىرى بىلەن بېزەپ بېدىشلەشتۈرۈلگەن ئۈچىنچى قەۋىتى تولىمۇ كەڭ-ئازادە، سالقىن شامالباغلىق ۋە ھوزۇرلۇق ئىدى. پۈتۈن ھېيتگاھ مەيدانى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەرقى دېرىزىلەرگە لەۋلەشتۈرۈپ ھازىرلانغان تۆرت چاسا تاماق ئۈستەللىرىنىڭ بىرسىگە بىرىپ ئورۇن ئالدۇق. قىتىقلىق پوشكال ۋە خان ئېشى قاتارلىق گۈزەل ئۇيغۇر يېمەكلىرى بىلەن غىزالاندۇق. ھەسەل چايلىرى تولىمۇ يېقىشلىق ۋە راھەت بېغىشلىغۇچى ئىدى.

«مىكيول»دىن چىقىپ، ھېيتگاھ مەيدانىنى غەربىي جەنۇب تەرەپتىن كېسىپ ئۆتۈپ، مەيدانىنىڭ شەرقى تەرىپىدىن ئۆتۈدىغان «شىمالى ئازاد يولى»غا پاراللېل قىلىپ ياسالغان سالقىن-سايىلىك گۈللۈكنىڭ چۆرە سۇپىسىدا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ شەرققە قاراپ داغدام ئېچىقلىق ھالەتتە تۇرغان كۆركەم چوڭ دەرۋازىسىغا يۈزلىنىپ ئولتۇردۇق. بۇ چاغ ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتە- يەتتە يېرىملار بولغان بولۇپ، غەربكە ساڭگىلىغان قۇياش ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدىكى بۈك-باراقسان تېرەك دەرەخلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈيۈشۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

- ھېيتگاھ مەيدانى ئەمدى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھېيتگاھ (يەنى بايرام مەيدانى) بولۇپتۇ.- دېدى ھاجىم بۇرادىرىم قولى بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئۇزۇنلۇقى (جەنۇبتىن شىمالغا) 250 مېتىر، كەڭلىكى (غەربتىن شەرققە) 165 مېتىر ئومۇمىي يەر كۆلىمى 40750 كۋادرات مېتىر بولغان كەڭ مەيداننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.- قارىسىلا، بۇ كەڭ-كۇشادىلىقنى! مېنىڭچە، بۇ ھېيتگاھ مەيدانى مانا ئەمدى ئەسلىدىنلا قوينى كەڭ بولغان شەھرى كاشغەرگە، شۇنداقلا ئەزەلدىنلا كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولغان قەشقەر خەلقىگە سىمۋول بولىدىغان نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، ۋەكىل خاراكتېرلىك مەيدان بولۇپتۇ. ئەنە قارىسىلا، مەيداننىڭ شىمالى بۇرجىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇ غايەت زور تېلېۋىزور ئېكرانى، ئەنە ئاۋۇ سەل ئۇزاق غەربىي شىمال تەرەپتە ئاسمانغا پەلەك تارتىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يىگىرمە ئالتە قەۋەتلىك «چىنباغ مېھمانسارايى» قاتارلىقلار شەھىرىمىزنىڭ زامانىۋى تۈسىدىن شاھادەت بەرسە، مەيداننىڭ جەنۇبى تەرىپىگە ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېقىلغان ۋە سەبىي باللار قوغلىشىپ ئويناۋاتقان، زىيارەتچىلەرنىڭ قول-مۈرىلىرىگە ئەركىلەپ قونۇپ ئويناۋاتقان ئەنە ئۇ ئاق كەپتەرلەر بولسا، شەھىرىمىزگە تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق تىلىكىنى چىللاپ تۇرۇپتۇ، دەپ قالدىم.

ھاجىم بۇرادىرىمنىڭ ئۆز تەسىراتلىرىنى ئىپادىلىشى تولىمۇ تەبىئىي، سەممىي ۋە ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

- مەن 1983-يىلى تۈركىيە ئىستانبۇلغا يەرلەشكىنىمدىن بۇيان 93-يىل، 2004-يىل ۋە بۇ قېتىم بولۇپ، جەمئىي ئۈچ قېتىم تەكرار زىيارەت قىلدىم بۇ ئانا ۋەتىنىمنى.- سۆزىدە داۋام قىلدى ھاجىم بۇرادىرىم.- ھەر كەلگىنىمدە يېڭىدىن يېڭى ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، سۆيۈنۈپ قالىمەن. ئالايلۇق، بۇ قېتىممۇ كۆرۈپ بىلدىمكى بىزنىڭ يىزا-كەنتلىرىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ كۈنسايىن ياخشىلىنىۋېتىپتۇ. ھەر ئائىلىدىن ئەڭ ئاز بىر ئادەمنى ئىشلىق ۋە مائاشلىق قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋېتىپتۇ؛ نامرات ئائىلىلەرگە شەھەر نوپۇسى بولسا، كىشى بېشىغا 180 كويدىن، يېزا نوپۇسى بولسا، 100 كويدىن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىدىكەن. بۇ خىل پاراۋانلىق مەن كۆرگەن خېلى-خېلى دۆلەتلەردە، ھەتتا تۈركىيەدىمۇ يوق تېخى.

بىز ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق زامانلار بولغان ئىككى مويسىپىت ئادەم شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن مۇڭداشتۇق. ئاندىن، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مەيداندىن چىققاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ جەنۇبىي يان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈدىغان مىڭ يىللىق

قەدىمىي كوچا «ئۆستەڭبويى كوچىسى» ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئۆيلىرىمىزگە قايتماقچى بولدۇق.

ئىككى ئاقباش مويسىپىت ئادەم ئۆستەڭبويى كوچىسىدا گويا ئۆزلىرىمىز مۇندىن 30 ـ 40 يىللار بۇرۇن قالدۇرغان قەدىمىي ئىزلىرىمىزنى ئىزلەۋاتقاندەك ئاستا ۋە ھاياجانلىق قەدەم بىلەن كېتىۋاتىمىز. شۇ ئەسنادا، ھاجىم بۇرادىرىم كوچىنىڭ جەنۇبىي تەرەپتىكى بىر چوڭقايتىلغان سۇرەتلەر بار تەشۇقات تاختىسىنىڭ ئۇستى تەرىپىگە يېزىلغان 世间独有，喀什旅游 دېگەن خەنزۇچە خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: « بۇ ھۆكۈمەتچە خەتلەرنى مەن خېلى جىق يەردە كۆردۈم، مەنىسى نېمە دېگەن بولىدۇ؟ » دەپ سورىدى. مەن ئۇ خەتلەرنى خەنزۇچە بىر ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن تەرجىمە قىلىپ بەردىم: «كاشغەردە سەيلانە، دۇنيادا يېگانە» دېگەن بولىدۇ.

ـ ھۆكۈمەت ئەجەپ توغرا دەپتۇ جۇما. دېدى ھاجىم بۇرادىرىم خۇددى سەبىي باللاردەك خوشال بولغان ھالدا. ئەزىزانە كاشغەردە سەيلە ـ ساياھەتتە بولۇش ھەقىقەتەنمۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق شادىيانە ئىشتۇر!

2012 ـ يىل 31 ـ ئىيۇل، كاشغەر.

# مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم




**(ئەدەبىي خاتىرە)**

**مەرھابا، قۇتلۇق يىل**

2008-يىل يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، پاراك ئارىسىدا، «بۇ يىلنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ‹مەھمۇد كاشغەرى يىلى›> دەپ ئېلان قىلىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئويناپ كەتتى...

2-ئاينىڭ 15-كۈنى، فاكۇلتېتىمىز رەھبەرلىكى ھەيئەتلىك يىغىندا: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى بۇ 2008-يىلىدا، بۈيۈك تۈركولوگ مەھمۇد كاشغەرىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67 ئالىمنى دۇنيا مىقياسىدا خاتىرىلەشكە چاقىرىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتى بىزنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، بېيجىڭدە ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى› ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئاۋاز قوشۇپ، مەكتەپ تەشكىلى ئارقىلىق يۇقىرىغا دوكلات يازدۇق. تەستىقلىنىش ئېھتىمالى ئەڭ كۈچلۈك. شۇڭا، ھەممىمىز ئىلمىي ماقالە تەييارلايلى. گېزى كەلگەندە. بىز ھەممىمىز ھەم يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ھەم يىغىن ساھىبخانى بولىمىز...» دېدى. رەسمىي ئىش بېشىدىكى ۋەلىيلەرنىڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نېقەدەر خوشال بولغىنىمنى دېمەيلا قوياي...

نېمىشكە خوشال بولمايكى! مەنمۇ بىر كاشغەرلىك تۇرسام. كىم بىلىر، ئەينى زاماندا، مەھمۇد بوۋام بىزنىڭ يۇمۇلاقشە كۆلبېشى مەھەللىسىدىنمۇ ئۆتكەن بولغىيدى. بىزنىڭ قەدىمجاي ئۆزمىلىك ھويلىمىز تەرەپكىمۇ ئىللىق تەبەسسۇم ۋە سەممىي ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلىغان بولغىيدى...

نېمىشكە خوشال بولمايكى! مەنمۇ ئۇ بوۋىمىز سۇ ئىچكەن تۈمەن ئۆستىڭى ۋە قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، ئۇ نەپەسلەنگەن كاشغەرنىيە ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ چوڭ بولغان ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۈك ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)دىن بىۋاستە ئىلىم ئېلىپ ئۆسۈپ، ئۆك بولغان بىر ئۇيغۇر-تۈرك تۇرسام.

3-ئاينىڭ 15-كۈنى، شادلىقىمنىڭ، خۇشاللىقىمنىڭ سەمەرىسى بولغان «كاشغەرىيشۇناسلىق ھەققىدە ئون ئىككى سوئال-جاۋاب»نى ھازىرلاپ، «كاشغەرىي ئۇيغۇرشۇناسلىق تورى»دا ئېلان قىلدىم. ئارقىدىنلا، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم. مەزكۇر ژۇرنال بۇ ئەسىرىمنى ئۆزىنىڭ 2008-يىللىق 3-سانىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇسى ئاستىدا، قىسمەن ئۆزگەرتىش بىلەن ئېلان قىلىپ بەردى. «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 3-سانىدا « كاشغەرىيشۇناسلىق ئىستىقبالدا» سەرلەۋھىلىك ماقالەم ۋە مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن «ئاپتور ھەققىدە» تونۇشتۇرمىسى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن دىلدار مۇھەممەتربىھىم خانىم تەييارلىغان) ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە، مېنى بۇ كاشغەرىي يىلىدا، كەڭ ئىلىم ئاشنىلىرى بىلەن يىل بويى ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئىمكانىغا ئىگە قىلدىكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ تەھرىراتىغا چىن كۆڭلۈمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

مەزكۇر سوئال-جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالەم ئاساسىدا، «كاشغەرىي يىلى بۇ، پەخىرلەن ئۇيغۇر!» ماۋزۇلۇق بىر نەسىر ھازىرلاپ، 3-ئاينىڭ 22-كۈنى، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2008-يىللىق نەۋرۇز قۇتلىمىسى» ئەدەبىيات ــ سەنئەت كېچىلىكىدە، يۈكسەك ئېتىخارلىق ۋە يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇدۇم. بۇ نەسرىمنى ئاڭلىغان 500 دىن ئارتۇق يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ۋە تەنتەنە

سادىلىرى زالدىن چاك چىقىرىۋەتتى...بىر قانچە دەستە گۈل تۇتۇلدى، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈرنىڭ رەپىقىسى نۇرنىسا خانىم مېنى قۇچاقلاپ، قۇتلۇقلاپ سۆيۈپ كەتتى. بىلىدىمكى، بۇ ــ بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھۆرمىتى، ئىززىتى ۋە ھىممىتى ئۈچۈن ئىدى. كۆپ سۆيۈندۈم، يۈرىكىمدىن غۇرۇرلاندىم...

4-ئاينىڭ 15-كۈنى، مەن دەرس سۆزلەۋاتقان 2006-يىللىق ئۇيغۇر سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر ئاي ئىچىدە، ئاتاقلىق يازغۇچى، تەتقىقاتچى پەرھات جىلان يازغان ۋە شىجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى نەشر قىلىنغان تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى»نى ئوقۇپ چىقىشنى تاپشۇرۇق قىلدىم. ئوقۇپ چىقتىلار. ئاندىن، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلىم قارىشى ۋە ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى رومانىدا قانداق پاكىت ۋە ھېكايىلار بىلەن بايان قىلىنغان؟»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە ئادەمىي ئەخلاق ئەمەلىيىتى قانداق ۋەقە ۋە مىساللار بىلەن تەسۋىرلەنگەن؟»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مائارىپ-مەرىپەت قارىشى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتى قانداق پاكىتلار ئاساسىدا يورۇتۇلغان؟»...ماۋزۇلىرىدىن بىرنى تاللاپ، بىر پارچىدىن ئىلمىي ماقالە ( 30 پىرسەنتلىك مەۋسۇم ئارىسى سىناق نەتىجىسى بولىدىغان) يېزىشنى تاپشۇرۇق قىلدىم. يازدىلار...ئەڭ مۇھىمى، ئەۋلادلار مۇشۇ ئوقۇش ۋە يېزىش ئارقىلىق مۇندىن مىڭ يىل بۇرۇنقى گىگانت ئەجداد بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يانمۇيان ياشىدى...ئۇنى تخىمۇ تەپسىلىي بىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىمۇ باشقىدىن تونىغان بولدىلار...

## «بىزمۇ بېرىپ، بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا گۈللەر قويايلى»

دەرس ئىچى ۋە سىرتىدا تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىپ دېدۇقكى: «ئى، ئەۋلادلار! كاشغەرىي يىلى بۇ، ئىپتىخارلىنىڭلار، شادلىنىڭلار؛ شادلىقىڭلارنى، ئىپتىخارلانغانلىقىڭلارنى مۇئەييەن بىر ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەڭلەر، مەسىلەن، ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى خاتىرە ئىزنىكى› ياسىتىڭلار، باشقا غەلىتە سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن مايكىلارنى كىيىپ يۈرگەننىڭ ئورنىغا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترېتى چۈشۈرۈلگەن مايكا قىلدۇرۇپ كىيىڭلار؛ يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوپالغا بېرىپ، بوۋاڭلارنىڭ قەبرىگاھىنى كۆرۈپ، سۆيۈپ ۋە سۆيۈنۈپ كېلىڭلار.كىم

بىلىر، سىز-بىزلەر بۇ ئۆمرۈمىزدە، ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى›دىن يەنە بىرنى ياشىيالماسمىز بەلكىم...».

خوشالمەنكى، بالىلىرىمىز يەنىلا بىزنىڭ بالىلىرىمىز-دە! ئۇلار دۇرۇست گېپىمىزنى ئاڭلىدى: بەختىيار ساۋاقداش ئېللىپىس شەكىللىك دائىرە ئىچىگە نەۋقىران مەھمۇد كاشغەرىينىڭ (غازى ئەھمەد ئەپەندىم سىزغان) پورترىتى چۈشۈرۈلگەن، رەسىمنىڭ چۆرىسىگە ۋە ئاستىلىرىغا «2008-يىلنىڭ دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى بولغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ياپونچە خەت بېسىلغان مايكا ئىشلەتتى. مەن باشلاپ كىيىپ، 56 مىللەتلىك مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدا مەيدىمىزنى كېرىپ يۈردۇق ۋە مۇشۇ پائالىيىتىمىز ئارقىلىق، بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» ئىكەنلىكىنى مەكتەپداشلىرىمىزغىمۇ بىلدۈرگەن بولدۇق. ئابدۇقادىر مەسلەكداش مەزكۇر رەسىم چۈشۈرۈلگەن ئىزناكتىن 1000دانە ياساتتى، غۇرۇر بىلەن كېرىلگەن مەيدىمىزگە ئېپتىخار بىلەن تاقىدۇق.

6-ئاينىڭ 15-كۈنى، «دۇنيا ئاتىلار بايرىمى كۈنى» بولدى. بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي يىلى خاتىرە مايكىسىنى كىيگەن ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار جەم بولۇپ، مەكتەپ باغچىسى ۋە دەرۋازىسى ئالدىدا، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، بۈيۈك ئاتىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى رەھمەت بىلەن ئەسلىگەن ۋە ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىگەن بولدۇق.

2006-يىللىق ئۇيغۇر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە دوكلات يېزىپ، يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوپالغا بېرىپ بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە ئىزنى-ئىجازەت سورىدى. دوكلات مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن 6-ئاينىڭ 26-كۈنى تەستىقلىنىپ چۈشتى. مەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولدۇم شەرەپ بىلەن.27-ئىيۇن كۈنى، ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلگە قويۇۋېتىلدى. «بۇ تەتىلدە، بىزمۇ بېرىپ، بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا گۈللەر قويايلى» دېيىشتى ياش ئەۋلادلار كەسكىن قارار بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھ باغچىسىدا 25-ئىيۇل كۈنى ئۈچرىشىشقا ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار تەتىل قىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

## كاشغەرلىي يىلىدا سايرامىمۇ خاتىرىلەندى...

«مەھمۇد كاشغەرىي يىلى دېمەك ـ ئىلىم مەرىپەت يىلى دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئالدى بىلەن، سىز-بىز ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار مول مەزمۇنلۇق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئەلمىساقتىن بۇيان تۇنجى قېتىم بولغان بۇ مۇبارەك كاشغەرىي يىلىنى قىزغىن قۇتلىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق، 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا سوۋغا تەقدىم قىلىشىمىز لازىم!» بىز شۇنداق دېدۇق ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ دېگەنلىرىمىزنى قىلىپ كۆرسەتتۇق.

مەن 2004- يىللىق ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ ئىلىم يېتەكچىسىلىك ھوقۇقىمنى ئىسراپ قىلماي ئىشلىتىپ، سىنىپتىكى 38 نەپەر ئوقۇغۇچى ئارىسىدا، «مەشھۇرئەسەر ‹تارىخى ھەمىدى› دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىشقا چاقىردىم، ئەۋلادلار گۈلدىراس ئالقىش بىلەن قىزغىن ئاۋاز قوشتىلار. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن، بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى، ئالىم مۇسا سايرامىي 1908-يىلى يېزىپ تاماملىغان ئىلىم دۇنياسىغا داڭقلىق ئەسەر «تارىخى ھەمىدى»نى، بىر قانچە ئايلىق دەرستىن سىرتقى ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، باشتىن ئاخىر ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن، بۇ ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي ۋە بەدىئىي قىممىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ھالدا، ئىلمىي ماقالىلار يېزىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىردا، يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار ئىچىدىن ئالتە پارچە سەرخىل ئەسەرنى تاللاپ، فاكۇلتېت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇيدىغانغا قارار قىلدۇق.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى، يەكشەنبە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «تارىخى ھەمىدى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» كەچ سائەت 7دىن 9غىچە ئۆتكۈزۈلدى، يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچى « ‹تارىخى ھەمىدى›دە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى توغرىسىدا»، «مەشھۇر ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدى› دىن ئۆرنەك ساۋاق ۋە دەرسلەر»، «زىرىك ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدى›نىڭ تىل-ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى»، «تارىخ كىتابى ‹تارىخى ھەمىدي›دىكى بايانلاردىن

قۇمۇلنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر»، «كلاسسىك ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدى›نىڭ بايان ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» ۋە « ‹تارىخى ھەمىدى›دە بايان قىلىنغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلاردا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ مەمنۇنلۇق باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن ئاخىردا، بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ كونكرېت ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينى ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېدىم: “ بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكى بۇ 2008-يىلنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى يۈكسەك شەرەپ بىلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا: ‹مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى ئىلىم-مەرىپەت يىلى قىلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى قىزغىن كۈتۈۋالايلى› دەپ چاقىرىق چىقارغانىدى. بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ پائالىيىتىمىز مەزكۇر چاقىرىققا قوشۇلغان ئەمەلىي ئاۋاز بولۇپ سانىلىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخشۇناس بوۋىمىز، ئالىم مۇسا سايرامى خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىيلارغا ئوخشاشلا دۇنياۋى ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ئۇنلىغان زىرىك ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرى سانىلىدىغان مەزكۇر «تارىخى ھەمىدى» بۈيۈك تارىخشۇناسىمىز مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىي 1550-يىلى يازغان «تارىخى رەشىدىي (ئابدۇررەشىد خان تارىخى)» ناملىق ئەسەردىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن يېزىلغان ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىكى يۈكسەك نوپۇزلۇق بىر ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئىلىم دۇنياسىدا، ئالىم بوۋىمىز تەرىپىدىن 1903 ـ يىلى يېزىلغان «تارىخى ئەمنىييە» ناملىق تارىخ كىتابىنىڭ تولۇقلانغان شەكلى دەپ ھېسابلانماقتا. مۇسا سايرامى بۇ ئەسەردە، تارىخشۇناس ئالىمغا خاس پەزىلەت بىلەن، شۇنداقلا ئەجدادلارغا ۋە ئەۋلادلارغا بولغان ئەستايىدىل مەسئۇلىيەت بىلەن، «تارىخى ئەمنىيە» ئاتلىق ئەسەردە چولتا، ھەتتا خاتا بايان قىلىنىپ قالغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى يېڭىباشتىن تولۇقلاپ ۋە توغرىلاپ بايان قىلغانلىقى بىلەنمۇ يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. شۇ ئەھمىيەتتىن، ئالىم مۇسا سايرامىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ۋە تەتقىق

قىلىش ئىشى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا دۇنيا مىقياسىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەردىن بولۇپ قالغان.

بۇ يەردە، شۇنى ئالاھىدە ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتۈمىزكى، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئالىم مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ زىرىك ئەسىرى «تارىخى ھەمىدى»نى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئاۋانگارتلىرى بىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ كەلمەكتىمىز. ئالايلۇق، مەشھۇر ئەسەر «تارىخى ھەمىدى»نىڭ تىلى ئۈستىدە، ئەسلى قولىيازما ئاساسىدا دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان دوكتور تېزى(دىسسېرتاتسىيە ئەسىرى) بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلدى؛ «تارىخى ھەمىدى»نىڭ ئەدەبىي ئۆتۈقلىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۇنجى ماگىستىرلىق تېزى يەنە بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلدى؛ بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، 1996-يىلنى «ئالىم مۇسا سايرامى يىلى» ئېلان قىلغانىدى؛ 2006-يىلى، فاكۇلتېتىمىز تەشكىللەپ، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇپ، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «سادا» ژۇرنىلىنى «ئالىم مۇسا سايرامى تەۋەللۇتىنىڭ 170يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان» قىلىپ چىقاردى. مانا بۇ قېتىممۇ، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللاپ بېرىشى بولغاچقا، بۈگۈنكى بۇ «مەشھۇر ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدى› دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى داغدۇغىلىق ۋە تولىمۇ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلدىكى، بۇ پائالىيىتىمىز، مۇشۇ خاسىيەتلىك «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»دا، پۈتكۈل ئۇيغۇر دۇنياسى بويىچە، پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىلمىي پائالىيەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغۇسى!

شۇنداق، ئالىم بوۋىلىرىمىز كۆتۈرگەن ئىلىم مەشئەللىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆچۈرۈپ قويماي، مەرىپەت دۇنياسىدا مەڭگۈ لەپىلدىتىش سىلە-بىز ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، سىلە-بىز ئىلىم ۋارىسلىرى ۋە مەرىپەت ئىز باسارلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر. بىز بۈگۈن مۇشۇ بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە تولىمۇ ساۋابلىق بىر ئىش قىلدۇق»...

ئەڭ ئاخىردا، فاكۇلتېت رەھبەرلىكى ۋەكىلى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «تەشكىللىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئەمەلىيەتتە، ئەھمىيەتلىك ئىلمىي پائالىيەت ئارقىلىق، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا قىلىنغان ئېسىل سوۋغا ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە! ».

## تۈرك ئالىمى شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن جۇڭگودا...

پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن، ئەر، 1956-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى، جەنۇبىي تۈركىيەدىكى ئادانا شەھرىنىڭ تۆپەباغ رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. ھازىر ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى. 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغانلىقىدىن كاشغەرىيەلىك ئۇيغۇردىنمۇ بەك خوشال بولغان ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتى بىلەن بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىرلىشىپ، بېيجىڭدا، « دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلىنى قۇتلۇقلاش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۇيۇشتۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان جاسارەت ساھىبى زات. ئۇ ئىلىم سۆزلەش ۋە بېيجىڭدا ھەمكارلىقتا ئېچىلماقچى بولغان « دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلىنى قۇتلۇقلاش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ كونكرېت ۋاقىت ۋە كۈن تەرتىپلىرىنى كېڭەشىش مۇددىئاسىدا، 6-ئاينىڭ 16-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەنىدى.

شۈكرۈ ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىملىق جۇڭگو سەپىرى بار-يوقى بەش كۈنلۈك ۋاقىت بىلەن چەكلەنگەن ئىدى. شۇڭا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى-يۇ، 17-،18-ئىيۇن ئىككى كۈننى سەرپ قىلىپ، ئۈدۈل قەشقەر ئۇيالغا بېرىپ، مەھمۇد كاشغەرى مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى: ئۇ ئۇن مىڭ كىلومېترلاپ ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىپ، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق بوۋىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىگە گۈل قويدى ۋە ئۇنى ئېھتىرام بىلەن تاۋاپ قىلدى (سۆيدى). 19-ئىيۇن رەتتىكى كېڭەشىش ئىشلىرىنى پۈتتۈردى. 20-ئىيۇن كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىلمىي سۆزلىدى.

بۇ بىر جۈمە كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 ۋاقتى ئىدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇبخانا بىناسىنىڭ 15-قەۋىتىدىكى 300 كىشىلىك دوكلات زالى مەزكۇر ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئالىمنىڭ

سىياق-سالاپىتىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىلىم كارامىتىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بىلەن لىپمۇلىق تولغانىدى.

شۇ ئارىلىقتا، ئاپتورنىڭ قۇلىقىغا ئارقا رەت تەرەپتىن كەلگەن مۇنداق بىر كۇسۇر-كۇسۇر دىئالوگ كىرىپ قالدى:

- ھەي. ئادىش! سەنمۇ ئاڭلىغانسەن-ھە، بۇ تۈرك نوچى ئەدەمكەن جۇما! بىر بەش كۈنلۈك ئىلىم سۆزلەشكە كېلىپ، ئىككى كۈننى سەرپ قىلىپ، قەشقەرگە بېرىپ مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ! مەنغۇ غۇلجىدىن، سەن قەشقەرلىك بولغاندىكىن، پات-پات ئۇياقا چىقىپ تۇرىدىغانسىزلەر-ھە، سەن نەچچە قېتىم زىيارەت قىلدىڭ كاشغەريي قەبرىگاھىنى؟

جاۋاب: بىر قېتىممۇ چىقىپ باقمىدىم دېگىنە!

- ۋەي.ي.ي!...نومۇس قىل، ئاغىنەم، نومۇس قىل! مۇشۇ يېشىڭغىچە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭ!؟...تووۋا!

- خەپشۇك!.. كۇسۇرلاشماڭلار، ئاڭلىيالمىدۇق ئاۋۇ گەپنى!

دىئالوگ ئۈزۈلدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ھېلىقى قەشقەردە يىگىرمە نەچچە يىل ياشاپ تۇرۇپ، مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھىنى بىر قېتىممۇ زىيارەت قىلىپ باقمىغان قەشقەرلىك ئوقۇغۇچى قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ...

ئىلىم سۆزلەش دوكلاتى ناھايىتى ياخشى كەيپىيات ۋە يېتىك ئەھمىيەت بىلەن ئۆتتى. ئالدى بىلەن، شۈكۈر خالۇك ئەپەندى « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ۋە مەھمۇد كاشغەرى تەتقىقاتى ‹كاشغەرىيشۇناسلىق› تۈركىيەدە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئىلمى دوكلات بەردى. دوكلات شۇ قەدەر جەلب قىلارلىق ئىدىكى، قەلەم بىلەن ۋە قول كومپيۇتېرى بىلەن تېز-تېز خاتىرە قالدۇرۇۋاتقانلارنىڭ قەلىمى چىقارغان «كىتىر-كىتىر» ۋە كومپيۇتېرى چېقىرىۋاتقان قوبۇللاش ساداسىدىن باشقا، دىققەتنى چاچىدىغان پىسىرلاشلار مۇتلەق يوق ئىدى. كۆزىتىشىمچە، ئاڭلىغۇچىلارنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى تۈركلەرنىڭ شاھ ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى قانداق تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىدىن

تـولا، «دىۋانـۇ لۇغاتــت تـۈرك» (تـۈركـى تىلـلار دىـۋانى) نـاملىق بـۇ مـىـك يىللارنـىـڭ مەدەنىيەت يالدامىسى بولغان گىگانت ئەسەرنىڭ تۈركىيەدە تىپىلىش جەريانى، نەشرگە تەييـارلىنىش جەريـانى ۋە بـۇ جەريانـدا، تـۈرك خەلقىنـىـڭ جۇمھـۇر باشـقانى (زوڭـتـۇڭ)، سەدرە،زەم (باش مىنىستىر) دىن تارتىپ، كونا كىتابلارنى ساقلىغۇچى ۋە ساتقۇچىغىچە، تەشۋىقات قىلغۇچىلاردىن تارتىپ، تەتقىقات قىلغۇچىلارغىچە بولغان پۈتكۈل جامائەت، جەمئىــيەت ۋە تـوپلۇمنــىڭ كۆرســەتكەن ئــاكتىپلىقى، ئەســتايىدىللىقى ۋە ئۇلارنــىڭ ئىلىمگە، ئەۋلادلارغا بولغان مىسلىسىز يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىدى.

ئىلىـم سـۆزلەش ئاياغلاشـقاندا، يىغىــن ئىشــتىراكچىلىرى ئورۇنلىرىــدىن تــۇرۇپ، ئۇزۇنــدىن ئۇزۇنغــا ئــالقىش ياڭرىتىــپ، يىــراق ياۋروپــا قىرغىقــى بولغــان تــۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كېلىـپ، بـوۋىمىز مەھمۇدنىـڭ قەبرىسـىنى يوقلىغـان ۋە جاسـارەتلىك ئەمەلـى پائـالىيىتى ۋە پاراسـەتلىك تىرىشچانلىقى ئـارقىلىق، جۇڭگـودا دۇنيـا مەھمـۇد كاشغەرىي يىلىنىڭ قۇتلىمىسىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن بۇ ئەزىمەت ئالىمغا چىـن كۆڭلـىدىن رەھــمەت ئېيتــتىلار...گـۈل كەبـى گـۈزەل ئوقۇغـۇچى بـالىلىرىمىز سـەھنىگە چىقىــپ، ئالىمغــا تەشــەككۇر بىــلەن گۈلدەســتىلەر ۋە ئــۆزلىرى ئىشــلىگەن مەھمــۇد كاشغەرىي خاتىرە مايكىسى ۋە ئىزنىكىدىن تەقدىم قىلدىلار.

- بۇنلار بەنىم ئىچىن بۈيۈك ئۆدۈل (بۇلار مىنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك مۇكاپات)،- دېدى شۈكرۈ خالۇك ئەپەندى مايكىدىكى مەھمۇد كاشغەرى رەسىمىنى ۋە گۈلدەستىلەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ.

## كاشغەرىي يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى

2008-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى جۈمە، مىنىـڭ بـۇ كاشـغەرى يىلىمـدا قىرىق يىلغا تـاۋاپ بىـر كۈنـدۇر. بـۇ كـۈنى قەشـقەردە هـاۋا ئوچـۇق، قۇيـاش نـۇرى گەردەنلەرنـى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، سالقىن شامال ئەركىلىتىپ سۆيۈپ تـۇراتتى. بېيجىـڭ مەركىـزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىـدىن ئۇيۇشـتۇرۇلغان «مەھمۇد كاشغەرى يىلىدا، بۈيۈك ئەجداد قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىش پائالىيىتى» رەســمىي باشــلاندى. ســائەت ئــۈرۈمچى ۋاقتــى توققــۇزدا، قەشــقەرگە مېھمــان ئوقۇغۇچىلىرىمىز چۈشكەن «سەرمەن مېھمانسارايى» دەرۋازىسـى ئالدىـدا جەم بولـدۇق. قەشقەردىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابلىرىدىن ئابدۇلقەييۇم تەۋەككۇل ئەپەندى قوللاش

يۈزىسىدىن شەخسەن ئۆزى ئالاقىلىشىپ ھەل قىلغان چوڭ ئاپتوبۇس بىزنى ئېلىپ، ئوپال تامان يۈرۈپ كەتتى.

ئاپتوبۇسىمىز توققۇزاق ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم ئىدارىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ناھىيىلىك مەدەنىي ئاسار-ئەتىقىلەر باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم ئەپەندى بىزنى قارشى ئالدى. قولىمىزدىكى ئالاقە-تونۇشتۇرۇش خەتلىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، خاس ماشىنىسى بىلەن بىزگە يول باشلاپ ئالدىمىزدا ماڭدى. ئوپال كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، كەنت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھەمت ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. سائەت ئون يېرىملەردە، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى باغچىسىغا ئېھتىرام قەدىمى بىلەن كىرىپ كەلدۇق.

رەتلىك قاتار بىلەن كېتىۋاتقان زىيارەتچىلەر سېپىنىڭ ئالدىدا، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى يازلىق تەتىل پائالىيەت ئەترىتى» دېگەن بايراق لەپىلدەيتتى؛ قەلبلەردە بولسا، مىڭ يىل مابەينىدە، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ قايىللىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلىشى ۋە خاتىرىلىشىگە مۇيەسسەر بولغان ۋە بۇ 2008-يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان سېغىنىش، تەلپۈنۈش ۋە غۇرۇرلىنىش تۇيغۇسى مەۋج ئۇراتتى.

قەبرىگاھ باغچىسى ئىچىدىكى توقسان يەتتە پەلەمپەي يېنىدىكى ھاۋالىق كەڭ سۇپىدا، ناھىيىلىك مەدەنىي ئاسار-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم ئەپەندى پائالىيەت ئەھلىگە مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى ئورگىنىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمەلىيلەشتۈرگەن خىزمەتلىرى ۋە مۇنىدىن كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە مېغىزلىق قىلىپ ئومۇمىي چۈشەنچە بەردى. زىيارەتچىلەرنىڭ قىزىقىشلىق سوئاللىرىغا ئېرىنمەي، بىر-بىردىن جاۋاب بەردى،

ئارقىدىن، توقسان يەتتە پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى خاسىيەتلىك «ھاي-ھاي تېرەك» كۆكلەپ تۇرغان چەشمە بۇلاق بويىدا، لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا، مەزكۇر زىيارەت پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولمىش مەن ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي «2008-يىلنىڭ ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى› بولغانلىقىنى

چىن يۈرەكتىن قۇتلۇقلايمىز» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان جىگەر رەڭلىك دۇخاۋا لەۋھەنى زىيارەت پائالىيىتى ئەھلىگە ۋاكالىتەن، ۋارىسجان ئەپەندىگە تەقدىم قىلدىم. ھاياجانلىق قىسقا نۇتقۇم ۋە ۋارىسجان ئەپەندىنىڭ سەممىي تەشەككۈرى شۇ مەيداندىكى يۈزلەرچە زىيارەت ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئارقىدىن، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى تاۋاپ قىلىندى. مەھمۇد بوۋىمىز ياتقان بۇ ئۇلۇغ ئۆيگە كىرگەندە، ئوغۇل-قىز تاۋاپ ئەھلى ئوڭ قولىنى يۈرىكى ئۈستىگە قويغان، بېشى ئېھتىرام بىلەن ئېگىلگەن ھالدا، قەبرىنى ئاستا بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن، قەبرىگاھنىڭ چەشەندۈرگۈچى خىزمەتكارى دىلنۇر ئابدۇرۇسۇل خانىم ئېپتىخار ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزلۈك ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئادەمىي ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرما قىلدى. بۇ ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ۋە ماگىستېر -دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى مەزكۇر تونۇشتۇرمىنى ئاشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرى ۋاقتىدىن باشلاپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، خۇددى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدى. ياش ۋە گۈزەل رۇخسارلىق ئەۋلادلار بىلەن تولغان شۇ ئاندىكى بۇ تۇپراق بېشى بەجايىكى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن پۈركۈنگەن گۈلزارلىقنى ئەسلەتسە، دىلنۇر خانىم بولسا، گۈلزارلىقتا خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان شوخ بۇلبۇلنى خاتىرىلىتەتتى ئىنسانغا!

ئارقىدىن، زىيارەتچىلەر تىلاۋەت ئۆيىگە كىرىپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت بويىچە دۇئا-تىلاۋەتتە بولدى. كۆرگەزمە ئۆيىگە كىرىپ، 2005- يىلدىكى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى قاتارلىق مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئىلمىي پائالىيەتلەر، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ زىيارەتلىرى خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك بۇيۇملارنى، سوۋغات-ھەدىيەلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆردى.

ئارقىدىن، ئۇزاقتىكى ئاستانە، پايتەخت بېيجىڭدىن كەلگەن بۇ زىيارەتچىلەر قەبرىگاھ باغچىسىدىكى تۈرلۈك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان خىزمەتچىلەر، يەرلىك ئاھالىلار ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر ئارىسىدا ھەمسۆھبەت ۋە تەكشۈرۈشلەردە بولدى. ئاندىن، قەبرىگاھ مۇزىيىغا كىرىپ، بۇ قەدىمىي زېمىننىڭ

ئۇزاق ئۆتمۈشكە تالىق قىزىلمىلاردىن تەييارلانغان ئۆرنەكلەرنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى ۋە ئىلمىي خاتىرىلەر يازدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا، زىيارەتچىلەر ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ چوققا قىسمىدىكى ئېگىز راۋاققا يىلانباغرى پەلەمپەيلەر بىلەن مىڭىپ چىقىپ، مىڭ يىللار مابەينىدە ياشناپ كەلگەن ئوپال ئويمانلىقىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل رۇخسارىنى، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ چوڭ بولغان بوستانلىق مەھەللە-كويلارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى تويۇمسىزلىق بىلەن تاماشا قىلدى. ئىستىراھەت ئارىلىقىدا، مەزكۇر زىيارەتچىلەر كوللىكتىپىنىڭ يېتەكچىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، راۋاق سەھنىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان زىيارەت ئەھلىگە ئاتاقلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەپەندىنىڭ مەخسۇس مۇشۇ دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى ئۈچۈن ئاتاپ يازغان (ئەمما تېخى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان) «باغداد ئوردىسى» ماۋزۇلۇق ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەردىم.

-« مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ھەر جۈمە كۈنى چەتئەل دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە خەلقئارالىق داڭقلىق ئەرباب، مويسىپىت ئالىملارنى، تۆرە ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلار ئىدى» دەپ باشلانغان بۇ ھېكايە شۇ ئان تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزىگە سىماپتەك رام قىلىۋالدى. شۇ ئاندا، راۋاق ئىچى تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، راۋاقنىڭ پېشايۋانلىرىغا قونغان قۇشقاچ، كەپتەرلەر يېقىملىق سايراش ۋە ئۈنلەشلىرى بىلەن ھېكايە ئوقۇغۇچىغا جۆر بولماقتا ئىدى. ئوپالئارت تېخى تەرەپتىن ئەسكەن سەلكىن شامال گۈزەل ئۇيغۇر تىلى بىلەن تويۇنغان بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ جەلبكارلىقى بىلەن قوشۇلۇپ، تىڭشىغۇچىلارنى ئۇزاق مىڭ يىل بۇرۇنقى باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندەك ئىدى. بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاسارىتى، ۋىجدانلىق ئالىملارغا خاس ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتى ئارقىلىق، ئەينى زامان باغداد خەلىپىسىنى قايىل قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن مەزكۇر ھېكايە ئاخىرلاشقاندا، تىڭشىغۇچىلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان شادىيانە ئالقىش ياڭراتتى. جانغا راھەت سەلكىن شامال بۇ ئالقىش ساداسىنى شۇ ئان پۈتكۈل ئوپال ئويمانلىقى ئاھالىسىنىڭ قۇلىقىغا، ھەتتا مۇقەددەس قەبرىگاھتا ئۇخلاۋاتقان بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى بولغاي...

ئارقىدىن، ئېگىز راۋاقتىن ئاستا-ئاستا يۈرۈپ، قەبرىگاھ باغچىسىغا چۈشتۇق. ئالتە سائەتتىن ئاشقان زىيارەت ھېچكىمنى ھېچبىر چارچاتقاندەك ئەمەس ئىدى. قەبرىگاھ باغچىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، ھەممىمىز رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەھمۇد كاشغەرىي ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپ، بېيجىڭدە ھەر بىر ئىلمىي پائالىيەت ئۆتكۈزگەندە ھەمىشە ئوقۇيدىغان ھېلىقى «نامۇقام مارشى» نى يۇكسەك ئاۋازدا ئوقۇدۇق:

راك، چەببەيات، سەگاھ، چەھارگاھ،

پەنجگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئوششاق؛

بايات، نەۋا، مۇشاۋەرەك، ئىراق،

ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى جاھاندا ياڭراق.

نەقرات:

مۇقاملار مارشىمىز، مۇقامدۇر بايراق،

ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى جاھاندا ياڭراق!

ياڭراق، ياڭراق، ياڭراق!...

مارشىنىڭ جەڭگىۋار ئاھاڭلىق ياڭراق ساداسى ئۇزاق-ئۇزاقلارغا كەتتى. زىيارەتچىلەر پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، بىر-بىرىنى مۇبارەكلەشتى. بۇ ئارقىلىق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇگۈنكى بۇ قەبرىگاھ زىيارىتىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ ئالغانلىقىنى ۋە مۇندىن كېيىنكى ھاياتلىرىنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئىلمىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغانلىقلىرىنى ئىپادىلىدى گويا.

سائەت بەش يېرىملار بولغاندا، بۇ پائالىيەتكە باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان توققۇزاق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇساجان ئۆمەر ئەپەندى كېلىپ، مەزكۇر زىيارەتچىلەر كوللېكتىپىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا، ئۇ

قەبرگاھ باغچىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئورمانلىق ئىچىگە جايلاشقان «نەۋروز بۇلاق» بېشىغا كەڭ داستىخان سېلىپ، زىيارەتچىلەر ئۈچۈن خاس مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەشرەپتە، خۇشپۇراق زەئفىران چايلار ئىچىلدى؛ بىر-بىرىدىن لەززەتلىك قوغۇن-تاۋۇزلار يېچىلدى. ھەممىدىن پەيز بولغىنى، ياش مۇزىكانت مۇھەممەتئەلى ئەپەندى دۇتتار بىلەن ئورۇنلىغان «زىيارەت قىلغىلى كەلدىم»، «كىمنىڭ بار ئاشۇنداق ئالىمى قىنى، پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» قاتارلىق نەق ئۆز يېرىدە ۋە دەل ئۆز مۆرىتىدە تەرەننۇم قىلىنغان ناخشىلارنىڭ سېھرىي كۈچى زىيارەتچىلەرنى ــ ھەممىمىزنى مەستخۇش قىلىۋەتتى….

## مەھمۇد كاشغەري قەبرىسىنىڭ ئىككىنچى يوپۇقى

دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوپالدا ئېلىپ بارغان مەزكۇر خاس زىيارەت جەريانىدا، قەبرگاھ خىزمەتچىلىرى بىلەن سىرداشتۇق ۋە ئىلمىي سۆھبەتتە بولدۇق، سۆھبەت ئارىسىدا، مەن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسىنىڭ يوپۇقىنى يېڭىلاپ ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى پىكىر-تەلەپنى تولىمۇ ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم.چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسىنىڭ شۇ تاپتىكى يوپۇقى 1985-يىلى، قەبرگاھ رېمونت قىلىنغان چاغدا يېپىلغانىكەن. يىگىرمە ئۈچ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ يوپۇق خېلىلا كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يوپۇقنىڭ باش تەرىپىگە يېزىلغان «مەھمود قەشقىرى» دېگەن ئىسىمنىمۇ ئىملاسىزلىقتىن جەزمەن توغرىلاشنى تەلەپ قىلىپلا تۇراتتى. شۇڭا، مەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئىزىن-ئىجازىتى بىلەن يېڭى يوپۇق ھازىرلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم.

نەتىجىدە، ئالدى بىلەن، رەھبەرلەردىن توققۇزاق ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ سېكرېتارى سابىرجان قادىر، ناھىيىلىك قەدىمىي ئاسار-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا 7-ئاۋغۇست پەنجشەنبە كۈنى، ئوپالغا بېرىپ، مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھىنى شۇ يىللىق ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلىپ، قەبرىنى مېترلاپ-ئۆلچەپ، يېڭى يوپۇق ھازىرلاشقا تۇتۇندۇق. ئارقىدىن، قەشقەردىكى تىجارەتچى ۋە تىكىمچى بۇرادەرلىرىمىنىڭ خالىسانە ياردىمى بىلەن، يېشىل دۇخاۋىدىن يېڭى يوپۇق ھازىرلاپ، 8-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئاددىي

مۇراسىم بىلەن، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ياپتۇق. بۇ يېڭى يوپۇقنىڭ ئالدى يۈزىگە: «مەھمۇد كاشغەرى (1008ـ1105) قەبرىسى» دەپ، ئارقا يۈزىگە بولسا، «2008 دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈشبۇ يوپۇق يېپىلدى» دەپ يېزىلغان بولدىكى، مۇبارەك بولسۇن ۋە تەكرار قۇتلۇق بولسۇن!

## كاشغەرىيشۇناسلىق مەركە مەيداندا ئات ئويناتقان چەۋەندازلار

بۈيۈك ئەجدادلارنى ھەممىشە ئەسلەش، قەدىرلەش ھالدا مۇئەييەن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلەش ھەققەتەنمۇ ساۋاپلىق ئىش، ئەلۋەتتە. ئەمدى، ئاشۇ بۈيۈك ئەجدادلار كۆتۈرگەن ئىلىم مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قويماي، ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش، ئىز باسارلارغا سالامەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، مىننەتسىز ئەمگەك قىلغان ۋە قىلىۋاتقان تىرىكلەرنى قەدىرلەش، مۇۋاپىق سورۇندا، مۇئەييەن ھەركەت-پائالىيەت ئارقىلىق ئۇلارغا شۈكرانىمىزنى بىلدۈرۈشمۇ مۇكاپاتلىق ئىش بولۇشى كېرەك مېنىڭچە. مۇشۇنداق بىر ئاڭنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، ئانا يۇرتىمىزدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ يوقتىن بار بولۇشى ۋە بارلىقتىن ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان تۆھپىكارلانى ئېھتىرام يۈزىسىدىن زىيارەت قىلىشنى 2008ـيىلىدىن ئىبارەت كاشغەرى يىلىدا ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدىم:

## كاشغەرىيشۇناس كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىنى زىيارەت

«دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغان قۇتلۇق 2008ـيىلىدا، مەن مەمنۇنىيەت بىلەن كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىغۇم كەلگەن ناخشا «پەخرىلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» بولدىكى، مەزكۇر ناخشىنى ھەر ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ تېكىست يازغۇچىسىنى ۋە ئاھاڭ ئىجاد قىلغۇچىسىنى قايىللىق تۇيغۇم بىلەن ئەسلىدىم. كۆرگۈم كەلدى، يۈز تۇرانە تەشەككۇر ئېيتقۇم كەلدى. شۇڭا، 8ـئاينىڭ 11ـكۈنى دۈشەنبە، قەشقەردىكى ئۇستازىم مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئائىلە قورۇسىغا بېرىپ، ئاتاقلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

بۇ ــ ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك ئوچۇق بولغان بىر كۈن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت ئونلار بولغان مەزگىلدە، ئەپەندىمنىڭ ئىشىكنى چەكتۇق. تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم ئۆزى ئىشىكنى ئاچتى ۋە خۇش تەبەسسۇم بىلەن بىزنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى. دۇئايى فاتىھەدىن كېيىن خانىمى كىرىپ، بىزلەرگە چاي قۇيدى. چاي ئىچكەچ، سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق.

- بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان بىر سىنىپلىق ئوقۇغۇچى بالىلارنى باشلاپ، ئوپالغا قەبرىگاھ زىيارىتىگە كەلگەندۇق، «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنىڭ ئىلھامى ۋە ئىپتىخارى بىلەن ئۆزلىرىنى بىر زىيارەت قىلايلى دەپ كەلدۇق-، دېدىمەن كېلىش مەقستىمىزنى ئىزاھلاپ.

- تولا ئوبدان بوپتۇ-، دېدى تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم بېشىدىكى يارىشىملىق بادام دوپپىسىنى ئوڭ قولى بىلەن سەل ئۇستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ. ئارقىدىن، ئۆزىنىڭ مەزكۇر ناخشىغا ئاھاڭ ئىجاد قىلىش جەريانىنى مەمنۇنلۇق بىلەن مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

- « مەن ئوپاللىق. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دەپنگاھى ئاشۇ بىزنىڭ ئوپالدىكى ھەزرەتى موللام مازىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەنتەنە بىلەن جاكارلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. شۇ كۈنلەردە، ‹قەشقەر گېزىتى› ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بۇرادىرىمىز مەرھۇم نۇرمۇھەممەت ئېركى بىزنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېنىدىكى ساماۋارخانىغا كېلىپ، بىز بۇرادەرلىرى بىلەن چاي ئىچىشكەچ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: ‹مەن مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە بىر شېئىر يازغاندىم، شۇنىڭغا بىرەر كومپوزىتور بىر ئاھاڭ ئىشلىسە ئىكەن دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى، تېكىستنى سەن بىر كۆرۈپ باقساڭ قانداق؟ دېدى›. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم ۋە تېكىستنى كۆردۈم. ئەمما، «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىر ئۇن نەچچە كۇپلېت بولۇپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا بەك ئۇزۇنلۇق قىلاتتى. شۇ ۋەجدىن، سەل ئىككىلىنىپ قالدىم ۋە ئۇ شائىر بۇرادىرىمگە: ‹شېئىرىڭ ئېسىل چىقىپتۇ. ئەمما بەك ئۇزۇن تۇرىدۇ›

دېدىم. بىراق، ئۇ قايتۇرۇپلا: ‹شېئىرىم يارىغان بولسا، ئۆزۈڭنى قىسقا قىلىپ، ئۆزەڭ بىر نېمە قىلمامسەن؟!› دېدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توققۇزاق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەردىن بىر قانچەيلەن مېنى ئىزدەپ كىرىپ: ‹سەنئەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن تەييارلاۋاتىمىز، بىر ئاز ھاجىتىمىز بار، شۇڭلىغا ياردەمدە بولسىلىرى ئىكەن› دېيىشتى ۋە ئارقىدىنلا بىر شېئىر تېكىستىنى چىقىرىپ: ‹مۇشۇنىڭغا بىر ئاھاڭ ئىشلەپ بەرسىلىرى قانداق؟› دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. قارىسام، ئۇلارنىڭ ئەپكىرگىنىمۇ دەل مەزكۇر نۇر مۇھەممەت ئېركىي يازغان ئاشۇ شېئىر ئىكەن. دېمەك، شېئىرنىڭ ھەممەيلەنگە يارىغىنى ئايان ئىدى. بۇ ھالدا، مەن ئىككىلەنمەيلا: ‹بولىدۇ، مەن بۇ شېئىرنى تېكىست قىلىپ، ئاھاڭ ئىشلەي› دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم.»

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، 65 ياشقا كىرگەن بۇ پېشقەدەم كومپوزىتور نېمىدۇر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىياپەتتە، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: ـ «مەن ئاھاڭ ئىشلىسەم، ئالدى بىلەن ناخشا تېكىستىنى پىششىق ئوقۇيمەن، يادلىۋالىمەن. ئاندىن ئۇ ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا چۆككەن ھالدا، ئاھاڭ دېڭىزىغا شۇڭغۇيمەن.» دېدى ئۇ ئەستايىدىل ۋە جىددى ئاھاڭدا. ئارقىدىن ئۇلاپلا سۆزىدە داۋام قىلدى:

ـ «شۇنداق قىلىپ، بىر قانچە كۈن ئاھاڭ ـ كۈي ئىجادىيىتى بويىچە ئەمگەك قىلدىم. شۇ كۈنلەردە، ئۇلتۇرسام-قوپسام، قەشقەر ئوپال دىيارىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ گىگانت ئىنسانغا بولغان ئېھتىرام ۋە سېغىنىش تۇيغۇم چىن يۈرىكۈمدىن جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى.شۇ ھالدا، زادى قانداق قىلغاندا، مەزكۇر ‹پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى› ماۋزۇلۇق بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن بۈيۈك ئالىم، ئۇلۇغ ئەجدادتىن ئىپتىخارلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش تۇيغۇسى مۇناسىپ ئاھاڭ بىلەن ئەڭ جايىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىل ئىزدەندىم. ئاخىردا، خەلقىمىز نەچچە ئون يىللار مابەينىدە سۆيۈپ ئوقۇپ ۋە سۆيۈنۈپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان شۇ ئاھاڭنى ئىجاد قىلىپ چىقتىم ۋەسسالام.»

ـ سىز ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمسىز بىر ئاھاڭ ئىجاد قىلغانىكەنسىز، تۇرسۇن ئەپەندىم،ـ دېدىم مەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بىر خىل قايىللىق تۇيغۇم بىلەن.ـ، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە گەپ بولسىلا ھەر قاندىقىمىز مەزكۇر ناخشىدىن بىر

ئىككى كۈيلىت ئوقۇپ كېتىمىز ۋە شۇ چاغدا، شۇ قەدەر گۈزەل ئاھاڭ ئىجاد قىلغان سىز كومپوزىتور ئاكىمىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلەيمىز، سۆيۈنۈش تۇيغۇمىز بىلەن ياد ئېتىمىز!

تالانتلىق ۋە ھوسۇللۇق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندى 1943-يىلى قەشقەر ئوپالدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغقىچە ئۆتكەن ئىلىم ئۆمرىدە، مەزكۇر «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»دىن باشقا، يەنە «زىيارەت قىلغىلى كەلدىم» (تېكستى: سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ)، «مەيلىمۇ؟» (تېكستى: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ)، ئەجەب ئوبدان زامان بولدى» (تېكستى: ئابلىز نازىرىينىڭ)، «بادام دوپپا» (تېكستى: مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «مۇھاجىرلار ناخشىسى» (تېكستى: مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «بېپەرۋا» (تېكستى: ئابدۇللاھ ياقۇپنىڭ)، «راۋابىم» (تېكستى: تەلئەت تۇردىنىڭ)، «چىقىدۇ دېھقاننىڭ ئەمدى ھاردۇقى» (تېكستى: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ)، «كېلىن بولسا، قەنت بولسا» (تېكستى: مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «گۈزەل قەشقەر» (تېكستى: نۇرۇددىن مۇسانىڭ) قاتارلىق ھېلىھەم زوق-شوق بىلەن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلارغا ئاھاڭ ئىشلىگەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالغان « ھەسەنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمىكىن؟»، «مەسلىھەت چىيى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «رابىئە- سەئىدىن»، «نەسرىددىن ئەفەندىم ۋە ئۇنىڭ بەش خوتۇنى»، «قىرى ئاشىق-مەشۇقلار» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن.

مەلۇمكى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بىۋوسىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيىتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمى ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقان خىش-ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاشغەرىيشۇناسلىق ئەمەلىيەتتە، تىلشۇناسلاردىن باشقا، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسسام- گۈزەل سەنئەتچىلەر ۋە تارىخ ـ تەزكىرىچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زىيالىيلار ئامممىسىدىن تەركىب تاپقان كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك ناھايىتى كەڭ بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىلىم ساھەسىنى ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتاقلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئاشۇ «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»

نامىلىق ناخشىنىڭ يارقىن-يېقىملىق ئاھاڭ-كۈيىنى ئىجاد قىلغان نادىر ئەمگىكى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق مەيدانىدا ئات ئوينىتاتقان چەۋەندازلاردىن سانىلىشقا تامامەن ھەقلىق، ئەلۋەتتە!

زىيارەت ئاخىرىدا، بىز گۈزەل ئۇيغۇر ئاھاڭ-كۈيى ئىجادىيىتى ئارقىلىق، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى مۇزىكا تىلىدا بايان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ كېلىۋاتقان بۇ تۆھپىكار زاتقا چىن كۆڭلۈمىزدىن تەشەككۈر ئېيتتۇق. ئۇنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلىدۇق.

بۇ زىيارەت ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ بۇ كاشغەرىي يىلىمىدىكى مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىمدىن بىرى بولدى كۆڭلۈمچە.

## كاشغەرىيشۇناس رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندىنى زىيارەت

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رەسساملىقىنىڭ پېشۋاسى غازىي ئەھمەد 1933-يىلى 8-ئايدا، قەشقەر شەھىرىدە ، ئۆز زامانىسىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇ 1957-يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئانا مەكتىپىگە رەسساملىق كەسپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇ قىرق يىلغىچە رەسىم مائارىپى ئوقۇتۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رەسساملىقى بىلىملىرى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق- ئۇستازلىق قىلغان. ئۆز كەسپىدە باشلامچىلىق ۋە يېتەكچىلىك ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغاچ، فاكۇلتېت مۇدىرى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋە شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە بولغان. ھازىر مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئەدەبىيات ـسەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، شىنجاڭ تارىخ-ۋەسىقىلەر سارىيىنىڭ پەخرىي سارايى باشلىقى، دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپىكار مۇتەخەسسىس، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى قاتارلىق شاراپەت ۋە ئىمتىيازلار ساھىبى بولۇپ ياشاۋاتقان بۇ جامائەت ئەربابى ۋە ئۇستاز رەسسام شۇ چاغقىچە بولغان نادىر ھاياتىدا، ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئېسىل جۇڭگوچە رەسىم ۋە ماي بوياق رەسىم سىزغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 1964-يىلى سىزىلغان

«جىنايەتلىك ھۆكۈم» ناملىق ماي بوياق رەسىمى جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1981-يىلى سىزىلغان «ئىش ئۈستىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي» مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رەسىم كۆرگەزمىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە بېيجىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1984-يىلى سىزىلغان «مۇقام» ناملىق رەسىم 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە، كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن ۋە جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1987-يىلى سىزىلغان «گىلەم. ئۇيغۇرلار» ناملىق رەسىم ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلۇپ، ياپونىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1988-يىلى سىزىلغان «مۇزىكا مەستانىلىرى» ناملىق رەسىم 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سەرخىل ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشىپ، ياپونىيە «مەڭگۈلۈك ئىتىز» كۇلۇبى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1999-يىلى سىزىلغان «ئوغلاق تارتىشىش» ناملىق رەسىم پايتەختتىكى تيەنئەنمېن مۇنارىسىنىڭ زالىغا زىننەت ئۈچۈن ئېسىشقا تاللانغان؛ ئۇ 1992-يىلى پايتەخت خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى زىننەتلەشكە باش يېتەكچى بولۇپ، چوڭ تىپتىكى «تەڭرىتاغ كۈيى» ناملىق رەسىمنى ئاسما گىلەمگە سىزغان؛ 1997-يىل ئۇ باش يېتەكچى بولۇپ ئاسما گىلەمگە سىزغان «تەڭرىتاغدىكى شادلىق» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە ھەدىيە قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، بولغارىيە، تۈركىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە رەسساملىق بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش زىيارەتلىرىدە بولغان. 1994-يىلى، پارىژ، ئىستانبۇل، ئەنقەرە قاتارلىق شەھەرلەردە، 1997-يىل بولسا، تېھران شەھرىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئاچقان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، « غازىي ئەھمەد رەسىملىرى توپلىمى» ۋە « غازىي ئەھمەد ماي بوياق رەسىملىرىدىن تاللانما» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

مەن مول ھوسۇللۇق تۆھپىكار ئۇستاز رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندىمنى بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا تولىمۇ ھۆرمەتلەيمەن. ئۇنىڭ بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۆلچەملىك پورتېرتىنى تۇرغۇش يولىدا كۆرسەتكەن

تىرىشچانلىقى باشقا ھەممە قېرىنداشلارغا ئوخشاشلا مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. مەن مۇشۇنداق ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇم بىلەن، 8-ئاينىڭ 20-كۈنى، مەن ئۈيۈشتۇرغان پائالىيەتلەردە ھەمىشە قول-قانىتىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئىنىم ئابدۇقادىر جۇمەنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۇنى ئۇرۇمچى «دائىما شادلىق» ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيىدە زىيارەت قىلدىم.

- شۇنداق، ئالىملارنىڭ پورترېتىنى ئومۇمخەلق ئېتىراپ قىلىدىغان دەرىجىدە قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرغۇزۇپ چىقىش رەسسامدىن يېتىك بىلىم-مەرىپەت، يۈكسەك ماھارەت ۋە مۇكەممەل ئىلمى پەزىلەت تەلەپ قىلىدىغان ھەم شەرەپلىك ھەم ئېغىر ئەمگەكتۇر،- دېدى غازى ئەپەندىم مېنىڭ ئۇنى دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپ ئېيتقان ھەشقالالا- تەشەككۇر مەزمۇنىدىكى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، تولىمۇ سەممىمى قىياپەتتە،- ئالىمنىڭ گۆھەر كىتابى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئوقۇدۇم. بولۇپمۇ، مەزكۇر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن ۋە ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە يېزىلغان «مەھمۇد كاشغەرى ۋە ‹ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ›» دېگەن كىرىش سۆزنى تەكرار-تەكرار مۇتالىئە قىلدىم. مەزكۇر كىرىش سۆزدىكى بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى، مىجەز-خۇلقى، ئېتىقادى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى خاتىرىلەپ يازغان قۇرلارنى زېھنىمنى قويۇپ مۇھاكىمە قىلدىم. ئاندىن، ئالىمنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، مەھەللە-كوچىلىرىنى ئارىلىدىم، بۇگۈنكى دەۋر ئوپال ئادەملىرىنىڭ تەق-تۇرۇقى ۋە چىراي-شەكىللىرىگە ئالاھىدە زەڭ قويدۇم... مۇشۇنداق بىر قاتار مۇھەببەتلىك تەتقىقاتلاردىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى سىزىپ چىقتىم.

غازى ئەھمەد ئەپەندىم بىلەن بىر ساپادا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر جانلىق مىساللىق بايانلىرىنى ئاڭلاپ، گۈزەل سەنئەت ئىلمى ھەققىدە تولىمۇ قىممەتلىك بىر دەرس ئالغاندەك بولدۇم. خۇشۇسەن، ئۇنىڭ بۈيۈك بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەستايىدىللىقى ۋە قىلغان ئىنچىكە ئەمگەكلىرى مېنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۈردى. ئارىلىقتا، ئەپەندىم بىزنى رەسىم سىزىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە، مەھمۇد كاشغەري بۈۋىمىزنىڭ رەسىمىدىن

باشقا، ئۇ سىزغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىيلارنىڭ ئۆلچەملىك پورتىرىتلىرىمۇ بار ئىدى.

- بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغانلىقى ھەممىمىزنىڭ بىشىمىزنى پەلەككە يەتكۈزدى، بىز تولىمۇ سۆيۈندۇق. سىز سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىككى رەسىمى ئۇ بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ ئوبرازىنى پۈتكۈل خەلقىئالەم ئالدىدا تېخىمۇ كونكرېتلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن بولدى. شەكسىزكى، سىزنىڭ بۇ ئۆلمەس ئەمگىكىڭىز خەلقىمىزنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى بۈيۈك ئەجدادلارنى ئۆلگە قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياشاش، پاراسەت بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، - دېدىممەن سەممىي كۆڭلۈم بىلەن زىيارىتىمىز ئاخىرلاشقاندا.

- ئالاھىدە ياد ئېتىپ كېلىپ، زىيارەت قىلغىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت!.- دېدى غازى ئەھمەد ئەپەندىم بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ.

## كاشغەرىيشۇناس شائىر، دراماتورگ مۇھەممەدئەلىي زۇنۇن

## تەشنائىينى زىيارەت

11-ئاينىڭ 28-كۈنى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 11-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى قۇرۇم مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق جەمئىيىتى» ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋە كومپارتىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ژىرىك مېۋە ھېسابلىنىشقا ھەقلىق بولغان بۇ مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلىم تەتقىقات ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئىلىمغا ھۆرمەت تۇسى ۋە تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان ھالدا، تولىمۇ كاتتا، داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتتى. 28-نويابىر ئاخشىمى رەئىس نۇر بەكرى ئەپەندى بېيجىڭدىن كەلگەن يىغىن ۋەكىللىرىگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى. 29- نويابىردىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتى،

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ رەتلىنىشى، نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ۋە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت ئاكا «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» دەپ يېزىلغان ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى؛ ئارقىدىن، نۆۋەتتىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۆھتەرەم ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىم تەبرىك سۆزى سۆزلىدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئەپەندى نۇتۇقلۇق سۆز قىلدى. تەسىراتىمچە، پارتىيىمىزگە تەشەككۈر- رەھمەت ئېيتىدىغان، ئالىم ۋە ئىلمىنى قوللاپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ تەتقىقاتىغا كۆچلۈك مەدەت بېرىدىغان ئىلھامبەخش پىكىرلەر بىلەن تولغان بۇ نۇتۇق ۋە تەبرىكلەر يىغىن ئەھلىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلدى. مېنىڭ «ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ۋە « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ژىرىك ئەمگەكلىرىممۇ ھېساباقا ئېلىنىدى بولغاي، يىغىن ئەھلى تەرىپىدىن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندىم. تەبىئىيكى، بۇ مۇشۇ خاسىيەتلىك كاشغەرىي يىلىدا، مېنىڭ شەخسىيىتىمگە شەرەپ، ئەمگىكىمگە مەدەت بەرگەن ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالدى كۆڭلۈمدە ۋە دەپتىرىمدە ئوخشاشلا!

يىغىن ئارىلىقىدا، مەزكۇر كاتتا مەرىكىنىڭ نوپۇزلۇق ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق شائىر، ھوسۇللۇق دراماتورگ مۇھەممەدئەلىي تەشنائىي ئەپەندىمنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، قانداق خوشال بولغانلىقىمنى ئەمدى دەي.

مەن تەشنائىي ئەپەندىم بىلەن كاشغەرىي يىلىدا بىر كۆرۈشۈش ۋە مۇڭدىشىشقا ھەقىقەتەنمۇ تەشنا بولغانىدىم. چۈنكى، مېنىڭ ھۆرمەت خاتىرەمدىكى تەشنائىي ئەپەندى بىر داڭلىق شائىر، ئىستىدادلىق دراماتورگلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «ئۈچ ياش» ماۋزۇلۇق چاتما تىلىۋىزىيە ئەسىرى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق ساھەسىدە باشلامچى بولۇپ ئات ئويناتقان بىر چەۋەنداز ئىدى.

« شۇنداق، 1983- يىلى مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ مۇقەددەس مەقبەرىسى توغرىسىدىكى تارىخى ھۆججەت تېپىلدى ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىنغان بولدى» .- دەپ ئەسلىمە باشلىدى تەشنائىي ئەپەندىم، قورۇم مېھمانسارايىنىڭ ئىنىسىانغا

يۈكسەكلىك ۋە كەڭ-كۇشادىلىقنىڭ پەيزىنى سۈردۈرىدىغان ئازادە سالونىدىكى كەڭ ساپادا راھەت ئولتۇرۇۋالغاندەك كېيىن.

«ــ شۇ كۈنلەردە، مەن ئىنتايىن خوش بولغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ‹تاپتى› ماۋزۇلۇق بىر قەسىدە يېزىپ ئېلان قىلدىم» ،- ئۇ سەل-پەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇنۇ مىسرالارنى يادلاپ بەردى:

«سۆيۈملۈك ئەھلى يۇرت تاپتى ئۆزى سۆيگەن مازارنى،

ئەمەسكى بىر مازار، ئىدراك-ئەقلىنىڭ لالىزارنى.

يىراقتا قالدى كۆك گۈمبەز قىسىپ بويىننى بىر چەتتە،

ئاثا تۆكسۈن بۇگۈن كىمىۇ پىغانى، ئاھۇ زارىنى.

بىراۋلار چۆنتىكى «شەربەت كۆلى» دەك قۇيقۇرۇق ئەمدى،

كاسات قىلغاچ بۇگۈن تارىخ كەمەك ھەييار بازارنى! »

شائىر بۇ مىسرالارنى ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن يادلاپ بولۇپ، تەپەككۇر قاينىمىغا چۆككەن ھالدا بىرقانچە مىنۇت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىمىسىدە داۋام ئەتتى:

«ئارقىدىنلا، مەن كاشغەرنى بوۋىمىزنىڭ ئوپالدىكى مازىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئۈچ ياش» ماۋزۇلۇق بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازدىم. بۇ ئەسەرنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ، 1984-يىلى ئۆكتەبىردە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆرسىتىلدى. كۆپ سۆيۈندۈم. ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشقا بېغىشلانغان ئىككى قىسىملىق بۇ فىلىم - ئۇنتۇلۇق چىققان تۇنجى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە فىلىمى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن بۇ ناخشام (مۇزىكىسى تۇرسۇن قادىرنىڭ) چارەك ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

يارالمىش ھەزرىتى مەۋلان ئوپال ئازىخ داراسىدا،

ئۆسۈپ يەتمىش كامالەت ئەرشىگە ئۆز يۇرت ھاۋاسىدا.

يېتىپتۇرلەر ئارامگاھ ئەيلىبان چەشمە زۇلال باغرىن،

سىيا يەڭلىغ قارا تۇنى ناھار ئەيلەپ زىياسىدا.

شۇ مەۋلانايى شەمسىدىن زىياسىنىڭ جۇلاسى بار-

ئىلىم-ئىرپان بېغىنىڭ گۈل-چېچەك، مېھرىگىياسىدا،

پىرىمگە جەننەتۇل رىزۋان ئاتا قىلغىن خۇداۋەندە.

شۇ يىللاردا، يەنە كاشغەرنى بوۋىمىزنىڭ ئۆلۈمسىز ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئىچىدىكى ماقال-تەمسىل، ئۇگۇت-نەسىھەتلەر (288 ماقال، تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆز)نى رەتلەپ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى» نىڭ 1987-يىل 4-سانى ئارقىلىق خەلققە سۇندۇم.

ئۇندىن باشقا، « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »نىڭ 1981- نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە بىرىنچى تومىنىڭ 122- 151- بەتلىرىدە بايان قىلىنغان تارىخى ۋەقەلەرگە ئاساسەن، «بىر جۇپ پەرىشتە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر تارىخى ئوپېرا يازدىم. بۇ ئەسىرىم 1991-يىلى 4- سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا، 1995-يىلى بولسا، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى» ناملىق ئوپېرالار توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. بۇ يېڭى ئەسىر (21-ئەسىر) كىرگەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى «تەۋرىمەس تاغلار» غا ئۆزگەرتتىم ۋە يېڭىباشتىن تەھرىرلەپ چىقتىم.»

- سىزگە ئاپىرىن!، -دەۋەتتىم مەن قايىللىق ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇم بىلەن ،- مەلۇمكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىباھا ئابىدە ئەسەردۇر، كاشغەرىيشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات قويىنى ئاجايىب كەڭدۇر. ھالبۇكى، سىزنىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى دىتال قىلىپ، ئوپېرا يازغىنىڭىز ئەمەلىيەتتە، نادىر ئەمگىكىڭىز «ئۇچ ياش»تىن كېيىن، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يەنە بىر تۆھپىلىك ئەمگىكىڭىز بوپتۇ، قەلەم تۇلپارىڭىز ھارمىسۇن، ئەمگەكچان قولىڭىز دەرت كۆرمىسۇن!

مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائى ئەپەندى 1939-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەر شەھرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955-يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1958- يىلى، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1958-يىلدىن 1978-يىلغىچە ساق يىگىرمە يىل مائارىپ سېپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئۆمرى سەنئەت ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1951-يىلى كىرىشكەن بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ھازىرغىچە بەش شېئىر-داستان توپلىمى، ئۈچ دراما-ئوپېرا توپلىمى ۋە ئىككى ھېكايە-پوۋېست توپلىمى نەشر قىلىنغان. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئوپېرا-تىياتىر ئانسامبىلىنىڭ پېنسىيونېرى،

- «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» سىزنى قانداق تۇيغۇلاندۇردى، ئەپەندىم؟- ئاخىردا سورىدىم.

«- 2008-يىلىنىڭ ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى› ئېلان ئېتىلگىنى مىليونلار قاتارىدا مېنىمۇ چەكسىز مەمنۇن قىلدى»- دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپەتتە،- «بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ‹تويۇڭ مۇبارەك› ماۋزۇلۇق بىر كۇي نەزمىسى يازغان بولدۇم. ئۇنى سەنئەتكار پەرھات ئابىت چوغلان مۇزىكىلاشتۇرۇپ، سەھنىلەشتۈردى ۋە ئورۇندىلىپ ئالقىشلاندى. ئاڭلاپ بېقىڭ، مانا بۇ شۇ ناخشىدىن ئارىيە:

پەن-بىلىم ئەھلىنىڭ پىر - ئۇستازى سەن،

بۇ يولنىڭ مىڭ يىللىق چەۋەندازى سەن.

گويا تىغ-تىكەنلىك سىملاردا كۆكتە،

زەبەردەس چامدىغان ئەل جانبازى سەن.»

قاراڭ! مانا بۇ ــ بۇ يىل ساق يەتمىش ياشقا كىرگەن پېشقەدەم كاشغەرىيشۇناس مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائى ئەپەندىنىڭ كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيگە ئاتاپ يازغان يېڭى ناخشىسىدىن ئۆرنەك. روشەنكى، ئۇنىڭغا مۇجەسسەم بولغان قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىق يۈكسەكتىن يۈكسەك.

مەن تەشنائى ئەپەندىم بىلەن بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ مول بەھرىلىك ئەمگەكلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق تونۇش بولساممۇ، روبىرو ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشىم مۇشۇ تۇنجىسى. ئەلۋەتتە بۇمۇ خاسىيەتلىك كاشغەرنى يىلىنىڭ شاراپەتلىك سوۋغىسى بولغاچ، سۆيۈنگەن ھالدا، خاتىرەمگە ئۆچمەس قىلىپ يازدىم.

## نادىر ئەسەر تەتقىقاتىدىن بىر ئۆرنەك

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى تىل-يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سەككىزىنچى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2008-يىل 10-ئاينىڭ 16- ۋە 17-كۈنلىرى پايتەخت بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى.مەن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم ۋە تۆۋەندىكى ئىلمىي ماقالەمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، گۇرۇپپا يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتتۇم:

## « تارىخى ھەمىدىي» دە ئۇيغۇر يۇرتلىرى ۋە ئادەملىرى

-«تارىخى ھەمىدىي» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىغا ئاتاپ-

بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى، ئالىم مۇسا سايرامى ( 1836- 1917 ) ئۆزىنىڭ مەشھۇر تارىخ كىتابى «تارىخى ھەمىدى» نى 1908-يىلى يېزىپ تاماملىغان. مەن بۇ ماقالەمدە، مەزكۇر ئەسەرنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا بېرىلگەن قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىللە مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، بۇ قۇتلۇق ئەسەر دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقىنى قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن خاتىرىلەيمەن.

### 1

ئالىم مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» نىڭ خاتىمە قىسمىدا، ئۆز زامانىسىدا «يەتتە شەھەر» دېمۇ ئاتالغان قەدىمى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمى جۇغراپىيىسى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ھۆكۈما، مۇنەججىملەر، گېئومېتىرىيە ۋە ماتېماتىكا ئالىملىرى يەرشارىنىڭ ئومۇمى يۈز كۆلىمى، ئۇنىڭدىكى چۆل ــ جەزىرە، باياۋانلار ۋە ئادەم ياشايدىغان مەمۇر ــ ئاۋات جايلارنىڭ

جۇغراپىيىسىنى ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى ئاساسىدا سىزىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن، يۇكسەك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنىكەن. ئۇلار زېمىنىنىڭ ئادەم ياشىغىلى بولىدىغان ( رۇبئى مەسكۇن ) قىسمىنىڭ مەشرىق تەرەپتىكى باشلىنىش ئۇچىدىن، مەغرىب تەرەپتىكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى يەتتە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەكنى بىر ‹ئىقلىم› دەپ ئاتىغان. ئاندىن، بۇ يەتتە ئىقلىم زېمىنىنى ئاسماندىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ( باغلاپ )، ھەربىر ئىقلىمغا بىر يۇلتۇزنى مەنسۇپ قىلغان. يەنى بىرىنچى ئىقلىمغا زۇھەل ( ساتورن ) يۇلتۇزىنى، ئىككىنچى ئىقلىمغا مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىنى، ئۇچىنچى ئىقلىمغا مىررىخ (مارس) يۇلتۇزىنى ۋە مۇشۇ قىياس بويىچە، يەتتە يۇلتۇزنى يەتتە ئىقلىمغا باغلىغان. ئاندىن، ئۇلار ھەربىر ئىقلىمدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، رەڭگى - رويى ۋە خۇي - پەيلى قاتارلىقلارنى بايان قىلغاندىن باشقا، شۇ ئىقلىمغا تەۋە زېمىندىكى شەھەرلەر، دەريالار، چۆل - جەزىرىلەر ۋە مەمۇر - ئاۋات جايلارنى بىرمۇبىر تەسۋىرلەپ جەملەپ، بۇلارنى ئۆزلىرى يازغان تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئاخىرىغا «خاتىمە» ئورنىدا بەرگەنىكى، بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇ دانا ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىغا زىننەت بېغىشلىغان.

ئەمما، مەن كەمىنە نادان، بېشىدىن تا ئايىغىغىچە نۇقسان ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان، قورسىقىدا ئانچە ئۇمچى بولمىغان بىر ئادەم مەزكۇر قەدىمكى ئاپتورلاردەك چوڭ ئىشنى قىلالمىساممۇ، يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ يەتتە شەھەرنى ۋە بۇ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بەزەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.»

(قاراڭ: مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» ‹يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا›، ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي تەرجىمىسى، 583- بەت)

مېنىڭ مۇلاھىزەمچە، يۇقىرىقى بايانلار بىزگە مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىرسى، ئالىم بوۋىمىز مۇسا سايرامىينىڭ كىتاب يېزىشتا، كونا ئەندىزە بويىچە ماڭماي، يېڭىلىق يارىتىش. ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق، ئىلىم يولىدا، يېڭى ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشىش روھى ئەكس ئەتكەن.

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي: «ئىلىم - كۆمۈكلۈك خەزىنە ئەمەس، بەلكى ئۇ گويا كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەختۇر» دېگەن. ھالبۇكى، ئىلىم ساھىبى

بولغان ئالىم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىمگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق تەرەققىيات كۆز قارىشى بىلەن قارىغاندىلا، ئاندىن يېڭىدىن يېڭى ئىلىم پەللىسىنى يارىتالايدۇ ۋە ئاشۇ ئۆزى ياراتقان يېڭى ئىلىم پەللىسى ئارقىلىق، ئۆز خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئەمدى، يېڭى ئىلىم پەللىسىنى يارىتىش ئالىمدىن ئالدىنقىلار ماڭغان ئىلىم يولىدا مەزمۇت مېڭىپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئىلمى پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، مۇئەييەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە ئىقتىدارىغا ساھىب بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىم بوۋىمىز مۇسا سايرامى تارىخشۇناسلىق ئىلمى يولىدا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنىڭ بۇ «تارىخى ھەمىدى» ئاتلىق تارىخ كىتابىنى يېزىشتا، باشقىلارنىڭ يازغىنىنى ۋە يېزىش ـ تۈگەللەش ئۇسلۇبىنى ئاددىي ھالدىلا تەكرارلاپ قويماستىن، يېڭىچە يول تۇتۇپ، يەتتە سەييارىنىڭ ئورنىغا ئۆز خەلقى ياشاۋاتقان يەتتە شەھەرنى بايان قىلغاندۇر.

ئىككىنچىسى، ئالىم بوۋىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ئۆزىنىڭ يەتتە شەھەرنى ئەمەلىيەتتە، ئاسماندىكى يەتتە يۇلتۇزدەك يۈكسەك ۋە ئەزىز بىلگەنلىكى ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

ئالىم مۇسا سايرامى ئۆز باياندا: «مەن كەمىنە نادان، بېشىدىن تا ئايىغىچە نۇقسان ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان، قورسىقىدا ئانچە ئۇمىچى بولمىغان بىر ئادەم مەزكۇر قەدىمكى ئاپتورلاردەك چوڭ ئىشنى قىلالمىساممۇ، يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ يەتتە شەھەرنى ۋە بۇ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بەزەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.» دېيىشى ئالىملارغا خاس كەمتەرلىك بولۇپ، يەتتە شەھەر ھەققىدىكى يازغان ـ پۈتكەنلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز مىللەتداشلىرىغا بولغان سەممىي سۆيۈنۈش، ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقبالى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق:

**كاشغەر**

مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەلاسى ۋە بىرىنچىسى كاشغەردۇر. كاشغەر قەدىمى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەشھۇر ۋە داڭلىق شەھەر. ئادەملىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئالىملارغا ۋە سالىھ (پاك ـ دىيانەتلىك) لارغا تولىمۇ ئامراق، سەپەر قىلىپ، مۇساپىرچىلىق ۋە غۇربەتچىلىكتە ياشاشقا ھېرىسمەن، ئۇلپەتچىلىك قىلىشقا چىۋەر، مۇھەببەتلىشىش، دىلكەشلىك قىلىشقا ماھىر ۋە ئۇستا. لېكىن، دوستانىلىق، بۇرادەرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزەلمەيدۇ.

كاشغەر ئالىملار ۋە ئىلىم تەلەپكارلىرى بويىچە راۋاجلانغان، ساھىب دۆلەت پازىللار بويىچە روناق تاپقان بولۇش جەھەتتە، شۇنداقلا تىجارەتچىلەر ۋە شەرەپشان دېھقانلىرىنىڭ ئۆشرە ـ زاكاتلىق، خەير ـ سەدىقىلىق بولۇشى، كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئىشچان، تىرىشچان بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە، باشقا شەھەرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. بولۇپمۇ، ئىلىم ـ ئىرپاندىكى راۋاجلىنىش ۋە سودا ـ تىجارەتتىكى گۈللىنىش ۋە روناقلىق بابىدا، ئۇنى «ئىككىنچى بۇخارا» دېسىمۇ، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. كاشغەرنىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا، زېمىنى ئاز، يېمەكلىك ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىشمەيدۇ. شۇڭا، ھەر ھەيتىدە، ئىككى مىڭ ئېشەك ئاشلىق ياركەندتىن كاشغەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدۇ. يايلاق ئوتلاقلىرى ئاز، ئۇلاغ ـ چارۋىلىرى كەمچىلدۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## ياركەند

ياركەند قەدىمى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. ئادەملىرىنىڭ خۇيى ـ مىجەزى بىچارە سۈپەت، ئۆز ئىشىغا پۇختا ۋە پىششىق. «ئىشان»، «ھەزرەت»، «ئەفەندى» ۋە «ساھىب» ئېتى بارلارغا چوڭقۇر ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ياركەندتە ھىندىستانلىق، كەشمىرلىك، ئافغانىستانلىق ۋە بەدەخشانلىق مۇساپىرلار تولا. ياركەندلىكنىڭ ئۆزلىرى سەپەرگە ئاز چىقىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى شەرەپشان دېھقان (دېھقانى ئەشرەف). يەر ـ زېمىنلىرى كەڭرى ۋە ئۈنۈملۈك. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆز شەھرىگە يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپ قالىدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، تۈرلۈك چارۋا ۋە قوتازلىرى بىھېساب، يەل يېمىشلىرى مول، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى كەڭرى ھەم ئەرزانچىلىق. يۇرت دائىرىسى پايانسىزدۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## خوتەن

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، قەدىمى ۋە مەشھۇر شەھەر. ئادەملىرىنىڭ خۇي - مىجەزى بىر تىل، بىردىل، مىسلىسىز ئۇيۇم - ئىتتىپاق؛ پىششىقلىقتا تەڭداشسىز، مومىسقلىقتا تەمسىلسىز؛ تەقۋا پەرھىزكارلىرى تولا. بەڭباش، يامانلىرى ئاندىن تولا؛ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كاسىپ - ھۈنەرۋەن؛ ئۇلار ئەقىل - ئىدراكلىق ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىك بولۇش جەھەتتە تەڭداشسىز؛ ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۇز كامالىتىگە يەتكۈزۈپ قىلىپ، خېرىدارلارغا يارىتىپ قولدىن ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى ئېلىشقا قادىر ھەم ماھىر. خوتەندە، مول مەشۇت - يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئالتۇن كانى بار، قاشتېشىمۇ ھەم تەييار؛ تۆت ئەتراپتىن كېلىدىغان شەرەپشان سودىگەرلەر ھەرقانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، پۇللىرى تۈگەپ كەتسە كېتىدۇكى، قىلىدىغان سودىسى (ئالىدىغىنى) تۈگىمەيدۇ. باشقا يۇرتلارغا خوتەندىن مال - تاۋار چىقىپ كەتسە كېتىدۇكى، ئالتۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەق پۇل ھەرگىز چىقىپ كەتمەيدۇ. خوتەننىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەر - زېمىنى ئاجىز. تولىسى قۇملۇق. ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن. ئەمما مېۋە - چېۋىلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ. يايلاق، باياۋانلىرى كۆز يەتكۈسىز. ئۇلاغ - چارۋىلىرىمۇ تولا ۋە جىقتۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## ئاقسۇ

ئاقسۇ خەلقى توغرا - دۇرۇس، ياۋاش، ساددا، مۇلايىم ۋە كەمتەر خۇسۇسىيەتلىك، غەم - ئەندىشىلىك؛ ئىۋلپەت - ئىتتىپاقى يوق پاراكەندە، مۇھەببەت ۋە مەسلىھەتى يوق چېچىلاڭغۇ - تەپرىقە؛ ئۆيىدە ئاشلىق ساقلىمايدۇ، تەۋەككۈلچىلىقى زىيادە؛ شەھەر ئادەملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆنلۈك نانلىرىنى كۆنلۈك شەھەر بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئاشپەز - نانۋايلىرى كۆپ، ئاشپەزلىك ۋە نانۋايلىق ھۈنەر - سەنئىتى راۋاجلانغان. بىراق، ئومۇمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى كۆپ. يەل - يېمىشلىرى ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆز شەھرىگە يېتىدۇ. گۈرۈچى ئېسىل بولۇپ، شەھەر - شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. يايلاق - قىشلاقلىرى كەڭرى، ئۇلاغ - چارۋىلىرى مول، ئۆزىگە يېتىدۇ، بەلكى ئېشىپمۇ قالىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## ئۇشتۇرفان

ئۇشتۇرفان قەدىمى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. بۇرۇنقى نامى «ئۇچ» ئىكەن. بەلكى «شەھىربەربەر» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. مەنسۇرخاننىڭ زامانىسىدا، ئادەملىرى بىئەدەپلىك قىلىپ، ئەمرىئىتائەتتىن چىققانلىقتىن، خان كايىپ، باش قوماندان، زالىم سەركەردە بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇچ خەلقىنى ئومۇمى قىرغىن (قەتلئىئام) قىلىپ، قىلىچتىن ساقلىنىپ ھاياتى قالغانلىرىنى يۇرت ـ يۇرتقا تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، تۇرفاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، قايتىدىن ئاۋات قىلغانىكەن. بۇ ۋەجىدىن، شەھەر ئىسمى تۇرفاننىڭ نامى بىلەن بىللە قوشۇپ ئاتىلىدىغان بولغان. يەنى «ئۇچ» سۆزىگە «تۇرفان» كەلىمىسىنى قوشۇپ، «ئۇچتۇرفان» دەپ ئاتايدىغان بولغانىكەن. ھەرھالدا، كېيىنچە ئاۋام خەلقنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئۇشتۇرفان» بولۇپ قالغاندۇر. كېيىن، يەنى بۇ زېمىن يەنە خاقانى چىنغا قارايدىغان بولغاندىن كېيىنكى ئون يەتتىنچى يىلى، ئۇشتۇرفان خەلقى خاقانى چىننىڭ ئەمرىئىتائىتىدىن چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ئىكەن، سان ـ ساناقسىز چېرىكلەر كېلىپ، شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىپ، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ قەتلئىئام قىلغاندىن كېيىن، ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈپ، قايتا ئاۋات قىلغانىكەن. ئۇشتۇرفانلىقلارنىڭ ھازىرقى ئېتى «كۆچمەن» دۇر. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى داستان قىسمىدا بايان بەرگەن بولدۇق. شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى ئۇشتۇرفانلىقلار گۇرۇھ ـ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، چۇۋالچاق، ئۈزۈم ـ ئىناق ئەمەس. ئۇشتۇرفانلىقلارنىڭ كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، ئادەملىرى دېھقان، يەر ـ زېمىنى ئوبدان، ئاشلىق ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرى كەڭرى ۋە ئەرزانچىلىق. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## كۇچا

كۇچانىڭ قەدىمى ئىسمى «كۈسەن» ئىكەن. كۇچالىقلار مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتە، ئۈلپەتچىلىكتە پەيزى بار كېلىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەپ ـ قائىدىلىك، يېقىشلىق، گۈزەل سۆزلۈك. ئاياللىرىنىڭ ھەممەت ـ جۈرئىتى ئەرلىرىدىن ئۈستۈن، ئىلىم ـ ئەمەل، كەسىپ ـ ھۈنەردىمۇ قېلىشمايدۇ. ئەمما مۇساپىر بىلەن خوشى يوق كېلىدۇ. بۇ كۈنلەردە، كۇچاغا تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇساپىرلار كېلىپ جەم بولۇپ، جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان بىر تىجارەتگاھقا ئايلاندۇرماقتا . كۇچانىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا، زېمىنى كۆپ ۋە مۇنبەت.

ھەر ھەپتىدە، باي ــ سايرامدىن ئەقەللىسى بەش يۈز ئېشەك ــ ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەر تۈرلۈك يەل ــ يېمىش ۋە يېمەك ــ ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مول ۋە مەمۇرچىلىق. ھۆل ــ قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر ــ شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. كۇچانىڭ ئۇلاغ ــ چارۋىلىرى تولا، گۆش تەمناتى ئۇچۇن ئۆزلىرىگە يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپمۇ قالىدۇ. ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## كوھنا تۇرفان

كوھنا تۇرفان قەدىمى ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. ئادەملىرىنىڭ مىجەز ــ خاراكتېرى سەممىي، راست سۆزلۈك، ئۆز ئىشىغا پۇختا ۋە پىششىق؛ ھىيلە ــ مىكىر ۋە خائىنلىق ــ يۈزسىزلىكتىن خالىي، ئەقىدە ــ ئىخلاسلىرى تازا كېلىدۇ. ھاۋاسى ئىسسىق، ئېقىن سۈيى ئاز. مۇتلەق كۆپچىلىك ئەھۋالدا، كارىز سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. زېمىنى ئوبدان ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدۇ. غوزا ــ كېۋەزلىرى ئوخشايدۇ. تەرەنجىبىن (يانتاق شېكىرى) مۇ تۇرفاننىڭ خاس مەھسۇلاتىدۇر. كىشمىش ئۈزۈملىرى ئاجايىپ تولا. سودىگەرلەر شەھەر ــ شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىشىدۇ. تۇرفاننىڭ زېمىن دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭرى. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## 2

ئانا يۇرتلىرىمىز ھەققىدە، شۇ قەدەر پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى بايانلاردىن مەن مۇنداق بىر قانچە ئاساسلىق چەشەنچىگە كەلدىم:

بىرىسى، مەزكۇر بايانلاردا، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئومۇمىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر مىغزلىق قىلىپ شەرھلەنگەن. بۇ تەسىراتىمىزنى ئېچىپراق شەرھلىسەك مۇنداق بولىدۇ:

① بۇ بايانلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئىلىمنى، پەن ــ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم ۋە ئالىمنى قەدىرلەيدىغان خەلق ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن. ئالايلۇق: ئاپتور يەتتە شەھەر ئىچىدىكى **كاشغەر** ھەققىدە توختالغىنىدا: " بۇ شەھەر ئۆلىمالار ۋە

تــالىبۇل ئىلىمــلەرغە رەۋاجــى ۋە ســاھىب دۇئالارغــا رەۋنەقــى ۋە تۇججــار ۋە دېھقــانى ئەشرەفلەر ئۆشرە-زەكــات ۋە خەيــر-ســەدەقاتى ۋە ئەھلــى كەســب ۋە ھۈنەرمەنــدلەرنىڭ سەئيى ۋە كوششى باشقا شەھر ئادەملەرىغە نەزەر قىلغاندا، تەفەۋۋۇق ۋە زىيادەدۇرلار."( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 328- بەت )

تەرجىمىسى: بۇ شەھەر ئالىملار ۋە ئىلىم تەلەپكارلىرى بويىچە راۋاجلانغان، ساھىب دۇئا پازىللار بويىچە رونــاق تاپقــان بولــۇش جەھەتــتە، شــۇنداقلا تىجــارەتچىلەر ۋە شەرەپشــان دېھقانلارنىڭ ئۆشرە-زاكاتلىق، خەير-سـەدىقىلىق بولۇشـى، كاسـىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنـىڭ ئىشــچان ۋە تىرىشــچان بولۇشــى قاتــارلىق جەھەتــلەردە باشــقا شــەھەرلەرنى بېســىپ چۈشىدۇ. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدى» ( يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)، 585- بەت.)

ئانــدىن، **ياركەند** توغرىســىدا مۇنــداق دەپ يازىــدۇ ؛ «ئادەملەرىنىــڭ ئىشــان، ھەزرەت، ئەفەندى، ساھىبلارغا رەۋاج ۋە رەۋنەقى ۋە ئەقىدە-ئىخلاسلارى زىيادە .»

تەرجىمىسى: «ئىشــان»، «ھەزرەت»، «ئەفەنــدى» ۋە «ســاھىب» ئاتالغانلارغــا قىــزغىن مۇئــامىلە قىلىــدۇ، ئەقىــدە-ئىخلاســلارى كۈچلــۈك. (يــۇقىرىقى ئەســەر يېڭــى تەرجىــمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

مانا بۇ بايانلاردىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلـدىنلا ئىلىـم-پەنـنى قىـزغىن سـۆيىدىغان، ئىلىم-مەرىپەتنى ئەزىزلەيدىغان، ئىلىـم ۋە ئىلىـم سـاھىبلىرىنى قەدىرلەيـدىغان مىللىـى روھىنى كۆرۈۋالالايمىز.

② بــۇ بايــانلاردا ئۇيغۇرلارنــىڭ ھــۈنەر-كەســىپنى ســۆيىدىغان، پەن-تېخنىكىغــا چىــن كــۆڭلى بىــلەن بېرىلىــدىغان، ئەمگەكچــانلىق ۋە ئىجادچــانلىق روھىغــا ئىــگە خەلــق ئىكەنلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەنـدۈرۈلگەن. ئـالايلۇق، بايـانلار ئىچىـدىكى **خـوتەن** بابىـدا مۇنــداق دېيىلگەن: «ھەمە ئــادەملەرى كاســب-ھۈنەرمەنــد ۋە تەبئــى ئىــدراكى تــازە ۋە زىھنــى چــالاكى بىئەنــدازە؛ ھــۈنەرنى ئــۈز كاماللىغــا يەتكــۈرۈپ ۋە خەرىــدارغا ئۇبــدان كۆرسەتىپ ۋە قولــدىن ئۆتكەرىــپ، نەقدىنەلەرىنى ئالماغلىقدا كامىــل ۋە قابىلــدۇر.» ( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 331- بەت ).

تەرجىمىسى: ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كاسىپ-ھۈنەرۋەن؛ ئەقىل-ئىدراكلىق ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىك جەھەتتە تەڭداشسىز؛ ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ، خېرىدارغا يارىتىپ قولدىن ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى ئېلىشقا ماھىر ۋە قابىل. ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا )

مانا بۇ باياندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشچانلىق، ھۈنەر-كەسپىنى، ئىش-ئەمگەكنى سۆيۈشتىن ئىبارەت تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى ئېنىقتۇر.

③ بۇ بايانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا-تىجارەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تىجارەت بىلەن ئەل گۈللەندۈرىدىغان خەلق ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە **كۇچا** بابىدا: «بۇ گۈنلەردە، كۇچاغا ھەر تەرەپتىن مۇسافىرلار جەمئ بولۇپ،گۈندىن-گۈنگە ئاباد ۋە جەمئىيەت فەيدا قىلىپ، سەۋداخانە بولۇپ رەۋاج؛ ھۆل-قۇرۇق يەمىشلەرنى سەۋداگەرلەر شەھەر-شەھەرغە ئالىپ كەتەدۇر.» ( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدى» قولىيازما، 345- بەت ).

تەرجىمىسى: بۇ كۈنلەردە، كۇچاغا ھەر تەرەپتىن مۇساپىرلار كېلىپ جەم بولۇپ، جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان بىر تىجارەتگاھقا ئايلاندۇرماقتا؛ ھۆل-قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا).

ئاندىن، **كاشغەر** بابىدا مۇنداق يازىدۇ؛ «خۇشۇسەن ئۆلمالارغا رەۋاجى ۋە سەۋداگەرلەر سەۋدا ۋە تىجارەتى بابىدا، گويا ‹سانى بۇخارا› دەپ ئەيتسالار، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇر.»

تەرجىمىسى: خۇسۇسەن، ئىلىم-ئىرپانىدىكى راۋاجلىنىش ۋە سودا-تىجارەتتىكى گۈللىنىش بابىدا، گويا «ئىككىنچى بۇخارا» دېيىشمۇ، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

**خوتەن** بابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: « مەشتۇت-يىغەكلەر تولا چىقادۇر؛ ئالتۇن كانى بار ۋە سۇتاشى ھەم تەييار؛ سەۋداگەرى ئەشرەفلەر ئەتراق جانىبلاردىن ھەرقانچە نەقدىنەلەر ئالىپ كەلىپ خەرىد قىلسالار، نەقدىنەلەرى ئەدا بولادۇر، خەرىدلەرى ئاشىپ قالادۇر؛ خوتەندىن باشقا شەھرلەرغە مال ئەجناسلارى چىقىپ كەتەدۇر،

نەقدىنەلەرى ئەسلا چىقمايدۇر، مەگەر ئالتۇننى چىقادۇر.( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدى» قولىيازما، 331- بەت)

تەرجىمىسى : ‹خوتەندە› مول مەشۇت-يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ ئالتۇن كانى بار، قاشتېشىمۇ ھەم تەييار؛ شەرەپشان سودىگەرلەر تۆت ئەتراپتىن ھەرقانچە كۆپ پۇل بىلەن كېلىپ سودا قىلسا، پۇللىرى تۈگەپ كېتىدۇكى، قىلىدىغان سودىسى تۈگىمەيدۇ؛ باشقا يۇرتلارغا خوتەندىن مال-تاۋار چىقىپ كەتسە چىقىپ كېتىدۇكى، ئالتۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا نەق پۇل ھەرگىز چىقىپ كەتمەيدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

بىز بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ سودا-تىجارەتكە ماھىر، سودىغا ئىپى بار، سودا-تىجارەت ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا، ئەل-يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچىسى، خاس ئۆزگىچىلىكلەرمۇ جايىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئالىم مۇسا سايرامى يەتتە شەھەر ھەققىدىكى بايانلىرىدا، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن. يەنى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئۆرپ-ئادىتى، مەزكۇر يۇرتتىكى مەشھۇر تارىخى شەخس ۋە داڭلىق تارىخى يەرلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. مېنىڭچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

① كاشغەر توغرىسىدىكى بايانىدا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى ئالاھىدە بايان قىلغان. مەلۇمكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر ئىسلام خاندانلىقى — قاراخانلار خاندانلىقىنى قۇرغۇچى كىشى. بۇ ھەقتىكى بايانىدا ئاپتور، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مىلادى 943-يىلى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ دالالەت قىلىشى ئارقىسىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە مىلادى 960-يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىشى بىلەن بۇ يەتتە شەھەر خەلقىنىڭمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوبۇل تۇتۇپ، مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى شەرھلىگەن. ئۇ: «ھەدىسى شەرىفتىكى ‹تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا

كىرگـۈچى كىشى بولسا سـاتۇقدۇر› دېـگەن بـۇ سـۆز دەل مۇشـۇ كىشـىنىڭ شـەنگە مەنسۇپتۇر» دېگەن بايان ئارقىلىق، سۇلتان ساتۇق بۇغرا خاننىڭ مىسلىسىز شۆھرىتىنى نامايەن قىلغان.

② ئۇچتۇرپان توغرىسىدا مۇنداق خاس بايانلارنى ئېيتىپ ئۆتكەن :

«ئۇچتۇرپاننىـڭ بـۇرۇنقى ئېتـى ‹ئـۈچ› ئـىكەن، بەلكـى ‹ شـەھرى بەر-بەر› دەپمـۇ ئاتالغانىكەن؛ مەنسۇرخاننىڭ دەۋرىدە، ئادەملىرى بىئەدەپلىك قىلىپ،ئەمر-ئىتائەتتىن چىققانلىقى سـەۋەبلىك، خـان كاپىـپ بـاش قومانـدان، زالىـم سـەركەردە بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۈچ ئەھلىنى قەتلىئام قىلىپ، قىلىچتىن ساقلىنىپ ھايات قالغانلىرىنى يۇرت-يۇرتقا تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، تۇرپاندىن ئـادەم كۆچـۈرۈپ كېلىپ. قايتىدىن ئاۋات قىلغانىكەن؛ بـۇ ۋەجـدىن، شـەھەر ئىسمى تۇرپاننىـڭ ئىسمى بىلەن بىللە ئاتىلىدىغان بولغان، يەنـى‹ئۈچ› سـۆزىگە ‹تۇرفـان› كەلىمىسـىنى قوشـۇپ ‹ئۇچتۇرفـان› دەپ ئاتايـدىغان بولغـان؛ كېيىـنچە ئاۋامنىـڭ خاتـا تەلەپپـۇز قىلىشـى نەتىجىسىدە، ‹ئۇشتۇرفان› بولۇپ قالغان».

دېمەك، ئالىم مۇسا سايرامى بۇ بايانى ئارقىلىق، ھـازىر «ئۇشـتۇرپان» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ زېمىننىڭ يەر نامىنىـڭ ئېتىمولوگىيىسـىنى تولـۇق قايىـل قىلارلىق قىلىـپ، ئىلمىـي بايان قىلغان.

③ ئـالىم مۇسـا سـايرامى تۇرپـان بابىـدا مۇنـداق خـاس بايـانلارنى ئېيـادىلىگەن:
«ئادەملىرى ئەۋزائى راست قەۋل ۋە راست سـۆزلۈك؛ ئـۆز ئىشـىغا پۇختـا، مىكـر-ھـىيلە ۋە غەدر-خىيـانەت يوقـدۇر؛ ئەقـىدە ئىخلاسـلىرى تـازە، ھاۋاسـى ئىسـىغ، ئـابى جـارىيلارى كەمچىن، ئەكسەرى كارىز بىرلە زىرائەت قىلادۇر؛ غـۇزەئى كەبەزلىـرى ئۇبـدان بـولادۇر، تەرەنجىبىن ھەم تۇرفانغا خاسدۇر؛ كىشمىش ئۈزۈملەرى تولا ۋە سىيراب، شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر؛»   ( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 346- بەت)

تەرجىمىسى:   ئادەملىرىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى سـەممىي، راسـت سـۆزلۈك، ئـۆز ئىشـىغا پۇختـا، ھـىلە-مىكـر ۋە خـائىنلىق-يۈزسـىزلىكتىن خـالىي، ئەقـىدە-ئىخلاسـلىرى تـازا؛ تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، ئېقىن سۇيى ئاز، مۇتلەق كۆپ ھالدا كارىز سۇيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىـق قىلىـدۇ؛ غـوزا كېۋەزلىرىمـۇ ئوخشـايدۇ، تەرەنجىۋىلمـۇ تۇرپاننىـڭ خـاس

مەھسۇلاتىدۇر؛ كىشمىش ئۈزۈملىرى ئاجايىپ تولا، سودىگەرلەر، شەھەر-شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىشىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

بۇ بايانلاردىن بىز تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەرقانداق قىيىن شارائىتنى يېڭىش ئىرادىسىگە، تۆرلۈك قىيىنچىلىق ۋە قولايسىزلىقلارنى ھەرخىل ئامال-چارىلەر بىلەن بويسۇندۇرۇش جاسارىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ، دۇنياۋى مۆجىزە، يەر ئاستى سەددىچىن سېپىلى — كارىزنى كەشىپ قىلغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. شۇنداقلا، بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىت ۋە شارائىتقا سەل قارىمايدىغان، ھەرقانداق قىيىن مۇھىتتىمۇ ئۆزىنى قوغداشنى بىلىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

④ ئاقسۇ توغرىسىدا بولسا: «ئاقسۇ ئەھلى توغرا، ياۋاش، سادده، مۇلايىم، تەۋازۇئ پىشەلىك؛ غەللە ساقلىمايدۇر تەۋەككۇلى زىيادە؛ شەھر ئادەملەرى ئەكسەرى كۆنلۈك نانلارىنى يەۋمەن فەيەۋمەن بازارىدىن ئالادۇرلار، بۇ ۋەجھدىن ئاشپەز-نانۋايلارى رەۋاج ۋە رەۋنەقى زىيادە؛ گۈرۈنجلەرى تازە، شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قوليازما، 336- بەت) دەپ يازغان.

تەرجىمىسى: ئاقسۇ خەلقى توغرا-دۇرۇس،ياۋاش،ساددا، مۇلايىم، كەمتەر خۇسۇسىيەتلىك؛ ئۆيىدە ئاشلىق ساقلىمايدۇ، تەۋەككۇلچىلىقى زىيادە، شەھەر ئادەملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۈنلۈك نانلىرىنى كۈنلۈك شەھەر بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ؛ شۇ سەۋەپتىن، ئاشپەز-نانۋايلىرى كۆپ، ئاشپەزلىك ۋە نانۋايلىق راۋاجلانغان؛ گۈرۈچى ئېسىل، شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ.» ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا ).

بۇ بايانلاردا، ئاقسۇ خەلقىنىڭ تۈز-توغرا، سەممىي ئىنسانلار ئىكەنلىكى، ئاقسۇ گۈرۈچىنىڭ ئېسىل ۋە ئەزەلدىن مەشھۇر ئىكەنلىكى گەۋدىلەنگەن.

⑤ئاپتور كۇچانىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان: «كۇچانىڭ قەدىم ئىسمى ‹كۇسەن› ئەكەن، كۇچا ئەھلى فىئلى ئەتۋاراتى ئىتتىفاق ۋە ئۈلفەتلىكدە زىيادە؛ ھەمە ئادەملىرى سىپاھىپىشە، خۇشلۇق، زەرىف ئەندىشە؛ ۋە زۇئەفالارىنىڭ ھىممەت ۋە جۈرئەتلەرى ئەرەنلەردىن زىيادە، ئىلم-ئەمەل ۋە كەسب-ھۈنەردە ھەم كەملىكى يوق؛

ئادەملىرىگە قاراغاندا، زەمىنلىرى كەڭرۇ ۋە تاز؛ ھەر ھەفتەدە باي،سايرامدىن ئەقەللىي بەش يۈز ئەشەك ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كەلىپ تۇرادۇر؛ ھەر نەۋئ يەمىشلەرى ۋە مەئىيشەتلەرى باشقا شەھرغە نەزەر قىلغاندا تولا ۋە سىيراب؛ ھۆل-قۇرۇغ يەمىشلەرىنى سەۋداگەرلەر شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر؛ چەھار پاي تولا، ئۆزلەرىغا كىفايە قىلادۇر.» (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 345- بەت)

تەرجىمىسى؛ كۇچانىڭ قەدىمى ئىسمى ‹كۇسەن› ئىكەن؛ كۇچالىقلار مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىن ئۇم-ئىتتىپاق، دوست-ئۇلپەتچىلىكتە يۈكسەك كېلىدۇ؛ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەپ-قائىدىلىك، يېقىشلىق، گۈزەل سۆزلۈك؛ ئاياللىرىنىڭ ھەممەت-جۇرئىتى ئەرلىرىدىن ئۈستۈن، ئىلىم-ئەمەل، كەسىپ-ھۈنەردىمۇ قىلىشمايدۇ؛ كۇچانىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا، زېمىنى كۆپ ۋە مۇنبەت؛ ھەر ھەپتىدە باي، سايرامدىن ئەقەللىيسى بەش يۈز ئېشەك-ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كېلىپ تۇرىدۇ؛ تۈرلۈك يەل-يېمىش ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرگە سېلىشتۇرغاندا مول ھەم مەمۇرچىلىق؛ ھۆل-قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇلاغ چارۋىلىرى تولا، گۆش تەمىناتى ئۇچۇن ئۆزلىرىگە يېتىدۇ، بەلكى ئېشىپ قالىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا ).

بىز بۇ باياناتلاردىن كۇچا ئادەملىرىنىڭ ئۇم-ئىناق، دىلكەش-چىقىشقاق، تىرىشچان-ئەمگەكچان ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئاياللىرىنىڭ جاسارەتلىك، غەيرەتلىك كېلىدىغانلىقىنى؛ كۇچا زېمىنىنىڭ باي، مۇنبەت ئىكەنلىكى قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرىنى بىلىۋالالايمىز.

⑥ ياركەنت توغرىسىدىكى باياندا، داڭقلىق زىيارەتگاھ ـــ ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان . باياندا، ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنىڭ ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ خانلىق مازىرى بولۇپ، ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ تاكى ئىسمايىل خان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلار زامانىغىچە بولغان خانلار ۋە ئەۋلادلارىنىڭ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى: «ئەيىنى ۋاقتتا كىشىلەر خانلارنىڭ جەسەدى بار يەرلەرنى، بەلكى خانلارنىڭ جەسىدىنىمۇ ھۆرمەتلەپ ۋە ئىززەتلەپ ‹ئالتۇن› دەپ ئاتايدىكەن، ھەتتا خانلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ياكى قولىغا تېگىپ مۆھۈر باسقان يارلىق ۋە نىشانە خەتلەرنىمۇ ئۇلۇغلاپ ‹ئالتۇن

نىشان› ، ‹ئالتۇن دەستەك› دەپ ئاتايدىكەن، شۇڭلاشقا بۇ مازارمۇ ‹ئالتۇن مازار› دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا كېرەك.» دېگەن مەلۇماتلار بىلەن ئىپادىلىگەن.

بىز بۇ باياناتلاردىن ياركەنت شەھىرىنىڭ ئەسلىدە، 200 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ، شۇنداقلا بۇ يەتتە شەھەرنىڭ پايتەختى بولغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەشھۇر تارىخى جاي ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى خان جەمەتى قەبرىستانلىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ‹ئالتۇن مازار› دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىۋالىمىز.

⑦ ئالىم مۇسا سايرامى خوتەن توغرىسىدا خاس بايان بېرىپ: «خوتەن نىهايەتى كوهنا ۋە قەدىم مەئرۇف شەھردۇر ۋە ئادەملىرى فىئىل ئەۋزائى بىر سۆز ۋە بىر قەۋل ۋە بىئەدىل ئىتتىفاق... ئەمما ئادەملەرىغە نەزەر قىلغاندا، زەمىنلەرى ئاجىز ۋە تولاسى قۇملۇقدۇر؛ غەللە ھاسىلى ھەم كەمچىن؛ مىۋە-يەمىشلەرى سېيراب ۋە تولادۇر؛ يايلاق- بىيابانلارى بىپايان؛ چەھار پايلارى ھەم تولا ۋە زىيادەدۇرلار.» (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدى» قولىيازما، 331- بەت) دەپ يازغان.

تەرجىمىسى: خوتەن ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەر؛ ئادەملىرىنىڭ خۇي-مىجەزى بىر تىل بىر دىل، مىسلىسىز ئۈم-ئىتتىپاق... ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەر-زېمىنى ئاجىز، تولىسى قۇملۇق، ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ تۆۋەن؛ ئەمما مېۋە-چېۋىلىرى ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ، يايلاق-باياۋانلىرى كۆز يەتكۈسىز، ئۇلاغ چارۋىلىرىمۇ تولا ۋە جىقتۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا )
بۇ باياناتلاردىن خوتەن خەلقىنىڭ ئىش-ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، تىرىشچان؛ ئىچكى ئۇيۇمچانلىقتا، ئىتتىپاقلىقتا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، ئەڭ مۇھىمى بۇ باياناتلاردا ،ئۇيغۇرلارنىڭ «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەيدىغان ھەققەتچىللىك پەلسەپىسى، ئۈم-ئىناق ياشاش پەلسەپىسى، ئىشچانلىق پەلسەپىسى، ئىش-ئەمگەكنى سۆيۈش پەلسەپىسى ئەمەلى مىساللار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئىلغار پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىز ئۈچۈن بىر ئۇدۇم بولغۇسى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يېتىك ئالىمى ۋە تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا، تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي قولىغا قەلەم ئېلىپ، بۇ زور ھەجىملىك يىرىك تارىخى ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، بىز ئەۋلادلارغا نەمۇنە ۋە يادىكار قالدۇرغانلىقىدىن، مۇسا سايرامىنىڭ ئىنتايىن ئىلىمخۇمار، ئۆز خەلقىگە، يۇرتىغا مەسئۇلىيەتچان، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقى-پەزىلەتكە ساھىب بىر بۈيۈك ئەجداد ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىزكى، بۈگۈنكى كۈندە، ئالىم بوۋىمىزنىڭ بۇ گۈزەل پەزىلىتىنى ئۆگىنىش، تۆرلۈك خىزمەتلەردە ئۈنى ئۈلگە قىلىش نەق رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئالىم مۇسا سايرامىنىڭ يەتتە شەھەر ھەققىدىكى بايانلىرى بىزنى مەزكۇر ئۇيغۇر يۇرتلىرى توغرىسىدىكى تارىخى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنى بىز بۇ بايانلاردىن يەتتە شەھەرنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئادەملىرىنىڭ خۇلقى- مىجەزى، سودا-تىجارەتى، خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز، ئەمدى، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۈنىمىزدىكى ئەھۋاللىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرساق، خاس ۋە ئومۇمىيەتلىك پەرقلەرنى تېپىپ چىقساق، بۇنىڭ يېقىنقى زاماندا، يېڭىچە قىياپەت ۋە يېڭىچە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تۆرتكىلىك رولى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئالىم مۇسا سايرامى يازغان «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەر بىر نادىر تارىخ كىتابى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخولوگىيىسى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ياشام پەلسەپىسى قاتارلىقلار گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن تويۇندۇرۇپ شەرھلەنگەن بىر قامۇستۇر. ھالبۇكى، بىز بۇ كىتابنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا بېرىلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى بولغان يەتتە شەھەر ھەققىدىكى بايانلىرىدىنلا، مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپىمىز، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت ئاز بولمىغان قىممەتلىك بىلىملەرگە، ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز. بۇلارنىڭ بىزنىڭ تۆرلۈك تەتقىقات خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن، پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققەتەنمۇ ئىنتايىن چوڭدۇر.

**پايدىلانمىلار:**

مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەمىدىي»، قولىيازما نۇسخا، 1908-يىل.

مۇسا سايرامى: " تارىخى ھەمىدى " (يېڭى تەرجىمە، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى تەرجىمىسى)، ئېلېكترونلۇق نۇسخا.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى: " چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى" مىللەتلەر نەشرىياتى،2007- يىل نەشرى.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى: «مۇسا سايرامى ۋە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى» ( ئالىم مۇسا سايرامى تەۋەللۇتىنىڭ 170 يىللىقىغا ئاتاپ ) ،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،2007-يىللىق 1-سان.

x x x x x x

ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى تىل-يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرىنىڭ ئۆز مىللەتلىرىنىڭ كلاسسىك تىل-يېزىقىدا يېزىلغان نادىر ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بويىچە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى-يېڭى نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان كاتتا ئىلمىي سورۇندۇر. ھالبۇكى، بۇ سورۇندا ھەمىشە بوي كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك تىل ۋە ئەدەبىياتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ۋە بېرىلىۋاتقان ئەڭ يېڭى ئەمگەك سەمەرىلىرىمىزنى باشقا قېرىنداشلار قاتارىدا، كۆرەك سەھنىسىگە قويۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز ھېسابلىنىدۇ. مەن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، ئون يىللار سەرپ قىلىپ ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقان «تارىخى ھەمىدى» تەتقىقاتىدىن بىر ئۆرنەك قىلىپ، يۇقىرىقى ئەسەرنى يىغىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدۇم ۋە مەزكۇر ئىلمدارلار سورۇنىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم. بۇمۇ مېنىڭ كاشغەرى يىلىنى مەنىدار ۋە رەڭدار قىلغان ئەھمىيەتلىك كەچمىشىم بولۇپ خاتىرەمدىن مەزمۇت ئورۇن ئالدى.

## كاشغەرىيشۇناسلىق تۈركىيەدە

مۇشۇ 2008-يىلىنىڭ ئىچىدە، «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى»نى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن يالغۇز بىر تۈركىيەدىلا ئىستانبۇل، ئەنقەرە ۋە رىزە قاتارلىق شەھەرلەردە بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك خاتىرىلەش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مەن بۇ يەردە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك تىل ۋە تارىخ ئالىي كومىتېتىغا قاراشلىق تۈرك تىل قۇرۇمى (تىل-يېزىق كومىتېتى) نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېرىپ، «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىش ئەھۋالىمنى قىسقىچە خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

## ئەنقەرەدىكى تەنتەنە

2008-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى كەچ سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 11دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، «تۈرك ھاۋا يوللارى»غا ئائىت ئايروپىلان بىلەن، تۈركىيەگە سەپەر قىلدىم. ئون سائەت ئۇچقاندىن كېيىن، تۈركىيە ۋاقتى بىلەن، 19-ئۆكتەبىر سەھەر سائەت بەش يېرىمدە، «ئىستانبۇل ئاتا تۈرك خەلقئارا ئايرودورومى»غا سالامەت قوندۇق. ئىستانبۇل ئايرودورومىدا بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، سائەت توققۇزنىڭ ئايروپىلانى بىلەن تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە يۈرۈپ كەتتىم. قىرىق بەش مىنۇت ئۇچۇپ، ئەنقەرە «ئەسەن بۇغا ئايرودورومى»غا يېتىپ كەلدۇق.

تۈركىيە تىل قۇرۇمى ھەر تۆرت يىلدا بىر قېتىم تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزىدۇ. مەزكۇر «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى» 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە پايتەخت ئەنقەرەدىكى «بىلكەنت مېھمان سارىيى»دا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ باش ماۋزۇسى «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرىلەش» ۋە «تۈركىيە يېزىق ئىنقىلابىنىڭ 80 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش» ئىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 500 رەسمىي ۋەكىل ۋە شۇ قەدەر تەكلىپلىك ئىشتىراكچىلار قاتناشقان ئېچىلىش مۇراسىمى 20-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىمدا، بىلكەنت مېھمان سارىيىنىڭ يىغىن زالىدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭى ئابدۇللاھ گۈل ۋە زوڭلى رەجەب تايىپ ئەردوغاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن، تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن زالى سەھنىسىگە ئېسىلغان كاتتا پىلاكاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كەمال ئاتا تۈركنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىش ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىم چۈشۈرۈلگەن؛ سول تەرىپىگە بولسا، قەشقەر

ئوپالدىكى مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈيۈك ئەجدادىمىز مەھمۇد كاشغەرى ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى ئۇ سىزغان دۇنيا خەرىتىسىنىڭ سۈرىتى بىلەن بىللە تولىمۇ روشەن ۋە كۆركەم گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئالدى بىلەن، مەھمۇد كاشغەرى باش بولغان ئەجدادلارغا ئەسلەش تەزىيىسى قىلىندى؛ ئارقىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مارشى- ئىستىقلال مارشى جاراڭلىق ئوقۇلدى. ئارقىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇ تاپتىكى زوڭلىسى رەجەب تايىيىب ئەردوغان تولۇپ تاشقان مۇھەببەتلىك تەبرىك سۆزى سۆزلىدى؛ ئارقىدىن، تۈرك تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندى نۇقتىلىق نۇتۇق سۆزلىدى.

ئۇ نۇتقىدا، 5-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەن 2004-يىلىنىڭ مابەينىدە، تۈركىيە تىل-يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ھوسۇللۇق خىزمەتلەر مىغىزلىق بايان قىلىندى. بۇ 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەر ۋە قىلىنغان ۋە يەنە قىلىنىدىغان خىزمەتلەردىن ئۇچۇرلار بەردى. پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنىڭ نۇقتىلىق نۇتۇقىنىڭ ئارقىسىدىن، «مەھمۇد كاشغەرى» ماۋزۇلۇق بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلدى. فىلىمدە، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىجاتكار ۋە مۆجىزىكار ھاياتى مىغىزلىق بايان ۋە چاتما سىزما رەسىملەر ئارقىلىق، شۇ قەدەر جانلىق تەسۋىرلەنگەن ئىدىكى، ئۇ دۇنياۋى بۈيۈك ئالىمنىڭ ئەۋلادى بولغان ھەر ئىنساننى ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىقنىڭ يۈكسەك ھوزۇرىغا چۆمۈلدۈرۈۋېتەتتى.

20-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ، گۇرۇپ-گۇرۇپلارغا بۆلۈنگەن ئالىملار ئىلمى ماقالە ئوقۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى باشلىۋەتتى. مەن تەقسىم بولۇنغان گۇرۇپ مەزكۇر مېھمانخانىنىڭ «فۇرات» زالىغا توپلاندۇق. مېنىڭ نۆۋىتىم شۇ 20-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئۆچتە كەلدى. مەن ئېلىپ كەلگەن ئىلمى ماقالەمنى ئۆزۈم رېژىسسور ۋە فىلىم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن «مەھمۇد كاشغەرى يىلىدىكى ئوپال مەقبەرە زىيارىتى» ناملىق ئون بەش مىنوتلۇق ھۆججەتلىك فىلىم بىلەن بىللە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. فىلىمدە، بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەن يېتەكچى بولغان قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ بېيجىڭدىن قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، 2008-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىنىڭ

مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن يىغىن ئەھلى فىلىمنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى. مۇھاكىمە ۋاقتىدا، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ: «تەكلىماكانى ئەپەندى، سەن بىزنى كاشغەرگە ئاپىرىپ كەلگەندەك بولدۇڭ. بىز شۇ تاپتا، بۈگۈنكى كاشغەرنى ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر تۈركلىرنى كۆردۇق. ئۈستىگە مەھمۇد كاشغەرى مايكىسىنى كىيگەن، مەيدىسىگە كاشغەرىينىڭ خاتىرە ئىزنىكىنى تاقىغان ئەۋلادلارنىڭ ئورتاق بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسىنى ئېھتىراملىق قوللىرىنى سۆيۈنۈش مەيدىسىگە قويغان ھالدا، ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە تولىمۇ ھاياجانلاندۇق..»، «سەن ئۆزۈڭ باش رول ئېلىپ ھازىرلىغان بۇ ھۆججەتلىك ئىلمىي فىلىم ـ سېنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرىڭ بەك كاتتا ئەمگەك بولۇپتۇ. جانلىق كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دېگەن مانا شۇ، ساڭا ئاپىرىن ۋە تۈگىمەس تەشەككۇرلار ئېيتىمىز!» دېيىشتى. ئالىملارنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان تەستىقلاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى، ھەقىقەتەنمۇ مەمنۇن بولدۇم.

قۇرۇلتاي ئەسناسىدا، 10-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم.

سوئال: تەكلىماكانى ئەپەندىم، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى «تۈركىيە ئاۋازى» قانىلى مۇشۇ 9-ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش بېرىشنى يولغا قويدى، بۇ ئەھۋالغا سىز قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى قۇرۇپ، «تۈركىيە ئاۋازى» قانىلىدىن ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىغانلىقىنى چىن قەلبىمدىن قۇتلۇقلايمەن. مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» بولغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تەبرىكلەش بوپتۇ. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش تۈركىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئىجابىي ۋە ئەمەلىي رول ئوينىغۇسى!

سوئال: سىز بۇ قېتىم تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ 6- نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك تىلى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپسىز. مۇشۇ قۇرۇلتاي ھەققىدىكى تەسىراتىڭىزدىن ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

جاۋاب: بولىدۇ. مەن بۇ قېتىم ئالتىنچىسى بولغان خەلقئارالىق تۈركىي تىل قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم. مەندىن باشقا، جۇڭگونىڭ بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن يەنە ئالتە نەپەر ئۇيغۇر بىلىم ئىنسانى بار. تەسىراتىمچە، بۇ قۇرۇلتاينىڭ «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش»نى بىر ئاساسىي ماۋزۇ قىلغانلىقى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان. خەۋەردار بولۇشىمىزچە، دۇنيادىكى ئوتتۇز تۆرت دۆلەتتىن كەلگەن بەش يۈز نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشقان بۇ قۇرۇلتايغا جەمئىي تۆرت يۈز ئوتتۇز سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالە سۇنۇلغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي ماقالىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى كاشغەرىيشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار ئىگىلەيدىكەن. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭ ۋە زوڭلىسىمۇ قاتناشقان قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قويۇلغان ھۆججەتلىك ئىلمىي فىلىم «مەھمۇد كاشغەرى» تولىمۇ ياخشى ھازىرلىنىپتۇ. سىزما رەسىملەر كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن چۈشەندۈرۈشلەر ناھايىتى ئىلمىي ۋە جانلىق بولۇپتۇ. يىگىرمە مىنۇتلۇق بۇ فىلىمنى باشتىن-ئاخىر ھاياجان ئىچىدە كۆردۇق. فىلىمنىڭ تۈگەنچە كەلمىسى بولغان «مىڭ ياشا، مەھمۇد كاشغەرى ۋە يەنە مىڭلارچە يىللار! Bin yaşa Kaşgalı Mahmud ve binlerce» دېگەن شۇئار ھەممىدىن تولا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى بەكرەك زىل-زىلىگە سالدى، دەپ ئويلايمەن.

## كاشغەرىيشۇناس شۈكرۈ خالۇك ئاكالىننى زىيارەت

10-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۈركىيە تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇدىرى، مۇشۇ 2008-يىلى، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «مىڭ يىل بۇرۇن ۋە مىڭ يىل كېيىن ــ مەھمۇد كاشغەرى ۋە دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق رەسىم ۋە سۈرەتلىك ئوقۇشلۇق كىتابنىڭ ئاپتورى، ئاتاقلىق كاشغەرىيشۇناس، پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنى «6- نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى»نىڭ قوماندانلىق ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

- مەرھابا، تەكلىماكانى ئەپەندى، سەن ئەڭ ئۇزاقتىن كەلگەن ئەڭ يېقىن قېرىندىشىمسەن، خوش كەلدىڭ!- دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭ شۇنچە ئالدىراش ئەھۋالدا، ۋاقىت چىقىرىپ مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتتىم. ئۆزئارا ئەھۋاللىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولدۇم.

پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن، ئەر، 1956-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى، جەنۇبى تۈركىيەدىكى ئادانا شەھرىنىڭ تۆپەباغ رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1963-يىلدىن 1968-يىلغىچە ئادانا شەھرىدىكى «جەلالەتتىن سەيھان باشلانغۇچ مەكتىپى»دە، 1968-يىلدىن 1972-يىلغىچە «ئۆزەل سەيھان نۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى»دە، تولۇق ئوتتۇرىنى بولسا، 1972-يىلدىن 1975-يىلغىچە ئىستانبۇلدىكى «فاتىھ ئوغۇللار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1975-يىلدىن 1979-يىلغىچە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرك تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدە ئوقۇغان. 1987-يىلى، «سالتۇقنامە ئۈستىدە تەتقىقات» ماۋزۇلۇق دوكتورانت دىيسسىرتاتسىيە ئەسىرى (تېزى)نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989-يىلى ئادانا شەھرىدىكى چۇقۇر ئوۋا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرك تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا لېكتور ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. 1990-يىلى دوتسېنت، 1996-يىلى بولسا، پروفېسسور بولغان. 1993-يىلدىن 2001-يىلغىچە، چۇقۇر ئوۋا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2001-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك تىل ۋە تارىخ ئالىي كومىتېتى قارمىقىدىكى تۈرك تىلى قۇرۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھازىرغىچە «ئەبۇلخەيرى: ‹سالتۇقنامە››»، ئۈچ توم، كلاسسىك تېكىست تەتقىقاتى ئەسىرى(1989-1993-يىللار، ئەنقەرە)، «شور تىلى لۇغىتى» (1995-يىل، ئادانا)، «ئانا يۇرتتىن ئاتا يۇرتقا سەپەر» (ساياھەت خاتىرىسى، 1995-يىل، ئادانا)، «تەلەئۇت شىۋە لۇغىتى» (2000-يىل، ئەنقەرە)، «تۈرك تىلى لۇغىتى» (10-نەشرى، 2005-يىل)، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى لۇغىتى» (2005-يىل)، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يېزىقچىلىق قوللانمىسى» (2005-يىل)، «يېزىقچىلىق قوللانمىسى» (2005-يىل، ئەنقەرە) قاتارلىق ئون توم كىتاب ۋە «مۇستافا كەمال ئاتا تۈرك دەۋرىدىكى تۈرك تىلى ۋە تۈرك تىلى قۇرۇمى»، «جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۈرك

تىلى» قاتارلىق ئاتمىش پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ھوسۇللۇق بىر ئالىمدۇر.

- مەن جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم باردىم، ھەر بارغىنىمدا، قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدىم. «مىڭ يىل بۇرۇن ۋە مىڭ يىل كېيىن – مەھمۇد كاشغەرىي ۋە دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق رەسىم ۋە سۈرەتلىك ئوقۇشلۇق كىتابىمدىكى كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا ئائىت سۈرەتلەرنى مەن ئۆزۈم تارتقان!،- دېدى خالۇك ئەپەندى تولىمۇ ئېيتىشارلانغان ۋە غۇرۇرلانغان قىياپەتتە.،- مەھمۇد كاشغەرىي سەن-بىزنىڭ بۈيۈك شاھ ئالىمىمىز، داھىي ئالىمىمىزدۇر. ھالبۇكى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى پۈتكۈل تۈركولوگىيە ساھەسىدە، باشقا ھەر قانداق تەتقىقاتنى مول ئۈرنەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان مەڭگۈلۈك تەتقىقات ماۋزۇيىمىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

مەن پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئەپەندى بىلەن 2001-يىل 10-ئايدا، ئەنقەرەدە تونۇشقان. ئۇ چاغ مېنىڭ تېخى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوكتورانت ۋاقتىم ئىدى. شۇندىن بۇيان، بىزنىڭ ئۆز ئارا سالام سائىتىمىز بار. سەككىز يىللىق تونۇشلۇق تەسىراتىمدىن ئېلىپ ئېيتسام، خالۇك ئەپەندى يۈكسەك غايىلىك، تىرىشچان، پائالىيەتچان ۋە ئىشچان بىر ئالىم. ئۇ گەپنى پۈتۈن- پۈتۈن قىلىدۇ. ئەمما، ئىشنىمۇ جىددىللەپ قىلىدۇ، «قىلىمەن» دېگەن ئىشىدىن بىر نەتىجە چىقارمىغىچە «بولدى» قىلمايدۇ. ئالايلۇق، 2008-يىل بېيجىڭدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى قۇرۇمى بىلەن جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئورتاق ئۇيۇشتۇرغان «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ ئۆتتى. تارىختا تۇنجى قېتىم بولغان مەزكۇر خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى دەل مۇشۇ شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنىڭ تەكلىپى ۋە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان. مەزكۇر يىغىنىنىڭ ۋاقتىدا ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېچىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، مەخسۇس كېڭەش ۋە مۇزاكىرىلەرگە ئىشتىراك قىلدى، ئەك ئۇۋشاق ئىشلارغىچە ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىدى.

- كاشغەرىيشۇناسلىق يالغۇز تۈركىيەگە ياكى جۇڭگوغىلا تەئەللۇق ئىلىم ساھەسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تەئەللۇق خەلقئارالىق بۈيۈك ئىلىم ساھەسىدۇر. كاشغەرىي بۈۋىمىز باشلاپ بەرگەن سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ھىدايەتكار تۆھپىسى خەلقئارا ئالىملارنىڭ ئورتاق قايىللىقىدىن ۋە ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈنلا 2008-يىلى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولالىدى. ھالبۇكى، كاشغەرىيشۇناسلىقنىڭ زامانغا مۇناسىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن، سەن-بىز بارلىقىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك.- دېدى خالۇك ئەپەندى زىيارەتىم ئاخىرىدا ئۆزگە خاس بىر خىل قەتئىيەت بىلەن.

شۇنداق، كاشغەرىيشۇناسلىق بىر دۇنياۋى ئىلىم. ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش، شۇغۇللانغاندىمۇ پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئەپەندىدەك ئىخلاس بىلەن، ئىزچىللىق بىلەن ۋە جاسارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسان ھاياتىنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەبەدىيلىك قىلىدۇ.

خالۇك ئەپەندىم تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا، مېنىڭ خاس زىيارىتىم ئاران يىگىرمە بەش مىنۇت داۋاملىشالىدى. بىراق، ئۆزۈم چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولغان بىر كاشغەرىيشۇناسنى نەق سورۇندا زىيارەت قىلىپ، بىر قەپەز دىلكەشلىشىۋالغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم.

## كاشغەرىيشۇناس ئۆزتۈرك خانىمنى زىيارەت قىلىش

ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى ئاساسىدا، 1994-يىلى، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر كاشغەرىيشۇناسلىقىنىڭ تۆھپىكارى بولغان بولسا، تۈركىيىلىك ئۆزتۈرك خانىم ئۇنى 2006-يىلى، ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىپ، دۇنيا كاشغەرىيشۇناسلىقىنىڭ ئېتىبارلىق بىر تۆھپىكارى بولدى، دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيەدە بولغان كۈنلىرىمدە، بۇ تۆھپىكار ئەدىب ۋە تەرجىمانىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئۆز رەھمىتىمنى ئېيتىش ۋە قايىللىقىمنى بىلدۈرۈشنى بىر بۇرچ ھېسابلىدىم.

10-ئاينىڭ 28-كۈنى، مەن ئىستانبۇللۇق ئۇيغۇر ئىلىم ئادىمى. بۇرادىرىم ئابدۇلئەزىز ھاجىم بىلەن بىر قېتىم ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىش جەريانىدا تونۇشقان ياپونىيىلىك ئۇيغۇر بىلىم ئادىمى ھاجى قۇتلۇق قادىرىيلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، كاشغەرىيشۇناس ئۆزتۈرك خانىمنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم.

ئۆزتۈرك خانىم ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى مارمارا دېڭىز بوغىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان «يېڭى كۆي» مەھەللىسىدىكى «سەلجۇق» قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئالتىنچى قەۋەتتە بولغان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن مارمارا بوغىزى ۋە ئۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن پاراخوتلار ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن. بىز ئېھتىرام بىلەن زىيارەتكە كەلگەن بۇ كۈنى، ئىستانبۇلدا ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، دېرىزىدىن كىرىپ تۇرغان راھەت، ساپ، سالقىن ھاۋا سۆھبىتىمىزنى تەبىئىي گۈزەل مۇھىت بىلەن زىننەتلەپ تۇراتتى گويا.

- مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى مېنى باللىق ۋاقتىمدىن تارتىپ، ئىلىم يولىدا دادىل مېڭىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ كەلمەكتە،- دەپ سۆز باشلىدى ئاتمىش ياشلاردىكى ئۆزتۈرك خانىم.- پەرھات جىلان ئەپەندى يازغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى كۆرگەن شۇ بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق، مەن بىر نەرسە تەرجىمە قىلسام، ئۇيانىدىن ئىلىپلا، بۇيانىدىن تەرجىمىگە چۈشۈپ كېتەلمەيمەن. ئەكسىچە، ئالدى بىلەن تېكىستنى قايتا- قايتا ئوقۇيمەن، ئاندىن، تېكىست مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىپ، تىل پاساھىتى-گۈزەللىكىنى، ئىپادە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشىمەن. ئاندىن، رەسمىي تەرجىمە قىلىشنى باشلايمەن.

- ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىل تەرجىمانىكەنسىز،- دېدىممەن، سەممىي قايىللىق تۇيغۇم بىلەن.

- مەن بۇ كىتابنى ئىككى قېتىم تەرجىمە قىلغان بولدۇم، قاراڭ،- دەپ مۇڭداق بىر كەچمىشنى سۆزلەپ بەردى ئۆزتۈرك خانىم.- مەن بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى 1998-يىلى كۆردۈم. بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم.تەرجىمنى 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملاپ، نەشرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ،

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيىگە كېتىپ قالدىم. گېرمانىيىدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدىم. قايتىپ كەلسەم، كىتاب تېخىچە نەشىردىن چىقماپتۇ. نەشرىياتقا بىرىپ سۈرۈشتۈرسەم، كىتابنىڭ ئورگىنالىنى تىپىپ بىرەلمىدى. دىمەك، تەرجىمە ئەسىرىم نەشرىياتتا يوقىلىپ كېتىپتۇ. كۆپ رەنجىدىم. بىراق، رەنجىشتىن ھىچ نەتىجە چىقمىدى، ‹ھەي، قىسمەت!› دىدىم-دە، قايتىدىن تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىككىنچى قېتىملىق تەرجىمىنى 2004-يىلى باشلاپ، 2005-يىلى ئاخىرلاشتۇردۇم.

- قايتا تەرجىمە قىلىش سىزگە ئېغىر تۇيۇلمىدىمۇ؟-. ئۆز كەچمىش ۋە تەسىراتلىرىمغا سىڭىشتۇرۇپ، قىزىقىپ سورىدىم.

- توغرا تەخمىن قىلدىڭىز ، تەكلىماكانى ئەپەندىم-. دىدى ئۆزتۈرك خانىم سەممىي قىياپەتتە-. ئېغىر كەلدى. ئەمما، دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالالىدىم. كىم بىلىر، مەھمۇد بوۋامنىڭ ھارماس-تالماس روھى مەدەتكار بولدى بولغاي ماڭا!-. ئۇ ئۆز سۆزىدە داۋام قىلدى-. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىتابنى نەشىر قىلىشقا سۆز بەرگەن «كاكنۇس نەشرىياتى»نىڭ باشلىقى مۆھتەرەم مەھمەت چىفتچى ئەپەندى مىنى سەممىي رىغبەتلەندۈردى ۋە ھەر تەرەپتىن قوللىدى. مەسئۇل مۆھەررىر سەدا دارجان چىفتچى ئەپەندىم بىر قانچە قېتىم مىنى چاقىرتىپ، ئەسەردىكى ئاتالغۇلار، باياندىكى ئۆزگىچىلىكلەر ئۈستىدە مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئوخشاشلا گۈزەل، پاساھەتلىك چىقىشى ئۈچۈن خالىس تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن تەرجىمە قىلغان تارىخىي رومان «Kaşgarlı Mahmud» (مەھمۇد كاشغەرى) 2006-يىل بەش مىڭ تىراژ بىلەن نەشىردىن چىقتى. بۇ ھالدا، مىنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقتى، ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم....

شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ زىيارىتىمىز بىر سائەتچە داۋام قىلدى. ئۆزتۈرك خانىمنىڭ مەزكۇر تارىخىي رومانىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىر-ئەمگىكىدىن تولاراق باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قوللىغانلىقى ۋە ئەمەلىي ياردەمدە بولغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ پىكىر قىلىشى مىنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈردى. مەن بۇ قېتىم ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا كۆرۈشكەن ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك «مەھمۇد كاشغەرىي» رومانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ خۇددى ئۇيغۇرچىسىغا

ئوخشاشلا گۈزەل، پاساھەتلىك چىققانلىقىنى ئىپتىشقانلىقى ئىپسمگە كەلدى. بۇ ھالدا، ئەدىب، تەرجىمان ئۆزتۈرك خانىمغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە يەنە قانداق خىزمەت پىلانىڭىز بار، بىلىشكە بولامدۇ؟- سورىدىممەن زىيارىتىم ئاخىرلىشاي دېگەندە.

- مەھمۇد كاشغەرىي بىۋىمىز ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش يولىدا قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ مېنىڭچە،- دېدى ئۆزتۈرك خانىم ئۇزاققا كۆز تىكىپ تۇرۇپ،- مەن نۆۋەتتە، پەرھات جىلاننىڭ مۇشۇ رومانى ئاساسىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي» نىڭ كىنو سىنارىيىسىنى يېزىۋاتىمەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مېنى ياخشى قوللاۋاتىدۇ. سىنارىيەم مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتسە، «مەھمۇد كاشغەرىي» نىڭ كىنوسى ئىمكان بار بۇرۇنراق روياپقا چىقسا، دېگەن ئارزۇدا جىدەللەپ ئىشلەۋاتىمەن.

ئۆزتۈرك خانىمنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى ھەم ھاياجانلاندۇردى ھەم روھلاندۇردى. مەن بۇ قېتىم تۈركىيەدە ئېلىپ بارغان ئون ئۈچ كۈنلۈك ئىلمىي زىيارىتىم جەريانىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىرىم ئاساسىدا، شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلمىيەۋرلىك روھى تۈركىيەدە ئېرىيان غۇنچىلىرىنى ئۆزلۈكسىز پورەكلەپ ئېچىلدۇرىۋېتىپتۇ، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقات قوشۇنى بولسا، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىگە نەمۇنە-ئۈرنەك بولغىدەك دەرىجىدە، كۈنسېرى زورىيىپ مېڭىۋېتىپتۇ.

## پايتەخت بېيجىڭدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەنتەنىسى

2008-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدا، جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتاتۈرك تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى قارمىقىدىكى تۈرك تىلى قۇرۇمى (تىل-يېزىق كومىتېتى) ئورتاق ئۇيۇشتۇرغان «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ ئۆتتى. بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قاتنىشىپ، يىغىننىڭ ئەھمىيىتىنى، قىممىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى. جۇڭگودا تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ كاتتا خەلقئارالىق يىغىن ئەمەلىيەتتە، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان، كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلىرىگە تەنتەنە قىلىدىغان كاتتا مەرىكە بولدى.

بۇ خەلقئارالىق يىغىنغا تۈركىيە، ئازەربەيجان ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملار قوشۇلۇپ جەمئىي 120 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن رىياسەتچىلىكىگە جەمئىي 110 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي ماقالىلەر مەزمۇنغا قاراپ، «تىل گۇرۇپپىسى»، «ئەدەبىيات گۇرۇپپىسى» ۋە «تارىخ گۇرۇپپىسى» دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ مۇھاكىمىگە قويۇلدى، مەن ئۆزۈم تەقسىملەنگەن ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدا، مۇنۇ ئىلمىي ماقالەمنى ئوقۇدۇم:

## جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق

ئادەتتە، بەزى ئىلىم ئادەملىرى تەرىپىدىن «دىۋانشۇناسلىق» دەپمۇ ئاتىلىۋاتقان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) شۇناسلىق پەقەت قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، كاشغەرىيشۇناسلىق بولسا، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيىتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقان خىش-ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن، دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرمۇ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يەنە بىرسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»شۇناسلىق، يەنى «دىۋانشۇناسلىق» ئاساسەن تىلشۇناشلارنىڭ، تىل ـ يېزىق خادىملىرىنىڭ تەتقىقات سورۇنى بولۇپ كۆرۈلمەكتە. ئەمدى، كاشغەرىيشۇناسلىق بولسا، تىلشۇناسلاردىن باشقا، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسسام- گۈزەل سەنئەتچىلەر ۋە تارىخ ـ تەزكىرىچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك ناھايىتى كەڭ بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىلىم سورۇنى بولۇشقا تېگىشلىكى بىلەنمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»شۇناسلىقتىن پەرقلىنىدۇ.

«جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇلۇق بۇ ئىلمىي ماقالەمدە، «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر»، «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە تارىخ-تەزكىرىچىلىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر» ۋە «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر» دېگەن تارماق ماۋزۇلار ئاستىدا بايان بېرىپ، ئېلىمىز جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى پاكىتلىق ھالدا يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

**1- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر**

**بىرىنچى، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي».**

ئىقتىدارلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندى يازغان ۋە 1994-يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» مۆھتەرەم ئالىم بوۋىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ئەدەبىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ھېكايە قىلىنىپ يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگىدۇر.

ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بۇ رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «ئارسلان خان ۋە بۇغرا خانلار سەلتەنەتى» ماۋزۇلۇق مۇقەددىمىدىن باشقا، «ئارسلان خان ھۇزۇرىدا»، «خانلار كېڭىشى»، «بۇغرا خان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى»، «مەھمۇدنىڭ ئاتىسى»، «ئوغۇل چوڭ بولدى»، «ئەسلىمە»، «بەزمە»، «ئارسلان خان بالاساغۇندا»، «توي»، «مەھمۇد

كاشغەرىي»، «تۇرۇمتايىنىڭ ھەسرىتى»، «نەۋروز بايرىمى»، «ئالىم سەپەرگە ئاتلاندى»، «ئەدىقۇت زېمىنى»، «ئىلى يولى تاغلىق يول»، «دەشتى قىپچاق»، «ھەر كىم ھەر كويدا»، «ئالتۇن تەختتىن نېمە تاپتىڭ ئەي، خاقان؟!»، «كاشغەر ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار»، «مۇق يولى»، «بارسغان» ماۋزۇلۇق جەمئىي يىگىرمە بىر بابقا بۆلۈنگەن. ئىككىنچى قىسمى بولسا، «قارا خانىلار، سەلجۇقىلار ۋە ئاباسىيلار» ماۋزۇلۇق مۇقەددىمىدىن باشقا، «ھايات يولى ئۈزۈلمەيدۇ»، «بۇخارا»، «نىشاپۇر»، «باغداد خەلىپىسى خاقانىيە تىلىغا قىزىقىدۇ»، «دەسلەپكى قۇرلار»، «ئىنسان دېگەن»، «كۆنلەر ۋە تۈنلەر»، «خەلىپىگە ئارماغان»، «ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار»، «يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر»، «ئالىم ۋە زالىم»، «مەلىك شاھ كەلدى»، «تۇركان خاتۇننىڭ ئىلتىپاتى»، «گۈلپەرى»، «سوغدىيانا كۈيى»، «قايداسەن، كاشغەر؟!»، «تۇركان خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك»، «مەلىك شاھنىڭ تەختى بىر، ئوغلى تۆرت»، «كاشغەر ناخشىسى» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا بايان بېرىلگەن ئون توققۇز بابقا بۆلۈنگەن. رومانىنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا، روماندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ مەرغۇلى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئاتلىق مەشھۇر قامۇسنىڭ ئاردىن توققۇز يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۈركىيە ئىستانبۇلدا قايتا تېپىلىشىدىن تارتىپ، تۈرك ئالىملىرى باش بولغان دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ مەزكۇر شاھ ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مېغىزلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ بايانى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەنكى، ئاپتور پەرھات جىلان بۇ ئارقىلىق، «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق بۇ رومانىنىڭ ئەدەبىيلىك ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتە ئوخشاشلا بىباھا ئەسەر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

مېنىڭچە، «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى قىممىتى كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى. ئاپتور بۇ روماندا، ۋەقەلىكنى ئۈزۈلمەي ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خىش-ئەقربالىرى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى قاتارلىقلارنى يارقىن ۋەقە ۋە گۈزەل تىل بىلەن يېقىشلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئەدەبىياتنىڭ كۈچى بىلەن تەپەككۈرنى قاناتلاندۇرۇپ،

ۋەقەلىكلەرنى ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر بىلەن كېلىشتۈرۈپ باغلاپ، پېرسوناژلارنى يارقىن ئوبرازلاشتۇرۇپ يېزىلغان بۇ رومان بۇيۇك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدى بىلەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئوخشاشلا خوشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ، خىيال- چۈشىمۇ، ئارزۇ-ئارمانىمۇ بولغان بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەنكى، بۇ ئەمەلىيەتتە، ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ شۇ تاپتىكى كۈندىلىك ھاياتتا ئالىم ئەجدادتىن ئۆرنەك ئېلىپ ياشاش ئىستىكى ئۇچۇن، نەق بىر ئەينەك، مۇھىم بىر مەنبە بولۇش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە ئىگە، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى. تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى» بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئىجاد بىلەن، ئىلمى ئەمگەك بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتىنى ھېكايە قىلىش جەريانىدا، ئەينى زامانىدىكى كاشغەرنى مەركەز قىلغان بۇيۇك قارا خانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ تارىخى چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلغان. ھالبۇكى، مەكتەپلەردىكى دەرسلىكلەردە كۆپ سۆزلەنمەيدىغان بۇ بايانلار بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى بىلىشى ۋە بۇنىڭدىن كۈچ ئېلىپ، پارلاق ئەرتە يارىتىش يولىدا ئاڭلىق كۈرەش قىلىشى ئۇچۇن، سۇ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈردۇر.

ئۈچىنچى. تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى» مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرى مەسىلەن، كىنو- تېلېۋىزىيەچىلىك، دراما-تىياتىرچىلىق قاتارلىقلار ئۇچۇن، قىممەتلىك ماتېرىيال ئامبىرى ۋە دېتال خەزىنىسى بولۇش ئەھمىيىتى بىلەنمۇ بىباھادۇر.

**ئىككىنچى، داستان «ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ـ يۈسۈپ ۋە مەھمۇد».**

مەرھۇم ئاتاقلىق شائىر، تۆھپىكار تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىي (1913ـ1989) ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان « ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ـ يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى (قىسقارتىپ «يۈسۈپ-مەھمۇد داستانى» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرى ئوبرازىنى گۈزەل شېئىرى تىل بىلەن ئىجادى يارىتىپ چىققان نادىر سەمەرەدۇر.

كلاسسىك داستانلارنى ئۆرنەك قىلىپ، نەسرى بايان بىلەن نەزمى تەسۋىر بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان ۋە ئون بەش مىڭ مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ زېرىك داستان مەزمۇن ئورانى بويىچە ئۆز ئىچىدىن ئۈچ قىسىم، يىگىرمە ئالتە بابقا بۆلۈنگەن.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى جەمئىي ئون يەتتە بابتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بابلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنۇلار: بىرىنچى باب «مۇقەددىمە». مەزكۇر مۇقەددىمە بىر نەسرى بايان، 208 مىسرا مەسنەۋى، سەككىز مىسرا نەقىل ۋە سەككىز مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ ئىككىنچى باب «بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن». مەزكۇر باب بىر نەسرى بايان، 230 مىسرا مەسنەۋى، ئون ئالتە مىسرا نەقىل ۋە ئون ئىككى مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ ئۈچىنچى باب «بالاساغۇن، بارسغان ۋە ئوردۇكەنت». بۇ باب بىر نەسرى بايان، 304 مىسرا مەسنەۋى، تۆرت مىسرا رۇبائىي، ئوتتۇز ئالتە مىسرا نەقىل ۋە ئون تۆرت مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ تۆرتىنچى باب «شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت، سۇلالە، ئىرفان ۋە دىن». مەزكۇر باب بىر نەسرى بايان، 664 مىسرا مەسنەۋى ۋە يىگىرمە بەش مىسرا مۇخەممەستىن تەشكىل تاپقان؛ بەشىنچى باب «يۈسۈپ كىم ئىدى، مەھمۇد كىم؟». ئالتىنچى باب «مەشھەد يولىدىكى سۆھبەت». يەتتىنچى باب «ئىككى ئالىمنىڭ ئوردىدىكى ئورنى». سەككىزىنچى باب «قارا خانىيلار سۇلالىسىدا چۈشكۈنلۈشۈش». توققۇزىنچى باب «قارا خانىيلاردا 1047ـ1042ـ يىللاردىكى سىياسىي ئۆزگىرىش». ئونىنچى باب «مەھمۇد قانداق ساق قالدى؟». ئون بىرىنچى باب «يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى يېزىۋاتقان كېچىلەردىن بىر كېچە». ئون ئىككىنچى باب «مەھمۇدنىڭ پائالىيىتى ۋە ئېرتىش بويىدىن يۈسۈپكە مەكتۇبى». ئون ئۈچىنچى باب «يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى ھەمەدىيە مەدرىسىسىدە ئىلمىي مۇھاكىمىگە قويغانلىقى». ئون تۆرتىنچى باب «ئوردۇكەنت كاشغەر خان ھوزۇرىدا ‹قۇتادغۇ بىلىك› تويى». ئون بەشىنچى باب «مەھمۇدنىڭ ئىراققا سەپىرى». ئون ئالتىنچى باب «مەھمۇدنىڭ تۈركان خاتۇن بىلەن ئۇچرىشىشى». ئون يەتتىنچى باب «ئىككى ئالىمنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنىگاھلىرى».

داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمى جەمئىي تۆرت بابتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: ئون سەككىزىنچى باب «بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ باشتىن كەچۈرمىشلىرى، يوقىلىش-پەيدا بولۇش جەريانلىرى». ئون توققۇزىنچى باب «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ‹دىۋان› غا شۇ چاغلاردا يېزىلغان مۇقەددىمە ۋە پىكىرلەر». يىگىرمىنچى باب

«بۇ كىتابلار تەرجىمە قىلىنغان تىللار». يىگىرمە بىرىنچى باب «بۇ ئەسەرلەرنىڭ جاھان مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى، ئۇلار ئۇستىدە ئىشلىگەن ئالىملار، بىزنىڭ ئۇلاردىن خەۋەرسىز ئۆتكەن نادامەتلىك كۈنلىرىمىز».

داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمى جەمئىي بەش بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: يىگىرمە ئىككىنچى باب «بىز بۇ يادىكارلىقلىرىمىزدىن قاچان خەۋەردار بولدۇق؟». يىگىرمە ئۈچىنچى باب «بۇ ئىككى ئابىدىنى كۆرۈش بىزدە بىرىنچى قېتىم كىمگە نېسىپ بولغان؟». يىگىرمە تۆرتىنچى باب «بۇ ئىككى ئەسەر ئۇستىدە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىنىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانى». يىگىرمە بەشىنچى باب «ئىككى ئالىم دېپىنگاھىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، قەبرىلەر تەئمىرى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈنۈچ ۋە ئىپتىخارى». يىگىرمە ئالتىنچى باب «تۇگەنچ».

شەكسىزكى، «ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى ــ يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە، شېئىرىيەت بابىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك شاھانە ئەسەردۇر.

**ئۈچىنچى، رىۋايەتلەر توپلىمى «مەھمۇد كاشغەريي ھەققىدە ھېكايەتلەر».**

بۇ ــ مەرھۇم تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئەخمىدى ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرلىغان ۋە 2003-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەردۇر. ساق يۈز بەتتىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەردە، «ئوي چولپان»، «ئانار شەربىتى»، «ئاشىق شاھزادە»، «ئەلچى بىلەن دانىشمەن قىز»، «شاھزادىنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشى»، «شاھزادىنىڭ ئۆيلىنىشى»، «جانغا ئەسقاتقان ھۈنەر»، «مەھمۇدنىڭ تەۋەللۇتى»، «ئات ‹ئىسمى قويۇش› تويى»، «مەھمۇدنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى»، «مەھمۇدنىڭ مەكتەپكە كىرىشى»، «ئائىلە تەربىيىسى»، «مەھمۇدنىڭ ‹مەكتەپتە› ئىجتىھاد بىلەن ئوقۇشى»، «شاھى ئىبراھىمنىڭ نەسىھىتى»، «مەھمۇدنىڭ ئەل كېزىشى»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەسنىپ قىلغان كىتابلىرى»، «ئانا ۋەتەن تەشنالىقى»، «ئانا سېغىنىشى»، «ۋەتەن ۋىسالى»، «‹مەدرىسەئى مەھمۇدىيە› ۋە ‹نەۋروز بۇلاق›»، «ئىمام مالىك ئەجدەر»، «مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ئىخلاسمەن ئەما»، «مىڭبىر توپ ئۇجمە»، «ھاي-ھاي تېرەك»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ۋەسىيىتى»،

«مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ۋاپاتى» بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە ئالتە پارچە ھېكايەت ئورۇن ئالغان. بىرلىپ مۇتالىئە قىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمچە، تۈزگۈچىنىڭ ئىستىدادى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتى يېتىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بۇ گۈزەل رىۋايەت-ھېكايەتلەر تولىمۇ ئوقۇش يېشىدىكى ئالدى كەينىدىكى بالىلىرىمىزغا دەرسلىك، ئانىلارغا ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەش قوللانمىسى بولۇش قىممىتىگە ئىگە مۇھىم مەنبەدۇر.

## تۆرتىنچى، ھېكايە «باغدات ئوردىسى».

ئاتاقلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەپەندى تەرىپىدىن، 2008-يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلىنغانلىقى شەرىپىگە تەنتەنە قىلىپ يېزىلغان بۇ ھېكايە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە، ھېكايىچىلىقنىڭ يولىنى كېڭەيتىۋاتقان تۆھپىلىك ئەمگەكلەردىن سانىلىدۇ.

-« مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ھەر جۈمە كۈنى چەتئەل دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە خەلقئارالىق داڭقلىق ئەرباب، مويسىپىت ئالىملارنى، تۆرە ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلار ئىدى» دەپ باشلىنىدىغان بۇ ھېكايە بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاسارىتى، ۋىجدانلىق ئالىملارغا خاس ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتى ئارقىلىق ئەينى زامان باغداد خەلىپىسىنى قايىل قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. ھالبۇكى، مەزكۇر ھېكايە ھەممىدىن تولا، زامانىمىز ياشلىرىغا بېرىدىغان تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىلەنمۇ قىممەتتە بىباھادۇر مىنىڭچە.

مۇندىن باشقا، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي فىلىم «ئۈچ ياش»، شۇنداقلا تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»دىن پايدىلىنىپ يېزىلغان رادىئو درامىسى «مەھمۇد كاشغەرىي» قاتارلىقلارمۇ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ھوسۇللۇق نەتىجىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

## 2ـ كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە تارىخ-تەزكىرە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر

### «ئىلىم يولباشچىسى مەھمۇد كاشغەرىي».

بۇ ـ تارىخشۇناس تەتقىقاتچى مۇھەممەدزۇنۇن سىدىق بىلەن فولكلورشۇناش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرلىغان ۋە ئاتاقلىق ئىلىمپەرۋەر سىياسىيون، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى مەرھۇم ئىيسا شاكىر مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلى نەشر قىلىنغان 342 بەتلىك ژىرىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، «ھەزرەتى موللام ـ مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بىرىنچى قىسمى «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنلىك ھەققىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»، « مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق جاۋابى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتى»، «قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىغا كىرگۈزۈش ھەققىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتى»، «‹ھەزرەتى موللام مازىرى›نى نۇقتا قىلىپ، ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش-باشقۇرۇش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى ھۆججەتنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى»، «ئوپال رايونىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ‹ھەزرەتى موللام› ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «مۇھەممەتئىمىن ئەخمەت: ‹ھەزرەتى موللام تەزكىرىسى› توغرىسىدا ئەسلىمە»، «مۇھەممەدزۇنۇن سىدىق: ھەزرەتى

موللام ــ مەھمۇد كاشغەرى»، «قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسى توغرىسىدىكى يېڭى پاكىتلارنى مۇھاكىمە قىلدى»، «ئىيسا شاكىر: قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئوپال رايونى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ‹ھەزرەتى موللام مازىرى› بولسا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى»، «ئابلىز ئۆمەر: ئۇلۇغ ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا»، «ھەسەن ئابدۇرەھىم: مەھمۇد كاشغەرى قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» ماۋزۇسى ئاستىدا بايان قىلىنغان ھۆججەت ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئىككىنچى قىسمى بولسا، «»دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا يېزىلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان.

بۇ ئەسەر بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى ئېنىقلاپ بېكىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان باش مەنبە ۋە شۇ ھەقتىكى قانۇنىي قارار ۋە بېكىتمىلەر تولۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا يېگانە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

**«مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات شەجەرىسى».**

بۇ ــ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001-يىلى نەشر قىلىنغان «ئىلىم ۋە ئالىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلىگە تونۇشلۇق بولغان ئىستىدادلىق كاشغەرىشۇناس تەتقىقاتچى ئۆمەر ئوسمان شىفائى ئەپەندى يازغان ۋە داۋاملىق ئىزدىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەردۇر. شىفائى ئەپەندى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ۋە بوشاشماي ئىزدىنىش ئارقىلىق، نەق پاكىتلار ئاساسىدا يازغان بۇ ئەسەر كاشغەرى ئەۋلادلىرىنى ھاياجانلاندۇرماقتا ۋە ئىپتىخارلاندۇرماقتاكى، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇقلىنىپ پۈتۈپ چىقىشى بىلەن، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەسەب شەجەرىسى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىگە تونۇتۇلغۇسى!

**«مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھى».**

بۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىنىڭ چۈشەندۈرگۈچى كادىرى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى دىلنۇر ئابدۇرۇسۇل خانىم ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق بىلەن يازغان ۋە 2005-يىل 12-ئايدا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ نەشر قىلىنغان 166بەتلىك ئەسەر. «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى بىلىملىرى قوللانمىسى» دېيىشكىمۇ بولىدىغان بۇ قوش تىللىق ئەسەر ئۆز تەركىبىدىكى «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدىكى كونا-يېڭى ئەسلىھەلەر»، «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى ئەتراپىدىكى تارىخىي ئىزلار» دېگەن باش ماۋزۇلار ئاستىدا بېرىلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى»، «ھەزرەتى موللام مەسجىدى»، «ئوي چولپان راۋىقى»، «كۆرگەزمەخانا»، «چوڭ دەرۋازا»، «نەۋروز بۇلاق»، «ھاي-ھاي تېرەك»، «ھەزرەتى پاشا قەبرىسى»، «سۇلتان ئارىپ قەبرىسى»، «موللا نەزەر ئاخۇنۇم قەبرىسى»، «ئابدۇرەھىم نىزارى قەبرىسى»، «خوجا سەيفۇددىن بۇزرۇكۋار قەبرىسى»، «بۇۋى رابىيە خانىكام قەبرىگاھى»، «يالماۋۇز غارى ھەققىدە رىۋايەت»، «توققۇز قازناق ئىزى» قاتارلىق تارماق كۆزنەكلەردىكى جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي ئوچۇقلىمىلىرى، سان-سىپىرلىق يىگانە بىلگى-بىلىملىرى بىلەن كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا ئۆزگىچە ئېتىبار ۋە قىممەتكە ئىگىدۇر.

## 3- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر

### مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىككى رەسمى.

بۇ. ئاتاقلىق رەسسامىمىز غازى ئەھمەد ئەپەندى تەرىپىدىن 1983-يىل سىزىلىپ ئېلان قىلىنغان «ئىلىم مۇتالىئە قىلىۋاتقان ياشانغان مەھمۇد كاشغەرىي» («ئىش ئۈستىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي»مۇ دېيىلىدۇ) رەسىمى بىلەن، 2005-يىل سىزىپ ئېلان قىلىنغان «ئۇدۇل قاراپ تۇرغان نەۋقىران مەھمۇد كاشغەرىي» رەسىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ «غەرىب ۋە سەنەم»، «جىنايى ھۆكۈم»، «ھېساب ئېلىش»، «ئامانىنساخان»، «مۇقام»، «گىلەم ـ ئۇيغۇرلار»، «مۇزىكا مەستانىلىرى»، «دولان روھى»، «پامىردا باھار كۈيى» قاتارلىق ماي بوياق رەسىملىرى، «قوتاز ئۈستىدە»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «تەڭرىتاغ بۇلبۇلى»، «ئىران قىزلىرى»، «ئات ئۈستىدە»، «كۈچ سىناش»، «مېنىڭ راۋابىم»، «نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ پادىشاھنى مازاق قىلىشى» قاتارلىق 200 پارچىدىن

ئارتۇق جۇڭگوچە رەسىملىرى ۋە «تەڭرىتاغ كۈيى»، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى»، «تەڭرىتاغدىكى شادلىق» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تام رەسىملىرى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقلىق بولغان رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەزكۇر ئىككى رەسىمى رەسسامنىڭ داڭقىغا داڭق، شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشقان نادىر ئەسەرلەردۇر.

مېنىڭ تەسىراتىمچە، يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندى ئۆزىنىڭ ژىرىك ئەمگىكى بولغان تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى» ئارقىلىق، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆمۈر تارىخى ۋە هايات پائالىيىتىنى خەلقىمىز شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرغان بولسا، رەسسام غازى ئەھمەد ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئىككى رەسىمى ئارقىلىق، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆلچەملىك پورترېتىنى تۇرغۇزۇپ بەردىكى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى رەسىم بىلەن بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوبرازى خەلقئالەم ئالدىدا تېخىمۇ كونكرېتلەشكەن، تېخىمۇ روشەنلەشكەن بولدى.

**مەھمۇد كاشغەري ھەيكىلى.**

بۇ – ھەيكەلتەراش خالمۇراد ئەپەندىنىڭ لايىھىلىشى ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ھەيكەلتەراشلىق فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، ئوپال مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھى باغچىسى ئىچىگە 1996-يىلى تۇرغۇزۇلغان پۈتۈن گەۋدىلىك مەھمۇد كاشغەرى ھەيكىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ھەيكەلنىڭ ئۇل پونىدامىنتى x4x43، يەر يۈزى پونىدامىنتى بولسا، x3x32 بولۇپ، زېمىن يۈزىدىن ئېگىزلىكى 54. 9 كېلىدۇ.

رەڭگارەڭ خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن ئازادە گۈلزارلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ھەيكەلدە، بېشىغا يارىشىملىق باش كىيىم، ئۇستىگە ئالىپتە تون كىيگەن، قاڭشالىق، قويۇق قاشلىق، قىسقا ساقال-بۇرۇتلۇق، ئۇزۇن بويلۇق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، ئوڭ قولى بىلەن بىر توم كىتابنى قولتۇقلىغان، سول قولىنى بولسا، ئىختىيارى سالغان ھالدا، ئالىمغا خاس جاسارەت بىلەن يىراققا كۆز تىككىنىچە ئالغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر ھەيكەلتەراشلىق گۈزەل سەنئىتىنىڭ غوللۇق سەمەرىسى سانىلىشقا ھەقلىق بولغان مەزكۇر مەھمۇد كاشغەرى ھەيكىلى كۈنىمىزدە، يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مەھمۇد كاشغەرى ھەيرانلىرىنىڭ قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئېھتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن شاراپەتلىك ئەسەر بولۇپ مەزمۇت تۇرماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كاشغەرىيشۇناسلىق بۈيۈك ئالىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان جۇڭگودا، ئەنە شۇنداق زىرىك ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن، كەڭ دائىرىلىك ۋە پارلاق ئىستىقباللىق بىر ئىلىم ساھەسىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

2008۔يىل 18۔ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.

x x x x

جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن۔مائارىپ ئورگىنىنىڭ 2008۔يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» دەپ ئېلان قىلغانلىقىغا ئىپتىخار بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. بۇ دۇنياۋى بۈيۈك تەنتەنىگە مەنمۇ يۇقىرىدىكى ئەمگىكىم بىلەن قاتنىشالىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايمەن، غۇرۇرلىنىمەن ۋە ئۇنى «مېنىڭ كاشغەرى يىلىمدىكى ئۇنتۇلماس كۈنلەر» دەپ ئەبەدىي خاتىرىلەيمەن.

## كاشغەرىيشۇناسلىق ياشلار ۋە باللار ئارىسىدا

مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تار ۋە كەڭ ئىككى خىل ئۇقۇمغا ئىگە. تار مەنىدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيىتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار۔بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ۔تۇغقان خىش۔ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن، دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەھمۇد كاشغەري ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى

تونۇشتۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرمۇ كاشىغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئەمدى، كەڭ مەنىدىكى كاشىغەرىيشۇناسلىق بولسا، ئىلىمپەرۋەر ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇم روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىم-پەن بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئىلىم-پەن ئارقىلىق شەخسەن ئۆزىنى مەدەنىي ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرۈش، ئىلىم پەن ئارقىلىق توپلۇم-جامائەت ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشقا ھەسسە قوشۇش، ئىلىم-پەن ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش قاتارلىق پائالىيەت ۋە ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە كاشىغەرىيشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، كاشىغەرىيشۇناسلىق دېمەك ئاداققى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلىمپەرۋەرلىك دېمەك، مەرىپەتپەرۋەرلىك دېمەكتۇر!

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ نۇقتىنى مەن دېمەتلىك قېرىلارلا ئەمەس، خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان ياشلىرىمىز ۋە نەۋرە يېشىدىكى بالىلىرىمىزنىڭمۇ بىلىپ، ئاڭقىرىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىنسانىنى سۆيۈندۈرىدۇ. مەن بۇ يەردە، مۇشۇنىڭغا تالىق بىر-ئىككى كەچۈرمىشىمنى خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

## بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ياش ئەۋلادلار بىلەن سۆھبەت

بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكىتىمىز جۇڭگودىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە، يۈزدىن يۈز ئەللىككىچە مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرىۋاتىدۇ. بىر شەھەردە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېلىپ بېرىلىپ تۇرىدىغان بايراملىق پائالىيەتلەردە، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، تونۇشلاردىن بولۇپ قالىمىز. مەن تونۇشىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى، ئەمما ئەدەبىياتنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، تىلشۇناسلىق ئىلمىنى، ئۇيغۇر ئانا تىل ئىلمىنى يەكلىمەيدۇ، ئىستىقبالسىز كۆرمەيدۇ. كاشىغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە بىز تەبىئىي پەن ئەھلىنىڭمۇ ئورنى ۋە رولى بار دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق پىكىر، ئورتاق قىزىقىش ۋە ئورتاق مۇھاكىمە نۇقتىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، بىرىش كېلىشلىرىمىز ئۈزۈلمەيدۇ.

بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق قانۇنلۇق ئۇيۇشما تەشكىلى بار. بۇ تەشكىلات ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا بىر يەرگە توپلاپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ماۋزۇلىرى بويىچە مۇڭدىشىش، پىكىرلىشىش ئىمكانى بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. 2006-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى، مەن تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېرىپ، «ھىجرەت ۋە نۇسرەت» ماۋزۇلۇق چاتما لېكسىيە بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانىدىم. شۇندىن بۇيان، مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتىمىز، قويۇق بېرىش-كېلىشىمىز داۋاملاشماقتا. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئابۇلەزىز، ئابدۇلئەھەد ۋە ئەھمەدجان دېگەندەك يولباشچى ۋە پائالىيەت سەركەردىلىرى بار. ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىش، مۇڭدىشىش ئىنساننى پارلاق ئۈمىدنىڭ قوۋناق قاينىمىغا چۆمۈلدۈرىدۇ گويا.

بىز سۆھبەت ئۇيۇشتۇرساق، ئادەتتە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ماڭا مۇئەييەن سوئال بىلەن سۆھبەت تېمىسى چىقىرىپ بېرىدۇ. مەن شۇ تېمىغا ئاساسەن تەييارلىق قىلىمەن. سۆھبەت باشلانغاندا، مەن ئوقۇغۇچىلار چىقىرىپ بەرگەن ھېلىقى سوئاللار ئاساسىدا، يىگىرمە مىنوت، ئوتتۇز كەتسە يېرىم سائەت سۆزلەيمەن. قالغان چاغدا، ئوقۇغۇچىلار پىكىر بايان قىلىدۇ، قىزىققان نۇقتىلار ئاساسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بىز ئۆز ئارا پىكىر، چۈشەنچە ئالماشتۇرىمىز. ھەر قېتىملىق سۆھبەتتە، مەن ياش ئوقۇغۇچىلاردىن- بۇ نەۋرەم يېشىدىكى دوستلىرىمدىن نۇرغۇن نەرسە ئۆگىنىۋالىمەن، بۇ مېنى تولىمۇ مەمنۇن قىلىدۇ.

2008-يىل 12-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئاشۇ بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «بىزنىڭ كاشغەرنى بىلەمسىز» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشقان بۇ سۆھبەت چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمگىچە داۋاملاشتى. مەن بۇ سۆھبەتتە، ئالدى بىلەن، ملادىيە 2008-يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» ئېلان قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بەردىم. ئاندىن، كاشغەرى بوۋىمىزنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۈرىكىمدە پەيدا بولغان شەرەپ-ئىپتىخار تۇيغۇسى ۋە ئۇ تۇيغۇنىڭ تۈرتكىلىكى ۋە ھەيدەكچىلىكىدە، ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئەمەلىي

پائالىيەتلىرىمنى ھېچ كەم ياكى زىيادە قىلماي، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن، سۆھبەت ئەھلىگە دوكلات قىلدىم. «كاشغەرى يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى» دېگەن فىلىمنى قويۇپ بەردىم. ئارقىدىن، ياشلارنى كۆز ئالدىدىكى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئالىملاردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردۈم.

مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بەس-بەستە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆز زېمىنلىرىدىكى ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىش ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق، پۈتكۈل دۇنيانى قايىل قىلغان بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ روھىنى خوشال قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتىكى، مانا بۇلار - بۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىزنىڭ نەتىجە جەۋھىرى بولدى مېنىڭچە.

سۆھبەت ئاخىرىدا، ئوقۇغۇچىلار مېنى «ئۈمىد يۇلتۇزى شەرەپ تاختىسى» بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇستىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يازغان «ئۇستاز شەنىگە» ناملىق شېئىردىن ئىككى كۇپلېت گۈزەل ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مەرۋايىتتەك تىزىپ يېزىلغان بۇ شەرەپ تاختىسى ئەمەلىيەتتە، مەن مەزكۇر كاشغەرى يىلىدا ئېرىشكەن ئەڭ ۋەزنىلىك مۇكاپات بولدى. راستىنى ئېيتسام، 2006-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئورخان پاموكتىن چارە خوشال بولدۇم، مىسلىسىز غۇرۇر تۇيدۇم، چۈنكى، بۇ بىزنىڭ ياش كاشغەرىيشۇناسلىرىمىز تەرىپىدىن، ئارقىمىزدىن بىز بىلەن سوقۇشۇپ كېلىۋاتقان ئىلىم پەرۋەر ئىز باسارلىرىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات- تەڭداشسىز بۈيۈك مۇكاپات ئىدى مېنىڭ ئۈچۈن!

## تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق

مېنىڭ تونۇشۇمچە، 1994-يىلى شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى» ئەدەبىياتىنىڭ سېھرى كۈچى ئارقىلىق، مىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىغا بىر ئۆرنەك ئىنسان سۈپىتى بىلەن تونۇتۇش جەھەتتە تەڭداشسىز زور رول ئوينىغان نادىر ئەسەردۇر. كېيىنكى چاغلاردا، «ئورخۇن شەجەرىسى» ۋە «ئىدىقۇت يۇلتۇزى» ناملىق تارىخىي رومانلىرى بىلەنمۇ خەلققە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان تالانتلىق يازغۇچى

پەرھات جىلان ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ تارىخى رومانى «مەھمۇد كاشغەرى» ئارقىلىق ۋەتىنىمىزدە كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن تۆھپىكار ئالىم سانىلىدۇ. پەرھات جىلان ئەپەندى مەزكۇر رومانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا، بىۋۇمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆتكەن مىڭ يىل جەريانىدا دۇنيادىكى باشقا ئالىملار تەرىپىدىن ئۆگىنىلىشى، تەقلىت قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىغىچە بولغان ساپ ئىلمىي پائالىيەتلەرنى مىغىزلىق بايانلار بىلەن تىزىپ كۆرسەتكەنىكى، بۇ ھال مەزكۇر تارىخى رومانىنىڭ بىر ژىرىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىر چاغدا، يەنە ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ياش ئەۋلادلارغا بىر بىباھا ئىلىم خەزىنىسىنى ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئوقۇشلۇق، ئىنسانىي ئىلىم-ئالىملىق يولىغا باشلايدىغان بىر ئىلمىي رەھبەر ئەسەر ئىكەنلىكىنى تەلقىنلىق ئىپادە قىلىدۇ. بۇ رومانىنىڭ 2006-يىلى تۈركىيەلىك ئۆزتۈرك خانىم تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، بەش مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىشىمۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەم بەدىئىيلىك ھەم ئىلمىيلىك جەھەتتە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ مېنىڭچە. شۇنداق ئىكەن، بىز تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى»نىڭ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى، شۇنداقلا ئومۇمىي ئىلمىيەرۋەرلىك سورۇنىدىكى رولىنى يەنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

مەن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى»نىڭ ئاشۇ 1994-يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغىنىدىن بۇيانقى ئوقۇلۇش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۆز ئىمكانىمچە قىسقىچە تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئومۇمىيەت جەھەتتىن مەلۇم بولدىكى، مەزكۇر رومان «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» ئاتالغان 2008-يىلدىكى يېڭى نەشرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە ئۈچ قېتىم بېسىلغان. ئەمما تىراژ سانى «ئانا يۇرت» ۋە «ئىز» قاتارلىق رومانلاردىن جىق ئاز. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1998-يىلى بىر قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن باشقا، ھېچقانداق بىر ئورگان ياكى كوللېكتىپنىڭ تارىخى رومان «مەھمۇد كاشغەرى» ھەققىدە خاس مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. مەن ئۆزۈم دەرس سۆزلەۋاتقان ئۈچ سىنىپ جەمئىي 118 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن، مەزكۇر رومانىنى ئوقۇپ باققانلار پەقەت ئۈچ نەپەر. رومانىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانلار بولسا، 69 نەپەر بولۇپ چىقتى.

مەن مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئارتۇقچە قىيىداپ ئولتۇرمىدىم، ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىپ كايىپ، قۇيرۇقۇمنى تالاپ يۈرمىدىم، ئەكسىچە، كۆز ئالدىمىزدىكى مەزكۇر دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدا ئەسكەن ئىلمىيەرۋەرلىك سەلكىن شامىلىدىن پايدىلىنىپ، قېرىنداشلىرىمىز ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي» رومانىنى ئوقۇش-مۇتالىئە قىلىش، شۇ ئارقىلىق، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ھەققىدە ساۋات چىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش زۆرۈركەن دەپ قارىدىم. دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، فاكۇلتېتىمىزدىكى ئۆزۈم گەپ ئۆتكۈزەلەيدىغان 2006-يىللىق ۋە 2007-يىللىق ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى سىنىپىدىكى ئەۋلادلار ئارىسىدا تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى ئوقۇپ، مەن چىقىرىپ بەرگەن سوئاللار ئاساسىدا تەسىرات ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردىم. يېزىلغان ماقالىلارنى ئالدى بىلەن، مەن بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان خاس كومىتېت يىغىنىدا ئوقۇپ، سەرخىللىرىنى تاللاپ چىقتۇق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 2008-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، «تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي› ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى نامىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە مەن يېتەكچى بولغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بىر يۈز قىرىقتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. كەچ سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە ساق ئىككى سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، جەمئىي 11 نەپەر ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچى تەسىرات ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە، ئالدى بىلەن، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ ئەمەلىيەتتە، ياش ئەۋلادلارنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆرنەك ھاياتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىغا ئىگە قىلغانلىقىنى، مۇشۇ رول ۋە ئەھمىيىتى بىلەن، ئۇنىڭ پۈتكۈل كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىي ساھەسىدە ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاندىن، ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندىنىڭ تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى يېزىش ئارقىلىق، كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر ئەۋلادلار ئارىسىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىشى ۋە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى تەكرار-تەكرار قەيت قىلىشتى. يىغىن ئەسناسىدا، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ ئاپتورى، ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندىنىڭ يىغىن ئەھلىگە يازغان ئىلھامبەخش تەبرىك خېتى ئوقۇلۇپ

ئۆتتۈلدى. پەرھات جىلان ئەپەندىم ئۆز خېتىدە: «مەن يازغان تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي›نى ئوقۇپ، ئۇ ھەقتە خاس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگىنىڭلاردىن مەمنۇن بولدۇم. بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي سىلە-بىزنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگىمىز، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتى سىلە-بىزنىڭ ياشام ئۆرنىكىمىز. مەن سىلەرنىڭ كاشغەرىي بوۋىمىزدىن ئۆگىنىپ، ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئۆگىنىش ۋەزىپەڭلەرنى ئەجدادلارنىڭ روھى سۆيۈنگىدەك دەرىجىدە ئەلا ئادا قىلىشىڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن!» دېيىلگەنىدى. خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ياڭرىغان ئالقىش سادانسى ئەۋلادلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەمنۇن بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

«كىمنىڭ بار ئاشۇنداق ئالىمى قېنى، پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنى كوللىكتىپ ئوقۇش بىلەن باشلانغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى باشتىن ئاياغ تولىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۆتتى. سۆزگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىيگە يۈز كېلەلىگىدەك دەرىجىدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشىدىغانلىق ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداقلا، 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقىغا سۆيۈنۈش بىلەن تەنتەنە قىلىشتى.

دەل ۋاقتى-سائىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن مەنلا ئەمەس، ئوقۇغۇچى شاگىرتلارمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاڭلىسام، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئىلىپ بارغان بۇ پائالىيەتنىڭ سۈرەتلىرىنى شۇ كۈنىلا دەرھال مۇناسىۋەتلىك تورلارغا چىقىرىپ، زاماندىش قېرىنداشلىرىنىمۇ ئۆز شادلىقىغا ھەمشېرىك قىلىپتۇ، ئاڭلىغانلار ۋە كۆرگەن-بىلگەنلەر: «ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن كاشغەرىي يىلىغا تەنتەنە قىلىپسىلەر، سىلەرگە ئاپىرىن!» دېيىشىپتۇ.

## يىل خاتىمىسىدە تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش

12-ئاينىڭ 29-كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت سەككىز، ئەنقەرە ۋاقتى بىلەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ ياش دېكتورى ۋە مۇخبىرى ئادىلجاننىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. بۇ يەردە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەتنى ئەينى بىلەن خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

**1ـ سوئال:** سىزنىڭچە، 2008ـيىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانداق بىر يىل بولدى؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە، بۇ 2008ـيىل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا، ئىپتىخارلىق، غۇرۇرلىنىش بىلەن تولغان ۋە تويۇنغان بىر يىل بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى بۇ يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل تۈركىي قەۋملەر، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ھەقلىق ھالدا، ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. تۈركىيە باش بولغان تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن يۇقىرى سەۋىيىلىك خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، كاشغەرىشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن، تۈركىيە تىل قۇرۇمى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇپ، 11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن «مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بۇ پەللىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيىلىك ئالىملار قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى. ئانا يۇرت-ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار سۆيۈنگەنلىكتىن، خوشال بولغانلىقىدىن، 2008-يىلدىن ئىبارەت بۇ قۇتلۇق يىلنى مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئوقۇپمۇ ئۈلگۈردى. مەزكۇر ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

ئوپال ئارت تېغىدىن بالقىغاندا كۈن،

نۇر ئېمىپ ئىللىدى ئۇيغۇر زېمىنى؛

چىللىدى ئالەمگە ئىرپان خورىزى:

«كاشغەرلىك مەھمۇد بۇ ئىلىمنىڭ پىرى!».

ئەسىرلەر قوينىدا سىنالدى «دىۋان»،

ئالەمنى سۆيدۈردى ئۇنىڭ قىممىتى؛

مىڭ يىللار ئۆتتۈپمۇ ئۇنتۇلمىدى ھېچ،

مۆجىزە ياراتقان ئالىم ھىممىتى.

شۇڭلاشقا ئىككى مىڭ سەككىزىنچى يىل،

ئاتالدى دەپ «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»،

دۇنياۋى شاراپەت كۈلدۈردى ئەلنى،

ياشنىدى شادلىقتىن ئۇيغۇرنىڭ دىلى،

مىڭ يىلغا قۇت! يەنە مىڭ يىلغا پىلان،

كۆمۈلمەس ئەجدادنىڭ ھىدايەت ئىزى.

ئىلىم-پەن مەشئىلى قوللاردا ئېگىز،

ئەۋلادنىڭ بەستىدە نۇسرەت جىلۋىسى.

نەقرات:

كاشغەرىي ۋەتەننىڭ ئابىدە تېشى،

مەھمۇد بار ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ تىنك بېشى!

«كاشغەرىي يىلى» ماۋزۇلۇق بۇ ناخشا تېكىستى يارقىن ئاۋازلىق ياش ناخشىچى شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ ئاھاڭىغا سېلىشى ۋە باش بولۇپ ئورۇنلىشى ئارقىسىدا، سەھنىلەردە كەڭرى ئوقۇلدى ۋە ئۇ ئۆز قىممىتى بىلەن، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئۇيغۇر ناخشىلىرى قاتارىغا قوشۇلدى.

مەن مۇشۇنداق ئاساسلار بىلەن، ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان بۇ 2008-يىلنى ئانا يۇرت- ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ياشاۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئېپتىخارلىق، مۇبارەك بىر يىل بولدى، دەپ قارايمەن.

**2ـ سوئال: ئەمدى، 2009ـ يىلىنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قانداق بىر يىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟**

**جاۋاب:** «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغان 2008ـيىلدىن كېيىن ئىز بېسىپلا كېلىۋاتقان ئالدىمىزدىكى بۇ 2009ـيىلىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر مىللىتىمىز ئۈچۈنمۇ بىر تىنچلىق يىلى، ئاسايىشلىق يىلى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بىر مەرىپەت-مائارىپچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ئالدى بىلەن، شۇنداق بىر دۇئا-تىلەكتە بولغۇم كېلىدۇكى، ئانا يۇرت- ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تۈرلۈك ئىلىم-پەن، ھەر خىل ھۈنەر- كەسىپ بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلار پۈتكۈل ئىجتىھادىمىز بىلەن جەزمەن ياخشى ئوقۇيلى، تىرىشىپ ئۆگىنەيلى؛ بارلىق ئىلىم-پەن خادىملىرى ئاداققى زېھنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئىجاتكارلىق بىلەن ئىشلەيلى! بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بىز ئۇيغۇرلار باشقىلار قىلالىغاننى جەزمەن قىلالايمىز، بەلكى ئەڭ ياخشى قىلالايمىز. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» پاكىت بولۇپ تۇرۇپتۇكى، مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئۆلمەس، ئەڭ مۆتىۋەر ئەمگەك-سەمەرەلەرنى بىزمۇ يارىتالايمىز. ھەممىمىزنىڭ 2009ـيىلى قۇتلۇق بولغاي!

## ئۇنتۇلماس بىر يىل

«ھايىنى ھۆي، تويىاقنى ئۆي» دەپ بولغىچە 2008ـيىل ئۆتۈپ، 2009ـيىلىنىڭ باھارىمۇ ئۆزگىچە ھاۋا ۋە يېڭى ناۋالار بىلەن كىرىپ كەلدى. يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆتكەن كاشغەرىي يىلىدىكى ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلىرىم كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ماگىستىرانت ئوقۇغۇچىلار ۋە دوكتورانت شاگىرتلىرىمغا «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن تاللاپ ئوقۇش»، «ئەرەب تىلى ئاساسلىرى» ۋە «تۈرك تىلى ئاساسلىرى» بولۇپ، ئالتە خىل دەرستىن جەمئىي 450 سائەت ساۋاق بېرىپتىمەن؛ «جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق»، «كاشغەرىيشۇناسلىق ئىستىقبالدا»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›تىكى ماقال-تەمسىللەردىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر» ۋە «‹تارىخى ھەمىدىي›دە ئۇيغۇر يۇرتلىرى ۋە ئادەملىرى» بولۇپ تۆرت پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە

«كاشغەرنى يىلى بۇ، پەخرلەن ئۇيغۇر»، «رىقابەت ۋە ساداقەت»، «قەشقەردىن بىر كۆزنەك يېڭى مەنزىرە» ۋە بۇ «مېنىڭ كاشغەرنى يىلىم » بولۇپ، تۆرت پارچە ئەدەبىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىپتىمەن؛ 2008-يىل 11-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى قۇرۇم مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمغا قاتناشقانلىقىمنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ جەمئىي تۆرت خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەسەر بىلەن قاتنىشىپتىمەن؛ ئوقۇغۇچىلارنى 2008-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى «تارىخى ھەمدى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى «مەھمۇد كاشغەرى يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى» ۋە 12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى «تارىخى رومان ‹مەھمۇد كاشغەرى› ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ جەمئىي ئۈچ چوڭ ئىلمىي پائالىيەتكە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇپتىمەن. دېمەك، مېنىڭ كاشغەرى يىلىدا ئۆتكەن ئۈچيۈز ئاتمىش بەش كۈنۈم بۇيۇك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش باش مەزمۇن قىلىنغان شۇ قەدەر مول پائالىيەتلەر ۋە ئەمگەكلەر بىلەن تويۇنغان ھالدا غەلىبىلىك ئۆتتۈپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلھەمدۇلىللاھ دېيمەن تەكرار ۋە تەكرار!

مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرەمدە، ئاشۇ يۇقىرىقى كەچمىشلىرىمگە رازى-رىزالىق بىلەن ھەمشىرىك بولۇشنى خاھلىغان، مېنىڭ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرىمنى سەممىيلىك بىلەن قوللىغان، ھەمدەم بولغانلارنىلا يازدىم. ئەمما، مەن: «بۇ يىل مەھمۇد كاشغەرى يىلى بولۇپتۇ، تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مۇنداق بىر پائالىيەت ئۆتكۈزسەك، بۇنىڭغا سىزمۇ قاتنىشىپ بېرىڭ، ھېچ بولمىسا قوللاپ بەرسىڭىز قانداق؟» دېگىنىمدە، «‹2008-يىلى دۇنيا مەھمۇد كاشغەرى يىلى بولدى› دەپ جۇڭگودىكى قايسى گېزىت خەۋەر يېزىپتۇ، ئەكىلىپ بېقىڭا!» دەپ ۋارقىرىغانلارنى، «‹كاشغەرى يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن پائالىيەت قىلساڭلار بولىدۇ› دېيىشكەنغا ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىل باشلىق ھۆججىتى بارمىكەن؟ » دەپ ھۆركىرىگەنلەرنى، بولۇپمۇ بىز ئۇستىمىزگە كاشغەرى خاتىرە مايكىسىنى كىيىپ، مەيدىمىزگە كاشغەرى خاتىرە ئىزنىكىنى تاقاپ، ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتىگە ماڭغىنىمىزدا، « ئولىمپىك يىغىنى بۇ يىل جۇڭگودا ئەڭ چوڭ پائالىيەت. ئۇنىڭدىن باشقا پائالىيەت قىلىنمايدۇ. ئون-ئون بەش ئادەم بىر يەردە توپلىشىپ تۇرۇۋىشقىمۇ

بولمايدۇ. ھازىر يول-يوللاردا توساقلار بار، سىلەر بۇ قىياپىتىڭلار بىلەن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيسىلەر، ياخشىسى، ئاستا قايتىپ قېلىڭلار...» دەپ، ياخشى كۆڭۈل بىلەن بولسىمۇ تەربىيە قىلغان، توسقانلارنى يازمىدىم.

يەنە بىرسى، مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى ھەرگىزمۇ قىلغان ئەمگەكلىرىمنى كۆز-كۆز قىلىش، ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرىمنى دام-دام قىلىش ئۈچۈن يازمىدىم. ئەمما، ئەگەر بۇ خاتىرىنى ئوقۇغان ياش ئەۋلادلىرىمىزدىن: «قارا! ئاۋۇ بىر كەم ئاتمىشقا كىرگەن قېرى ئادەم تەكلىماكانى ئاكام 2008-يىلىنىڭ دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق ئىلكىدە، شۇ قەدەر كۆپ ئىشلارنى، شۇ قەدەر پايدىلىق ۋە ساۋابلىق پائالىيەتلەرنى قىلىپتۇ. ئەمدى، مەن ئۇنىڭدىن ياش، ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىمكانلىق تۇرۇپ، زادى نېمە ئىش قىلىپتىمەن؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئويلىنىپ قالسا، ئۇ باشقا گەپ، ئەلۋەتتە!

2009-يىل 21-مارت، نەۋروز.

# «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين»گىچە ئەلىشىر نەۋائىي سىلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە

## ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي

### كىرىش سۆز

نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر - قازاق ــ قىرغىز تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمۇ «نەۋائىي تەتقىقاتى» ئاتلىق بىر دەرس تەسىس قىلغانىدى. بۇ نۆۋەت، تەشكىل مېنىمۇ مۇشۇ ساھەدە ئۆز چامى ۋە ئىمكانىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمگەك قىلغان ۋە قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ساناپ، مەزكۇر دەرسنى ماڭا تەقسىم قىپتۇ. تەشكىلگە كۆپ رەھمەت!

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن ناۋائىي ئىلىم دۇنياسىدا 500 يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كىملىكى، كىشىلىكى، ئەسەر ــ ئەمگەكلىرى ۋە ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ھەققىدە تۇم - تۇم كىتابلار يېزىلدى ۋە يېزىلماقتا. ئەگەر نەۋائىي ئۇ قەدەر ئالىيجاناب ئۆرنەك ئىنسان بولمىسا، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ئۇ قەدەر قىممەتلىك ئەينەك ئەسەرلەر بولمىسا ئىدى، ئىلىم ئەھلى ئۇنىڭغا بۇ قەدەر ئىخلاس قىلمىغان بولاتتى.

ئالىي مەكتەپلەردە «نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەلمىساقتىن بۇيانقى تۇنجى ئىش ئەمەس. ئۇ پەقەت كونا مەدرىسەلىرىمىزدىكى «نەۋائىي» ئاتلىق

دەرسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، خالاس. دېمەكچىمەنكى، بىز بۇ بۆگۈنكى «نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنى ئۆتۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنۇم قازىنىش جەھەتلەردە كونا مەدرىسلىرىمىزدىكى «نەۋائىي » دەرسىنى بېسىپ چۈشەلمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ «تەرەققىي قىلىپ كەتكەن» ۋە «راۋاجلىنىپ كەتكەن» لىكىمىزدىن لاپ ئۇرمىساق بولىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، مەن: «نۆۋەتتىكى (نەۋائىي تەتقىقاتى) دەرسىمىزدە ئالدى بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ (مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين)، (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرىنى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى (مەئارىفۇل لۇغەتەين ـ قوش تىللىق مائارىپ) ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق دېيمەن» دېۋىدىم، دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىردەك چاۋاك چېلىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. قارىغاندا، ياقتى. ئەمىسچۇ؟! مۇئەييەن بىر تەتقىقات شۇ تەتقىقاتچى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، سېلىشتۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ ــ دە! شۇنىڭ بىلەن «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين» گىچە دېگەن بۇ ماۋزۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسەر 15 ــ ئەسىرنىڭ 90 ــ يىللىرىدا، ئەرەب ـ پارس تىللىرى ئىسلام مەدەنىيىتى مۇنبەرلىرى ۋە ئېچىقلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ــ تۈرك تىلىنىڭ سوستاۋىغا خۇددى سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان چاغدا، ئۆز دەۋرىنىڭ شىرى ئاتالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىي تەرىپىدىن يېزىپ ئېلان قىلىنغان.

«قوش تىللىق مائارىپ» (مەئارىفۇل لۇغەتەين) بولسا، 20 ــ ئەسىرنىڭ 70 ــ يىللىرىدا، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە خەنزۇ تىلى بىلەن يانمۇ يان ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا بىلىم ئادەملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنچە، ئۇ تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدىكى ياش ۋە ھاياتى كۈچكە ئىگە يەن — «قوش تىلچىلىق» ( 双语学 ) پېنى بولۇپ شەكىللەنگەن.

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسەرنىڭ مەقسىتى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنىڭ شۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول

قىلىۋاتقان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق، بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ئالەمگە جاكارلاش ئىدى.

«قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ غايىسى بولسا مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇد تىل - يېزىقىنى، شۇ جۈملىدىن ئاز دېگەندىمۇ 1500 يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئۆزساھەسىدە، جۇڭگو تۇپرىقىدا دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىۋاتقان خەنزۇ تىلى بىلەن تەڭ - باراۋەر قوللىنىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلىش ۋە ئىمكانىيەت مەيدانىنى ئەبەدىي قوغداشتىن ئىبارەتكى، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئاداققىي جەھەتتە يوقىتىپ تاشلاش ئەمەس. ھەرگىز! بىز بۇ چۈشەنچىمىزگە ۋە يەكۈن ھۆكمىمىزگە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ـ باراۋەردۇر. دۆلەت ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋەتلىرىنى قوغدايدۇ... ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» (قاراڭ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 4 ـ ماددا خەنزۇچە 10 ـ بەت، خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نى، (37 - ماددا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ۋە ئوتتۇرا كەسپ - تېخنىكا مائارىپىنى كۆپ خىل شەكىل بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ، شارائىتى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ ... ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەر (سىنىپلار) ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ شارائىتى يار بېرىدىغانلىرى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك» (قاراڭ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، ئۇيغۇرچە 35 ـ، 36 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى شۇنداقلا «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ

نىزامنامىسى» قاتارلىق سىياسىي ۋە ئەمەلىي ھۆججەت، دەلىللەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىمىز.

بىراق، نۆۋەتتە مېنى تىترىقاتقان سوئاللار شۇ: بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بەس ـ بەس بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقانلارنىڭ دەلىل ـ ئاساسى نېمىدۇ؟ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى دەسلەپ ئالىي مەكتەپلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت قەيەرگە كېلىدۇ؟ ئاندىنچۇ؟ ئى، ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەۋلادلىرى! مىڭ يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ ھەممە ساھەسىدە قوللىنىلىپ كەلگەن تىلنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئەمدى سەن قانداقمۇ تەرەققىي قىلغان، راۋاجلانغان مىللەت بولىسەنكى!؟

«نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنى ئېچىپ بەرگەن تەشكىلگە مىڭ رەھمەت دەيمەن. كىم بىلىدۇ، بۇ دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدا، 15 ـ ئەسىردىكى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»نى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ بەش ئەسىردىن بۇيان نامايىش قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىبە مېۋىسىنى كۆنمىزدىكى «مەئارىغۇل لۇغەتەيىن» (قوش تىللىق مائارىپ)نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئەمەلىي ئىجراسى ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى بىلەن دەۋر روھىغا ئۇيغۇن ۋە ئىنسان ۋىجدانىغا مۇناسىپ ھالدا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق، بەلكىم يۇقىرىدىكى سوئال تۈگۈنلىرىمىز يېشىلىپ قالار، ئىنشائاللاھ!

مېنىڭچە، ئەلشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىپ، خەلقىمىزگە پايدىلىق بىر ئۇنۇمگە ئېرىشىلمىسە، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ماختاپ، نەزمە توقۇش بىلەنلا نەتىجىلەنگەن تەتقىقاتنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، مەن بۇ ئەسىرىمگە «ئەلشىر نەۋائىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويدۇم.

## 1 ـ تىلىمىز، دىلىمىز ۋە بىلىمىز

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»

ناملىق ئەسىرىدە: «سۆز ئۈنچىدۇر، ئۈنىڭ دىڭىزى كۆڭۈلدۇر، گۆھەر دىڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ » دېگەن (قاراڭ: شۇ ناملىق ئەسەر، قولىيازما، 3 ـ بەت). ئەگەر بىز بۇ يەردىكى «سۆز» كەلىمىسىنى ئومۇمىيەتلىك كەڭ مەنىدە «تىل» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشەنسەك، بۇ ھالدا مەزكۇر بايان بىزگە بىر تىلنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇ تىلنىڭ ئۆزىنىڭ ساھە ـ مەيدانىدا ئاشۇنداق بىر تىل بولۇپ ۋە قەد كۆرۈپ تۇرالىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى دەسمىنى تولىمۇ روشەن ۋە ئوبرازلىق نامايان قىلىپ بەرگەن بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ھەرقانداق بىر تىل ئۆزىنىڭ ئىستېمال مەيدانىدا بەجايىكى بىر گۆھەردۇر. تىل ساھىبى، سۆز ئىگىسى ئۆز تىلىنىڭ بۇ قەدەر يۈكسەك قىممىتىنى بىلىشى كېرەك. بۇ ـ بىر تىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، ئەڭ باشلانغۇچ بىلىمدۇر.

شۇنداق، بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى. بىزنىڭ ئانىمىز دۇنيادىكى پۈتكۈل ئانىلارغا ئوخشاشلا ئەزىز، سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك بولغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىمۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق مۆھتەرەم تىللارغا ئوخشاشلا مۆھتەرەم، ئېتىبارلىق ۋە بىباھادۇر.

بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى ئەلشىر ناۋائىينىڭ «چاھاردىۋان» ى، «خەمسە»سى مۇشۇ بىزنىڭ بىباھا تىلىمىز بىلەن يېزىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتغۇبىلىك»ىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بېتىگە بىزنىڭ مۇشۇ ئۈنچە كەبى تىلىمىز بىلەن تىزىلغان.

بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى بىزنىڭ تارىخىي كەچمىشىمىز، بىزنىڭ ھايات قارىشىمىز ۋە بىزنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىمىز، پەقەت بىز ئۆزىمىزلا تولۇق چۈشىنەلەيدىغان سېھىرلىك مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان جاھانغا داڭدار ئون ئىككى مۇقامىمىزنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئۇشبۇ گۆھەر مىسالى تىلىمىز بىلەن بايان قىلىنغانكى، بۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتتە دەل ئاشۇ بىزنىڭ تەڭداشسىز تىلىمىزنىڭ قىممىتىدۇر؛ بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ باھاسى دەل بىزنىڭ ئاشۇ دۇردانە تىلىمىزنىڭ باھاسىدۇر.

ئەمەلىي ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان 53 يىل ۋە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 47 يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق يېزىقى بار مىللەتلەرنىڭ تىللىرى قاتارىدا ھېچبىر سۇنۇپ قالغىنى يوق . ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى يېرىم ئەسىردىن

بۇيان كومپارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق بىر زەرەر يەتكۈزگىنى يوق. ئەمەلىي پاكىت شۇكى، ئۇيغۇرنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارلاق قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىل – يېزىقى باش بەلگە بولغان رەڭدار ۋە مول ئۇيغۇر مەدەنىيىتى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشىيەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر تۆھپىكار مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ قوشۇلدى . ھەتتا ئىقتىسادى ئۈنۈم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۇيغۇر تىل – يېزىقى ھېچبىر پېتىدىن چۈشكىنى يوق. ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان گېزىت – ژورناللار، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغا يېيىلىپ، ئۇنى ئىشلىگۈچى نەشرىياتچى ۋە كىتابچىلارغا ئىقتىسادىي پايدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىش ۋە ئاش بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ بىلەن نىدالاندۇرۇلغان بارلىق سىملىق ۋە سىمسىز رادىئو – تېلېۋىزىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرى ئۆزلىرىنىڭ «مۇنبەت تۇپراق» لىرى، «ئالتۇن كۆزنەك»لىرى ۋە «كۆڭۈلدىكى سۆزلىرى» بىلەن جىلۋىلىنىپ، كومپارتىيىنىڭ ئەدلى – ئادالىتىنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىمكان كاپالىتىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىدار –قابىلىيىتىنى ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇق ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. مانا بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك ئۇتۇقكى، ئەگەر ئۇيغۇر تىل – يېزىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساس – بۇ ئۇل بولمىسا، بۇ ئۇتۇقنىڭ ئىستىقبالى تۇتۇق، ھەتتا كېلەچىكى پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ، خالاس. بۇ نۇقتىنى، بۇ ئاددى زاكۇننى جەزمەن پىكىر بىرلىكى بىلەن تونۇپ يېتەيلى، ئى ئۇيغۇرلار !

بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي: «سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر » دېيدۇ. بۇ ئىككى جۈملە ئەمەلىيەتتە، تىل بىلەن دىلنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە بولغان ئەڭ قىسقا، ئەمما ئەڭ دانا شەرھتۇر.

دېمەكچىمەنكى، تىل بەجايىكى گۆھەردۇر، ئەمما بۇ گۆھەرنى گۆھەر قىلىدىغان، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان نەرسە كۆڭۈلدۇر، دىلدۇر. ئەگەر دېڭىزنىڭ بىپايان قوينى ۋە ئۇنىڭ خاس مۇھىتى ۋە شارائىتى بولمىسا، ئۇنىڭدا ئۈنچە – گۆھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئاخىرىدا ئاشۇنداق قىممەتدار، ئالىي دەرىجىلىك گۆھەر بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر تىل ساھەبىنىڭ كۆڭلىدە، دىلىدا ئۆز تىلىغا نىسبەتەن يېتەرلىك ئورۇن، يېتەرلىك مۇھەببەت ۋە سۆيۈك بولمىسا ئۇ تىلنىڭ ئۆز ساھەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى مۇمكىن

ئەمەس. شۇنداق، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئەمەلدىن قالماي، ئۆز سورۇنىدا ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كۆچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسە بىزنىڭ دىلىمىزدۇر، ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىي تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك، سۆيگەندىمۇ ھەممىمىز ــ رەئىسمۇ، دېھقانمۇ، نازىرمۇ، چولپانمۇ، مەكتەپدارمۇ، پۇلدارمۇ ... بىر نىيەتتە، دىل بىرلىكى بىلەن سۆيسەك، بىزنىڭ تىلىمىز تاكى قىيامەتكىچە بار بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە سۆيمىسەك، قەدىرلىمىسەك، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىستىقبالى بارغانسىرى تار بولىدۇ، ھەتتا ئاخىرىدا يوقىلىپ، پۈتۈنلەي تار- مار بولىدۇكى، ھېچبىر ئۇيغۇر بۇ ئاقىۋەتنى خالىمايمىز، ئەلۋەتتە!

ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئۈرنەك. ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئەينەك. بۈۋىمىز ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن ناۋائىينىڭ زامانىنىڭ زورى بىلەن ئەرەپ ــ پارىس تىلى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاشۇ 15 ــ ئەسىردە، ئۆزىمۇ 40 يېشىغىچە پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە دىۋان يېزىپ، نەشىر قىلدۇرغان تۇرۇقلۇق، ئاخىرىدا زامانىنىڭ تەتۈرلۈك قىلىشلىرىغا، زامانداشلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر ــ تۈرك تىلىدا ئاشۇنداق ئالەمشۇمۇل مول ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئانا تىل مۇھەببىتىنىڭ شانلىق مەھسۇلىدۇر. ھالبۇكى، 21 ــ ئەسىردە كەڭ ئىمكانلار ئىچىدە ياشاۋاتقان بىز نەۋائىي ئەۋلادلىرى، ئالدى بىلەن ئىش بېشىدىكى ۋەلىيلەر، مەكتەپدارلار ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ــ مائارىپ كادىرلىرى باش بولغان بارلىق زىيالىي ئۇيغۇرلار ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولساق، ئەمدى ئۇنى ئەلىشىر نەۋائىيچە سۆيەيلى، ئۇنىڭغا ئەلىشىر ناۋائىيدەك كۆيەيلى. پەقەت بىزنىڭ دىل رىشتىمىز ئۆز تىل ــ يېزىقىمىزغا خۇددى ئەلىشىر ناۋائىينىڭكىدەك مۇستەھكەم باغلانسا، بۇ ھالدا بىزنىڭ تىلىمىزنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدىنمۇ، ئوتتۇرا مائارىپ سورۇنىدىنمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەرگىز ھاجەت چۈشمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز ۋە بۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى ئوچۇق بىلىپ يېتىمىز.

«گۆھەر دېگىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەر ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ » دەيدۇ بۇۋىمىز ئەلشىر نەۋائىي.

بىر مىللەتنىڭ تىلى قىممەت جەھەتتە بەجايىكى بىباھا گۆھەردۇر. شۇڭا، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە قىسمەت ئەھۋالىنى ھېچ قالدۇرماي خاتىرىلەپ كېلىۋاتقان تىلىنى چىن دىلىدىن سۆيۈشى كېرەك. بىراق، بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تىلنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇ مىللەتتە ئۆز تىلىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان كۈچلۈك مىللىي ئىرادە، مەھكەم باغلانغان بەل بولۇشى لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىتى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئوخشاشلا مىقدار ۋە ئوخشاشلا ئىقتىدار بىلەن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان گۆھەر تىلىمىزنى قوغدايمىز ۋە ئۇنى ئۆز ساھەسىدە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىمىز دېيدىكەنمىز، ئەمدى بۇ غايە ئۈچۈن بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ، قانۇنىي يوسۇندا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

بۇۋىمىز ئەلشىر نەۋائىي بىر ئۇيغۇر ئىنسانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇ قىممەتلىك تىلنى ۋە ئۇ سۆيۈملۈك يېزىقنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك ئۇيغۇر ئىرادىسىگە ساھىب بولۇش جەھەتتە ئۆرنەك زات ئىدى. شۇنداق، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنى دىلىدىن قىزغىن سۆيدى. ئاندىن خۇددى غەۋۋاس دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈپ چىققاندەك پىداكار ۋە نەق ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنى شۇ چاغدىكى دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئەبەدىلئەبەد قوغدىلىشىنى بولسا، سىز ـ بىزگە ئامانەت قىلدى.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىگە يات نائەھلىلىكتۇر. ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلار بۇۋىمىز ئەلشىر نەۋائىينى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز تىلىمىزنىڭ قىممىتىنى تونۇساق، ئۇنى پىكىر بىرلىكى بىلەن چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك، ئۇنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېلىمىزنى مەھكەم باغلىساق، بۇ ھالدا مۇنۇ ھەقىقەت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىلى، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئۆزىنىڭ يېرى بار مۇكەممەل بىر مىللەت. شۇڭا ئۇ دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى تەلەپتىكىدەك ئۆگىنىپ، ئىگىلەش (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ «زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت» دېگەن بابىدا دادىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلىمىز) ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ـ ئۇيغۇرنىڭ جېنى! جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدە ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك ۋە چوقۇم قوغدىيالايدۇ! چۈنكى، جۇڭگودا كومپارتىيىنىڭ ئادالىتى بار. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن كاپالىتى بار.

## 2 . زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

— قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ تەقدىرى

مۇئەييەن مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالەم زۆرۈرىيەت ئالمىدۇركى، دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئىي ۋە ئىشلار زۆرۈرىيەت ئالقىنىدا گۈللەپ ياشنايدۇ، مەغلۇپ بولغانلار بولسا، ئاخىرىدا يەنىلا زۆرۈرىيەت ئايىغى ئاستىدا يەنچىلىپ تۈگەيدۇ.

نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن تارتىپ، 15 ـ ئەسىر نەۋائىي زامانىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈركىي تىللار سوستاۋىغا ئەرەب، پارس تىللىرى ئاملىلىرىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلەپ كىرىپ ئۆزلىشىپ كېتىشى، ھەتتا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە تۈركىي تىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكۈدەك دەھشەتلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى پۈتۈنلەي زۆرۈرىيەتتىن، ئوچۇق ئېيتىپ ئېيتقاندا، زامانىنىڭ زورىدىن بولغان. دەرۋەقە، تارىخنىڭ ھېچبىر بېتىدە، شۇ چاغلاردا بىرەر پادىشاھ ياكى باشقا بىرەر ھۆكۈمران تەرىپىدىن: «بۇگۈندىن ئېتىبارەن تۈركىي تىل ئەمەلدىن قالدى. ئەمدى، تۈركىيلەر ھەممىڭلار ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەڭلار ۋە يېزىڭلار، دەپ پەرمان قىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئەمما، ئالەمنى ۋە ئادەمنى يېپيېڭى قاراش بىلەن چۈشەندۈرۈدىغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي مىللەتلەر دۇنياسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ھەيۋەت بىلەن پەتھى قىلىشى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەب مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەرەب تىلى بىلەن

نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ـ تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك يېقىشى ۋە نېمىلا دېگەنبىلەن تۈركىي مىللەتلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارس ئالىملىرىنىڭ، شائىرلىرىنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلىپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ـ تۈرك ئەدىپلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى... قاتارلىق نەق ئامىللار بىر زۆرۈرىيەت كەلكۈننى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەسىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى راستتۇر. ئەرەب ئىسلام مائارىپىدىن ئۈرنەك ئېلىپ ۋە تەقلىد قىلىپ ئېچىلغان مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە ئون بەش، ئون ئالتە يىللاپ دۇم يېتىپ دۇم قوپۇپ ئوقۇغان تۈركىي تىللىق ياشلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دەرسى «قۇرئان كەرىم»، تەفسىر ۋە ھەدىس شەرىف بولغانلىقى، بۇ مۇتلەق زۆرۈر دەرسلەرنىڭ تىلى ئەرەبچە بولۇشى ۋە بولغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىل بىلەن ستىلىستىك ئۆزگىچىلىك جەھەتتە ئوپئوخشاش ۋە باراۋەر بوپكېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە، ئەرەب تىلىدا بارلىققا كەلگەن پەلسەپە تەلىماتلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىل ئەڭ ئالدى بىلەن پەقەت ئەرەب تىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئەمەلىيەت، شۇنداقلا ئۇيغۇر ـ تۈرك ئالىملىرىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلامىيەتكە بولغان مۇھەببەت ئۇلارنى ئاڭلىق ـ ئاڭسىز ھالدا ئەدەبىي تىلدا ئەرەبلىشىش، يېزىش ئەمەلىيىتىدە بولسا پارسلىشىش يولىغا يېتەكلەپ كەتكەن.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بۇۋىمىز ئەلشىر ناۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» نى يېزىشى ۋە رەت قىلغۇسىز پاكىتلار ئاساسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا «ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلى سەنئەت ۋە سانائەت تىلىدۇر» (تۈرىي ھۆنەرست) دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن بولغان.

ئەلشىر نەۋائىي تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئەرەپ تىلى ھەقىقەتەنمۇ پاساھەتلىك تىل؛ ئوخشاشلا، پارس تىلى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك تىل. ۋەھالەنكى، مېنىڭ ئانا تىلىمچۇ؟ ئاللاھ مېنىمۇ ئەرەپ، پارس مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ساھىب بولغان ئايرىم بىر مىللەت قىلىپ ياراتقان ۋە ئۆزۈمگە خاس بولغان مىللىي تىل ئاتا قىلغان تۇرسا، مېنىڭ تىلىم زادى نېمىشقا ئەمەلدىن قالىدىكەن؟

ئەلشىر نەۋائىي زۆرۈرىيەت تۈيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆز ئانا تىلىغا بولغان تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن جان پىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىش جەريانىنى

بۆيـۈك دەرىجىـدە مۇجەسسـەم قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ياشـلىقىمنىڭ دەسـلەپكى مەزگىللىرىدە ئاغزىم جەۋھەردانىدىن بەزى گـۆھەرلەر كۆرۈلۈشكە باشـلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۆھەرلەر تېخى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈلمىگەن، پەقەتلا كۆڭلۈم دېڭىزىدىن نەزم يىپىغا يـۈزلەنگەن ئـۇ گـۆھەرلەر تەبىئىيـتىم غەۋۋاسـىنىڭ ئىجتىهـاتى بىـلەن ئېغىـز ساھىلىغا چىقىشقا باشـلىغانىدى. دەل شـۇ چاغـدا، مەنمۇ يۇقىرىـدا ئېيتىلغان ئەنئەنە بـويىچە پـارس تىلـى بىـلەن يېزىشـقا يۈزلەنگەنىـدىم. بىـراق، ئەقىـل يېشـىغا قەدەم قويغىنىمـدىن كېيىـن، ھەق سـۇبھانەھۇ ۋەتائـالا تەبىئىيـتىمگە بەخشـەندە قىلغـان غارايىبچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسـى بىـلەن تـۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئالەم نامايەن بولـدى. مەن ئۇ يەردە، توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كـۆردۈم. دۇرلىـرى يۇلتۇزلاردىنمـۇ جۇلالىـق بىـر يۈكسـەكلىك خەزىنىسـىنى ئـۇچراتتىم. ئۇنىـڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشـىنىگە يولۇقتـۇم: ئۇنىـڭ ھەرىمـى ئەتراپىغا ئادەم ئـايىغى تەگمـىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىـڭ قـولى تەگمىگەنىـدى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈللىرىنىڭ تىكەنلىرى سـان ــ ساناقسىـز ئىـدى. مەن «سـەنئەت ئەھلىنىـڭ دانـالىرى مۇشـۇ يىلانلارنىـڭ ئۆتكـۈر نەشـتىرىدىن قورقـۇپ، بـۇ خەزىنىـدىن بەھـرىمەن بولالمـاي ئۆتۈپتـۇ. نەزم قوشـۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى بولسا، مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ بەزمىگە لايىق گـۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقـۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىيتىم بۇ يەردىن شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى: مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم. تالانتىم لەشكەر بولۇپ بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى. خىيالىم قـۇش بولـۇپ بـۇ ئـالەم ئاسـمىنىدا ئېگىـز پەرۋاز قىلـدى. دىلىـم سـەرراپ بولـۇپ، بـۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسـىدىن ھېسابسىـز قىممەتلىـك يـاقۇت ۋە دۇرلارنـى ئـالدى. كۆڭلـۈم گـۈل تەرگـۈچى بولـۇپ، بـۇ گۈلشـەن رەيھانزارىـدىن بىھېسـاب خـۇش پـۇراق گـۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايـدا ۋە غەنىمەتـلەرگە ئـىگە بولغىنىمـدىن كېيىـن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۈچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىـڭ باشـلىرىغا ئىختىيارسىـز چېچىلىشقا باشـلىدى». (قـاراڭ: «مۇھاكەمەتۇل لـۇغەتەين» 28 ـ، 29 ـ، بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ــ 1988 ــ يىل نەشرى.

دېمەك، زامانىنىـڭ زورى شـۇ قەدەر يامـان، ۋەزىيەتنىـڭ بېسىـمى شـۇقەدەر ئېغىـر بولسىمۇ، ئۇيغۇرغا خاس يۈكسەك ئىرادىگە، قورقۇشتىنمۇ، بىپەرۋالىق قىلىشتىنمۇ خالىي

ئالىجاناپ تەبىئەتكە ساھىب بولغان ئەلنىشىر نەۋائىي ھايات ـ مامات گىردابىغا كىلىپ قالغان ئانا تىلىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بىجانىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلگەن ۋە بىلگىنىنى دەرھال ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتكەن.

بىزنىڭ زامانىمىزدا «قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلىشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە بەش قولدەك ئايان. يەنى 1949 - يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو زىمىنىدە ياشاۋاتقان 56 مىللەت خەلقى مىسلىسىز بىرلىككە كەلگەن بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. بۇ دۆلەت، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت تىلى ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلى ئىدى. خەنزۇ مىللىتىنىڭ تىلى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو دۆلىتىنىڭ دۆلەت تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇدىن باشقا 55 مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن مەركەزدە ۋە ھۆكۈمەت زۆرۈر دەپ قارىغان جايلاردا مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئېچىلىپ، ئۇ يەرلەردە خەنزۇ بولمىغان ياشلارغا ۋە كادىرلارغا خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىدىغان سىياسەتلەر دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى. يەنە مۇشۇ زۆررىيەتتىن جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدە «قوش تىللىق مائارىپ» يەنى «جۇڭگودىكى تىل ـ يېزىقى بار مىللەتلەرگە ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىتىش مائارىپى» مەيدانغا كەلدى. دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلار قۇرۇلدى ۋە مەزكۇر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ساھىب بولغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈلۈپ، ئېلان قىلىندى. مەيلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا بولسۇن، مەيلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا بولسۇن، ئوخشاشلا تارىختىن بۇيان تىل ـ يېزىقى بار مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىلھامبەخش، ئىلھامبەخشلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتبەخش، ھۆررىيەتبەخش بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى قەغەز يۈزىدىن ئوقۇساق ھەقىقەتەنمۇ ئىلھام ئېلىپ، سۆيۈنۈپ، ھۆكۈمەتنى كۈيلەپ كېتىمىز؛ ھەقىقەتەنمۇ كومپارتىيىنىڭ دانالىقىدىن سۆزلەپ كېتىمىز. (بۇ قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ئەسىرىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا ئەقلەن كۆرسىتىلگەچ، بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق)

مىڭنىڭچە ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شانلىق غەلبىلىرى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى شۇ تاپتا، خەنزۇ تىلى

ئۆگىنىشنى زۆرۈرىيەتتىن مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتلىق بىر ئىش، ئۆتكۈنچى بىر تەدبىر ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بۇگۈنكى ھاياتى ۋە كەلگۈسى ياشامى ئۈچۈن جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيەت دەپ قارىماقتا. چۈنكى، ئەللىك نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت خەنزۇ تىلىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدە، يالغۇز سىياسىي تىل ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكا تىلى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئومۇمىي مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھەر بىر ئۇيغۇر ئىنسانى جۇڭگودىكى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقى بار بوپكەلگەن باشقا قېرىنداش مىللەت ئىنسانلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى سىنىپ پۇقرا بوپقالماسلىق ئۈچۈن، يەنى مەيلى سىياسىي تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى پەن ـ تېخنىكا ھاياتىدا بولسۇن ۋە مەيلى ئومۇمىي مەدەنىيەت ياشامىدا بولسۇن، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش ۋە باراۋەر بولغان ياشاش ئىمكانىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلەشنىڭ بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇيغۇر زىيالىلىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە «خەنزۇ تىلى بىلمەيدىكەن» دېگەن باناىي سەۋەب ۋە ئەمەلىي سەۋەب بىلەن قارا مەدىكارلىققىمۇ قوبۇل قىلىنمايۋاتقان يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقان ئىشلەمچىلىرىمۇ بۇ زاماندا خەنزۇ تىلى ئۆگەنمىسە زادىلا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇ ھالدا ئۇيغۇر خەلقى نۆۋەتتىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشى، دەرس سائەتلىرىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن، ھەتتا يەسلى مائارىپىدىن باشلاشقىمۇ رازى، دەپ قارايمەن، بىراق، زامان كەلتۈرگەن زۆرۈرىيەت، تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۆتكۈزگەن مەجبۇرىيەت شۇ قەدەر كەسكىن ۋە شۇ قەدەر رەھىمسىز بولسىمۇ، ھېچبىر ئۇيغۇر ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىل ۋە يېزىقىدىن بىر كۈن بولسىمۇ ۋاز كېچىشكە ھەرگىز رازە بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ تەتقىقاتلىق چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر مىللىتى ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز مىللەت ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇيغۇرنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز يىللىق تىل ـ يېزىق تارىخى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭغا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ نۇسرىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەرەب ـ پارس تىلى مەپتۇنلۇقى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسىر قىلىۋالغان 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنى نابۇتلۇقتىن ساقلاپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ سەپ بېشىدا تۇرغان بايراقدارى ئۇلۇغ ئەلشىر نەۋائىي شاھىدلىق بېرىدۇ.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ، يەكدىللىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەر كەلىمە سۆزىدىن ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ئىپتىخار بىلەن ھېس قىلىمىز . ئەمەلىيەتتىمۇ، ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە ئاتمىش ئۈچ پارچە كىتاپ يازغا (قاراڭ: مۆئجىزىي: «تەۋارىخي مۇسىقىييۇن » 56 ـ بەت بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىللىق نەشرى، نەشرگە تەييارلىغانلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر)، سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە، كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپانىڭ سۆز ئۇستىلىرى بولۇپ داڭق چىقارغان مىگىل دى سېرۋانتىس (1616 ـ 1547)، ۋىليام شېكسىپىر (1616 ـ 1564) ۋە ئالىكساندىر سېرگېيېۋىچ پوشكىن (1837 ـ 1799 ـ يىللار) قاتارلىقلارنىمۇ ئۇزاق ئارقىدا قالدۇرۇپ، پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە جەمئىي بىر مىليون ئۈچ يۈز يەتمىش سەككىز مىڭ ئاتمىش يەتتە سۆز ئىشلەتكەن (قاراڭ : «بۈيۈك ئەلشىر نەۋائىي »، 113 ـ بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2001ـ يىل نەشرى، تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت)، ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ـ 1499 ـ يىلى، ئۇيغۇر ـ تۈرك تىلىنىڭ نوسرىتى ھەققىدە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ئاتلىق كىتابنى ئالاھىدە يېزىپ ئىبلان قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىكى مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي ئالەمدىن ئۆتكەن ئەشۇ مىلادى 1501ـ يىلىدىن تاكى 2001 ـ يىلىغىچە بولغان ساق بەش يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ھېچبىرسى نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈش، ئۆز تىلىنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سۆيۈش روھىغا خىيانەت قىلغىنى يوق. ئىشەنمىسەڭىز قاراپ بېقىڭ: ئاياز شىكەستەنىڭ «جاھاننامە» سىدىن، مۆئجىزىينىڭ «تەۋارىخي مۇسىقىييۇن» ىغىچە، مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخي ھەمىدىي» سىدىن تارتىپ مۇھەممەد ئىمىن توختايىفنىڭ «قانلىق يەر» ىغىچە، ئابدۇرەھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن » ىدىن، ئەھمەد زىيائىينىڭ «يۇسۇپ ـ مەھمۇد داستانى» غىچە، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تۇگىمەس ناخشا»سىدىن، روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ىغىچە، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» سىدىن، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت» ىغىچە ... بولغان مىڭلىغان تارىخي ئەدەبىي ۋە دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى

بىرەر نۇقسان ياكى ئاجىزلىقى كۆرۈلمەيدۇ. ھەتتا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر زامان كەلگەندە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالماسلىقىدىن، ياكى زامانىۋىلىشىشقا توسقۇن بوپقالىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر كەلىمە بىشارەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

ۋاھالەنكى، تارىخ بۇ مىلادى 2002 ـ يىلىغا كىرگەندە، كۈن سىلە ـ بىزنىڭ مۇشۇ پارلاق كۈنىمىزگە كەلگەندە، «بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان تەبئىي پەن دەرسىنىڭ ھەممىسىنى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ يۈزدە يەتمىش بەش پىرسەنتىنى خەنزۇچە سۆزلەپ ئۆتۈش»، شۇ ئارقىلىق ئالىي مائارىپتا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلۇشىنى زادى نېمەدەپ چۈشىنىمىز ۋە نېمەدەپ چۈشەندۈرىمىز؟ ئەجەبا، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ تەبىئىيكى يۈزلىنىشى ۋە ئاداققى مەقسىتى مۇشۇمىدى؟ ئەمدى، بۇ پىلاننى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سەمىگە تۈزۈك سالماي، كەلگ تىل ئەھلىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقماي، يەنى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان ھالدا، ئىمام ئەخپەشنىڭ ئۆچكىسىگە ئوخشاشلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ بۇ قىلغىنى زۆرۈرىيەتمۇ، مەجبۇرىيەتمۇ ياكى مەسئۇلىيەتمۇ ؟!

مەن بۇ سوئاللارنى ئالدى بىلەن، ئالدىمدىكى مېنىڭ دەرسىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن، يەنى 21 ـ ئەسىرنىڭ رەسمىي ئىگىلىرىدىن سورىدىم.

ئۇلار: «مۇئەللىم، بۇ سوئاللار ئۇنچىۋالا ئاسان، ئوڭاي سوئاللار بولمىدى. شۇڭا، بىز بىرئاز سىياسەت ئۆگىنىپ، ماتېرىيال كۆرۈپ، ئاندىن جاۋاپ بەرسەك» دېيىشتى.

ئاندىن، ئۇ سوئاللارنى ئۆزۈمدىن سورىدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئاداققى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشتە سەل ئويلىنىۋالغۇم، سەل ـ پەل تۇرۇۋالغۇم كەلدى. ئەمىسچۇ؟ ئەگەر «ھەئە، جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرىنىڭ ئاداققى مەقسىتى (قوش تىللىق مائارىپ)نى (يەك تىللىق مائارىپ)قا ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى » دەي دېسەم، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەردۇر. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن ھۆررىيەتبەخش راست گەپنى نېمە

دەپ چۈشەندۈرمەن؟ بۇ دانا بەلگىلىمىلەرنى «شۇنداقلا، ئانچىكىملا دەپ قويغان، ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلەر!» دېگىلى بولمايدۇ-دە!

بۇ يەردە، ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىمىزغا ھە دېگەندىلا قاتتىق گەپ قىلغۇم يوق. كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇر. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ھوقۇقدارلارنىڭ ئەمەل – مەنسەپ قولىدىكى چاغدا كۆرسەتمىدىغان جاسارەتلىك ئەلپازى بىلەن، ئەمەل – مەنسىپىدىن چۈشكەندىن كېيىنكى مىسكىن ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن تەنقىد قىلساقمۇ تازا توغرا بولماس.

شۇڭا، مەنچە يەنە ئۆگەنسەم، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلسام. شۇ جۈملىدىن ھەمپىكىر بۇرادەرلىرىمدىنلا ئەمەس، بەلكىم «مەن ئۇيغۇر زىيالىيسىمەن» دەيدىغان پۈتكۈل قېرىنداشلىرىمدىن ئۆتۈنۈپ قالسام، ھەممىمىز، يەنى كونا – يېڭى رەئىسىمۇ، سابىق – سادىق نازىرىمۇ، ئادەتتىكى كادىرمۇ، تىلشۇناسىمۇ، ئەدىپمۇ، دېھقانمۇ، ئارمانمۇ، چولپانمۇ ... بارلىقىمىز ئىمانىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن بىر پىكىر قاتناشتۇرۇپ باقساق:

ادى ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدە تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» غا ئۇيغۇنمۇ؟ مۇنداق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا ئىلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق ئەزەلدىن تىل – يېزىقى بار مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ھالدا ھەم ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ ھەم جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش بۇرچىنى ئاقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا، يوقلىش تەرىپىگە قاراپ ئەمەس، بەلكىم گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش تەرىپىگە قاراپ، دادىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش تۈپ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنمۇ؟

بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، خۇسۇسەن زىيالىي كادىرلار پەقەت ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ تۆت – بەش يىللىق، جىق بولسا ئون يىللىق سەلتەنەت ئورۇندۇقىمىزنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىزنى دەپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي جۇڭخۇا ئىلىدىكى قېرىنداشلىق تەقدىرىنىڭ غېمىنى يەپ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى دەپ، يەنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن ئىش كۆرىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىنى كاۋاپمۇ كۆيمىگەن، زىخمۇ كۆيمىگەن ھالدا، ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز.

ئەڭ نازۇك يېرى شۇكى، «ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقى ئالىي مائارىپ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە ــ ئورگانلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ » دېيىدىغان قىزىل سەللىلىك ھۆججەت بولمىغانىكەن، بۇ مەسىلە شۇ تاپتا، سىلە ـ بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ، سەككىز مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىز مۆھتەرەم ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ «ئىختىيار»ىمىز ۋە «ئارزۇيىمىز» دىكى ئىش بولۇپ كۆرۈنمەكتە. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە بۈگۈن ھەل قىلىنماي «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالىي مائارىپتىكى ئورنىنى قوغدىيالماسلىق» بولۇپ گەۋدىلىنىۋاتقان بۇ ئېچىق قويۇۋېتىلسە، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زەنجىرسىمان ئىنكاس پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنى موخو قىلىدۇ: ئالدى بىلەن، ئالىي مەكتەپتە چىقىش يولى قالمىغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تېزلا چۆكىدۇ. ئارقىدىنلا باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنى نەس باسىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ: مائارىپ ئاساسىي قالمىغان نەشرىياتچىلىق سوغا چىلىشىدۇ، ئۇيغۇرچە رادىئو- تېلېۋىزىيە تۈگىشىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مەزكۇر ساھەدە بىمالال ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر تىلسىزلىقنىڭ دەردىدىن، مۇقامىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىدە ئېغىر خۇرسىنىپ، ئىشسىزلىق ۋە ئاشسىزلىق چۆلىدە تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇكى، ئاللا ھېچبىر ئۇيغۇرغا بۇ ھالەتنى كۆرسەتمىسۇن!

خۇلاسە كالام، قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرى بىلەن ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىنىڭ تەقدىرىنى بىر ــ بىرىگە تەتۈر تاناسىپ قىلىپ قويماسلىقنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن، ئۇيغۇر تىل ــ يېزىقىنىڭ يېقى جۇڭگو قۇرۇلغان ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىي ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قوغداشتىن ئىبارەت، بۇ ئىشتا، ئەگەر بىز راستتىنلا ئەلشىر نەۋائىينىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلشىمىز كېرەككى، ئۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز بىزگە تاپشۇرغان ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىغىمىز لازىم.

ئەمىسە، تېخى تۈنۈگۈنلا بېيجىڭغا بېرىپ چوڭ مەجلىس ئېچىپ، «نەۋائىي بىزنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز، بىز ئۇيغۇرلار نەۋائىي ئەۋلادلىرى بىز! دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلىغان، يېقىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى كىتاب قىلىپ جاھانغا ئېلان قىلغان تۈرۈۋقلۇق، بۈگۈن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپلا، ئەلشىر نەۋائىينىڭ تىل ــ يېزىقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقارساق، بۇ بۈيۈك بوۋىمىز نەۋائىينىڭ ئۇلۇغ روھىغا ۋە سۇنماس ئىرادىسىگە قىلىنغان كەسكىن خىيانەت بولماسمۇ؟ بۇ ــ ئاقكۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنىنى ۋە بىگۇناھ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ

كەلگۈسىنى قارىلاپ قىلىنغان نەق جىنايەت بولماسمۇ؟

### 3 ـ يەك تىللىق ئەمەس قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق بولۇش بىزگە ئۇدۇم

ھازىرقى دۇنيادا، مۇئەييەن ئەقدە ئاساسىدا مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز زىيالىيلىرىدىن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئاممىۋى خىزمەتتە يەكدىللىق بولۇشنى، يەنى ئورتاق غايە، ئورتاق ئىستەك ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئەمگەكتە، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىر دىل، بىر نىيەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل يەكدىللىق ئومۇم ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن نۇسرەت قازاندۇرىدۇ. ئورتاق كۈرەشنى غەلىبىگە باشلايدۇ. ئەمما، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئالەمدە ھېچبىر مىللەت ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ پەقەت مىللىتىنىڭلا ئانا تىلىنى بىلىدىغان، ئۆزى بىلەن بىللە ياكى خوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بولسا مۇتلەق بىلمەيدىغان يەك تىللىق بوپقېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل يەك تىللىق ھەرقانداق بىر ئىنساننى ياكى ئىنسان توپىنى ھامان يېتىملىك ۋە نادانلىق بۇلۇڭىغا تاشلايدۇ. شۇڭا ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە پىششىق بىلىدىغان بولغىنىدىن باشقا، ئۆزى بىلەن قېرىنداش ياكى ئاداش بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بولۇشىنى ئالقىشلايدۇ. بۇنىڭدىن چىقتىكى، قوش تىللىق مائارىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈل رايى ۋە قەلب مايىللىقى جەھەتتە ئاجايىپ كەڭ ۋە مۇستەھكەم بولغان ئاممىۋى ئاساسقا ئىگىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر رەھبەرلىرىمىزنىڭ غەمخورلۇق بىلەن تولغان كۆڭلىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەسىنى يېتەك دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، خەنزۇ تىلىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى تۇغۇلغان بولسا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا پىلان قۇرماي، توغرىدىن توغرا خەنزۇچە سەۋىيىنى راسا ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى كۈنتەرتىپكە قويسا بولىدۇكى، ئەگەر ئۇ تەدبىرلەر پەقەت «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن دانا بەلگىلىمىگە مۇخالىپ بوپقالمىسىلا، خەلق ئۇنى كەمكۈتىسىز ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە قارىتا ھېچقانداق بىر

غەيرى پىكرى يوق. ھەممە ئادەم شۇ تاپتا، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇگۈنكى جۇڭگو تۇپرىقىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسى، ئىجتىمائىي ۋە پەن - تېخنىكىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقانداق يېرىدە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق تۈرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنىڭ پەيزىنى بىمالال سۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى! تۈرلۈك كەچۈرمىشلەر ۋە رېئال دەرسلەر ئارقىلىق، خەنزۇچە بىلمەيدىغان جۇڭگو پۇقراسى ئارىسىدا، ئەمەلىيەتتە نەقەدەر پەرق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرىپ كەتتى. ھېكايەت: بالىلىقىمدىن، ئابدۇرەھىم ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆيىمىز تام خوشنا بولۇپ، ئانىلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاش ـ تاماق سۇنۇشۇپ، ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشەتتۇق. ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى، مېنىڭ دادام بولسا يېزىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئىدى. قىسمەت، مەن چوڭ بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇپ، بېيجىڭدە مۇئەللىم بولدۇم، ھېلىقى ئاغىنەممۇ چوڭ بولۇپ، دادىسىدا ئوقۇپ، كېيىن دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەھەللىمىز مەسجىدىنىڭ ئىمامى بولدى. بالىلىقتىن كەلگەن دوستلۇقىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىدى. بارساق، كەلسەك، ئىزدىشىپ، ھال ـ مۇڭلىشىپ تۇردۇق. قىياپەت جەھەتتە، ئۇنىڭ بېشىدا سەللە، مېنىڭ بېشىمدا دوپپا، يا بولمىسا يالاڭباشتاق بولساممۇ، كۆڭۈللەر بىر ـ بىرىمىزگە ئوچۇق ۋە سەممىي ئىدى. ئۇ ئىمام بولغان ئاغىنەمنىڭ مەن مۇئەللىم بولغان بۇرادىرىدىن بىرلا ئاغرىنىشى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ خىزمەت بىلەن بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغانلىقىم ئىدى، «قايتىپ كېلىڭلار، ئاداش، ئەمدى، يۇرتىمىزغا دەرھال يېنىپ كېلىڭلار» دەيتتى ئۇ ھەرقېتىم خوشلىشىش ئالدىدا جىددىي قىلىپ: «ئۇ يەردە ھەتتا ئۇيغۇرچە مەكتەپمۇ يوق ئىكەن، بالىلىرىڭلار ئۇيغۇرچە ئوقۇمىسا، خەنزۇلىشىپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق بولسا بولارمۇ؟!» مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىر نېمىلەرنى دەپ جاۋاپ بېرەتتىم. ئەمما ئوشۇقچە زاكونلاشمايتتىم. يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بىر قانچە يىل بۇرۇن ئۇ ئاغىنەم ھەج قىلىپ «ھاجىم» بوپكەپتۇ. بۇلتۇر تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا بارغاندىم، ئۇ ھاجىم ئاغىنەم بىلەن ئوخشاشلا قىزغىن كۆرۈشتۇق، چوڭقۇر ئەھۋاللاشتۇق، سوقا ـ سۆھبەت ئارىسىدا ئۇ: «مەن بۇ يىل ئىككى نەۋرەمنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە، مەخسۇس ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان خەنزۇچە سىنىپقا ئەۋەتتىم» دېۋىدى، قىزىقىپ سورىدىم: «سىلە بۇرۇن بالا ـ پەرزەنتلەرنى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە بېرىپ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى

بۇرچىنى ئادا قىلدۇرۇپلا مەكتەپتىن چىقىرىۋىلىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىككە شاگىرت قىلىپ بېرىدىغان كىشى ئىدىڭلا، بۇ سەپەر مۇنداق ئۆزگىرىش قىلىشىڭلارغا نېمە سەۋەپ بولدىكىن؟» ھاجىم ئاغىنەم مېنىڭ بۇ سوئالىمغا مۇنداق ھېكايە بىلەن جاۋاپ بەردى: «ئۈچ يىل مۇقەددەم ئالالاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەج سەپىرىمىزنى ئادا قىلىپ كەلدۇق. ئالالاھ قوبۇل قىلغاي. قايتىش سەپىرىمىز تۈركىيە ئىستانبول، روسىيە موسكۋا ئارقىلىق بوپقالدى. ئىستانبول ئايرۇدۇرۇمىدىن ئۈچقاندا تاتارىستانلىق كامال ئىسىملىك بىر ھاجىم بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قالدىم، ئۇ كامال ھاجىمنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ھەج قىلىپ قايتىپ كېلىشى ئىكەن. تونۇشۇپ ھال ـ مۇڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشىنىڭ دىنىي ئەقىدە بابىدىكى ئەتراپلىق ھەممە جانلىق قاراشلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، ئەسلىدە كامال ھاجىم موسكۋادا چۈشۈپ تۈغقان يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، تاتارىستانغا قايتماقچى ئىكەن، بىراق، مېنىڭ موسكۋادا يىگىرمە تۆت سائەت توختايدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، مەن موسكۋادىن ئايرىلغۇچە ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، مەن بىلەن بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. بىز تۈننى كۈندۈزگە ئۇلاپ مۇڭداشتۇق. بۇ جەرياندا كامال ھاجىمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىلەن، شۇنداقلا مېھمانساراي خىزمەتچىلىرى بىلەن رۇس تىلىدا راۋان سۆزلىشىشى مېنى بەكمۇ ھەيران قىلدى. ئەجەپلىنىپ: «ھاجىم، مەن سىلىنىڭ ئۇ تائىپىلەر بىلەن بەش ـ ئون مىنۇتلاپ رۇسچە گەپلىشىپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىم. ئۆزلىرى بۇ ئورۇس زۇۋاننى قەيەردە ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىدىم. «مۇشۇ روسىيىدە!» ـ ئايغى ئاستىدىكى زېمىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى كامال ھاجىم: «بىز روسىيە گراژدانىمىز. ھالبۇكى، رۇسچە بىلىشىمىز بىر ئۈچۈن بۇرچتۇر، سىلە جۇڭگولۇق ھاجىم خەنزۇچە بىلمەمدىلا، ئەجىبا؟!»مەن سەل توختىۋىلىپ، راست گەپنى قىلدىم: «مەن خەنزۇچىنى مۇتلەق بىلمەيمەن، بىز ھەتتا ئۇ يات دىندىكىلەرنىڭ زۇۋاننى ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدۇ دەپ قارايمىز»، گېپىمنىڭ ئايغى چۈشە ـ چۈشمەيلە، كامال ھاجىم بىز تونۇشقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاچچىق بىلەن تووْلاپ كەتتى: «جاھالەت! ئىسلامغا ئاھانەت كەلتۈرگەن جاھالەت! ھەممىگە مەلۇم، ئەزىز پەيغەمبىرىمىز جانابىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىدا، ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىي مۇشرىكلىرىدىن ئەرەبلەرگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بولغانلارنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىۋەتكەن ۋە مۇبارەك ئېغىزىدىن رەھمەت شىرىنلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ: «ئوتلۇبۇل ئىلىم ۋەلەۋبىسسىين» (ئىلىم ئاشۇ يىراق جوڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار) دېگەن، ھالبۇكى جوڭگودا بۈگۈن ئىلىم بارمۇ ـ يوق؟ بار، جوڭگودىكى ئىلىمنى خەنزۇچە بىلمىسىلىرى قانداق

ئۆگىنىدىلا ۋە ئىلىم ئۆگەنمىسىلىرى قانداقمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىلا؟! شۇنى بىلىسەك كېرەككى، ئىي ھاجىم، بۇگۈنكى كۈندە خەنزۇ ۋە رۇس مىللىتى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن سىلە ــ بىزگە ھاكىملىق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر سىز ــ بىز ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى بىلمىسەك، ئۇلار بىزنى ئەدناسى ئىنسان قاتارىدىمۇ كۆرمەيدۇ جۇمۇ!»
بولغان گەپ شۇ. بۇ گەپلەر سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق، ھېچ بىلەلمىدىم. ئەمما كامال ھاجىمنىڭ ئىلىمسىزلىك مۇسۇلمانلىق ئەمەس، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل ــ زۇۋان ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرت، دېگەن تۈپ نۇقتىئىنەزىرى شۇندىن بۇيان مېنىڭ كۆڭلۈم ئالەمىدە بىر ئۆزۈل ــ كېسىل ئىنقىلاب پەيدا قىلدى.
يەنە ھېكايەت: 1997 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ «ئىسلام دىنى ئاساسلىرى» (ئۇسۇلۇددىن) ئىلمى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم. بۇ جەرياندا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆز ئىمكانى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نەۋرەم دېمەتلىك ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەردىن ئاتمىش ـ يەتمىشچىسى بىلەن تونۇشتۇم. سىرداشتىم، پەردىشەپلىك دوست بولۇپ، دىلكەشلەشتىم. ئارىلىقتا، تەلەپكە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى بويىچە بىلىم ئاشۇرىدىغان بىر كۇرس ئاچتۇق ۋە ئىسمىنى «نىل دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر ئەنجۈمەنى» دەپ ئاتىدۇق. ئوقۇغۇچىلار قىزغىن ئۆگەندى. مەنمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەتتىم. شۇ ئارىدا سەككىز ــ ئون بالا بەزى كۈنلەردىكى دەرسكە تولۇق ھالدىلا كەلمەيدىغان بوپقالدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلاردىن بىرسى مۇنداق ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: «مۇئەللىم، بىز ۋەتەندىكى چاغدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىكەنمىز. مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە ئەرەب دوستلىرىمىز بولدى. ئۇلار ھەدېگەندىلا: «جۇڭگو دېگەن ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئۇلۇغ دۆلەت، سىلەر جۇڭگو پۇقراسى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە خەنزۇچە بىلىسلەر، شۇڭا بىزگە خەنزۇچە گەپ قىلىپ بەرسەڭلار، خەنزۇچە خەت ئۆگىتىپ قويساڭلار» دەيدۇ. بىز: «خەنزۇچە بىلمەيمىز، بىز مۇسۇلمان بولغاندىكىن، خەنزۇچە ئۆگەنمەي ئەرەبچە ئۆگىنىمىز دەپ بۇ يەرگە كەلدۇق» دېسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش قاراش، ئوخشاش پىكىر بىلەن قايناپ: «سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىكىن قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەرەب تىلى ئۆگىنەيلى دېگىنىڭلار خاتا ئەمەس، ئەمما جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق، جۇڭگونىڭ دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ بىلمىگىنىڭلار پەقەت قاملاشمايتۇ. بۇ ھالدا سىلەرنى قانداقمۇ بىلىم ئادىمى دېگىلى بولىدۇ؟!» دەپ كايىپ كېتىدۇ. ئەرەبلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى خەنزۇچە بىلىدىغانلارنى داڭلاپ،

سۆيۈپ كېتىدۇ. بىزدەك خەنزۇچە بىلمەيدىغانلارنى بولسا، كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە مىسىر شىركەتلىرى خەنزۇچە بىلىدىغان تەرجىمان ياللايتتۇق دەپ، ئىزدەپ يۈرىدۇ. شۇڭا، بىز ئىش ـ ئەمگەك تېپىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا خەنزۇچە بىلىدىغان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان بولۇپ، ھەقلىق ھالدىكى ئىناۋىتىمىزنى تىكلەش ئۈچۈنمۇ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. شاڭخەيدىن كەلگەن بىر پروفېسسور خەنزۇچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقانىكەن، شۇنىڭغا بېرىۋاتىمىز. شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ شۇ كۈندىكى دەرسىڭىزگە كېلەلمەي قالدۇق، ئەپۇ قىلغايسىز!»

مانا بۇ جاھان كېزىپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلەردىن كېيىنكى ئەمەلىي تەسىراتلىرى، بۇلارغا يەنە ئوبزور يېزىپ، گەپ يورغىلىتىش كەتمەس، دەپ ئويلايمەن.

دېمەك، قەيت قىلىپ ئېيتساق شۇ تاپتا ئاۋام خەلقمۇ، ئىلىم ئەھلىمۇ ھەممە ئادەم خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ زامانىنىڭ تەقەززاسى، دۆلىتىمىزدىكى باشقا جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما بۇ دېگەنلىك «ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن بەزدى»، «ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يارىماس تىل بوپقالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى» دېگەنلىك ئەمەس، ھەرگىز! مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ تۇرقتا، ھېچبىر ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى دەسسىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باققىنى يوق.

چۈنكى ئۇيغۇرلاردا تىل مەسىلىسىدە، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ تەرەپكە قىڭغىيىدىغان، جاھاندا قايسى تىل ئاقسا شۇنىڭغا يېتىشۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىدىغان ئادەت يوق. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرقانداق شارائىتتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۆز ئانا تىلىنى خۇددى ئانىسىدەك ئەزىزلەيدىغان، باشقا تىل ھەرقانچە مۆتىۋەر بوپكەتسىمۇ، ئۇنى پەقەت ئاشۇ باشقا تىل سالاھىيىتى بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇدىغان، ئۆزى بولسا، قوش تىللىق ئىنسان بولۇپ، مەرىپەت بىلەن ياشايدىغان پەزىلەت بار.

شۇنداق، تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، قايسىبىر دەۋردە، ھازىرقىغا ئوخشاش «قوش تىللىق بولۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە قوش تىللىق بولۇشنىڭ ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا ئەلمىساقتىن بۇيان، خۇسۇسەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم

ھالىتىگە كەلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، مىلادى 11 ـ ئەسىردە، بۇ ئالەمدە تېخى «قوش تىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» دېيىدىغان ئۇقۇمۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئاشۇ چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مەھمۇد كاشغەريي ئون يىل ئۆمۈر سەرپ قىلىپ داۋان ئېشىپ، دەريا كېچىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ سۆز ـ كەلىمە توپلىغان، كېچىلىك بەزمىدىن ۋە كۈندۈزلۈك سەيلى ـ ساياھەتتىن كەسكىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تۈر ـ تۈرگە ئايرىپ رەتلىگەن، تىل ئىلمى بويىچە ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇر ـ تۈركچە كەلىمىلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرۈدىغان دۇنيا بويىچە تۇنجى قوش تىللىق قامۇس — «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ جاھانغا ئىلان قىلغان. دېمەك، مەھمۇد كاشغەريي جاھان قوش تىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ھەقلىق بىرى؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ نادىر شاھ ئەسىرى، شۇندىن بۇيانەت، يەنى مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئاشۇ مەھمۇد كاشغەريي زامانىدىن تارتىپ قوش تىللىق ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مودىغا ۋە نورمال ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭلاشقا، يۇرتىمىزدىكى زامانىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى بولغان «قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «كۇچا ساقساق مەدرىسەسى» قاتارلىقلاردا دەرسگۇيلۇق قىلغان (دەرس ئۆتكەن) مۇدەررىسلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىل ئۇيغۇرچىدىن باشقا، ئەرەپ تىلى ۋە پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان كۆپ تىللىق زىيالىيلاردىن بولغان. مەزكۇر ئالىي مائارىپ يۇرتلىرىدىكى مۇدەررىساخۇنۇملار (ئۆز دەۋرىنىڭ پروفېسسورلىرى) تەفسىر، ھەدىس قاتارلىق دەرسلەرنى ئەرەب تىلىدا سۆزلىسە، «خوجاپىز» (خوجا ھاپىز ئەسەرلىرى) نى پارسچە، «نەۋائىي» نى بولسا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كەلگەن.

ئۇزاق قەدىمدىكى كوماراجىۋا دەۋرىگە كەتمىسەكمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مائارىپىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ چاغلاردا گەرچە «قوش تىللىق مائارىپ» دېيىدىغان تېرمىن مەۋجۇد بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم ـ ئېرپان ھاياتىدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇئەييەت سالمىقىنى ئىگىلەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز، ئەمدى، بۇ خىل ئەمەلىيەتنىكى قوش تىللىق مائارىپنى دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە «ئۇيغۇر ـ ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى» ۋە «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز،

10 ـ ئەسىردە، ئۇيغۇر قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق ئابدۇلكەرىمخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغاندىن تارتىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە يەنى جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇبدان ئون ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (يەنى 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرلەرگىچە) ئۇيغۇر مائارىپى تەدرىجى ھالدا ئىسلام مائارىپىنىڭ ئىزىغا سېلىنغان. ئالىي مائارىپتا تەفسىر، ھەدىس، رىيازىيات(ماتېماتىكا)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تەقۋىم (كالىندارچىلىق) قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەر ئەرەبچە ئۆتۈلگەچكە ئۇيغۇرچىدىن باشقا ئەرەبچىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىققان. بۇ مەزگىلدە ئەرەبچىدە تازا كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مۇھەممەد ئەبۇ نەسىر فارابىدەك ئالىملار ھەممە ئەسەرلىرىنى بىۋاستە ئەرەبچە يېزىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن تالانتىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى يەنىلا ئانا تىلى ئۇيغۇرچە بىلەن يازغان، بۇنىڭغا بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئاتلىق شاھ ئەسىرى، شائىر ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسىدا) ناملىق يىرىك ئەسىرى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە (يەنى 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا) بولسا، ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە، خۇسۇسەن ئىسلامىي تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر قەدەر ئالدىدا مېڭىۋاتقانلىقى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىن چىققان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي، خوجا ھافىز شىرازىي، شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدىي ۋە ئاباۋاھمان جامىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايىل قىلارلىق يىرىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىيات دۇنياسىدا مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇز تىكلەپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ سانلىق تۈركىي تىللىق ئەدىپلەردە يېزىقچىلىقتا پارس تىلىنى قوللىنىش ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، بەزى تۈركىي تىللىق شائىرلار خىلى بۇرۇنلا، مەسىلەن، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجەۋىي 12 ـ ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تۈركىي شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي 13 ـ ئەسىردە، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى باشلاپ بەرگەچكە، كېيىنچە مەيدانغا چىققان شائىرلار، خۇسۇسەن دورامچى ياش ئەدىپلەر ئىچىدە پارسگۇيلۇق (يەنى پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش) چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئەدەپ كېتىپ، ئۆز

ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى «شېئىر يازغىلى بولمايدىغان قوپال تىل» دەپ ئاھانەت قىلىشقا قەدەر يەتكەن، بىراق گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇ خىل ھەقسىزلىق ئاخىرقى ھېساپتا ئۇيغۇر تىلىنى نابۇت قىلالمىغان. خۇددى ئەسىرىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ھالغا بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي باش بولۇپ، قەتئىي خاتىمە بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق پارسپەرەسنىڭ تىلىنى لال قىلىدىغان نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق يىگىرمە يىل ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان.

ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى، يەنى 17 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىققا كەلسەك، بۇ مەزگىلدە بۈيۈك ئەجداد ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىزىنى باسقان كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بارغان، ئۆز ئەسەرلىرىنى بولسا، ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان، بۇنىڭغا خىرقەتىي، ئاياز شىكەستە، زەلىلىي، نەۋبەتىي، ئابدۇرەھىم نىزارىي، غەرىبىي، گۇمنام، سەبۇرىي، موللا بىلال، تەجەللىي، مۆجىزىي ۋە مۇسا سايرامىي قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىي، تارىخىي ۋە دىنىي ئەسەرلىرى، شۇنداقلا قەدىرخان ياركەندىي ۋە ئامانىساخان نەفىسىي قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن رەتلەنگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى مىسال بولالايدۇ.

ئەمدى، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلانغان ۋە بۈگۈن بىز ياشاۋاتقان شۇبۇ مائارىپ دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېپيېڭى دەۋردە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدىن باشقا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ئىلىمنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى تەقەززا قىلغان ئېھتىياج بويىچە ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى، رۇس تىلى ۋە گېرمان تىلى قاتارلىقلار بويىچىمۇ مائارىپ كۆرۈۋاتىدۇ، دەرۋەقە، بۇ ساھەدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى سۈرئەت قەدىمى تەلەپ قىلىۋاتقان دەرىجىگە يەتكۈزۈش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ يېتىشسىزلىكلەر مەۋجۇد، بۇ يېتىشسىزلىكلەرنى جىددىي تۈزىتىش قىلىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە تۈگىتىشىمىز كېرەك (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ«تەتقىقات ۋە تەرەققىيات» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى توختىلىمىز)، بىراق، بۇ يەردە بىز مۇھاكىمىگە قويۇۋاتقان مەسىلىنىڭ جان يېرى شۇكى، تەدبىر

قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ دۆلەت تەلەپ قىلغان ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بىر مەسىلە، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى دەسلەپ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش بولسا، ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەسىلە، بىز بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەرگىزمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

يەنە دېسەك، يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئوچۇق ھالدا چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇكى بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قوش تىل بويىچە مائارىپ كۆرۈشى يالغۇز بۈگۈنلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈن ئادەت بويىچە تۈكەن بىر ئىش. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ، ئەينى ۋاقىتتا قوش تىللىق مائارىپ تەلەپ قىلغان بۇرچنى ئادا قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىشان قىلغان پەللىگىمۇ چوقۇم يېتەلەيدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنىلا بۈيۈك ئەجدادىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئەڭ مېغىزلىق بايان ئارقىلىق قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشەندۈرگەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتلۇق ئەسىرى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە)دە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا قوش تىللىق بولۇشقا لايىق قىلىپ يارىتىلغان، تىل ئۆگىنىشكە ماھىر بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا پارسلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە دەلىل - ئىسپات بۇنىڭدىنمۇ قايىل قىلارلىق بولمايدۇكى، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلاردا ياشلارنىڭ، قېرىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، كىچىكلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا ئارىلىشىدۇ، گەپلىشىدۇ، يەنە كېلىپ پارسلاردا بىلىم ۋە زېھىن ئەھلى كۆپرەك، ئۇيغۇرلاردا بولسا بىلىمسىز ۋە ساددە كىشىلەر پارسلارغا قارىغاندا كۆپرەك، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە، بېگىدىن پۇقراسىغىچە دېگۈدەك پارس تىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەممىسى ئۆز ھالىغا يارىشا سۆزلىيەلەيدۇ. ھەتتا ئۇيغۇر شائىرلىرى پارس تىلىدا گۈزەل شېئىر ۋە شېرىن ماقالىلەرنىمۇ يازالايدۇ ...» (شۇ ناملىق ئەسەر، 7 ـ، 8 ـ بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى)

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھولۇقۇپ، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا يۈگۈرۈپ كەتكۈدەك ئىش يوق. ئىشىنىش كېرەككى، ئون ئەسىردىن بۇيان نامىزنى ئەرەبچە، دۇئاسىنى ئۇيغۇرچە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز، بۈگۈنكى يېڭى مەۋر تەقەززا قىلغان

ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ يۈزدە يۈز چىقالايدۇ. شۇڭلاشقا، ۋەلىيلىرىمىز مائارىپ پىلانى تۈزگەن چاغدا، ھەم ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە مائارىپ كۆرسە، خەلقنىڭ يۈكى ئېغىر بوپكېتەرمىكىن دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن بولسىمۇ، جانجان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھەم بىھۇدە ھەمدە خەلقنىڭ نەپرىتىگە، تارىخنىڭ لەنىتىگە قالىدىغان نائەھلى ئىشنى قىلىپ تاشلىماسلىقلىرى كېرەك دەپ قارايمىز.

## 4 . تەتقىقات ۋە تەرەققىيات

## قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئىستىقبالى

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە) ئاتلىق مۇبارەك ئەسىرىدە، 15 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق زىيالىيلارنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە پارس تىلىنى قوللىنىشقا قىزىقىپ كېتىشى ۋە «تۈركىي تىل پارس تىلىغا يەتمەيدۇ» دېگەن بىمەنە قاراشنىڭ جەمئىيەتتە خېلى كەڭ كۆلەمدە بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇنىڭ تىل تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن، يەنى تەتقىقات ئارقىلىق تۈركىي تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق تىلدىن قالغۇچىلىكى يوق، كامىل ئىقتىدارغا ساھىب بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەرمىگەنلىكتىن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ قەدەر مول نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر بىرەر كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ، ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكتىن تاكى مۇشۇ كۈنگىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالغان. بىلمىسىز ھەم بىلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئاسانلىقنى قوغلىشىپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن. ۋەھالەنكى، ئەگەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ۋە ئىشىنىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆككەن بولسا ئىدى، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتنى تاپقان ۋە بۇ تىلدىكى ھەرقانداق پىكرىنى ئىپادىلەش، خوش سۆزلۈك، شائىرلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىرىنى بىمالال جەۋلان قىلدۇرۇش تېخىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى»، «ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇقلىقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى شۇقەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى تەرىقىسىدە نامايان قىلىنمىغان، ئەكسىچە، مەخپىيەتخانىغا

تاشلىنىپ قىلىپ ئۇنتۇلۇشقا ئاز قالغان» (قاراڭ: شۇنامىلىق ئەسەر، 26 ـ، 28 ـ بەتلەر، ئەسلى مەتىن 77 ـ، 78 ـ، 79 ـ بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى) دېمەك، ئەلشىر ناۋائىينىڭ قارشىچە، بىر تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ئورنىنى ئەبەدىيەتلىك قوغداپ قىلىشتا، ئۇنىڭغا تالىق تەتقىقاتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىش ياكى بارماسلىق، ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەمدى، 21 ـ ئەسىردىكى ئۆز ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، بۈگۈنكى قوش تىللىق مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۇ يېڭى دەۋرىمىزدە، ھېچ ئويلىمىغان بىر ئەھۋال «ئالىي مەكتەپ، ئىنستىتۇت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا پەۋقۇلئاددا كەسىپلەردىن باشقا كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە قەدەممۇ قەدەم خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش كېرەك» (قاراڭ: «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى» 19 ـ بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى) دېگەن پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بۇ پىكىرنىڭ «قەدەممۇ ـ قەدەم» دېگەن ۋاقىت جەدۋىلى قىسمىمۇ ئېلىپ تاشلىنىپ، ئوپۇل ـ تۇپۇللا ئىجراغا پەرمان قىلىنىشى بىزدە: «مەزكۇر پىكىر ۋە ئىجرالارمۇ تەتقىقات ئاساسى تازا مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا ئوتتۇرىغا ۋە ئىجراغا قويۇلۇپ قالدىمۇ ـ قانداق؟ دېگەن سەممىي ئوينى پەيدا قىلدى. ئەسىرىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىك مۇلاھىزىمىزنى ئىلىم ۋە ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىسىگە مۇنداق قويىمىز:

### 1 ـ قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك ئەھۋالى

شۇنى بىلىش كېرەككى، قوش تىللىق مائارىپ بۈگۈنكى كۈندە، يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا بېشىغا كېلىۋاتقان تويي ئەمەس، بەلكى ئۇ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدا ياشاۋاتقان، خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ساندا ئاز بولغان 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئورتاق چۈشكەن بىر مەركىزدۇر. ھالبۇكى بۇ ئومۇمىيەتلىك تەلىم ـ تەربىيە ھادىسىسىنىڭ پۈتكۈل مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ ئۆتۈشىمىز ھەققەتەن زۆرۈر. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە 1979 ـ يىلى مايدا، «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ قوش تىللىق مائارىپى يىلدىن يىلغا ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە،

ئۇ ئومۇمىي جۇڭگو مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بوپقالىدى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تەتقىقاتى جۇڭگو زېمىنىدە تىلشۇناسلىق ئىلمىغا تەۋە يېڭى بىر تارماق ئىلىم «قوش تىللىق ئىلمى» نى بارلىققا كەلتۈردى. مەزكۇر قوش تىللىق ئىلمى شۇ تۇرقتا، باشتا قابىل پېشقەدەم ئالىملىرى، ئاياغدا ماھىر ياش ئىز باسار مۇتەخەسسىسلىرى بولغان زور ھاياتى كۈچكە ئىگە بىر ئىلىم سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئىلىم سورۇنلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك روللارنى ئوينىماقتا. مەزكۇر قوش تىل ئىلمى ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ كېلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپىڭ پۈتكۈل مەملىكەتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئەڭ قىسقا جۈملىلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بويىچە تەتقىقات

بۇ ساھەدە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلىرى بولغان يەن شۆجۈن ئەپەندىم ۋە ماشۈلياڭ ئەپەندى قاتارلىقلارنى جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ سەردارلىرى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە يېزىپ چىققان بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىقات يۈكسەكلىكىدە يورۇتۇپ بەرگەن. ئالايلۇق، يەن شۆجۈن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ «جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدا، مەملىكىتىمىزدىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ تۈس ئالغان قوش تىللىق، ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسىنى سىستېمىلىق ھالدا تەھلىل قىلىپ، جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسلۇبىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ كۆرسەتكەن، ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە، يەنە مەملىكەتىمىز مىقياسىدا قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى تىپتىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش، قوش تىللىق مائارىپ قانۇنىنى يولغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تونجى بولۇپ

يورۇتۇپ بەرگەن. ماشۇلياڭ ئەپەندى بولسا ئۆزىنىڭ «قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسىگە بولغان تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» («خەنزۇچە ئۆگىنىش» ژورنىلى 1981 ـ يىل 1 ـ سان)، «قوش تىللىق بولۇش ۋە قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش» («مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» ژورنىلى 1986 ـ يىل 2 ـ سان)، «قوش تىل تەتقىقاتىدىكى قوش سۆزلەر مەسىلىسى» («مىللەتلەر مائارىپى» ژورنىلى 1988 ـ يىللىق 6 ـ سان)، «قوش تىل ھادىسىسى ۋە قوش تىل تەتقىقاتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە» (بېيجىڭ تىل ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى) قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا «مىللەتلەر يېزىقى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ھەققىدە»، «قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى ئىرىشىپ ياخشى قىلايلى» قاتارلىق مۇھىم نۇتۇقلىرىدا (بۇ نۇتۇقلار مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «ماشۇلياڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئەسەرلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن) قوش تىللىق بولۇشنىڭ تەدبىرى، مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق بولۇش ئىجتىمائىي ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىق بولۇش ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىق سىياسىتى، قوش تىللىق بولۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە چۈشەنچىلىرىنى شەرھلەپ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان. ئۇندىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پروفېسسور گەي شىڭجۇ ئەپەندى يازغان «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئاساسىي بىلىملىرى» قاتارلىق قوش تىللىق مائارىپقا ئائىت بىر قاتار ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ كۈندىن كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلماقتا (قاراڭ: «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات»، 2 ـ توم 10-، 11 ـ بەتلەر، مەركىزي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى).

ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسى ھەققىدىكى تەتقىقات

جۇڭگودا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۆۋەتتىكى ماقسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاداققى غايىسى زادى نېمە؟ بۇ مەسىلە جۇڭگودىكى پۈتكۈل ئازسانلىق مىللەتلەر، خۇسۇسەن تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقى بار بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئەڭ كۆڭۈل

بۆلۈدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ نازۇك بىر مەسىلە بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بۇ ھەقتىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات سەمەرىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالايلۇق: «جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى تارىخى» ۋە «مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات » ناملىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ئارقىلىق ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان مىللەتلەر مائارىپى نەزەرىيىچىسى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتچىسى، پروفېسسور، دوكتور ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: «مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى بولسا ئاز سانلىق مىللەرلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا بىرىپ تاقىلىدىغان كۆز ئالدىدىكى نەق مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان تۈزۈمدۇر»، «قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئۇسلۇبلىرى شەكىل، جەريان ۋە دەرس سائەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلىق بولسىمۇ، ئاداققى غايە بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئىككىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئوخشاش دەرىجىدە پىششىق بىلىدىغان قوش تىللىق خادىملارنى تەربىيلەپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» (ۋاڭ يۈەنشىن: «جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، 322 ـ، 323 ـ بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ــ يىل نەشرى.

ئۈچىنچى، ئاز سانلى مىللەتلەرنىڭ تىل ــ يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر قانۇن ۋە سىياسەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقات

مەملىكىتىمىز ئالىملىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر چىقارغان قانۇن ۋە سىياسەتلىرى، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ــ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە قارىتا قوللانغان تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقىمۇ ئالاھىدە

ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە قوش تىللىق مائارىپ» ۋە «مىللەتلەر، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ» قاتارلىق ۋەزنىلىك خاس ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان پروفېسسور، دوكتور تېك شىڭ ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا، مائارىپ مىنىستىرلىكى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مەركىزىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان «20 ـ ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ ـ نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت» ناملىق يىرىك خاس ئەسەردە «ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپىغا دائىر سىياسىي نەزەرىيىلەر ۋە سىياسەتلەر» دەپ مەخسۇس بىر باپ ئېچىلغان. مەزكۇر باپتا، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپقا دائىر ئاساسىي نەزەرىيىلەر نىسبەتەن تەپسىلىي بايان بىلەن چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىغا دائىر چىقىرىلغان قانۇن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ، بىرمۇ بىر شەرھلەنگەن. شۇ باپنىڭ جۇڭگو مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكتىن، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغان قىسمىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «1991 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلاپ تارقىتىلغان دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ (ئازسانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا دوكلات) دا، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ رېئال ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، 1990 ـ يىللار جۇڭگو مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكتىنى، ۋەزىپىسى ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق: مەملىكىتىمىز مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

1. يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاكتىنى بولسا، ماركسىزمنىڭ تىل ـ يېزىق باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئالغا بېسىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئىش كۆرۈش،

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئايرىم ــ ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش، ئاكتىپ، ئېھتىياتچان ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن مىللەتلەر تىل يېزىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل ــ يېزىق سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ مىللەتلەر تىل ــ يېزىق خىزمىتىنىڭ قانۇن ــ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ماركسىزملىق مىللەتلەر تىل ــ يېزىق نەزەرىيىسى ۋە سىياستىنى تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر تىل ــ يېزىقى بويىچە قائىدىلەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، مىللەتلەر تىل ــ يېزىقى بويىچە تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، مائارىپ ئېلىپ بېرىش، خەۋەرلىشىش، رادىئو ئاڭلىتىش، تېلېۋىزور ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر تىل ــ يېزىقى بويىچە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز ئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش قىلالايدىغان خادىملارنى تەربىيلەشنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل ــ يېزىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3. مىللەتلەر تىل ــ يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكچىن ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان تەدبىرلەر بولسا، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئايرىم ــ ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ــ يېزىقلىرىنىڭ قوللىنىلىش ۋە يولغا قويۇلۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئىشلەش، قەدىمدىن بۇگۈنگىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلگەن مىللەتلەر يېزىقلىرىغا نىسبەتەن ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، مىللىي تىل ــ يېزىقنىڭ شۇ مىللەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈۋاتقان رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ھەقىقىي رەۋىشتە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا مىللىي يېزىقنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى كونسايىن مۇكەممەللەشتۈرۈش...» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (قاراڭ: تىيك شىڭ: «20 ـ ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ ــ نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت»، 351 ـ، 352 ـ بەتلەر. بېيجىڭ مەللەتلەر نەشرىياتى 2002 ــ يىل نەشرى)

دىمەك، يۇقىرىدىكى نەقىللەردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قوش تىللىق مائارىپ مەملىكىتىمىز مىقياسىدا، مەيلى نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەقسەت، نىشانى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى سىياسەت جەھەتتىكى قانۇنى كاپالىتى جەھەتتىن بولسۇن ئومومىيۈزلۈك مۇكەممەل تەتقىقات ئاساسىغا ئىگە. ئەمدى بۇ تەتقىقاتلار ئەمەلىيەتتە، قوش تىللىق مائارىپنىڭ دۆلىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئومومىيۈزلۈك ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىنى زۆرۈر ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مول ئەھمىيەتلىك مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇ نەقىللەرنىڭ ھېچ بىرسىدە مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقلىرىنىڭ چەكلىنىش ۋە مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە بوغۇپ قويۇشقا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىما ـ ئىشارەت قىلىدىغان بىرەر جۈملىمۇ ئۇچرىمايدۇكى، بۇ ھال بىزنى مەزكۇر تەتقىقاتلارنىڭ روھىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ كۆرۈشىمىزگە ئۈندەيدۇ.

## 2 ـ قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات ئەھۋالى

بۇ يەردىكى نۇقتىلىق تەتقىقات دېگىنىمىز، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىر مىللەتكىلا قارىتىپ ياكى ئايرىم بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭلا ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ قىلىنغان تەتقىقاتنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ خىل تەتقىقات ھەرقانداق بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىدىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنىشىمۇ ياكى باشقا مىللەتتىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتىنىڭ بۇ تۈرىمۇ خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلماقتا. بىز بۇ يەردە، مەخسۇس چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان «چاۋشيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىشىشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى» دېگەن كىتاب ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق بۇ تېمىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز. بۇ كىتابنى مانجۇ مىللىتىدىن بولغان دوكتور گۇەن شىنچيۇ خانىم يازغان. گۇەن خانىم ئۆزىنىڭ بۇ بەش بابلىق خاس ئەسىرىدە، چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، جۇڭگودىكى ئەللىك بەش ئازسانلىق مىللەت بولۇپ ياشاۋاتقان ھەرقايسى ئەل ئىنسانلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆرنەك بولغۇدەك تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى

يەكۈنلەپ چىققان. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە، چاۋشيەن مىللىتىدىكى قوش تىللىقلىشىش ئەھۋالىنىڭ پروتوكول جەريانىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى مىغىزلىق بايان قىلغاندىن باشقا، «چاۋشيەنچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئىچكى ئامىللارغا نەزەر»، «چاۋشيەنچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشىنى شەكىللەندۈرگەن تاشقى ئامىللارغا نەزەر» دېگەن مەخسۇس ئىككى باپنى ئېچىپ، ئازسانلىق ئورنىدىكى بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق پىكىر - ئالاقە قورالى بولغان باشقا بىر تىلنى ئوخشاشلا پىششىق دەرىجىدە ئىگىلەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن.

دوكتور گۈەن شىنچيۇ خانىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، چاۋشيەن مىللىتىنى مەملىكىتىمىزدىكى تىل ـ يېزىقى بار مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك قوش تىللىقلاشقان مىللەت قىلىپ چىقىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ئىچكى ئامىل مۇنداق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى، ئىككىنچى چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان ئەپ بىلەن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئېڭى، ئۈچىنچى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان قايىللىق، ئەمما كۈچلۈك ئازادلىقكە ساھىپ بولغان قوش تىللىقلىشىش ئىدىيىسى، ئۇمىدۋار، ئاكتىپ ۋە تىرىشچان تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، ئەمدى چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان تاشقى ئامىللار بولسا، بىرىنچى، چاۋشيەن تىل ـ يېزىقى بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇدىغان قانۇن ـ تۈزۈم تۇرغۇزۇش، ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاساسىي مائارىپنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيە بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، ئۈچىنچى، قوش تىللىق مائارىپ بىلەن ئالاقىدار بولغان سەرەمجانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، تۆتىنچى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش. (قاراڭ: شۇ ناملىق ئەسەر 51 ـ، 55 ـ، 74 ـ، 90 ـ، 115 ـ، 141 ـ، 155 ـ، 182 ـ بەتلەر).

بىز بۇ يەردە دوكتور گۇەن شىنچيۇ خانىم يازغان «چاۋشىيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىشىشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى» ناملىق كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك باپ ۋە مەزمۇن ھالقىلىرىنىڭ ماۋزۇلىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ قويدۇق. ئۇمىد شۇكى، ئۇيغۇر قوش تىللىق مائارىپى ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق بىلىم ئەھلىلىرى مەزكۇر كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ بىر ئوقۇپ چىقساق، كىتابتا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك جەريان ۋە ئەھۋاللارنى ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇد ھالىتىمىز ۋە تۇرقىمىزغا تەدبىق قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ باقساق، ئەگەر پەرق تاپساق، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىزنى بايقىساق ھېچ ئىككىلەنمەي، بىز بىلەن تەقدىرداش بولغان ئۇ ئىلغار ئاز سانلىق مىللەتتىن ئۆگەنسەك.

## 3 ـ ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتى ۋە بىزگە تالىق تەتقىقاتلار

قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە ئۆزىمىز ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار، شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرگە مەنسۇپ باشقا ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى توغرىسىدا خالىسانە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بابىدا ئۆز ئىمكانىمچە ئىزدەندىم. پروفېسسور، دوكتور ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» ناملىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ چىقتىم. تاپالىغىنىمچە، مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژورناللار ۋە كىتابلارنى تېپىپ، مۇتالىئە قىلدىم. بۇ يەردە، ئاشۇ ئوقۇپ كۆرگەنلىرىم ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارىغان ئۈچ ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆز مۇلاھىزەمنى قىسقىچە قويۇپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، شىنجاڭ كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن گاۋ خۇيچېڭ ئەپەندى يازغان «شىنجاڭدا قوش تىللىقلىشىشنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى ۋە رولى ھەققىدە يۈزەكى تەھلىل» ناملىق ئەسەر، تۆت باپ ۋە ئالتە پاراگرافتىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» ئاتلىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنىڭ ئۈچىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، ئولتۇراقلىشىشى ۋە تىل قوللىنىش ئەھۋاللىرى»، «شىنجاڭدا قوش تىللىقلىشىش ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى»، «قوش تىللىق مائارىپ ۋە قوش تىللىقلاشقان خادىملارنى تەربىيلەشنىڭ ئاساسلىق يولى» دېگەن ماۋزۇلار بويىچە مېغىزلىق بايان بېرىلىپ، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسى نىسبەتەن توغرا قاراش بىلەن لىللا مەيداندا تۇرۇپ شەرھلەنگەن. ئالاھىدە تىلغا

ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئەسەرنىڭ «دۆلەتنىڭ تىل ـ يېزىق سىياستى قوش تىللىقلىششنى داۋاملىق ساقلاپ قالدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ» دېگەن پاراگرافىدا، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىششنىڭ مەملىكەتنىڭ باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىقلىششقا ئوخشاشلا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت ـ مائارىپ قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئوخشاش قىممەتتە ئاقىدىغان دۆلەتلىك قانۇنلار، شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ بەلگىلىملىرى» قاتارلىق يەرلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس بەلگىلىملەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، يەنە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قوش تىللىق مائارىپ ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدىغانلىقى قانۇن ئاساسىي بىلەن ئىلمىي ھالدا شەرھلەپ كۆرسىتىلگەن.

مېنىڭچە گاۋ خۇيچېڭ ئەپەندىنىڭ قوش تىللىقلىشش ۋە قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسىگە نەسەبەتەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلمىي، سەممىي ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي، ھالبۇكى ئىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تونۇشتا بولسا، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشش، شۇنداقلا قوش تىللىقلىششنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماي، ساغلام يول بىلەن راۋاجلىنالايدۇ.

ئىككىنچى، قېرىندىشىمىز نۇسرەت تۇردى يازغان «قوش تىللىقلىشش ۋە ئانا تىلىمىز» دېگەن ماقالە، بۇ ماقالە مۇبارەك ژۇرنال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 4 ـ 5 (قوشما) سانىنىڭ 103 ـ بېتىگە ئېچىلغان «تىل ۋە تەرەققىيات» دېگەن سەھىپىسىگە بېرىلگەن. ئاپتور نۇسرەت تۇردى جاھان قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان چىنگىز ئايتماتوفنىڭ «كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپەت، ئەمما ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت» دېگەن مەشھۇر ئۆزۋېدىسىنى ئۆز ماقالىسىگە سەھىپە بېشى قىلىش ئارقىلىق، مۇھاكىمىگە قويۇلغان قوش تىللىقلىشش مەسىلىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك، ئەمما نازۇك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرغان. ئومۇمەن مەزمۇن ئورامىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ماقالە قوش تىللىقلىششنىڭ نېمىلىكىنى، قوش تىللىق بولۇشتا ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە مەركىزى قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا

«ئانا تىلىمىزنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ھالدا، قوش تىللىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشايلى» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغانلىقى بىلەن مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتورنىڭ بۇگۈنكى كۈندە يالغۇز ئۇيغۇر تىلىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان، «قوش تىللىقلىشىش» بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىگە جىددىي نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئاكتىپ ئىزدەنگەنلىكى ۋە بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەققەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ماقالىنى ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەمەلىي رىقابەتتە نۇسرەت بىلەن روناق تېپىشى ئۈچۈن باش قاتۇرغان ياخشى ئەسەر، دەپ باھالىدىم.

ئەمما، ماقىلىنى تەكرار ئوقۇغىنىمدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى، تەرەققىيار سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى ...» دېگەن ئىككىنچى ئابزاسىنىڭ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ پاسسىپ قاراشلىق بىھۇدە ۋايساش بولغانلىقى سېزىلىپ كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ.

مەلۇمكى، بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر قېرىنداش مىللەت، ھالبۇكى ئون مىليونغا يېقىن نوپۇسلۇق بىر قېرىنداش مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسلۇق خەنزۇلار ئاساسىي گەۋدە بولغان جۇڭگونىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما، پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد ئاساسىي مەدەنىيەت بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەرقانچە ئالتۇن مەدەنىيەت بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئۆگىنىش ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇدىغان قوشۇمچە نەرسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۈگۈن ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قالمىدى ۋە مەڭگۈ چۈشۈپ قالمايدۇ!

«ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى» دەپ بەتدۇئا ئاۋلىيالىق قىلىشنىڭ ئاساسىي زادى نېمىدۇر؟! بىزنىڭچە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىلا بولىدىكەن، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ

يۇزلەنمەيدۇ، بۇ بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، سىز - بىز ئۆزىمىزنى «مەن ئۇيغۇرمەن» دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ يۈرگەنىكەنمىز، تېرىكلا بولساق ئۇيغۇر تىلىنى تۇرمۇشىمىزدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۇزلەندۇرمەيمىز: بىرىچە ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش دېمەك ئۇيغۇر مىللىتىنى قوغداش دېمەكتۇر، ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر تىلىنى مەۋجۇدلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھەققىمىزدۇركى، بۇ ھەققىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، گېپى كەلسە ھېچ ئىككىلەنمەي جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز!

«ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى» دېگەندە نېمە كۆزدە تۇتۇلغانكىن؟ ئەگەر جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك ئۈچ يىل نەزەردە تۇتۇلغان بولسا، قاراپ باق: تۇردى ئاكا قاتارلىق بىر قانچە پېشقەدەمنىڭ ئىغىزىدىلا قېپقالغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دەسلەپ سىمغا ئېلىندى، ئاندىن نوتىلاشتۇرۇلدى، ئاندىن ئۇنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى توم تومى بىلەن نەشر قىلىندى، ئاندىن تۆرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئېلىندى. ئەدەبىيات گۈلزارى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتچىلىكتىن ھېكايىچىلىققا، ھېكايىچىلىقتىن پوۋېستچىلىققا، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا بالداقمۇ ـ بالداق ئۆرلەپ، خېلىلا مەزمۇت ۋە يامان ئەمەس سۈرئەتلىك قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. ھەرىكەتلىك سەنئەت بولسا، باشتىكى لەپەر ئېيتىشىش ۋە سەھنە ئەسىرى ئويناشتىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان زامانىۋى درامىلارنى ئويناشقا، ئۇنىڭدىن تېلېۋىزىيە، كىنولىشىشقا تەرەققىي قىلدى. ئەسلىدىكى مەھەللىۋى نەۋرۇز قۇتلاشلىرى ۋە مەشرەپ چايلىرى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ھەتتا پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا بىرلا چاغدا كۆرستىلىپ، خەلقئالەمگە ھوزۇرلىنىش بېرەلەيدىغان كۆلەم ۋە سەۋىيىنى ياراتتى، تەرەققىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن ھالقىپ، سانائەت، تېبابەت ۋە تىجارەت، ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئالغا باسقان، ئىلغار گەۋدىسىنى كۆرسەتمەكتە، ئالايلۇق، «ئارمان» باش بولۇپ يول ئاچقان ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك سانائىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ «ئامىنە» تەييار چۆپلىرى، «ئابلاجان» نانلىرى ۋە «ئىدرىس» قايماقلىرى بىلەن رىقابەت بەيگىسىدە زەپەر بويىنى كۆرسەتسە، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر شىپاخانىسى زەربىدارلىقىدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ دورىگەرلىك، داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ھەممە تارماقلىرى بويىچە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، خۇددى «موڭغۇل تېبابىتى» ۋە زاڭزۇ تېبابىتى» دېگەنگە ئوخشاشلا،

ئۆزىنىڭ جۇڭخۇا تىبابىتى سورۇنىدىكى ئورنىنى «ئۇيغۇر تىبابىتى» دېگەن ئالتۇن نام بىلەن يازدۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلماقتا. ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ، بۇرۇنقى يەككە تىجارەت ۋە كىچىك يايمىچىلىق، چەرچەنچىلىكتىن»، «ئىزچىلار» سودا چەكلىك شىركىتى، «ئىسمايىل» ئۈزۈم پادىشاھى چەكلىك شىركىتى، دېگەندەك شىركەتلىشىشكە، تەنها شىركەتلىشىشتىن، شىركەتلەر گۇرۇھى گەۋدىسى ھاسىل قىلىشقا، تەرەققىي قىلىپ، ئىشسىز ۋە ئاشسىز قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى سىلىيالىغۇدەك كۈلەم ۋە دەرەم شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن چېلىشماقتا ۋە ئىلىشماقتا...

مانا بۇلار ئۇيغۇر تىل - يېزىقى يادرولۇقىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىدا مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋائىي كەبىي ئەجدادلارنىڭ قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان باش ئەگمەس، بوي بەرمەس ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بوشاشماستىن كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەرئامال بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئالغا سىلجىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئايانچلىق مىساللىرى، خالاس. دېمەكچىمەنكى، تەتقىقات رېئاللىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشى، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن ئەمەلىيەتنى لىللا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئۈچىنچى، ۋاڭ جىنبىن ۋە ئابلا ئەمەت يولداشلار يازغان «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئىلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى) ناملىق خەنزۇچە خاس ئەسەر، بۇ ئەسەر مەزكۇر تېمىدىكى تۇنجى خاس ئە سەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، مۇبارەك بولسۇن! شۇنداقلا، ئەسەرنىڭ بىرىنچىسى بابىدا بېرىلگەن «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق ئەھۋالى»، «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ھالدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە» قاتارلىق پاراگرافلاردا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە قارىتىپ چىقارغان قانۇن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرى ھۆججەتلىك مول نەقىللەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلار تولىمۇ مۇھىم بولغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

«بىراق، «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە»، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ رايوندا ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە چارە ـتەدبىرلەر»،

«خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە رولى ۋە ئەقلىي تەربىيە رولى»، «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوبيېكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك»، «تىل ئىقتىدارىغا تالىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش»، «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ جەريانىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «سىناق ئېلىش»، «خەنزۇچە دەرسلىك ماتېرىياللىنىڭ يېزىلىشى»، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە تەتقىقات خىزمىتى »، «چەت ئەل تىلى ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئېقىملارھەققىدە ئومۇمىي بايان» بولۇپ، جەمئىي ئون ئىككى باپتىن تەشكىل تاپقان مەزكۇر «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» ناملىق بۇ كىتابتا، ئەمەلىيەتتە قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەمەس، بەلكى يەك تىللىق ئوقۇ ـئوقۇتۇش، يەنى خەنزۇچە ئوقۇ ــ ئوقۇتۇشلا سۆزلەنگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب شىنجاڭدىكى خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى ۋە تەتقىقاتنىلا بايان قىلغان. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ قايتا نەشرىدە كىتاب ئىسمىنى «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» قىلىپ ئۆزگەرتكەن تۈزۈك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، كىتابنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق، يەنى كىتاب ماۋزۇسى بىلەن ئىچىدىكى بايان قىلىنغان مەزمۇن مۇۋاپىق بولىدۇكى، بۇنى خەنزۇچىدا،(نامى يوللۇق بولغاندىلا، گەپ ئاقىدۇ) دەيدۇ!

بۇ يەردە، كۆڭۈل بىرىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى، شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللار تىل ـيېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىلىم ئەھلىلىرىمىز يازغان نوپۇزلۇق خاس ئەسەردە، «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش» ئەمەلىيەتتىكى «خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـئوقۇتۇشى» دەپ قارالغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئاپتورلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە ئالىملىرىمىزنىڭ نەزىرىدە، «قوش تىللىق ئوقۇ ــ ئوقۇتۇش» ۋە «قوش تىللىق مائارىپ» دېگەن گەپ ئەمەلىيەتتە «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش» ۋە «خەنزۇ تىلى مائارىپى» دېگەن بولىدىكەن. ئەمدى، بۇ چۈشەنچە بىلەن «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئاساسلىقى خەنزۇ تىلى (جۇڭگو مىللەتلەر ئاراتىلى) بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر» (قاراڭ: «20 ــ ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ»، 337 ـ بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى)، «قوش تىللىق مائارىپ جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تۇپلىشىپ

ئۇلتۇراقلاشقان رايونلاردا يولغا قويۇلغان ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر» (قاراڭ: يۇقىرىدىكى ئەسەر 342 - بەت) دېگەن چۈشەنچىنى سىڭدۈرۈپ كۆرسەك، ئۇتتۇرىدىكى پەرق نېمەدېگەن زور ـ ھە؟! دېمەكچىمەنكى، مانا بۇنىڭدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقاتلاردىنمۇ، نۇقتىلىق تەتقىقاتلاردىنمۇ نەقەدەر تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، بىز جەزمەن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ، تەتقىقات سەۋىيىمىزنى مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ۋە نۇقتىلىق تەتقىقات سەۋىيىسىگە چوقۇم يەتكۈزىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىقبال تامان گۈلدەك ئېچىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى پاكىتلىق بايانلار سىڭدۈرۈپ تەتقىق قىلىشلار ۋە ئۆگىنىشلەردىن يەكۈن چىقىرىپ ئېيتالايمىزكى، قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش دېگىنىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش قىممەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە يوقىتىش ئەمەس، بەلكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، خەنزۇ تىلى بىلەنمۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى «ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاشلا ماھىر» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، قوش تىللىق مائارىپتا، ئازسانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقلىرى بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتا تەڭ قىممەتتە ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، قوش تىللىق مائارىپ پەقەت ئازسانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتىگە كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە

ئۇيغۇن ئىش بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرى ھەرقانداق باھانە ۋە سەۋەب بىلەن چەكلەنسە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، بۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا ئىش بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ، سەممىيەت بىلەن ئېيتىمىزكى، بۇگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئالىي مەكتەپ، ئىنستىتۇت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا، پەۋقۇلئاددە كەسپلەردىن باشقا بارلىق كەسپلەردە خەنزۇ تىلى بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دېگەن پىكىر بويىچە يولغا قويۇلغان ئەمەلىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەدبىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل – يېزىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئېنىق ھالدا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا تەدبىردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىمكان بار بالدۇرراق تۈزىتىلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمىز. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ تىل -يېزىقى ئالىي مائارىپتا قوللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىدىن مەھرۇم قىلىندى دېگەنلىك بولىدۇ. پاكىت شۇكى، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەقىقىي تەرەققىيات پەقەت ئالىي مائارىپ ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ئانا تىلىمىزنىڭ يادرولۇقىدا شەكىللەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى، تىجارىتى، سانائىتى ۋە ئەدەبىياتى – سەنئىتى ... قاتارلىق كۆپ شاخچىلار بىلەن ئىپادىلەنگەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئۆز تىل – يېزىقىمىز بىلەنمۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي يوسۇندىكى تەرەققىي قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى جانۇ كۆڭۈلدىن خالايمىز.

يەنە شۇنداق قارايمىزكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى مائارىپ سورۇنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت خاتا تەدبىرنى يولغا قويۇشنىڭ ھەقىقىي جاۋابكارى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ئەمەس، بەلكى بىز زىيالىيلار، خۇسۇسەن، بىز تىل – يېزىق خىزمىتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلار بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئەگەر بىز تىل – يېزىق خادىملىرى تەتقىقاتىنى ياخشى قىلىپ، مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەمەلىيەتتە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل – يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا،

خەنزۇ تىلى مائارىپىنىمۇ ماس قەدەمدە كۈچەيتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەم خەنزۇ تىلىنى ئوخشاشلا سۈدەك بىلىدىغان ۋە ماھارەت بىلەن قوللىنالايدىغان قوش تىل ئەھلى (زۇل ـ لىسانەين) قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئاقلانە ياخشى مائارىپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقتى بىلەن، دەسلەپ ئۆزىمىز ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئۇنى باشلىقلىرىمىزغىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرەلىگەن بولساق، بەلكىم رەھبەرلىرىمىز ئۇنداق خاتا پەرمان چۈشۈرۈپ تاشلىمىغان بولاتتى ۋە بىزمۇ بۈگۈنكى بۇ بەجايىكى ئانا تىلىنىڭ چەكلىنىشىدەك راھەتسىز ۋە ئەندىشىلىك ئېغىر ۋەزىيەتكە قالمىغان بولاتتۇق.

خەيرىيەت! «قوتاندىن بىر قوي قاچقاندىن كېيىن تۈزەتسەڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن» دېگەندەك ئۇيغۇر بوۋايلار، ھېلىھەم بولسىمۇ دەرھال ئۆزىمىزگە كېلىپ ھېلىقىدەك بىھۇدە، تاپا ـ تەنىلىك ۋايساشلارنى قويۇپ، تەتقىقاتنى ۋىجدانەن ياخشى ئېلىپ بارساق، يەنى قانۇن ـ سىياسەتلەرنى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان ئارزۇسىنىمۇ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ گۈزەل كېلەچەك يارىتىشقا ئاتىغان قەتئىي ئىرادىسىنىمۇ ياخشى تەتقىق قىلساق، تەتقىقات بىلەن ئەمەلىيەتنى چەمبەرچەس بىرلەشتۈرۈپ، رىقابەت ئىچىدە دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرلىسەك، بۇ ھالدا، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ مۇنبىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەدەنىيەت سورۇنىدىكى ھەقلىق ئورنىنى جەزمەن قوغداپ قالالايمىز ۋە ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۈزلەندۈرەلەيمىز.

بىز ئۇيغۇرلار كومپارتىيىنىڭ ئادالىتىدىن ھېچقاچان شەكلەنگەن ئەمەسمىز. ئەللىك ئۈچ يىللىق شانلىق مۇساپىلىك يولدا، گاھى ـ گاھى يولغا قويۇلۇپ قالغان خاتا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى كومپارتىيىنىڭ ھەممىشە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تۈزىتىپ كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن يولغا قويۇلۇپ قالغان مەزكۇر ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇشتەك تەدبىرنىمۇ جەزمەن ۋاقتىدا تۈزىتىپ بېرىدۇ، دەپ يۈزدە يۈز ئىشىنىمىز!

## خاتىمە

دەرۋەقە، بىزدە قانۇندىن تولاراق سىياسەت بويىچە ئىش بېجىرىلىدۇ. پەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ھۆججەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بىر

قارارنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قانۇن ماددىلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش گويا كى پۇقرالارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستەك كۆرۈلىدۇ ۋە كۆرسىتىلىدۇ.

بىراق باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن خەزىنىسى» دېگەن كىتابقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» دېگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. داھىيمىزنىڭ بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەلىماتىنىڭ رېغبەتلەندۈرۈشى بولغاچقا بۇ ئەسەرنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئوچۇق مۇھاكىمىسىگە قويۇشقا جۈرئەت قىلدۇق.

ئەگەر دېگەنلىرىمىز توغرا بولسا، ئاۋاز قوشۇشقا مۇشەررەپ بولساق، ناۋادە خاتا دەپ تاشلىغان بولساق تەنقىدكە مۇيەسسەر بولساق. بۇ ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئەل خۇمار قولىمىز خەلق سۆيەر كۆكسىمىزدە. مانا بۇ بىزنىڭكى كۆڭۈلدىكى سۆزىمىز. تەبىئىيكى، بۇنىڭغا جاۋابكار ۋىجدانىمىز، ئۆزىمىز.

2002 ـ يىل 5 ـ نويابىر شەھىرى بېيجىڭ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ئۇيغۇردا ئەبگالىق

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ يۇمۇلاقشەھەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1966 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1972 ـ يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1975 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ 1978 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پارس تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىر بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور.

ئابدۇرەئۇپ ئەپەندى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەر قايسى نەشرىياتلاردا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى»، «ئەلىشىر ناۋائى ــ ئىككى تىل توغرۇلۇق مۇھاكىمە» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى، «كور خېرىدار»، «تەكلىماكاندىن كەلگەن نىدا»، قاتارلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى، شۇنداقلا «بەيتۇللاھنىڭ تارىخى»، «ئەنگۈشتەر»، «مەخدۇم قۇلى شېئىرلىرى توپلىمى»، «ئەممە پارە تەپسىرى«، »ياشلار يېتەكچىسى»، «مېۋە رىسالىسى»، «يىگىرمە ئۆچىنچى سۈرە» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە قوللانمىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت پارچە كىتاب نەشىر قىلدۇرغان بىر بىلىم ئادىمىدۇر، ۋەسسالام.

6 ـ مەرىپەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىكسائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ، بىلىم ئال، سائادەت يولىنى تاپ!ــ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى.بۈگۈنكى دۇنيادا، ھەر جەھەتتە ئالدىن مېڭىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەر مەرىپەت بىلەن پەزىلەتنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەكلىك ئاسمىنىدا مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك پەرۋاز قىلدۇرىدىغان تەڭداشسىز ئىككى قانات دەپ بىلمەكتە. چۈنكى، مەرىپەت ھازىرقى زامان سائادەت خەزىنىسى دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولسا، پەزىلەت بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىيەت يولىنىڭ يورۇتقۇچىسى ۋە نۇر چاچقۇچىسى بولماقتا.بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەرىپەت (ياكى مەرىپەتلىك بولۇش) ئاددىي ھالدىكى مائارىپ كۆرۈش ۋە مەكتەپكە كىرىپ

ئوقۇپ شاھادەتنامە ئېلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ .بەلكى ئۇ تېگى ــ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانغا مائارىپ ئارقىلىق، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئارقىلىق، شۇنداقلا رېئال ھايات پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن مەدەنىي يېتىلگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، پەزىلەتكە كەلسەك، ئۇ ئىنسانغا ئۆزلەشكەن مەرىپەتتىن تۆرەلگەن، مەرىپەت ئارقىلىق ۋايىغا يەتكەن يۈكسەك ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمى، شۇنداقلا مەرىپەت كۆزلىگەن غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان، مەرىپەت ئىگىسىنى ئۆتۈۋاق ــ نۇسرەتكە يېتەكلەيدىغان كاپالەت مىزانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.مۇناسىۋەت نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەرىپەت پەزىلەتنىڭ ئاساسى. پەزىلەت بولسا، مەرىپەتنىڭ ساپا تارازىسى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇم قازاندۇرغۇچىسىدۇر. بىر مەدەنىي ئىنساندا مەرىپەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى يەنە ئاشۇ مەرىپەتكە مۇناسىپ بولغان پەزىلەتمۇ بولۇشى شەرت. پەزىلەت پەقەت مەرىپەتلىك ئىنساندىلا بولىدۇ. مەرىپەتسىز ئادەمدە بولسا، پەزىلەت بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدا پەقەت ئادەتلا بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئادەت چاھارپاي ھايۋاندىمۇ بولىدىغان تۇغما خۇسۇسىيەتتۇر. پەزىلەت بولسا، مەرىپەتتىن تۇغۇلىدىغان مەدەنىي ئىنسانلىق شەرەپ بەلگىسىدۇر. ئىستېمال قىممىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەرىپەت كۆمۈكلۈك خەزىنىگە ئەمەس، بەلكى ئېھتىيات سۈيى بىلەن كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ .ھالبۇكى مەرىپەتنى ئۆز مەۋسۇمىدا بىخلاندۇرۇپ ۋە ئۇنى بەرق ئۇرغۇزۇپ كۆكلىتىپ تۇرىدىغان نەرسە دەل پەزىلەتتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت پەزىلەتلىك ئىنسانلا ئۆز ئىگىدىكى مەرىپەتنى ئەمەلىيەت مەيدانىدا راۋۇرۇس گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مىللىتىگە، ئۆز خەلقىگە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە چەندىكىدەك بەھرە يەتكۈزەلەيدۇ. ئى ئەزىز قېرىندىشىم، ھازىرقى زامان ئىلغار مىللەتلىرىنىڭ بەس ـ بەستە مائارىپ ئىنقىلابى قوزغاپ، مۇناسىپ ھالدىكى پەزىلەتكە ئىگە مەرىپەتلىك ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان كەڭ كۆلەملىك ۋە مۇنتىزىم زىيالىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈشكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە!ئاللاھ مەيداندا تۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۆز پەيتىدە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان مىللەت ياكى مائارىپ ئىنقىلابى قوزغاپ ئۆز ئېلىدە مەرىپەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي باقمىغان مىللەتمۇ ئەمەس. مۇشۇ 20ــ ئەسىرنىڭ 30 ـ ۋە 40 ـ يىللىرىدىكى «مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى» ئەمەلىيەتتىكى مائارىپ ئىنقىلابى بولۇپ، شۇ مەزگىلدە، ئابدۇقادىر داموللا، مۇھەممەد ئەلى تەۋفىق، مەسئۇد سەبرى، مەھمۇد مۇھىتىدەك ئۆزى مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى بالا يىغىپ، ئۆزى

دەرس سۆزلەيدىغان مائارىپ گېنېراللىرى مەيدانغا چىققان. مۇھەممەد ئەلى تەۋفىق ئەپەندى باش بولۇپ ئوقۇغان مائارىپ مارشى ــ «ئىزچىلار ناخشىسى»نىڭ ساداسى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پۈتكۈل يېزا ـ قىشلاقلىرىنى قاپلىغان. گەرچە شۇ چاغلاردا، ئابدۇخالىق ئابدۇرەھمان ئۇيغۇرى، لوتپۇللا مۇتەللىپ قاينام ئۆركىشى قاتارلىق مەرىپەت جەڭچىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان، پۈتكۈل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ تەشۋىق قىلغان، ھەممە ئامال چارىلەر بىلەن، ھەتتا ئەزىز جېنى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق پەزىلەت يوقىلىپ ئادەتلا قالغان زىيالىيلار ئاممىسى ئويغانمىغانلىقتىن، ئاخىرىدا ئەسەبىي جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىۋېتىلگەن.جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسەن شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلاردا زامانىۋى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار كۆپەيدى. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى بويىچە بىلىم ئېلىپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سانى 30 ـ ۋە 40 ـ يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، كۆرىنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى. بۇ ـ ئەمەلىيەت. بىراق سان ـ سىپىرنىلا كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتمەي، سۈپەت ـ ساپا ئۆلچىكىنى تارازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنى ئومۇمىيەت جەھەتتىنمۇ، خاسلىق تەرەپتىنمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تارازىلاپ كۆرىدىغان بولساق، مائارىپ كۆرۈپ، شۇ مائارىپنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئىلىم قۇرۇلمىسى مەھكەم، ئەخلاق تۈزۈلمىسى مۇستەھكەم بولغان زىيالىيلارنىڭ بىز بىلەن زامانداش ياشاۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ شۇ ئۆلچەكتىكى زىيالىيلىرىغا قارىغاندا، ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىق دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، ئەدناسى ئۇيغۇردا تېخى مۇناسىپ پەزىلەتكە ئىگە ھەقىقىي مەرىپەتلىك ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ زامانغا لايىق كۆلەمدە شەكىللەنمىگەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلىمىز.دەرۋەقە بىر قەۋمدە مۇئەييەن بىر خىل ئىلىم بويىچە بىلىملىك بولغان ئالىملارنىڭ جىق ياكى ئاز بولۇشى ھېچقانچە گەپ ئەمەس .بىراق بىر مىللەتتە، ئىلىم ئالدىدا ھەممە ئادەمنى باب ـ باراۋەر كۆرىدىغان، ئوتتۇراق ئىستەك، ئوتتۇراق غايە نوقتىسىدا تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىشىدىغان مەرىپەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ئالىملار قوشۇنىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى بولسا، شۇ مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ساپاسىغا تالىق بولغان بىر مۇھىم ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش، ئەلۋەتتە. ھېكايە، جۇڭگودا نۆۋەتتىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلىم ـ پەن بويىچە مەزمۇت قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دۇنيانى ھەيران ـ ھەسلەكتە

قالدۇرىۋاتقان «863 پىلانى »دەيدىغان بىر پىلان بار. بۇ پىلان ئەسلىدە، جۇڭگودىكى نەچچە ئون ئاتاقلىق ئالىمنىڭ بىرلىشىپ دېڭ شياۋپىڭغا خەت يېزىشى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1986 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «بۇ پىلان تەخىرسىز ئىجرا قىلىنسۇن» دەپ تەستىق سېلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ يەردىكى ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان بىباھالىق شۇكى، نەچچە ئون ئالىم بىر مۇددىئا، بىر غەرەز ۋە بىر ئارمان ئاساسىدا، بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرالىغان؛ بىر بۇيۇك ئىستەك ئۈچۈن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، كۆڭلىدىكى ئوخشاش ئارزۇ ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشەلىگەن؛ بىر ئۇلۇغ مەقسەت ئاساسىدا بىر يەكىدىن قول چىقىرىپ، ئوتتۇراق پىكىرلىرىنى بىر قەغەز ئۈستىگە بىرلىكتە يازالىغان. مانا بۇ ـ مەرىپەتنىڭ گۆھەر مىسال سەمەرىسى! مانا بۇ ـ پەزىلەتنىڭ ئالماس تىمسال نەتىجىسى!ئەبگا ئۇيغۇردىكى ئەھۋال گويا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئالدى بىلەن مەيلى خاس ئىلىم بويىچە بولسۇن ۋە مەيلى ئومۇمىي بىلىملەر بويىچە بولسۇن، زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، قورسىقىدا ھەققىي ئۆمچى بار، تۈزۈكرەك بىر نېمە بىلىدىغان ئالىملار سان ـ سالماق جەھەتتىن بەكلا ئاز. ئالىم ئاز بولغىنىغا باقماي، بارلىرى بىر ــ بىرىدىن داغۋاز. ھەر قانداق بىر ئالىمنىڭ ئالدىغا بارساڭ، گېپىنى خۇلاسلاپ كېلىپ، «باشقىلارنىڭ ھەممىسى سامان قورساق، مەنلا يالغۇز بىلىمەن» دېگەن پىكرىنى ئىما بىلەن ساڭا بىلدۈرىدۇ. قانداقلىكى بىر ئۆلىمانىڭ ھۇزۇرىدا بولساڭ، گەپ ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، «باشقىلارنىڭ ھەممىسى باتىلغا شېرىك، ئاللاھ تەلىماتىنى مەنلا پىششىق بىلىمەن» دېگەن يەكۈنگە سېنى ئىزاھات بىلەن كۆندۈرىدۇ. بويىداش ئالىملار خۇددى يەككە دېھقانغا ئوخشاش ھەر قايسىسى ئۆز ئېتىزلىرىدا يېگانە ئىشلىگىنى ئىشلىگەن، ئىلىم يولىدا بىر ــ بىرىنى قوللاشمايدۇ. قوللاشمايدۇلا ئەمەس، ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ بىر ئىلىم سورۇنىدا ئولتۇرۇپ ئوبدانراق گەپلەشمەيدۇ. ياش ئالىملار پېشقەدەم ئالىملاردىن سايىۋەن تاللايدۇ. پېشقەدەم ئالىملار بولسا، ياش ئالىملار ئىچىدىن يانتاياق خىللايدۇ. ئۇ يەردە ئىككى توك ــ توك، بۇ يەردە تۆت سوك ــ سوك مەزھەپ بولۇشۇۋالغان. بىرلىرىنىڭ ئىش ـ ئەمگىكىنى ئىككىنچى بىرلىرى قەستەن ۋە قەتئىي ياراتمايدۇ. تەتقىقات دېسە، كونا كىتابلارنى ئېزىپ ئىچىش دەپ بىلىدۇ .ھەممەيلەن «كۆلتىگىن مەڭگۇ تېشى» نى سۆزلەشكە ئامراق. ئۆتمۈش، ئۆتۈپ كەتكەن رەھمەتلىكلەر ھەققىدە، ئەجدادلارنىڭ بۈيۈكلۈكى توغرىسىدا سۆز بولسا، گەپ تالىشىپ ھاياجانىدىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. رىئاللىق ھەققىدە، ئەۋلادلارنىڭ بۈگۈنى ۋە ئىستىقبالى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا بولسا، ئېھتىياتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ،

تىكىۋەتكىلى تاس قالدۇ. بەش ـ ئون ئالىم بىر يەردە ئولتۇرۇپ، قانلىق كۆرەشلەر بەدىلىگە كەلگەن مۇبارەك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بۆگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە ئۆز ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، كوللېكتىپ پىكىر لايىھەسى تۈزۈپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى ۋەلىيلەرگە يەتكۈزۈش دېگەنلەر بولسا، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.ئاندىن زالىم ئالىملار كۆپ .خاتالىقنى، تەتۈرلۈكنى ئۇنىڭ خاتالىق ۋە تەتۈرلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى «زالىم ئالىم» دېيمىز. مەھەللىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ۋە تەپرىقچىلىق بىزدەك ساندا ئاز، قېرىنداشلىق ئورۇندا ياشاۋاتقان مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بەجايىكى مەرەزنىڭ ئۆزى. بۇنى ئالدى بىلەن ئوقۇغانلار، مائارىپ كۆرگەنلەر، ئالىملار ئەڭ بىلىدۇ. بىراق ئالىملار ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، مەھەللىۋازلىقنى باشلاپ قىلىدۇ: ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر ستۇدېنت خىزمەت ئىزدەپ كەلسە، ئالدى بىلەن «سىز قەيەرلىك؟» دەپ سورايدۇ. يۇرتداش بولسا، تىكلىپ قارايدۇ؛ يۇرتداش بولمىسا، دەرھال بېشىنى بۇرايدۇ. مەنمەنلىك، يېگانىلىقنى قوغلىشىش مەرىپەت بىلەن ئۇيۇشقان مەدەنىي بىر گەۋدە ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. بۇنى ئالىملار بەك بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەمىشە «يېگانىلىق بىر ئاللاھقا خاستۇر» دەپ باشقىلارغا تەنبىھ بېرىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلىۋاتقان ئىشى «مەنلا ئالىم بولسام باشقىلار ماڭا ئەبەدىي تالىپ بولسا» دېگەننى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ھېكايە، بىر پېشقەدەم ئالىم بىمار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. مەزكۇر ئالىمغا بۇرۇندىنلا چوقۇنىدىغان ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان بىر ياش زىيالىي ئېھتىرام بىلەن ئالىمنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ يوقلاپ كەلگۈچىنىڭ «ئەسسالام!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان كېسەل ئالىم دەرھال يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ يېتىۋاپتۇ. يوقلاپ كەلگۈچى قانچە ئىززەت ۋە قانچە ئىكرام كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئالىم بىر نەزەرمۇ ئىلتىپات قىلماپتۇ. ئاخىرىدا كېسەل ئالىمنى بېقىۋاتقان ھەمراھ كىشى ئۆزرە بىلەن، يوقلاپ كەلگۈچىنى كېسەلخانىدىن چىقىپ كېتىشكە تەۋسىيە قىپتۇ ۋە ئۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئۇزىتىپ چىقىپ: «سىز يازغان ھېلىقى پالانى ئادەممۇ ئۇيغۇردىن چىققان بۈيۈك ئالىم، دېگەن ماقالىڭىزنى ئالىم تونۇگۈن كۆردى» دەپتۇ. ئاللاھۇ ئەكبەر! مەسىلە ئايدىڭ بولدىكى، مەزكۇر مۆتىۋەر ئالىم يەنە بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ماختاشقا ئۇلىسمۇ رازى بولمايدىكەن. ۋاھالەنكى، بۇ جاھان ئىشلىرىنىڭ بىرلا ئەمەس، بەلكى بىر تۈركۈم داھىيلارنىڭ شەخسىيەتسىز ھەمكارلىقى بولغاندىلا ۋە بىرلا ئەمەس، بەلكى توپ ـ توپ ئالىملارنىڭ «مەن» دېگەن ئۇقۇمنى ئۇنۇتقان ھالدا، بىر گەۋدىگە «بىز» بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئوتتۇراق كۆرەش قىلىشى بولغاندىلا، ئاندىن

ئۈتۈۋلۈق يۈرۈشىدىغانلىقىنى بىزنىڭ ئالىملىرىمىز بىلمىسە ئىدى، كاشكى!يەنە دېسەك، پالەچ ئالىملار تولا. ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان، «ئۈنداق قىلىش كېرەك، مۇنداق قىلىش لازىم» دەپ ئېغىزىدا قۇرۇق داۋراڭلا سالىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزى پائالىيەت قىلمايدىغان، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مىسال كەلتۈرەلمەيدىغان ئالىمنى «پالەچ ئالىم» دەيمىز. پالەچ ئالىملار ئەڭ ھەسەتخور ۋە چايان مىجەز كېلىدۇ. كىم ئەمەلىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئىلىم ساھەسىدە يېڭىلا باش كۆرسەتسە، ئۇلار مەزكۇرنى تونۇمىسىمۇ، قالايمىقان سۆزلەپ، زىيىنىغا باھالاپ، دەرھال تۈنجۇقتۇرىۋېتىشكە ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە ئورۇنىدۇ. ئۇلار بىر نەرسە بىلمەيدۇمۇ ئەمەس، ئانچە ــ مۇنچە بىلىدۇ. ئۇلار ئاز ـ تولا بىر نېمە بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، سورۇن تاپسىلا كاسىلداپ، تۆت ئادەمنى ئېغىزىغا قارىتالايدۇ. بىراق، يېرىم چېلەك سۇ بەكرەك شالاخشىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى گېپى ھەممىدىن چوڭ، چەكلىك بىلىمى بىلەن چەكسىز لاپ ئاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئېغىزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلەيدىغان ئەمەلىيەتچى ئالىملار. ئۇلار پەزىلەتسىزلىكتە زالىم ئالىملار بىلەن دوست تارتىشىپ، پىتنە ــ پاسات ئارقىلىق، ئەمەلىيەتچى، پائالىيەتچى ئالىملارنىڭ ئالدىنى ئويۇپ، كەينىنى كولاپ تۇرغاچ، ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە تا شۇ كۈنگىچە ئەجدادلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغىدەك، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىنتىلدۇرگىدەك سەر خىل ئالىملار قوشۇنى شەكىللىنەلمەيۋاتىدۇ.ئىلىم ئەھلى ئىچىدىكى بۇ خىل ئەمەلىيەتتىكى مەرىپەتسىزلىك ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى پەزىلەتسىزلىك ئىللىتىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانغا ماس قەدەمدىكى مەدەنىيەت ساپاسى ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ۋىجدانغا ئۇيغۇر يولى بىلەن ئالىملىرىمىز ئىچىدىكى جىددى نۇقسانلارنى ئىمكان بار تېز پۇرسەتتە تۈزىتىش لازىم.ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇشۇپ، بىر دىل، بىر نىيەت بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ھەر قانداق بىر ئالىم ئۈچۈن باش پەزىلەت. ئىناقسىزلىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى خاراكتېرى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەبگالىقنىڭ مەھسۇلى. ئەسلىدە ئۇيۇشقاق ئۇيغۇر ئەجدادتىن تۆرەلگەن تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقاق ئويغۇر (oyqur ) ئەۋلاد بولۇپ ياشاش نومۇس . بۇ زاكوننىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆككەن ۋە ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن ئالىملار بىزدە يوق ئەمەس. ئالايلۇق، تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن ئابدۇكېرىم خوجايوپنى. ھېكايە، ئەقىدىلىك خەلق شائىرى، پەزىلەتلىك جامائەت ئەربابى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپ قەدىمي ئۇيغۇر شەھىرى ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ئىدى. ئەل سۆيەر شائىر، تالانتلىق تەرجىمشۇناس ئالىم مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجايوپ بولسا، ئۇيغۇر

ئېلىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان قۇمۇللۇق ئۇيغۇر ئىدى. تېيىپجان ئېلىيوپ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇپ ئوك بولغان، باشتىن - ئاياغ ئۇيغۇر مۇھىتىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان زات ئىدى. ئابدۇكېرىم خوجايوپ بولسا، لەنجۇ شەھىرىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان، كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، دەسلەپكى شېئىر - قوشاقلىرىنى خەنزۇچە توقۇپ چوڭ بولغان كىشى ئىدى. تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئۇلار پەقەت مەرىپەتلىك ۋە پەزىلەتلىك زاتلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئوتتۇراق ئىستەك بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمىشۇناسلىقى ساھەسىدە، ئۆمۈر بويى ئەقىدىداش سەپداش، ھەمنەپەس يولداش ۋە ئارزۇلۇق قولداش بولۇپ ئۆتكەن. ئۆز زامانىدا تېيىپجان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئابدۇكېرىم خوجايوپقا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ سېھرى كۈچىنى تونۇتقان ۋە ئۇنى دوستانە يېتەكلەپ ئۆز ئانا تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا ئۆگەتكەن بولسا، ئابدۇكېرىم خوجايوپ تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «خەلق گېزىتى» قاتارلىق جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق گېزىتلىرىدە ئېلان قىلدۇرۇپ، تېيىپجاننى جۇڭگوغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان. شۇنداق قىلىپ، تېيىپجان تونۇلدى. ئابدۇكېرىم ئۇنتۇلدىمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ مۇنداق ئەقىدىۋازلىقى ۋە مۇنداق ئالىيجاناپلىقى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىشغال قىلدى. شۇندىن بۇيانەت ئۇيغۇر خەلقى تېيىپجان ئېلىيوپنى ئابدۇكېرىم خوجايوپ دېگەن مۇبارەك نام بىلەن بىللە زىكرى قىلىدىغان بولدىكى، مانا بۇ ـــ نەق پەزىلەتنىڭ نەتىجىسى.خەلق ئۆز ناخشىلىرىدا: «ئالىملار ئالەمنىڭ، ئىنسانىنىڭ جېنى، ئالىمنىڭ يەيدىغىنى خەلقنىڭ غېمى» دەپ تەرىپلەيدۇ. مېنىڭچە بۇ خەلقنىڭ ئالىملارنى ئېغىزىنىڭ ئۈچىدا شۇنداقلا بىر ماختاپ قويغىنى ئەمەس. بەلكى ئۇ چىن قەلبىدىن ئالىملارغا بەرگەن تەبىرى ۋە باھاسى. ئالىمى يوق مىللەت مىللەت ئەمەس. خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان ئالىم ئالىم ئەمەس. بىراق خەلقنىڭ غېمى ئۇنداق بىرلا ئالىم يەپ تۈگىتەلەيدىغان غەممۇ ئەمەس .شۇڭا خەلقنىڭ ئۆز ئالىمىدىن ئېھتىرام بىلەن ئالىدىغان بىرىنچى ئىمتىھانى «ئىناقلىق پەزىلىتى بارمۇ - يوق؟» دېگەندىن ئىبارەت. خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش يولىدا، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، بىر - بىرىنى قوللىشىپ، بىرسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىككىنچىسى تولۇقلاپ، ئىككىنچىسىنىڭ خاتاسىنى ئۈچىنچىسى توغرىلاپ ماڭىدىغان پەزىلەتلىك ئالىملارنى خەلق بەك تونۇيدۇ ۋە ئۇلارنى ئەۋلىيا كەبى ھۆرمەتلەيدۇ، ئەبەدىي سۆيىدۇ! ئېغىزىدا دېگەننى ئۆز قولى بىلەن قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان ئەمەلىيەتچان، ئىش - ھەرىكەتتە باشچى، پائالىيەتچان ۋەكۈرەشچان

بولۇش بىر ئالىم ئۈچۈن بۈرچ پەرزلەت. ئالىمنىڭ قىممىتى ئاداققىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قانداق دەبدەبىلىك گەپلەرنى قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دىگىنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانداق پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھېكايە، بۈيۈك بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائى ئىبنى غىياسىدىن بەش ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنى سۆيۈندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئالىم. ئۇ ھېلىقىدەك ھايات ۋاقتىدا ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ كىتابلا يېزىپ، ۋاپاتىدىن كېيىن ئاندىن خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان زات ئەمەس .بەلكى ئاشۇ ئەقىل يېشىغا يېتىپ، ئىلمىي ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئىشتىراك قىلغىنىدىن باشلاپلا خەلقنىڭ ئاپىرىنلىق قايىللىقى، سۆيۈنگەن كۆڭۈللەرنىڭ بىردەكلا مايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغان ئەجداد ئىدى. ھىرات ئۇيغۇرلىرى، شۇنداقلا پۈتكۈل خوراسان خەلقى ئالىم نەۋائىغا شۇ دەرىجىدە ئىخلاس قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم، ھەر بىر ھەرىكىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشنى شۇ دەرىجىدە شەرەپ بىلەتتىكى، بىر نۆۋەت نەۋائىنىڭ چىشى ئاغرىپ قېلىپ، بوغىزى بىلەن قوشۇپ ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، كوچىغا چىققاندا، ئالىم بىر ياغلىق بىلەن بويۇن - بوغۇزىنى تېڭىۋالسا، ئەتىسىدىن باشلاپ ھىرات ئاياللىرى شۇ تەرىقىدە بوينىغا ياغلىق چىگىۋېلىشنى مودا قىلىۋالغان. نېمە ئۈچۈن خەلق نەۋائىنى دوراشقا ۋە ئۇنى ئۆرنەك قىلىشقا شۇ دەرىجىدە ئامراق؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ زاتنىڭ ئەزەلدىن ئەبەتكە تىلى بىلەن دىلى ماس، گېپىدىن ھەرىكىتى ئايرىلماس بولۇپ، ئىلمىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلىرى بويىچە ئوخشاشلا ئەمەلىيەتچان ۋە پائالىيەتچان بولغانلىقىدا. خەلق بىلىدۇ، نەۋائى ئۆز زامانىسىدا ئادەتتىكى ھەرقانداق بىر پۇقراغا ئوخشاشلا قولىغا قورال ئېلىپ، ھىراتنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان. ئۇ ئاستىراباتتا ھاكىم بولغاندىمۇ، ئوردىدا ئەمىر بولغاندىمۇ، ئوخشاشلا تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاكىمىيەتنى ئادىل سورىغان. كۈتۈپخانا قاتارلىق مەرىپەت ئەسلىھەلىرىنى بىنا قىلغاندىمۇ، ئالىملارنى تەشكىللەپ، ئۇيۇشتۇرۇپ ئەنجۇمەن تۈزگەندىمۇ ئوخشاشلا ھەممىشە ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىگەن، ھامان ئۆزى پائالىيەتنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرغان. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر پائالىيىتى ھۆرمەت بىلەن «ھايات بېغى» دەپ تەرىپلەنگەن. يەكۈن شۇكى، ئەمەلىيەتچانلىق مەرىپەت ئەھلىنى قىممەتلىك ۋە ئەزىز قىلىدۇ. پائالىيەتچانلىق ۋە كۈرەشچانلىق ئالىمنى خەلق قەلبىدە مۆھتەرەم ۋە ئۇنتۇلغۇسىز قىلىدۇ! ئەلۋەتتە بىز چوڭلار، دادا ۋە ئانا زىيالىلار ئۆزلىرىمىزدىكى پەزىلەتسىزلىكنى تۈگەتكەندە، ئاندىن گېلىمىزنى قىرىپ تۇرۇپ، بالا زىيالىلارغا،

خۇسۇسەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىز باسارلارغا تەربىيە قىلساق ئۈنۈمى بولىدۇ.پىشقەدەملەرنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، 30 ـ ۋە 40 ـ يىللاردىكى ئاشۇ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋاقتىدا، ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنى پەننى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەكىلەلمەي ۋە ئۇلارنى مەكتەپتە تۇرغۇزالماي، بالىلارنىڭ قاششاقلىقىدىن غەزەپ پەيمانىسى تولغان جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلار بەزەن بالىلارنى مەكتەپكە باغلاپ ئەكىلىپ، سىنىپقا سولاپ قويۇپمۇ باققانىكەن. زامان ئېلېكتىرون دەۋرىگە كىرگەن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى بولمىش مۇشۇ چاغلاردا، توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ بويىچە ئاتلىنىپ چىقىپ، ھەر كۈنى يېرىم كۈننى سەرپ قىلىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بالا يىغىۋاتقانلىقىنى، مەكتەپكە ئەۋەتمەسلىك ئۈچۈن بالىسنى يوشۇرۇپ قويغانلارغا ئامال قىلالماي، ئۇلارنىڭ كالا ـ ئېشەكلىرىنى جەرىمانە ئۈچۈن مەكتەپكە يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، «بىز ئۇيغۇر مىللىتى تېخىچىلا جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتامدۇق نېمە ؟» دەپ ئۆزىمىزدىن سورىغىمىز كېلىدۇ. ئۈنىڭسىزمۇ مەرىپەت ئوچىقى بولغان ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى ئەھۋاللار ئادەمنى تېخىمۇ چۆچىتىدۇ: «قانداق قىلارمىز؟» دەپ يازىدۇ ئەلەم بىلەن بىر ئاقكۆڭۈل ستۇدېنت ـ «ئادەمدە قىزىقىش بولىدۇ. مەنمۇ چەتئەل تىلىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم. شۇڭا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن يىلىلا ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتناشتىم. كۇرسانتلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ كۆپ ئىدى» .نەقەدەر تىرىشچان ستۇدېنتلار بۇ ــ ھە!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئوقۇتقۇچىمىز ناھايىتى تالانتلىق بولۇپ، دەرسنى ھەققەتەن ياخشى سۆزلەيتتى. ھەر قېتىم كۇرستىن تولىمۇ خوشال چىقاتتىم. ئەگەر مۇشۇنداق ماڭىدىغان بولساق، ئىككى يىلدىلا ئىنگلىز تىلىدا ئوبدانلا سەۋىيەگە يېتىپ قالاتتۇق. بىراق كۇرستىكى قىزغىنلىق كېيىپياتى ئۇزاققا بارمىدى. دەرس باشلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سىنىپتا بەشلا كۇرسانت قالدى..... شۇنداق قىلىپ كۇرس تاقىلىپ قالدى. ئەمدىلا ئېچىلغان كىتاب يەنە يېپىلدى. تۇۋا دېمەن، بۇ دۇنيادا يەنە بىزدەك دۆت ئادەم بارمىدۇ؟ كىتاب ئوقۇ دېسە، بېشىمىز ئاغرىيدۇ. ئويۇن دېسە دىلىمىز يايرايدۇ. تېخى بەزىلىرىمىز «ياشلىقىڭدا گۈل قىس، قېرىغاندا غىرت قىس!» دېيىشكەن دەپ، ياشلىقىمىزدا ئوينىۋالايلى، دېيىمىز. ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى ئۈنۈۋېرستېتتا مەرىپەتتىن گۈل قىسىشقا ئەۋەتكەنمۇ ياكى ئويۇندىن گۈل قىسىشقىمۇ؟ مەن تەييار تارقاتقان كىتابنى سېتىپ كىيىم ئالغانلارنى كۆردۈم ــ بۇ، كىيىم سېتىپ كىتاب ئالغانلارنى تېخىچە ئۇچراتمىدىم..... ئۆتمىشنى ئاران تولدۇرۇپ ئالغان باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانى بىلەن مۆكەممەل ئىگىلەنمىگەن بىرلا كەسىپ بىزگە قانچىلىك

ئەسقاتار؟» («مايبۇلاق» ژۇرنىلى 96 ـ يىللىق 3 ـ سان 83 ـ بەت.)ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا، ھەر يىلى يۈزمىڭدىن ئارتۇق پەرزەنت ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپكە كىرەلەيدىغىنى ئون نەچچە مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇرغا نىسبەت بولىدىغىنى پەقەت بىر نەچچە مىڭلا. ئەسلىدە شۇ بىرنەچچە مىڭ پەرزەنت بىر قانچە ئون مىڭغا تېتىغىدەك ئوقۇغاندا، ئاندىن ئۇلارنى ئۇمىدلىك ئەۋلاد دېسەك، سۆيۈنسەك بولاتتى. مىڭ ئەپسۇس، كۆپ تەرەپلىمىلىك گىرەلەشكەن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بۇ ئەۋلادنىڭ خېلى بىر قىسمىدا مەۋجۇد مەرىپەتسىزلىك ئادەمنى ھەسرەتتە تىترىگەن لەۋنى تەئەججۇپ چىشى بىلەن چىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ستۇدېنتنىڭ يازغىنى راست. ئۇلار ئاشۇنداق «ياشلىقىڭدا گۈل قىس، قېرىغاندا غىرت قىس» دەمدۇ، «تۇرمۇش دېگەن ئەل ئاجايىپ بىر ژۇرنال، بۇ ژۇرنالدا باش ماقالا پۇل ۋە مال» دەمدۇ، ئەيتاۋۇر بۇ چاغقىچە نەشىر قىلىنغان لۇغەتلىرىمىزدىن تاپقىلى بولمايدىغان غەلىتە ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئوينىۋېلىشقا، خەجلىۋېلىشكە رىغبەتلەندۈرىشىدۇ. ئىلىم ئۆگىنىشتە ئەمەس، كۆپىنچە كىيىم كىيىشتە، مودا قوغلىشىشتا بەسلىشىدۇ. چەت ئەل تىلى كۇرسلىرىغىمۇ مودا قوغلىشىپ بىر نەچچە ھەپتىلىك كىرىپ قويۇشىدۇ، خالاس. كىچىك ئۇنئالغۇنى يانچۇققا سېلىپ، ئاڭلىغۇچنى قۇلاققا تىقىپ قويۇپ، ئېغىزىدا ماغزاپ قەنت چايناپ تۇرۇپ، ئايانچلىق قەدەم بىلەن يۈرۈشلىرى ئەمەلىيەتتە ستۇدېنتلىق ئوبراز مودىسى. شۇ قىياپەتتە كۆپلىرىنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى چەتئەل تىلى ئەمەس، بەلكى بەل تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىسى. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ تىلىنى، ئۆزىنىڭ تارىخىنى، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ تۇرۇۋاتقان ئۆگىنىۋاتقان كەسپىنى بىرىنچىدىن بىلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن مۇتلەق سۆيمەيدۇ. ئەدەبىيات دېسە، مۇپاسساندىن گەپ باشلايدۇ؛ تارىخ دېسە، ئەرەبلەرگە نەزەر تاشلايدۇ؛ ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق دەۋر قايسى دېسە، بېشىنى قاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىدىكى غەلىتىلىككە نورمال ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ئىككى مىسال كاللامدىن زادى كەتمەيدۇ. ھېكايە، 1995 ـ يىلى ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە، بىر نەچچە قېتىم باللار بىلەن مۇشتلىشىپ قەستەن جېدەل چىقارغان، قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر نەچچە ئاي قالغاندا، مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىۋېتىدۇ. غەلىتىلىك شۇكى، ئاشۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇغان پۈتۈن بىر سىنىپ جەمئىي ئوتتۇز نەچچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئۇدا ئۈچ كېچە تاڭ ئاتار ئولتۇرۇشى قىلىپ، مەزكۇر قوغلاندى بالىنى

خۇددى غالىپ گېنېراللىنى پېنسىيىگە ئۇزاتقاندەك داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا مىللەت مەكتەپداشلار: «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟» دەپ سورىسا، ئۇلار خاتىرجەم ھالدا: «ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىق دېگەن ئەل ئۆمرىدە بىر قېتىم كېلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى مۇشۇنداق قەدىرلەيمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ يىلى بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب تىلى پاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قەتئىي توسۇپ، قايتا ـ قايتا تەربىيە بەرگىنىگە پىسەنت قىلماي، «ئەرەب تىلى ئوقۇغانىنىڭ ھېچنەرسىگە پايدىسى يوقكەن. بىز قايتىپ كېتىپ، ئۇيغۇرنىڭ سەككىز مىڭ يىللىق تارىخىنى ئون بەش توملۇق كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىمىز» دەپ، مەكتەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا كەتكەن. ئۇلار يۇرتىغا قايتىش ئالدىدا، پايتەختتە ئوقۇۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ بىر مۇنچە دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشىغا ۋە كاتتا رېستورانىدا ئولتۇرۇش ياساپ، قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولغان.» خۇدا، بەندەڭنى ئوك قىل! ئۇنداق ئىلىم شارابىنى تۆزۈك ئىچمەي، پىيۋە ئىچىپ زابوي بولۇپ قالغان ئادەملەر ئون بەش توملۇق تارىخ ئەمەس، ئون بەش بەتلىك چۆچەكمۇ يازالمايدۇ. بۇ گەپنى قىلغان ئادەم مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشنى تاشلاپ كەتكەن ئىككى بالا ئۇنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ھازىر كالا ئېلىپ بورداپ سېتىپ، بورداقچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. يەنە بىرسى بولسا، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان زاسۇيپەز ئاغىنىسىگە يالىنىپ، «كېلىڭلار، مېھمانلار كېلىڭلار، يېڭى كاللىنىڭ شورپىسى چىقتى، كېلىڭلار «! دەپ ۋارقىراپ پورداقچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ.بىلىشىمزچە، زاڭ مىللىتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوتتۇز نەچچە يېرىدە ئېچىلغان مەخسۇس مەكتەپ ۋە سىنىپلاردا، ئالىي، ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇم بىلىملىرى بويىچە تەربىيلىنىۋاتىدۇ. زاڭ مىللىتى پەرزەنتلىرى ئىلىمغا زوقمەن، مەرىپەتكە ھېرىسمەن، تۇرمۇشتا رەتلىك، مۇناسىۋەتكە ئەپلىك بولغاچ، ئۇلارنى تەربىيلەشكە ئامراق مەكتەپلەر يىلسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. بىراق بىزنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز بولسا، بارغانلا يېرىدە «پولو ئېتىپ بېرىسەن. گىردە يېيىپ بېرىسەن» دەپ، مەكتەپ ئاش ـ تاماق بۆلۈمىنى تەڭقىسلىقتا قويغاچ؛ 9 ـ ئاي كەلسىلا، «ئوقۇشقا كىرىش تەلىم ـ تەربىيىسى قىلدۇق» دەپ، كونا باللار يېڭى باللارنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ، ئۆزگە ئالدۇرغان ھاراقنى ئىچمەيمەن دېسە ئۇنىماي كانىيىغا زورلاپ قويغاچ؛ ھېيت ـ بايرام بولسىلا، ئاشۇ يات دىيار، ياقا يۇرتلاردىمۇ، سەن شىماللىق، مەن جەنۇبلۇق، ئۇ غەربلىك، بۇ شەرقلىق دەپ بۆلۈنۈپ ئۆز ئارا

مۇشتىلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ باشلىرىنى يېرىشىك، مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ بايراملىق ئارامىنى بۇزغاچ، خېلى ساندىكى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار «ئۇيغۇردىن دات، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىنىپى ئاچقاندىن پەندىيات!» دەۋېتىپتۇ. دەرىخا! ئاڭلىسام، مۇشۇنداق تۆقى - لەنەتلىك ئەھۋالىمىزنى كۆرگەنلەر بىر - بىرىدىن: «ھوي، بۇلار راستىنلا ئاشۇ تارىختىكى مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياكى شۇ نامنى سۇيئىستېمال قىلىۋالغان يارىماسلارنىڭ يارىماسلىرىمۇ؟!» دەپ سوراۋېتىپتۇ!ئۇيغۇردا: «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دەيدىغان ماقال بار .بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 21 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەردارلىرى، سەركەردىلىرى ۋە ئىگىلىرى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ھېچنەرسىنى تۇيمايۋاتامدىغاندۇ، ئەجەبا! بىز ئۇيغۇر مىللىتى مۇسۇلمان مىللەت بولغانىكەنمىز، بۇ شارائىت بىلەن، ئىسلامىيەت ئىلمى بويىچە سەۋىيىسى يېتىك ۋە ئەمەلىيەتچان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى بىزنىڭ بۇ ساھەمىز تېخى بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن قاغجىراق. ھېكايە، مەن پۇرسەت بولۇپ، 96 - يىل 10 - ئايدىن 97 - يىل 6 - ئايغىچە، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە زىيارەتچى ئالىم سۈپىتى بىلەن «كلاسسىك ئىسلام دىنى نەزەرىيىسى) «ئۇسۇلۇددىن) قاتارلىق دەرسلەر بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم، ئەلھەمدۇ لىللاھ. تەكشۈرۈپ بىلگىنىم ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم شۇ بولدىكى، شۇ تاپتا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات مەركىزى بولغان بۇ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىجازىتى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئاتمىش نەپەر مۇسۇلمان ئوقۇغۇچى بارىكەن. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇڭگان مىللىتىدىن بولۇپ، سەككىز مىليونلۇق جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىدىن بىرسىگىمۇ ھۆكۈمەت خىراجىتى ۋە ئىجازىتى بىلەن كېلىپ ئوقۇش نېسىپ بولماپتۇ!؟دىن دېمەك ئىلىم دېمەكتۇر .شۇڭا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرى مەخسۇس دىن تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىپ، خاس ئالىملارنى ئاجرىتىپ، تۈرلۈك دىنلار ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇكەممەل ئىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە دىندۇر. ھالبۇكى تەتقىقات نۇقتىسىدىن بولسىمۇ مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، ئىسلام دىنى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىسلام دىنىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا ئاڭ - ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تۇتىۋاتقان ئورنىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۇبدان بىلىش كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ دىنىي ئىلىم بىلەن زامانىۋى پەن ئىلىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلمىي ھالدا چۈشىنىپ، سوتسىيالىزم

قۇرۇلۇشىغا ئاڭلىق قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى مەرىپەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان زۆرۈر ئىش!ۋاھالەنكى ئۇيغۇردا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى نەزەرىيىسىنى پىششىق بىلىدىغان مەرىپەتلىك ھەم پەزىلەتلىك ئۆلىما كۆپ بولمىغاچ، شۇ تۇرۇقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئىسلام دىنىنى زامانىۋى ئىلىم ـ پەنگە قارشى قويىدىغان، پەرزەنتلەرنى پەننى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ دىنىي چالا مولللارغا تالىپ قىلىپ بېرىشنى ئاشكارا تەرغىب قىلىدىغان قاششاقلىق ئاۋام خەلقنى گاڭگىراتماقتا. ئاتالمىش دىنىي زاتلار باش بولغان ھالدىكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشسىز قېلىۋاتقىنى، ئەۋلادلارنىڭ ئىلىمسىز قېلىۋاتقىنى بىلەن كارى بولماي، تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىنى سەرپ قىلىپ ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىلىش مۇسابىقىسى خەلق ئىقتىسادىنى ھالسىراتماقتا. قېنى قايسى ئۆلىما چۈشەندۈرۈپ باقىدۇ: قايسى ئىسلام تەلىماتىدا، نەدىكى كلاسسىك ئىسلام كىتابلىرىدا، ئۆزى ئىلىمسىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ياشاپ ئۆتكەننى ئاز دەپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتماي، شۇ پۇلنى خەجلەپ مەككىنى ئۈچ قېتىم ھەتتا تۆت قېتىم ھەجلىسۇن دەپتۇ؟! ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ھەر يىلى كەم دېگەندىمۇ ئون مىليون يۈەن پۇلنى بايلىقىدىن ئالتۇننى سىغدۇرىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ خەزىنىسىگە بىھۇدە تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئۇنىڭ بەدىلىگە يىلىغا نەچچە ئون مىڭلىغان ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئۇيغۇر پەرزەنت پۇل بولمىغانلىقتىن مەكتەپتىن قېلىۋاتىدۇ؛ مەكتەپتىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنت بولسا، پۇلسىزلىقتىن يىرتىق ئىشتان كىيگەن كۆتىنى خام كېسەككە قويۇپ ئولتۇرۇپ، دوسكىغا چالما بىلەن خەت يېزىۋاتىدۇ. مانا بۇ ـــ بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەنئەنىۋى تراگېدىيە!مەرىپەتسىزلىك ۋە پەزىلەتسىزلىك ئۇيغۇرنى يېڭى قالاقلىق گىردابىغا سۆرەۋاتىدۇ، ئى ئالىملار!قاششاقلىق ۋە مەدەنىيەتسىزلىك ئۇيغۇرنى ئەمەلىي گادايلىق تېمىغا يۆلەۋاتىدۇ، ئى ھاجىملار!ھەممە بىلىدۇ، ئۇيغۇردا پۇل بار، مال بار، بايلىق زاپاس ـ زاپىسى بىلەن بار. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، راستچىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ باي مىللەت قاتارىغا كىرىدۇ.ئۇيغۇردا ئەقىل بار، پەم ـ پاراسەت بار، زېھنى ـ زۇكاۋەت بار. تەڭرى تېغى گۇۋاھ بولۇپ، تارىخ داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، «كاللىسى ئاددى، كالۋا» دېگەن تۆھمەت ئۇيغۇرغا ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئەمەس يار.بىراق بىلمەك كېرەككى، مەرىپەتسىزلىك ھەرقانداق باي مىللەتنىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا قول ـ ئىلكىدە يوق قىلىپ قويىدۇ. پەزىلەتسىزلىك ھەر قانداق ئەقىللىق مىللەتنىمۇ ھامان بىر كۈنى دەلتە، كاللىسى قۇرۇق قىلىپ قويىدۇ!سەن بىلمىگۈچى ئەمەس. قەدىمىي تارىم مەدەنىيىتى ئۇيغۇر بىلەن بىللە

گۈللەنگەن. شۇڭا، تارىم دەرياسىنىڭ ئۇل زامانىدىكى نامى «ئۇغۇرداش» يەنى «ئۇيغۇر ئېقىنى، ئۇيغۇر دەرياسى» ئىدى. (ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم يازغان «تارىمدىن تامچە» گە قاراپ (سەن كۆرەلمىگۈچىمۇ ئەمەس. بۇگۈن يېڭى تارىم مەدەنىيىتى چېچەك ئېچىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا پۈتكۈل تارىم ۋادىسى ساغلىمۇ ئۇمىدلىك ۋە تەلەپچان كۆزلىرىنى بېقىپ يېتىپتۇ. ھالبۇكى سەنمۇ ئويغىنىپ، ئەجدادىڭدىن ئۇدۇم جاسارىتىڭنى قايتا ئۇرغۇتۇپ، سۆيۈملۈك ئانا يەر تارىمنىڭ چېكىسىگە مەرىپەتتىن گۈل تاقامسەن ياكى ئەزىم دەريا تارىمنىڭ سۈيىگە غەرق بولۇپ مۆڭگۈلۈق ئاقامسەن، ئويلان، ئەبگا!

## 1ـ ئەقىدىسىزلىك

ھەركىم بىلىدۇكى، ئىنسان — تەن (بەدەن) بىلەن روھ )جان) دىن تۈزۈلگەن مەخلۇق. روھ بولمىغان بەدەن بەجايىكى بىر قۇرۇق جاھازدۇر. ئەمدى ئەقىدە بولسا، ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىنسان ئېڭىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ .ئەقىدىسىز روھ ئەمەلىيەتتە چاھارپاي روھىدۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئەقىدىلىك ئىنسانلا، ئاندىن يۈكسەك ئاڭ پەزىلىتى ئارقىلىق مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەقىقى ئىنسان سانىلىدۇ.

ئەقىدە يەككىلىك دۇنياسىنىڭ ھاسىلى ئەمەس، بەلكى ئومۇملۇق ئالەمنىڭ مۇبارەك مەھسۇلاتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقىدە ھېچقانداق بىر شەخسكە تەئەللۇق خۇسۇسىي مۈلۈك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئومۇمغا، كوللېكتىپقا ئورتاق بولغان مەنىۋى قۇۋۋەت مەنبەسى. ئۇنى كۈندۈزدىكى پارلاق قۇياشقا، كېچىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشاتسا بولىدۇكى، ئەقىدىلىك ئىنسانلارنىڭ قەلبى ئاشۇ قۇياش ۋە ئاشۇ ئاينىڭ سېخى نۇرى بىلەن ھەمىشە يورۇق تۇرىدۇ. ئەقىدەنى پەقەت كۆپۈل كۆزى بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان خاسىيەتلىك رىشتە دېسە بولىدۇكى، ئەقىدىلىك مىللەتنىڭ قەلبى ئاشۇ خاسىيەتلىك رىشتە شارائىتىدىن بىر ـ بىرىگە ھەر دايىم چىڭ باغلانغان بولىدۇ.

ئەقىدە — سەن، مەن، ئۇ، يەنى بىزنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىزنى، بىر ـ بىرىمىزگە چىنپۈتۈشىمىزنى، بىر ـ بىرىمىزنى ئۆز ئارا قوللىشىمىزنى مىزان يادروسى قىلىدۇ. ئۇ ـ سەن، مەن، ئۇ، يەنى بىزنىڭ ئوتتۇراق ئىستەك، ئوتتۇراق غايىمىزنى كۆرەش نىشانىسى ۋە مەقسەت مەنزىلى قىلىدۇ. ئەگەر سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ، مەن

قويۇپ سەندىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ گۇمانلانسام، بىز ئۇچىمىزنىڭ جانجان مەنپەئىتىمىزگە تەئەللۇق ئىشتا، ئۇچىمىز ئىشنى ئۈچ تەرەپكە تارتساق، تەبئىيكى مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ئەجەللىك يېرى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سەن بىزگە تەئەللۇق مەنپەئەت باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، سەن بىز بولساق، ھەقلىق نېسىۋىمىزدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ رووۋۇك پېتى قېلىۋېرىمىز.

ئەڭ مۇھىمى، ئەقىدە ئىنسانىيەت مۇئەييەن توپنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇنىڭ ئەھلى ئۈچۈن بىر خىل يۈكسەك ئەقىدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى ئەرەب مىللىتىنىڭ جىددى ئېھتىياجى ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ماركسىزم بولسا، پرولېتارلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئۇل قىلىپ بەرپا قىلىنغان. دەرۋەقە كېيىنچە، مىللەت ئايرىمىسى خىلمۇ خىل بولغان قەۋملەر ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەرنىڭ توغرا يولغا يۈزلىنىشى ۋە ئىسلاھاتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بەزىلىرى قىلىچتىن قورقۇپ، بەزىلىرى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئەرەبلەرگە ئەقىدىداش مۇسۇلمان (ئىسلامغا ئەقىدە قىلغۇچى) لاردىن بولغان. ئۇيغۇرلارمۇ شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بىراق ئەبگاللىق ئىللىتى ۋۇجۇدىنى چىرماپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردا ئەقىدە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ »ئەلھەمدۇ لىللاھ مەن مۇسۇلمان» دېگەنلىرى يالغان. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ «ناماز ئوقۇش كونىلىق بولىدۇ» دېگەن زامانلاردا، مەھەللىسىدىكى مەسجىدلەرنى تاقاپ، ئۇنى ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويىدىغان ئامبار قىلغانلىقى پاكىت. ئۇلارنىڭ «مەن ماركسىزمچى، كوممۇنىستمەن» دېگەنلىرىمۇ كاززاپلىق. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدا كادىر بولۇپ، ناماز ئوقۇغان ئۇيغۇرنىڭ ساقلىنى يۇلۇپ، نامازغا ئەزان ئېيتقان مۇسۇلماننىڭ قۇلىقىغا مۇشتلاپ، ھاياتىي كۈچى بار ئۆمرىنى ئاۋام خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق، ئەمدىلىكتە بىر يۇمۇلىنىپلا تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەسجىد جامائەتىنىڭ قاتارىغا قوشۇلىۋالغانلىقى، ساقاللىرىنى ئۇزۇن قويىۋېتىپ، قوللىرىدىن تەسۋىنى چۈشۈرمەي «سۇبھانەللاھ» دېيىشىپ يۈرگىنى، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدا ئاۋامنىڭ يىلىكىدە سۈ ئىچىپ يۈرۈپ توپلىغان پۇل بىلەن مەككە - مەدىنەنى تاۋاپ قىلىپ «ھاجى ھەرەم» بولىۋاتقانلىقى شاھىت. ئۇلارنىڭ «مەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كادىرمەن» دېگىنى ئالدامچىلىق. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئۆز خەلقى ئۈچۈن يورۇيدىغان ئەقىدە چىرىغىدىن مەھرۇم. ئۇيغۇرلار قەلبى ئەقىدە چىرىغىدىن مەھرۇم ئادەمنى «كۆڭلى قارا

ئادەم» دەيدۇكى، قارا كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دىلىدا زۇلمەتكە غەرق بولغان يىگانە «مەن» دىن ئۆزگە ھېچكىم بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆنى ئەمەتنى قانداق يىقتىش، سەمەتنى قانداق يوقىتىشنىڭ كويىدا، يەنى قانداق قىلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ــ ئۇيغۇرغا تاقابىل تۇرۇۋشىنىڭ كويىدىلا ئۆتىدۇ .مانا بۇ ــ 21 ـ ئەسىرگە كىرىش ئىشىكىدە تۇرغان بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بولۇۋاتقان ئەھۋال!

دەرىخا! پاكىتلىق ساۋاق شۇكى، ئەقىدىسىز ئەلدە شەخسىيەتچىلىك يامراپ كېتىدۇ. ئەقىدىسىز ئەلدە، گۇمانخورلۇق، ساتقىنلىق قايناپ كېتىدۇ. ئەقىدىسىز ئەلنىڭ شانلىق تارىخىمۇ، پارلاق ئىستىقبالىمۇ بولمايدۇ.

كېلەچەكشۇناس ئالىملارنىڭ گويا بېرىدەك قارىشى شۇكى، 21 ـ ئەسىر پەن ـ تېخنىكا يۈكسەك تەرەققى قىلغان، مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققى قىلغان، دېموكراتىيە يۈكسەك تەرەققى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەن ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەتمۇ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ئەسىر بولىدۇ. 21 ـ ئەسىردە كىمنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ئۈستۈن، كىمنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولسا، شۇ كۈچلۈك بولىدۇ. كىم ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئۇلغار ئەقىدىگە ئىگە بولسا، شۇ مۇھتەرەم، شۇ ئېتىبارلىق بولىدۇ.

سەنمۇ ئادەم ئاتاڭنىڭ ئەۋلادى، سەنمۇ ھاۋا ئاناڭنىڭ يۈرەك باغرى، ھالبۇكى سەنمۇ ئۆزەڭنى قەدىرلە، ئۆزەڭنى سۆي، ئۆزەڭگە ئىشەنچ قىل. بىلگىنكى، ھەرقانداق مەۋجۇدات مۇئەييەن قىممەت بىلەن قەدىرلىك. ئىنسانمۇ شۇنىڭغا تەئەللۇق .سېنىڭ قىممىتىڭ بولسا قەدىرلىك يارسەن، ئەگەر قىممىتىڭ بولمىسا، قەدىرسىز خارسەن . قەدىرسىزلىك، خارلىق ساڭا ۋە ماڭا ھەرگىز خاس ئەمەس! شۇنداق ئىكەن، قەددىڭنى كۆتۈر، ئەتراپىڭغا قاراپ باق، قەلبىڭگە ئەقىدە چىرىغىنى ياق! مانا بۇ ــ نۇسرەت قەدىمىنىڭ ئېپتىداسى، غالىپ ۋە مەنىلىك ھاياتىنىڭ بىسمىللاسى.

دوپپاڭنى ئالدىڭغا ئەپقويۇپ تۇرۇپ، ئوبدان ئويلان، ئەبگا!

## 2ـ ئىناقسىزلىق ۋە ئېپتىدائى مەھەللىۋازلىق

ئادەمنى ئېرسەك دېمەگىل ئادەمى،
ئانىڭكىم خەلق غەمىدىن يوقتۇر غەمى.
ــئەلىشىر نەۋائى

ئۇيغۇر پسىخولوگىيىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىۋاتقان بەزى ئالىملار «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنچە ياۋاش ۋە مۇنچە سادىدا بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەممىشە قوي گۆشى يەيدىغان ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە بۇ خىل قاراشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ .چۈنكى يەر شارىدا ئىنسانلىك پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ روناق تېپىشى ئۇنىڭدىكى سۇ، ھاۋا ۋە كۈن نۇرى قاتارلىق تەبىئى مۇھىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. تەبىئى مۇھىتى ۋە جۇغراپىيىلىك ماكانلاشقان ئورنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇد. مەسىلەن، تاغلىقلاردا تاغ پسىخىكىسى، چۆل - باياۋانلاردا ياشايدىغانلاردا چۆل پسىخىكىسى، دەريا - دېڭىز بويلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەرنى ماكان قىلغانلاردا بولسا، شۇ كونكرېت مۇھىت شەكىللەندۇرگەن خاس پسىخىكا بولىدۇ. ئەمدى كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىستېمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەردىكى پەرقلەرمۇ ئىنسانلىك پسىخىكىسىدا مۇئەييەن ئىزلارنى قالدۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس .مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام شەرىئىتى ئىجازەت بەرگەن ئاچا تىياق جانىۋار كالىنىڭ گۆشىنىمۇ «تەبىئىتى سوغۇق، ئادەمگە سوغۇق كېلىدۇ» دەپ يەكلەپ تۈزۈك يېمەيدىغان، يىل ئون ئىككى ئاي ئاساسەن قوي گۆشى بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ئۇيغۇرغا قوي مىجەزىنىڭ سىپىپ قېلىشىمۇ ئابايىقى گەپ. بىراق خۇدا بىلىدۇ، ئەبگا ئۇيغۇرغا ئاشۇ جانىۋار قوينىڭ ئەڭ مۇبارەك خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان ئۆملۈك، ئىناقلىق خىسلىتىنىڭ مۇتلەق سىڭمىگەنلىكى ئىنسانلىك ئەقلىنى لال قىلىدۇ. ئالايلۇق، تۆت توڭگۇزنى باققىلى ئېلىپ چىقسا، ئېغىلدىن چىقىپلا تۆتى تۆت تەرەپكە پىتىراپ كېتىدۇ. بىراق ئوتتۇز قوينى بىر كىچىك بالا دەلنەزى باقالايدۇ. چۈنكى قوي دېگەن بىر - بىرىگە ئەگىشىدۇ، توپ ئوتلايدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، نىسبەتەن چېچىلىپ ئوتلاۋاتقان قويلار ئەگەر بۆرىنىڭ ۋەھىمىسىنى سەزسە، دەرھال «دۈررىدە» كېلىپ، بىر جايغا مەھكەم تويلىشىۋالىدۇ ـــ شۇ يوۋاش، سادىدا قويمۇ ئۆم بولۇپ، ئۇيۇشۇپ تۇرۇپ، بۆرىنىڭ ھۇجۇمىنى تار - مار قىلىدۇ! بىراق ئەبگا ئۇيغۇردا ئۆملۈك، ئىناقلىق ھۇجەيرىسى كەم ياكى تەرەققى قىلمىغان بولغاچ، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆملۈكتە ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. نەتىجىدە خۇددى تويتىن ئايرىلغان قوي بۆرىگە يەم بولغاندەك تەقدىرگە ئۇچراقلا تۇرىدۇ.

تارىخ كىتابلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇچقاندەك ئالغا كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، گاھى ئاتنىڭ قورسىقىغا شۇڭغۇپ تۇرۇپ، ئوقيانى ئالدى تەرەپتىكى نىشانغا قانداق دەل تەككۈزسە، بەل ئۈستىنى «شاپىدە «كەينىگە بۇراپلا ئوق ئۈزۈپ، ئارقا تەرەپتىكى دۈشمەننىمۇ تىك موللاق چۈشۈرىدىغان جەڭگىۋار مىللەت ئىدى دەپ تەرىپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆم ـ ئىناقلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق بىر يارقىن رىۋايەت ئەلمىساقتىن بۇيان، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، كىتابتىن ـ كىتابقا كۆچۈپ، داستان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ» :ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى بارچەغە مەلۇم ياپۇشقۇچى مەنىسىدادۇر. مەسىلەن، ئايتەلەر سۈت ئۇيۇدى دېپ. سۈيۈق ھالدا بىرسى بىرسىندىن ئايرىلە ئىدى. قاتىق بولغاندان سوڭ بىرى بىرىنە ياپۇشدى ۋە دەخى ئايتەلەركى ئىمامغە ئۇيۇدى. ئىمام ئوتۇرسا ئوتۇرار، تۇرسا تۇرادۇر بەس، ياپۇشقانى بولماي مى؟ ئانلار كەلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتەكىنە قوللارى ئىلەن مۇھكەم ياپۇشقاچ، خان ئانلارغە «ئۇيغۇر» دەدى، ياپۇشقۇچى دېگەن سۆزدۇر») «ئۇيغۇر» نىڭ مەنىسى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، «يېپىشقۇچى» دېگەن بولىدۇ .مەسىلەن، سۈت ئۇيۇدى دېگەنگە ئوخشاش. سۈيۈق ھالدا بىرسى بىرسىگە ھىملەشمەي تۇرغان نەرسە، قاتقاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە يېپىشىدۇ. يەنە تېخى «ئىمامغە ئۇيۇدى» دېگەن گەپمۇ بار. ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرىدۇ. تۇرسا تۇرىدۇ، بەس. مانا بۇ يېپىشقىنى بولماي نېمە؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتىكىگە قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشقاچ، خان ئۇلارنى «ئۇيغۇر» دېگەن. بۇ «يېپىشقۇچى» دېگەن سۆزدۇر.) [ قاراڭ: ئەبۇلغازى بەھادىرخان يازغان «شەجەرەئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەر شەجەرىسى) 11 ـ بەت، قازان ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1891 ـ يىل نەشرى ]. دېمەككى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە ئۆم ـ ئىناق بولغاچ، «بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ ئۇيۇيدىغان»، «ئۇيۇشقاق خەلق» مەنىسىدە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، ئام ـ ئىناقلىق ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تېپىك پەزىلىتى ۋە يۈكسەك خىسلىتى ئىدى. ئۇزاق قەدىمدىكى ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆم ـ ئىناق ۋە ئۇيۇشقاق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق جەڭگىۋار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە بۈيۈك قاراخانىيلار زامانىسىدىكىدەك شانلىق مەدەنىيەت دەۋرىنى بەرپا قىلالىغان.

ۋاھالەنكى كېيىنكى چاغلاردا، خېلى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلارغا ئۆز يۇرتلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەكلىماكاندىكى قۇمنىڭ خۇسۇسىيىتى سىڭىپ قالغاچقا، ئۇلار ئۆملۈك، ئىناقلىق ئەنگۈشتىرىنى يوقىتىپ قويغان. نەتىجىدە تەدرىجى ئەبگاللىشىپ، بۇگۈنكىدەك ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئۆزئارا ئۆم ـ ئىناقلىقتا بىر ياقىدىن باش،

بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، بىر ـ بىرىنى قوللىشىش بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزئارا ھەسەتخورلۇق قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ كۆتىنى كولاش، بىر ـ بىرىنى ھۆل خىشقا دەسسىتىش، كادىرى پۇقراسىنى ئالداش، شەھەرلىكلىرى يېزا ـ سەھرالىقلىرىنى گوللاش، مەست بولغاندا ھال ئوقۇپ دەرتلىشىش، يېشىلگەندە بىر ـ بىرىنى داۋاملىق قەستلىشىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغان.

يەككە ـ يەككە ئىناقسىزلىقنى ئازدەپ، توپلىشىپ ئىناقسىزلىق قىلىشنىڭ مودا بولۇپ قېلىۋاتقىنىغا ئەپيۇھەنناس! ئالايلۇق، يۇرتۋازلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەرەققىي قىلىپ تازا قىيامىغا يەتكەن بىر جاھىل ئىللەت. ئۇنى »ئىتتىپاقلىشىش، ئۆز ئارا قوللىشىش« دەپ پەدەزلەۋاتقان ئەبگالارغا لەنەت!

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، يۇرتۋازلىق ھازىرقى زامان مىللەتلىرى تېخى رەسمىي مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن چاغلاردىكى ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىقنىڭ قالدۇقى؛ ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىق ۋە قاششاقلىق ھارۋىسىنىڭ ئەبجەق جابدۇقى. ئىپتىدائىي مەھەللىۋازلىقنى دۇنيا مىللەتلىرى ئۆز ئېڭىدىن چىقىرىپ تاشلىغۇەتكىنى نەۋاخ؛ بىز ئۇيغۇرلار ئۇنى ئومۇملاشتۇرىۋاتىمىز تېخى باشتىن ئاياغ. يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا، »شىماللىق« ۋە »جەنۇبلۇق« دەپ ئىككىگىلا ئايرىش بار ئىدى. ھازىر جەنۇبلۇقلار يەنە ئاقسۇلۇق، كاشغەرلىك ۋە خوتەنلىك دەپ ئايرىلىدىغان، كاشغەرلىكلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن قاغىلىقلىق، پوسكاملىق ۋە يېكسارلىق دەپ تۈرلىنىدىغان بولىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئايرىش بۇرۇن ئاۋاملار ئارىسىدا كۆپرەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا باھانە كۆرسىتىپ: »پۇقرالىرىمىزنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسى تۆۋەن« دېيىشتۇق. ھازىر بولسا، بۇ بىر قىسىم كادىرلارنىڭ دەۋران سۈرۈش ۋاستىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمدى، بۇنىڭغا نېمە دەپ باھانە كۆرسىتەرمىزكىن؟ بولدى، باھانە كۆرسەتمەيلى، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېچىپلا دېيلى ـــ بۇ دەل قىسمەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئەبگاللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى!

زىيالىلار قوشۇنى ئىچىدىكى مەھەللىۋازلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ، قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ھېكايەت، مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بىر بۆلۈمىگە يۇقىرىدىن بەش شتات بېرىلگەن بولۇپ، ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغىچە، بۆلۈم باشلىقى ئۆزى بىلەن يۇرتداش بولغان ئۈچ ئادەمنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان. نەتىجىدە ئامىنىڭ بۇنىڭغا پىكرى چىققان، چوڭ باشلىقنىڭمۇ سەل خۇيى تۇتقان. شۇڭا بەشىنچى شتات ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، شۇ بۆلۈم خىزمىتىگە تازا باب كېلىدىغان، بىراق بۆلۈم باشلىقى بىلەن يۇرتداش بولمىغان بىر ياشنى بەرگەن. ئۆز

كەسپىگە ماس خىزمەت ئورنىغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال بۇ ياش بۆلۈمگە ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىپ، خىزمەتلەرنى شۇنچە جانپىدالىق بىلەن ئىشلىسىمۇ، بۆلۈم باشلىقى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئۇنى سىپسىق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەپ خاپا قىلغان. بۇنى ئاز دەپ، ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا بۆلۈمنىڭ بۇلۇڭىدىكى تۈكۈرۈك قاچىسىنىڭ لېۋىگە قوندۇرۇپ ساپ ـ سېرىق خەپىرۈك تۈكۈرۈپ، ھېلىقى غەيرى يۇرتداش ياش بالىنى «تۈكۈرۈك قاچىسىنى يۇيۇپ كىر» دەپ بۇيرىغان. ياش بالا ئۇن ـ تىنسىز ئۇنى يۇيۇپ كىرگەن. يەنە بەش ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن بۆلۈم باشلىقى ئۇ ئىپلاس قىلىقىنى يەنە تەكرارلىغان. غەيرى يۇرتداش ئۇيغۇر ئاشۇنداق خارلانسا، يۇرتداشلار بىر تەرەپتە «خىر ـ خىر» كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بۆلۈم باشلىقى مەزكۇر غەيرى يۇرتداش بالىنى دوكلات يېزىپ، باشقا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. كېيىن باشقىلار ئۇ بۆلۈم باشلىقىدىن بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، جانابى بۆلۈم باشلىقى ھېچبىر خىجىل بولماستىن : »نېمىشقىدۇر مېنىڭ كۆزۈمگە باشقا يۇرتلۇقلار زادىلا سىغمايدىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن .يەنە ھېكايەت، مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان بىر ئۈرۈمچىلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، ئىككى يىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسېرتاتسىيە ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسىنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ «تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» دېگەن بىر ماۋزۇنى سۇنغان. ئۇستازى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ ماۋزۇ ھەققىدە يازىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «خەقلەر، مەھمۇد كاشغەرى، مەھمۇد كاشغەرى، دېسە، قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ. مەن ئۇ ئادەمنى كاشغەرلىك ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۈرۈمچىلىكمىكىن دەپ ئويلايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭسىزمۇ شىماللىق ئۇيغۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ نامايەندە شېئىرى »تۈگىمەس ناخشا» نى جەنۇبلۇق شائىرلار «ئۇ شېئىر ئەمەس، بەلكى ئىككى ئېغىزلا گەپ «دەپ قەستەن چۈشۈرۈپ ماقالە يازىدىغان، جەنۇبلۇق ئالىم موللا مۇسا سايرامى ۋە نىم شەھىد ئارمىيە ئېلىلەرنىڭ تۇپراق بېشىغا بولسا، شىماللىق ئەدىبلەر يولاپمۇ قويمايدىغان ئەھۋال بىر قىسىم زىياللىرىمىز ئارىسىدا غەيرى ھال ھېسابلانمايدىغۇ؟!

دەرۋەقە، يۇرتداشلار بىر يەرگە كەلسە، ھېلىقى تونۇش تار كوچىنىڭ دوقمۇشى ۋە ھېلىقى دوڭغاق سۆگەتنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى ھەققىدە مەھەللىۋى تەلەپپۇز بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم كاسىلدىشۋالسا، ئادەم خېلى پۇخادىن

چىقىپ قالدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇرتداشلارنىڭ ئۆز ئارا ئىزدىنىشى ۋە بىرگە ئولتۇرۇپ - قوپۇش قىلىشىنى ئاداققى ئەيىبلەش ئىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق يۇتداشلار ئارىسىدىكى يېقىنچىلىقنى سىياسى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خىزمەت مەيدانىدا ھېچقانداق بىر ئىقتىدار ئۆلچىكى يوق مەھەللىۋى مەزھەب بولۇپ ئۇيۇشۇۋالسا، ئۇ ئاقىۋەتتە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەت تولۇپى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە يۇرتۋازلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسى گەۋدىسىگە چىققان بىر خىل ئۆسمە. ھالبۇكى ئۇنى پەقەت ئۆز ۋاقتىدا كېسىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خوش، ئەبگالىق ئىللىتىگە ئەسىر بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار زادى نېمە ئۈچۈن ئۆز ئارا ئىناقلىشالمايدۇ؟ نېمىشقا بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز تونۇش جەھەتتە، ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر مابەينىدە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن تەۋەررۇك ئاڭ — ئورتۇراق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭىغا ئۇزۇل - كېسىل خىيانەت قىلغان . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا ئىچكى ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇ دەرىجىدە ناچار بولۇشى ئۇلاردا ئورتۇراق مەنپەئەت ئېڭى ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدىيىسىنىڭ يوقلۇقىدىن بولىۋاتىدۇ.

روناق تېپىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئىبرىۋاتقان پاكىتلىق ساۋاق شۇكى، مەيلى قانداق قەۋم، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ مەنمۇ گۈللىنەي، تەرەققى قىلىپ باشقا ئەللەر قاتارىدا يۈكسەك مەدەنىي ھايات باياشاتلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەي دەيدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز ئېڭىدا، ئۆز قەۋمى، ئۆز مىللىتىنىڭ جامائىتى ئۈچۈنلا تەئەللۇق بولغان ئورتۇراق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە قارىشىنى ئەبەدىيلىك قىلىپ تۇرغۇزۇشى لازىم. ھېكايەت، گېرمانىيىدە ئەخلەت تۆكىدىغان جاي ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان بىنالاردىن خېلىلا يىراقتا بولىدىكەن. ئاھالىلار ئۆز ئۆيلىرىدىن چىقىدىغان كۈندىلىك ئەخلەتنى ئاشۇ خېلى يىراق جايدىكى ئەخلەتخانىغا ئۆزلىرى ئاپىرىپ قويىدىكەن. كىشىگە تەئەججۈپ بولىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئەخلەتنى قارا - قويۇق يوملاپلا تاشلاپ قويماستىن، ئۆزلىرى ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ، مەسىلەن، سەي - كۆكتات ئېشىندىلىرى ۋە مېۋە - چېۋە شۆپەكلىرىنى ئايرىم، قەغەزلەرنى ئايرىم، تۆمۈر بوتۇلكىلارنى ئايرىم ۋە ئەينەك بوتۇلكىلارنى ئايرىم قىلىپ، خاس خالتىغا چىرايلىق قاچىلاپ، ئاندىن ئاپىرىپ قويىدىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن زىيارەتچى ئۇلاردىن:

«ئەخلەتخاناڭلارنىڭ يېنىدا، ھەممىنى پومالاپلا تاشلىدىڭ، دەپ تۇتتۇۋالىدىغان ساقچىلارغۇ كۆرۈنمەيدۇ. ھالبۇكى مۇنچىۋالا زىللىق قىلىپ نېمە قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار تولىمۇ تەبىئىي قىياپەتتە: «بۇ ئەخلەتلەر ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىغا بارغاندا، ھامىنى تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ .ھالبۇكى ئەگەر بىز تۈرلەرگە ئايرىپ بەرسەك، ھۆكۈمەتنىڭ ئەخلەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان سەرپىيات ۋە ئاجرىتىدىغان خىراجىتىنى تېجەپ قالىمىز .بۇ ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز ئۈچۈن پايدا. ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ پايدا، ئاشۇ مەنپەئەتتە بىزنىڭمۇ تېگىشلىك نېسىۋىمىز بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە ھېكايەت، ياۋرۇپادا ئىشلەمچى بولۇپ يۈرگەن تۈركلەر يىلدا بىر قېتىم تۈركىيىگە قايتىپ، ھۆكۈمەتكە شەخسىي تاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇشى لازىمكەن. ھەۋەس قىلىشقا تېگىشلىك ئاڭ شۇكى، ئۇلاردىن ھېچكىم بۇ باجدىن قېچىپ چەتئەللىك بولىۋالمايدىكەن. ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مۆھلەتنىڭ دەل ئۆزىدە، كېلىشلىك باجنى ئاشۇرۇپ تاپشۇرسا تاڭشۇرىدىكەنكى، ھەرگىزمۇ كەم تاپشۇرمايدىكەن، باج ئوغۇرلىمايدىكەن، ھۆكۈمەتنى ئالدىمايدىكەن. نېمىشقا؟ ھۆكۈمەتنى ئالدىساق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئالدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزغا ئۆزىمىز توپا سالغان بولىمىز دېگەن تونۇش ئۇلارنىڭ كاللىسىدا خۇددى ئوچۇق ئاسماندىكى كۈندەكلا روشەنكەن. مانا بۇ ــــ ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ ئورتتۇراق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەبىئىي ئىنكاسى!

دۇرۇس، سەن قانۇن جەھەتتە، مۇستەقىل بىر ئىنسانسەن. شۇڭا، قانداق ياشاش سەندىكى دەخلى تەئەررۇزسىز ھوقۇق .بىراق سېنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ شەنىنى بۇلغاشقا مۇتلەق ھەققىڭ يوق. چۈنكى سەن ئالدى بىلەن بىر ئۇيغۇرسەن، ھازىرقى جۇڭگو نوپۇس دەپتىرىدە، يەتتە مىليون ئىككى يۈز ئون تۆت مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز سەككىز سانىلىۋاتقان (1990 ـ يىلىدىكى سان) ئۇيغۇرنىڭ بىر نەپىرىسەن. دېمەككى، سەن ئۇندا يەككە ــ يېگانە، يېتىم ــ يېسىر بىر ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى، «ئۇيغۇر» ئاتلىق بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ بىر ھۈجەيرىسىسەن. ھالبۇكى، سەن ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەۋجۇت. ئۇيغۇر گەۋدىسى نابۇت بولسا، سەنمۇ بولىسەن نابۇت. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر گەۋدىسى كۈچلۈك بولسا، سەنمۇ كۈچلۈك، ئۇيغۇر گەۋدىسى ئاجىز بولسا، سەنمۇ ئاجىز رووۇك. بۇ يەردىكى كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقنى بەلگىلەيدىغان نەرسە، پۈتكۈل ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى ۋە جان تومۇرى بولغان ئورتتۇراق مەنپەئەت، ئەلۋەتتە!

سەندە ئورتاق مەنپەئەت ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن ئوتلىغان

ئېشەكتەك ئۆزەڭنىڭ گېلى ۋە ئۆزەڭنىڭ ئەملىنىڭ كويىدىلا سوكۇلداپ يۈرىدىغان بىچارە ھالەتنى ئۆزگەرتەلەيسەن؛ ئورتاق مەنپەئەت ئېڭى بولغاندىلا، ئاندىن شەخسى مەنپەئەتتىن كېچەلەيدىغان، ئۆز نەپسىڭنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقا قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن ئۆز كۈچۈڭنى ۋە زېھنىڭنى بېغىشلىيالايدىغان بولىسەن. سەندە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن ئەمەتنىڭ ئەملى سەندىن يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدىغان، سەمەتنىڭ سىيرى سېنىڭكىدىن ئوشۇق موزايلىسىمۇ خۇيۇڭ تۇتۇپ قالماي خوشال يۈرەلەيدىغان بولىسەن. ئەڭ مۇھىمى، سەندە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن مەيلى گۇاڭجۇ، مەيلى شاڭخەي ۋە مەيلى ئىستانبۇل ياكى بېرلىندە بولساڭمۇ، يۈرىكىڭ سېلىپ كەتمەي، «مەن ئۇيغۇرمەن» دېيەلەيدىغان، ئۆز ۋەتىنىڭ، ئۆز خەلقىڭنىڭ غېمىنى ئۆز غېمىڭ بىلىپ يېيەلەيدىغان بولىسەن.

يەكۈن شۇكى، ئورتاق مەنپەئەت ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە ئېڭى يوق ئەلدە، ئۆملۈك، ئىناقلىق بولمايدۇ. ئۆملۈك، ئىناقلىق يوق يەردە، بىچارىلىكتىن باشقا نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ.

بىچارىلىك ساڭا ياقمەندىمۇ، ئويلان،

# 3ـ ساتقىنلىق ۋە مۇناپىقلىق

يولۇڭنى تۈزەتكىن، خۇي پەيلىڭ تۈزەت،

بول ئىككى جاھاندا تۆردە ئولتۇرا.

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 6641 ـ بېيىت)

ساتقىنلىق ــ ئەبگالىقنىڭ يەنە بىر ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى روناق تاپقۇزمايۋاتقان ئەڭ ئەجەللىك ئىللەتلەرنىڭ بىرى. ھېكايە، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، غورۇرى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى ئۆزى بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، ئۆزى بىلەن بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسان روزى موللىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنىپ، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلىنغان. شۇ يىلى ئۇ تېخى ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن بىر ياش ئەزىمەت ئىدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ــ ئۇيغۇر، روزى موللىمۇ ئۇيغۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، زادى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر روزى موللا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چېقىشتۇرۇپ، ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ؟ بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە روھ جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقتا. يەنى بۇ ئىككەيلەن گەرچە دىنداش ۋە مىللەتداش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھ بىر ـ بىرسىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتكۈل خەلقىم، پۈتكۈل مىللىتىمنىڭ ئورتۇراق مەنپەئەتى مېنىڭ مەنپەئەتىم؛ مىللىتىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پىدادۇر جېنىم دەيدىغان مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىگىسى ئىدى؛ روزى موللا بولسا، مېنىڭ گېلىم ــ مېنىڭ بارلىقىم؛ ھاكىم گېلىمغا نان بەرسىلا ئۆز مىللىتىمنىڭ، ئۆز خەلقىمنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى بەش پۇلغا سېتىۋېتىسەممۇ شۇركەنمەس تېنىم دەيدىغان ساتقىنلىق روھىنىڭ بەندىسى ئىدى.

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەر قانداق ئىرق، ھەر قانداق دىن ۋە ھەر قانداق بىر مىللەتكە تەۋە ئادەم ئۈچۈن، ئەمەلىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، ئۆز خەلقىغە كۆيۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاشنى تۈپ مەزمۇن قىلىدىغان مىللەتپەرۋەرلىك ئەزەلدىن ئەبەدكە گۇناھ ھېساپلانمايدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مىللەتپەرۋەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى ۋە تەۋرىنەس ئاساسى. ئۆز مىللىتىنى سۆيمىگەن ئادەم تەبىئىي ھالدىلا ئۆزىنىڭ يۇرتىنىمۇ سۆيمەيدۇ. ئەمدى، ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى چىن دىن سۆيۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاداققى نىشان قىلىنغان مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە، ھەر قايسى مىللەتلەرگە خاس تۇرلۇك ئادەملەرنىڭ قەلبىدە باراۋەرلىك ۋە خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇقى بىلەن جارى قىلدۇرۇش ئاكلىلىقىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى بار، ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇ چۈشەنچە توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا، مىللىي ساتقىنلىق ۋە مىللىي مۇناپىقلىق تىتاك تومۇرىغا تەككۈزۈپ ئەيىبلىنىشى ۋە خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنىپ، ئادەمىي ئەخلاق بابىدىن ۋە ئىنسانىي پەزىلەت مەيدانىدىن ئەبەدىيلىك قىلىپ قوغلاپ چىقىرىلىشى لازىم.

ئوچۇق كۆپۈللۈك بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان ئىچكى تارىخىدا، ھامان زور ــ زور پاجىئەلەر بىلەن نەتىجىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر كۈرەش بار. ئۇ بولسىمۇ،

مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مىللىي ساتقىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. 30 - ۋە 40 - يىللاردىكى ئويغىنىش دەۋرىدە بىھۇدە قەتلى قىلىنىپ كەتكەن ئاتاقلىق تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇقادىر داموللام، مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى مۇھەممەد ئەلى تەۋپىق ئەپەندى ۋە ئوتيۇرەك شائىر، تاغ يۈرەك تالانت لوتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خىل مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مىللىي ساتقىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ غولluq قۇربانلىرى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن يەكۈنلەپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە، روزى مولللارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ قانلىق نەتىجىسى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاردىن ئاتمىش ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلغانلارمۇ، ساتقىن روزى مولللىنىڭ ئىپلاس جەندىسىگە مىراسخورلۇق قىلغانلارمۇ بار. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ئىچىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپمۇ ياكى روزى مولللىنىڭ ئەۋلادى كۆپمۇ؟ ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، ۋىجدانىڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار!

بىز «ئۇ مىللەتمۇ بولمايدۇ، بۇ مىللەتمۇ يارىمايدۇ. دۇنيادا مەن ئاكاڭ بىرىنچى» دەيدىغان تار مىللەتچىلىككە ئىنتايىن ئۆچمىز. بىز مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى كۆز قارىچۇقىمىزدىن بەكرەك ئەزىزلەيمىز ۋە ئاسرايمىز. چۈنكى، بۇ يۇمۇلاق يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق ئىشلىرىنى پەقەت يۇمۇلاق شىرە ئەتراپىغا جەم بولۇپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، ھەممە تەرەپلەرنى ئوخشاش كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئەستايىدىل سۆزلىشىش، پىكىرلىشىش ۋە سىردىشىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز «مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاق، ئىناق بولۇش «دېگەن ئەسلىدىن توغرا ۋە ھەقلىق شوئارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە بۇرمىلاپ، «ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى پۈتۈنلەي قۇربان قىلىش، ئۆز خەلقىنىڭ ھەقلىق نېسۋىسىنىمۇ قالدۇرماي سېتىۋېتىش» قىلىپ چۈشىنىۋاتقان ۋە چۈشەندۈرۈۋاتقان ئەبگالارغا لەنەت ئوقۇيمىز!

سەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت مەركىزىي تۈۋرۈك قىلىنغان ئەلدىكى بىر ئۇيغۇر كادىرسەن. ئەڭ ئەقەللىي ساۋات شۇكى، سەن ئالدى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇر مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلىسەن. چۈنكى ئەگەر سەن ئىسسىق قانلار بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىر ئۇيغۇر بولمىغان بولساڭ، ساڭا ئۇ ھوقۇق، ئۇ ئورۇندۇق مۇتلەق يوق ئىدى. شۇڭا، سەن ھەر خىل مەجلىسلەردە، تۈرلۈك قانۇنىي سورۇنلاردا ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىڭنىڭ يىغىسى ئۈچۈن يىغلىشىڭ، ئۆز مىللىتىڭنىڭ كۈلكىسى

ئۆچۈن كۈلۈشلۈك كېرەك. ئەگەر سېنىڭ پىكرىڭ، سېنىڭ بايانىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، راست بولىدىغانلا بولسا، يىغىن رىياسەتچىسى، قانۇن ـ تۈزۈم مەمۇرىيىتى سېنىڭ پىكرىڭنى قوبۇل قىلىدۇكى، پەقەت شۇ چاغدىلا سەن ھەقىقىي ئۇيغۇر كادىرى بولغان بولىسەن. ئەكسىچە سەن «مەن ئۇيغۇر كادىرمەن، ھالبۇكى ئۇيغۇر ئۈچۈن گەپ قىلسام، شەخسىيەتچىلىك قىلغان، مىللەتچىلىك قىلغان بولىمەن. بۇ ھالدا يولداشلارنىڭ ماڭا پىكرى چىقىپ قالىدۇ» دەپ، ھەقىقەتكە چاپان ياپساڭ، ئۆز خەلقىڭنىڭ تۇرمۇشىدىكى يوقىرىغا يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك دەرد ـ ئەھۋالىنى راستى بىلەن دوكلات قىلمىساڭ، ئۇنى ئاز دەپ باشلىقنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش تەمەسىدە پاكىت ئۆيدۈرۈپ يالغان گەپ قىلساڭ، بۇ ھالدا سەن ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقان ئەبگا كادىر بولغان بولىسەن، خالاس.

بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە، مەلۇم ساندىكى ساتقىنلارنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەجەبلىنەرلىكى ۋە خەۋپلىنەرلىكى، ساتقىنلىق ئىللىتىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۈچۈن جاھاندارچىلىق ۋاستىسى بولۇپ قېلىشى. ساتقىنلىق بىر مەرەز ئىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ سوبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى تۈرلىنىش ۋە يامراش سەۋەبلىرىگىمۇ ئىگە.

نەپسانىيەتچىلىك ـــ ساتقىنلىق تۈرەلمىسىنى پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئۆستۈرىدىغان پارنىك. «كۆڭلى تىلەركى دەھرىدە بار پۇلنى ئالسا ئۇل، بولسا ئاڭا نەسىب بۇ ئالەمدە بارچە ھەرام» ( كۆڭلى بۇ دۇردىكى ھەممە پۇلنى مەنلا ئالسام، ھەتتا بۇ ئالەمدىكى بارلىق ھارام نەرسىلەرمۇ ماڭا نىسىپ بولسا، دەپ تىلەيدۇ) مانا بۇ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شائىرى ئەمىر ھۈسەين سەبۇرى قەلىمى سىزغان نەپسانىيەتچىنىڭ ئوبرازى. نەپسانىيەتچى ئادەمنىڭ ئولتۇرسا ـــ قوپسا ئويلايدىغىنى شەخسى ئۆزىنىڭ نەپسى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ تويماس گېلى. ئۇنىڭ تونۇشىدا يا ھالال ـ ھارام ئېڭى، يا ھەق ـ ناھەق قارىشى مەۋجۇد بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پۇل بەرسىلا، گېلىغا ھەلەڭنىڭ ئورنىدا بىر يىگۈلۈك بەرسىلا، ئاشۇ پۇل بەرگۈچى ۋە ئۇنى باققۇچى ئۈچۈن ئېشەككە ئوخشاش ئىشلەۋېرىدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇل ئۈچۈن، ھارام تاماق گال ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەزىز مەنپەئەتىنى سېتىۋېتىش يېڭىغا قونۇپ قالغان تويىنى قىقۇۋەتكەنچىلىكمۇ بىلىنمەيدىغان ئىش. ھالبۇكى قەيەردە نەپسانىيەتچى كۆپ، شۇ يەردە ساتقىن كۆپ؛ قەيەردە ساتقىن كۆپ، شۇ يەردە بۇرۇختۇملۇق، ئاھ ئۇرۇش ۋە روھى ۋەيرانىلىق كۆپ.

بىپەرۋالىق بىلەن رەزىللىككە سۈكۈت قىلىش ـــــ ساتقىنلىقنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرىدىغان روھلاندۇرۇش دورىسى. ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئابدۇ خالىق ئۇيغۇر ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە مەرد ئوغۇل ئىدى؛ روزى موللا بولسا، روھىي دۇنياسى ئەڭ پاسكىنا، ئىنسانىيەت ئىللەت بابىدىكى پەسىنىڭ پىسى سانىلىدىغان ساتقىنلىقتىن ئىبارەت مەخلۇق روھىغا قۇل ئىدى. ئابدۇ خالىق ئۇيغۇر ھەتتا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئەيمىنىدىغان، دوستلىرى، قېرىنداشلىرى بولسا، سۆيۈنۈپ تەلپۈنىدىغان سەردار ئۇيغۇر ئىدى؛ روزى موللا بولسا، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇرلارنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان سېپى ئۆزىدىن بولغان ئەبگا ئۇيغۇر ئىدى. يەنە ھەممە ئادەم بىلىدۇكى، بۈيۈك ئىنسان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ھايۋان تەبىئەت روزى موللا ساتقىنلىق قىلىپ ئۆلتۈرگۈزگەن. ئىچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنىدۇ، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرگۈزگەن روزى موللا بولسا، يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەخىرامان يۈرۈۋەرگەن. ھېچقانداق بىر تارىختا، ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۇ ساتقىننىڭ ھەتتا بىر تال مويىغىمۇ چېقىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. بۇ نېمە؟ بۇ ـــــ رەزىللىككە سۈكۈت قىلىش! ئۇ ئالىممۇ ياكى زالىم، ئۇ قەھرىمانمۇ ياكى خائىن، ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ. مۇھەببەتنىمۇ، نەپرەتنىمۇ ئوخشاشلا بىر قەبرىستانلىققا كۆمۈۋېرىدۇ. بەك ئاچچىقى كېلىپ كەتسە، «خۇدايىم جازاڭنى بېرەر، ئىلاھىم»، «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» (قىساسنى ئاللاھ ئېلىپ بېرىدۇ) دەپ قارغاپ قويۇپ، يەنىلا مىسكىن يولىغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. لەنىتى ساتقىن تېگىشلىك جازاسىنى يېمىگەنلىكى، ھەتتا مۇۋاپىق سورۇندا، ھەقلىق تۈردىكى ئەيىبلەشكىمۇ ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، خورىكى ئۆسۈپ، سېتىش تىجارىتىنى داۋاملىق قىلىۋېرىدۇ.

كۆتۈرمىچىلىك ـــ ساتقىنلىقنى خېرىدار بىلەن تەمىنلەيدىغان بازار. ئىلىمدارنى پەگاھتا قويۇپ، ئەمەلدارنى ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئۈمچىغا قارىماي ھامان تۆرنىڭ كاللىسىغا مىندۈرۈپ قويۇش، ئىلىمداردىن ئەيمەنمەي، ئەمەلداردىن قورقۇش، ئۇ ئەمەلنىڭ نېمە بەدىلىگە كەلگەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئەمەلدار بولسىلا چوقۇنۇش، ئەمەلدار بولسىلا چاپىنىنى كۆتۈرۈش ـــ بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېلى زامانلاردىن بويان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يامان ئىللەت. ياڭ زېڭشىڭ، شېڭ شىسەيلەر ئۆز زامانىسىدا، ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. ئۇيغۇر يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئۆچۈن مىللىي ساتقىنلىققا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. كىم زالىم ھۆكۈمەتكە قولچوماق بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ساتسا، شۇنىڭغا ئەمەل بەرگەن؛ كىم ئۇيغۇر ئاممىسىنى نادانلىق، قاششاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك يولىغا

بەكرەك باشلىيالىسا، شۇنىڭغا ئىمتىياز بەرگەن. ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئاشۇ 30 ـ يىللاردا، بىچارە نادان خەلق «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەندىن كېيىن ئەمدى پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دەۋەتكەنىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەي جانابلىرى پەيغەمبەر بولغان بولاتتى» دېگەن ئەبلەخنىمۇ قولىدا ئەمەل ۋە ئىمتىيازى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كاتتا دىنىي ئۆلىما بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىخلاس نامىزىنى ئوقۇپ يۈرگەن. يامانغا يانتاياق بولۇپ، ئاۋام خەلقنى قىيناپ جېنىنى جاڭگالدا قويۇۋاتقان بەگ، قازى، موللىلارنىڭ ئالدىدىمۇ، داۋانچىڭنىڭ دەرەخلىرىدەك تەكشى ئىگىلىپ تۇرۇپ كۆنۈپ كەتكەن.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى زامانىنى خەلقىمىز بەجايىكى يېڭى ئېرا بىلىپ، ئادەتتە «ئازاتلىقتىن كېيىن» دەپ ئاتايدۇ. «ئازات زامان» ناخشىسىنى ھەممە ئادەم روھلىنىپ ئېيتىشنى بىلىدۇ. ھالبۇكى ئازات زاماننىڭ خەلقىدە، زامانغا خاس بولغان ئازات ئاڭ، ئازات ئىدىيە ۋە ئازات تونۇش بولۇش كېرەككى، ھەممىيلەن ساتقىنلىق ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدىغان نەپسانىيەتچىلىك، رەزىللىككە سۈكۈت قىلىش ۋە كۆتۈرمىچىلىك ئىللەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا قەتئىي پالتا چېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىق مەنپەئەتىنى ئۆزلىرى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن روزى موللىلارنى لەنەت ئەخلەتخانىسىغا تاشلىغۇتكىلى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق قوغداپ قالغىلى، شۇنداقلا لوتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ ياش غۇنچە گۈلىنىمۇ راسا ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ.

مۇناپىق ــ ئۇيغۇر تىلىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇ «ئېغىزىدا دېگىنى بىلەن ئەمەلىيىتىدە قىلغىنى تۇۋتىن ئوخشىمايدىغان ئادەم» دېگەن بولىدۇ. مۇناپىقلىق ساتقىنلىقنىڭ ھامىيسى. ساتقىنلىق ھامان مۇناپىقلىق ئارقىلىق پەدەزلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياۋۇز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ھېكايەت، 20 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى تۆمۈر خەلىپەنى بىر مۇسۇلمان قۇرئان تۇتۇپ تۇرۇپ» :سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز مېنىڭ ئامانلىقىم» دەپ قەسەم قىلىپ، ئالداپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.

سەن نارەسىدە قىز ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇلغا ئاتا ـ ئانىسەن. ھالبۇكى ئېغىزىڭدا «باللارنى ئەدەبلىك، غايىلىك قىلىپ تەربىيلەش ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى» دېگەن تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە باللارنى ئەستايىدىل ياخشى تەربىيلىمەي، ئوبدان يېتەكلىمەي، ئاقىۋەتتە بۇرچۇڭنى ئادا قىلالمىغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۇلارنى

جىنــايەت ســادىر قىلــدىغان جەمئىــيەت داشــقاللىرىغا ئايلانــدۇرۇپ قويســاڭ، بــۇ ئەمەلىيىتىڭ بىلەن سەن مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

ســەن ***ڭ ئــاق ســۈتى، داداڭنىــڭ يۇمشــاق نىنىنــى يەپ چــوڭ بولغــان بىــر بالىسەن. ھالبۇكى سەن" ئاتا ـ ئانىنىڭ نەسىھەتىنى قۇلاقتا تۇتۇش پەرزەنت ئۇچۇن پەرز" دەپ نەچچە رەت ئېيتقان تۇرۇقلۇق، ئەمەلدە خىروئىن تۇتۇنىگە ئەسىر بولۇپ، پاسكىنىلىق كوچىسىدا لاغايلاپ يۇرسەڭ، بۇ قىلمىشىڭ بىلەن سەن مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

ســەن بىــر خەلــق ئوقۇتقۇچىســىەن. ھــالبۇكى خــىزمەتكە كىــرگەن چاغــدا « دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەييارلاپ بالىلارغا ياخشى بىلىم بېرىمەن. گەپ ـ سۆزدە، يـۈرۈش ـ تۇرۇشـتا ئوقۇغۇچىلارغـا ئـۈلگە، ئەدەب ـ ئەخلاقتـا، مەدەنىـي تۇرمۇشـتا ساۋاقداشلارغا ئـۈرنەك بـولىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن تۇرۇقلۇق، ئەمەلىيەتتە ھەم ئىچىپ ھەم چېكىپ، بەزىدە تېخى تۇرلۇك ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۇرسەڭ، بۇ ھال بىلەن سەن تەھقىق مۇناپىقلىق قىلغان بولىسەن.

سەن بىر خەلق كادىرىسەن. ھالبۇكى ئېغىزىڭدا «خەلق ئۇچۇن بەجانىدىل خىزمەت قىلىش» نى تەكەللۇمىسىنى كەلتۇرۇپ دەپ يـۇرۇپ، ئەمەلىيىتىڭدە، خەلقنىڭ ئاھ ـ دادىغا يەتمىسەڭ، ئاممىنىڭ ئادەتتىكى ھاجىتى ئۇچۇنمۇ سوۋغا ـ سالامسىز ئالدىغا چىققىلى ئۇنىمىساڭ، ئەمەلنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، شەخسى مۇرادىڭ، خۇسۇسىي مەنپەئىتىڭ ئۇچۇنلا كەتمەن چاپساڭ، بۇ ھالىتىڭ بىلەن سەن سۆزسىز بىر مۇناپىق كادىرسەن. بىلگىنكى، خەلق ئۆزلىرىگە سادىق كادىرغا ئاشنا؛ مىللەت ئۆزلىرىگە ئىخلاسمەن كادىرغا تەشنا. ئەكسىچە خەلق مۇناپىق كادىردىن بىزار، كەمدەكەم بولسۇن، مۇناپىقلىقى ئۇچۇن خەلق ئالدىدا ھامان تارتقاي ئىزا!

جۇڭگودا ئەللىك ئالتە مىللەت بار. ئەللىك ئالتە مىللەت بەجايىكى ئەللىك ئالتە تال گۇل. بىز بىلىمىز، ئۇيغۇر ـ جۇڭخۇا رەيھانزارىدىكى بىر سەرخىل گۇل؛ ئۇيغۇر — جاھان مەدەنىيەت گۇلىستانىدىكى بىر خۇشناۋا بۇلبۇل. ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ گۇلنىڭ سولىشىپ قېلىشىنى، قۇرۇپ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى ھېچكىم خاھلىمايدۇ، بۇنىسى روشەن. بىراق شۇنى ئېنىق تونۇش كېرەككى، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ خۇشناۋا بۇلبۇلنىڭ ئەبەدىلئەبەد خەندان تۇرۇپ سايرىشىنى ھەققىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلار ئاخىرقى ھېسابتا، دەل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزى! شۇنداقكەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارى بوز يېرىنى ئېچىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ

ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئومۇمىي گۈللىنىش دولقۇنىغا پائال ماسلىشىش ــ بۇ دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى!

پەقەت مۇشۇ تەلەپنى چىقىش قىلىش نوقتىسىدا تۇرۇپ، ئىللەت يىغىندىسىنى ئىچىپ ئۆزەڭگە كۆرسەتتىم. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مىنىمۇ ساتامسەن، مىنىمۇ چاقامسەن، ئۆيلان، ئەبگا!

# 4ـ ھۇرۇنلۇق ۋە شۈكرىۋازلىق

ھۇرۇن ئادەم يەرگىمۇ يۈك.

ـ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بۈگۈنكى دۇنيادا مۆھتەرەم سانىلىۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەردە تۈرلۈك دەرىجىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر بۈيۈك ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىشچانلىق، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئادەتتىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىنمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئەمگەكچانلىق ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ئەپتىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئىشنى ئۆزى قول تىقىپ قىلماسلىق، ئۆزى كاللا قاتۇرۇپ ئىزدەنمەسلىك، ئۆزى ئىشلىمەي تۇرۇپ، ئىشلىگەننى تېخى كۆرەلمەسلىك، ئىزدەنگەنگە ھەسەت قىلىش، ئۆگىنىپ قوياي دېسىمۇ ئۆگەنمەسلىك، ئەۋزەل شارائىت ۋە قانۇنىي ئىمتىيازلاردىن پايدىلانماي ياكى پايدىلىنالماي، ھامان پاسسىپ ئورۇندا قېلىش، چىدامسىزلىق، ئىرادىسىزلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ھۇرۇنلۇق ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركۈندۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن يىغىپ تۇرىدىغان تەييارتاپلىق كىشىنى «ئەستاغپىرۇللاھ» دېگۈزىدۇ .بۇنىڭغا مۇشۇ مىلادى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، ھەر يىلنىڭ بېشىدا، ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى ئادەم تىرىسىمۇ ھايال بولماي ئۆنگىدەك قارا چىلان تويلىق ئۆتۈمۈۋۈك زېمىنىنىڭ تىرىقچىلىقىنى ئۆزى گۈل چىقىرىپ قىلماي ياكى قىلالماي، ئۇنى ئورتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئالغان پۇلنى يېرىم يىلدىلا خەجلەپ ئۈگۈلەپ بولۇپ، يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاشۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەمچىلىرىگە مەدىكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان

قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىك ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئەلەملىك ئاقىۋەتى مىسال بولالايدۇ.

تارىخىي پاكىتلار تاغدەك دۆۋلىنىپ تۇرۇپتىكى، ھۆرلۈق ئۇيغۇرنىڭ خاراكتېرىدىكى تۇغما ئىللەت ئەمەس .چۈنكى ئۆز زامانىسىدا، قەلئە سوقۇپ، شەھەر بىنا قىلىپ، جاھان سورىغان ئۇيغۇر ئەسلىدە ھۆرلۈن مىللەت ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئەسلىدە ئىشچان، تىرىشچان ۋە ئەمگەكچان مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ تارىختا شانلىق ئۇيغۇر خانلىقىنى، ئىدىقۇت خانلىقىنى ۋە بۇيۈك قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بەرپا قىلالىغان. شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن. ئۇنداق بولسا، بۈگۈنكى زامان بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئىتىدىكى شۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىدىكى ھۆرۈنلۈق ئىللىتى زادى قەيەردىن كەلگەن؟ بۇ مەسىلىنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ۋە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئىللەتنىڭ تۈگۈن يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تۈزىتىش ۋە تۈگىتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشىمىز لازىم.

مېنىڭچە بۈگۈنكى خېلى بىر بۆلەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ھۆرۈنلۈق ئىللىتىنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئەقىدە چۈشەنچىسىدىكى زەئىپلىك بىلەن تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەلۇمكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئومۇمىيەت جەھەتتىن مۇسۇلمان مىللەت سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تولۇپ ئەقىدىسى يەنىلا ئىسلام ئەقىدىسىنى يادرو قىلىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئالەم ۋە ئادەم، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق قارىشىنى ئومۇمەن ئىسلام تەلىماتلىرى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى كېيىنكى چاغلاردا، ئىسلام ئەقىدىلىرى سىياسەتۋاز ئۆلىمالار تەرىپىدىن زور دەرىجىدە پۈچەكلەشتۈرۈۋېتىلگەن - لىكتىن، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا يارالمىش بىر ئىنسان بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي دەرىجىدىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئىرادىسى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىنغان؛ خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلىرى يېڭىلىق يارىتىپ ئىجادىي ياشاش روھى بوغۇپ قويۇلغان. ھەممىمىز بىلىمىز «ئىسلام» نىڭ تۈپكى مەنىسى »بويسۇنۇش» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىنى ئۆز ئېتىقادىدىكى ئىلاھ ــــ ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنۇشنى تۈپ مىزان قىلىدۇ. دۇرۇس، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق ئەقىدىسىدىكى »بويسۇنۇش» ھېچقانداق بىر يارالمىش بەندىگە بويسۇنۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بىراق ئەمەلىي تۇرمۇش سورۇنىدا، ھېلىقى ئۆز ئىمتىيازى ئۈچۈنلا ئويلايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ

شەخسى نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان بىر قىسىم ئاتالمىش ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت، ئەمرۇمەرۇپلىرىدىكى «بەندىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ»، «ئاللاھ ئۆز بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ»، «كەمبەغەللىك ۋە كېسەللىكنىمۇ ئاللاھ مېنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىگە بېرىدۇ»، «ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيالىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيالىقىنى بەرگەن» دېگەنگە ئوخشاش بولمىغۇر ۋە ھېچقانداق بىر كلاسسىك ئىسلام دەستۇرلىرىدىن ئېنىق شاھادەت كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بىمەنە تەرغىباتلار ئاخىرىقى ھېسابتا، خەلقىنىڭ تۇغما ئېڭىدىكى يېڭىدىن يېڭى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچانلىق، ھەمىشە ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز كۈنىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بولىدىغان تىرىشچانلىق روھىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھايات مۇساپىسىدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ، بۇ ئالەمدىكى كونكرېت ھالاۋەت ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىش پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى دەپ بىلمەيدىغان، ئەكسىچە، ھەممىدە «ئىلاھ «قا يۆلىنىۋېلىپ، «خۇدايىم بېرىدۇ» دەپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان .ئاپتورنىڭ سەممىي قارىشىچە، ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە، مىللەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام ئۆلىمالىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى پۇچەكلەشتۈرىدىغان ساختىپەزلىكلەرنى ئۆزلىرى توغرىدىن توغرا ئەيىبلىشى، كومپارتىيە دىنىي سىياسىتى يول قويغان دائىرىدە ئادىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەقىقىتىنى كەڭ پۇقرالارغا ئەينى بىلەن چۈشەندۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئېڭىدا، كۆچلۈك ۋە بېجىرىم بولغان پاك ئەقىدە قارىشىنى تىكلەشكە تۆھپە قوشۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھازىرقىدەك ئۆزىنىڭ دىنداش قېرىنداشلىرى ياتىدىغان گۆرنىمۇ پۇل بېرىپ يات دىندىكىلەرگە كولىتىدىغان ھۇرۇنلارنىڭ تەييارتاپلىق ۋە زەئىپ ئەقىدە ئىدىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بەرگىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەبگالىق كېسىلىنى ئاداققىي شىپاغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

»بۈگۈن قورسىقىم تويسىلا بولدى، ئەتىگە خۇدايىم بار» — بۇ ھۇرۇنلارنىڭ تۇرمۇش دەستۇرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەبجەق ۋە نامرات جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى.

بۇ ئالەمنىڭ زامان كاتېگورىيىسى تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىنى يادرو قىلغان ۋاقىت ئۇربىتىسىنى دەۋرقىلىش بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا تۈنۈگۈندىن كەلگەن، يەنى تۈنۈگۈن بۈگۈننى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۈگۈننى تۇغقان ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تولىمۇ قەدىرلىك .تۈنۈگۈن دېمەك ۋاقىت ئېتىبارىدىن ئۆتمۈشتۇر.

ئىشچان ئۇيغۇردا: «ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇما، شور چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دەيدىغان ماقال بار. بۇ ــ بۇگۈنكى پاراۋانلىقنى يارىتىش ئۈچۈن تۈنۈگۈن ئىلىپ بېرىلغان ئەمگەكلەرنى، بۇگۈنكى پاراغەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن تۈنۈگۈن تەر تۆككەن ئەمگەكچىلەرنى ئۇنتۇماسلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، ھۇرۇنلار ئۇنتۇغاق كېلىدۇ. ئۇلار تۈنۈگۈننىڭ قۇياشى تاغنىڭ كەينىگە چۆكۈشى بىلەن تەڭلا، ئاشۇ تۈنۈگۈنكى جاپالىق ئەمگەكلەرنى، تۈنۈگۈنكى كۈرەشچان ئەجدادلارنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ .مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە ھۇرۇن بولۇشى ۋە ھۇرۇنلۇقنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋېلىشى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۈنۈگۈننى، تارىخنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغان.

بۈگۈن يېڭى، بۈگۈن رېئال، بۈگۈن نەق. شۇڭا، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك. بۈگۈن ـ تۈنۈگۈن يوق ئىدى. ئۇ ئەتە مەۋجۇد بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈننى تولىمۇ قەدىرلەش كېرەك. دەرۋەقە ھۇرۇنلار بۈگۈننى قەدىرلىمەيدۇ ئەمەس، بەلكى تازا قەدىرلەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ بۈگۈننى قەدىرلىشى ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىسى بويىچە باشقىچە بولۇپ، ئەمگەكچان ئادەملەرنىڭ بۈگۈننى قەدىرلىشى بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. يەنى ئىشچان ئادەملەر بۈگۈننى تۈنۈگۈنكى ئەمگەكنىڭ ھاسىلى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەتىكى تۇرمۇش بىناسىنىڭ ئۇل ــ ئاساسى يۈكسەكلىكىدە تونۇپ قەدىرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈنكى نېمەتكە قول ئۇزىتىشتىن بۇرۇن شۇ نېمەت قىممىتىگە باراۋەر ئەمگەكنى ئاتلىق قىلغاندىن باشقا، ئەتىكى كۈننىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، ئەتىكى تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەكلەرنى تەر ئاققۇزۇپ قىلىدۇ. ھۇرۇن ئادەملەر بولسا، «تۈنۈگۈننى كىم كۆرۈپتۇ»، »ئەتە بىز بارمۇ ــ يوق، خۇدا بىلىدۇ» دېيىشىپ، ھامان تەييارغا ھەييار بولىدۇ .بۈگۈنكى نېمەتنى بۇزۇپ ــ چېچىپ، قوينۇم ئوغرى ـ قونجۇم ئوغرى قىلىپ قارنىغا تىقىشنىلا بىلىدۇ، ئەتە ئۈچۈن بولسا، ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئىشچان، ئەمگەكچان ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەتە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە ئارزۇ ــ ئارمانلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان تەپداشسىز گۈزەل ۋە مىسلىسىز جازىبىلىك كۈن. ئەتە دېمەك ئىستىقبال دېمەك، غايە دېمەكتۇر. ئەتىنى كۆزلەش، غايىلىك بولۇش بۈگۈنكى زامان مەدەنىي ئادەملىرىنىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىرىدىن بىرى. بىراق ھۇرۇن ئادەملەردە غايە بولمايدۇ .چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆيى ناماز شام قارىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب كۆزى ئەتىنىڭ پارلاق قۇياشىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا ئەتە ئۈچۈن ئىشلەش، كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھۇرۇنلار ئۈچۈن بەجايىكى بىكاردىن بىكار ئۆزىنىڭ

جىنغا ئۆزى زۇلۇم سىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىراق ئەمەلىيەت شۇكى، سەن ياشاۋاتقان بۈگۈنكى بۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتە، بۈگۈن سەن بەھرىلىنىۋاتقان ھەر قانداق بىر نېمەت تېگى ــ تەكتىدىن ئېيتقاندا، سېنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەجدادلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتى. دېمەككى، سەن بۈگۈن يەۋاتقان نان ئاددىي ھالدىكى ئىككى تەڭگە پۇلنى تۆلەش بىلەنلا ئاپىرىدە بولۇپ قالغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ سەن بىلەن ھاياتلىقتا مۇساپىداش بولغان باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سېنىمۇ كۆزدە تۇتقان ھالدا، تەر تۆكۈپ قىلغان ئەمگىكىنىڭ سەمەرىسى. ھالبۇكى، سەن بۈگۈننىڭ ھالاۋەت قوينىدا ئۈزۈپ، بۈگۈننىڭ مەئىشەتلىرى بىلەن قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ كېكىرىپ يۈرگەن ۋاقتىڭدا، ئەتىنى ئويلىشىپ، ئەتە ئۈچۈن خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا كۈچ سەرپ قىلىپ ئەمگەك قىلىشىپ لازىم. ئەگەر سەن ئەتىنى ئويلىساڭ، ئەتە ئۈچۈن ئەمگەك قىلساڭ، ئەتىنىڭ قۇياشى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ھەممە ئادەم ئالدىدا سېنىڭمۇ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ .ئەكسىچە، ئەگەر سەن ئەتىنى ئويلىمىساڭ، ئەتە ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلمىساڭ، ئەتىنىڭ نېمەت داستىخىنى سېلىنغان چاغدا، سېنىڭ يۈزۈڭ تەھقىق چورۇق بولىدۇ.

دەرىخا! زاكۈنغۇ شۇنداق. بىراق ھۇرۇن ئادەملەر تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىدىن ئىبارەت مۇشۇ كىشىلىك ھاياتتىكى تەبىئىي ۋاقىت لىنىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئەقىدە، ئىخلاس ۋە «ئەمگەك » ماركىلىق خاسىيەتلىك زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ھۇرۇنلۇقىدىن ئۇنى چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بۈگۈن پەيزىنى سۈرۈۋاتقان مەئىشەتنى غايىبانە ئامەتتىن دەپ بىلىدۇ. ئەتىكى كۈننى تەقدىرگە ياكى قىسمەتكە ئامانەت قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەتە نېمە كۈننى كۆرسە پەرۋايى پەلەك. ھەتتا بۈگۈنكى ھالاۋەتنىڭ ئەكسىچە، ئەتە ئۇ ئەڭ نەس كۈن ـ جاھالەتنى كۆرسىمۇ، «شۈكرە دېدىم، شۈكرە!» دەپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

شۈكرىۋازلىق ــ ھۇرۇنلۇقنىڭ ھىمايە سايىۋىنى .ھۇرۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ لەنىتى ھۇرۇنلۇقنى مەزكۇر سايىۋەننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، »شۈكرە قانائەت قىلىش، سەۋرچانلىق» دەپ پەدەزلەيدۇ. دۇرۇس، ئىسلام تەلىماتلىرى ئىچىدە، «ئىنسان شۈكرە ـ قانائەت قىلىشى، سەۋرچان بولۇشى لازىم» دېيىدىغان بىر ماددىمۇ بار. بىراق ئەسلىدە، ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئىمكانىيەت چېكىدىن ھالقىغان ھالدىكى خىيالىي دۇنيانى قوغلىشىدىغان ئەسەبىي قارانىيەتچىلىككە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرا تەلىمات

«شۈكرىچان، سەۋر ـ قانائەتچان بولۇش» كېيىنكى چاغلاردا پۈچەكلەشتۈرۈلۈپ، نورمال ئۆلچەكتىن نەچچە غۇلاچ تۆۋەن بولغان ئەڭ مىسكىن ھالەتكىمۇ باش ئېگىپ تازىم بىلەن تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان شۈكرىۋازلىق ئىللىتى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلغان. نەتىجىدە ئەبگا ئۇيغۇر بۇ ئىللەتنى تېرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇق تۇمىقىغا تۇمار قىلىپ تىكىۋالغان ۋە ئۇنى تەييارتاپ گەۋدىسىگە زۇننار قىلىپ ئېسىۋالغان.

ئەگەر بۇ دۇنيادا بىر مىللەتنى بىھۇدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلدۇرىۋېتىدىغان ۋە ۋاقىتسىز پاجىئەلىك ھالدا يوقىتىۋېتىدىغان بىر ئەجەللىك ئىللەت بار دېيىلسە، ئۇ دەل ھۇرۇنلۇق ئىللىتىدۇر. ئەگەر بۇ دۇنيادا بىر ئادەمنى نورمال ئىنسان سىياقىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ۋە ئۇنى ئىنسانىي خوجايىنلىق سالاپىتىدىن قىلچە ئىز ـ ئەسەر يوق، ھەمىشە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپلا يۈرىيدىغان پاسسىپ مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋۇپ قويىدىغان بىر ئوسال ئىللەت بار دېيىلسە، ئۇ دەل تەييارتاپلىق ئىللىتىدۇر. ھالبۇكى پەقەت ھۇرۇنلۇقتىن قول ئۈزگەن، ئىشچانلىق، تىرىشچانلىق ۋە ئەمگەكچانلىق بىلەن ئۆزىگە تۇرمۇش يولىنى تۈزگەن ئادەملا بۇ ئالەمنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مىسلىسىز لەززەت ھالاۋىتىنى كۆرەلەيدۇ. قاراپ باق، بۇ دۇنيا نېمە دېگەن رەڭدار، نېمە دېگەن قىزىق. ئىنسان تۇرمۇشنى تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ گۈزەل قىلىش ئاداققىي مەقسەت قىلىنغان يېڭىلىقلار، ئىجادىيەتلەر، مۆجىزىلەر ھەر كۈن، ھەر سائەت، ھەر ماكان، ھەر جايدا، ھەتتا سېنىڭ بۇرنۇڭنىڭ ئاستىدىلا تۈشمۇ تۈشتىن بارلىققا كەلمەكتە. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ھەر يىلى مىليونلاپ ئىشلەمچىلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا ئىككى قولىنى سىلىپلا كېلىپ، باش باھاردىن كەچ كۈزگىچە، يەر تېرىشتىن تارتىپ يەر سۈپۈرۈشكىچە بولغان خىلمۇ خىل ئەمگەك، تۈرلۈك تۈمەن پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاغان ئەرپىسىدە ھەميانلىرى تۇم ـ تۇم ھالدا قايتىشماقتا. بۇ ئالتۇن دىيارغا ئۇسقىنى چۈشۈپ قالغانلىرى بىر ئىككى يىلدىلا تۆت قاتلاپ بېيىپ، يېڭى كەلگەن چېغىدىكى ساياقلىق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئەمدىكى قوللىرىدا «داگادا» تۇتقان، يەتتە قىتئەنىڭ ھەممىسى بىلەن تەڭ سۆزلىشىپ يۈرگەن يېڭى قىياپىتى بىلەن كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىپ يۈرىدۇ. بۇ نېمە؟! مانا بۇ ــ ئەمگەك، مېھنەت ۋە تىرىشچانلىق سېنىڭ ئالدىڭغا تىكلەپ بەرگەن ئۆرنەك. مانا بۇ ــ ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ساڭا كۆرسىتىۋاتقان نامايىش ۋە كۆرەك!

ھۇرۇنلۇق بىر قورقۇنچلۇق ئىللەت. بىلگەن ئادەمگە ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ھۇرۇنلۇقى شۇ تاپتا، پۈتكۈل مىللەتكە كېيىن تولدۇرىۋېلىش قىيىن بولغان ئېغىر زىيان كەلتۈرمەكتە. ئۇنىڭ بىۋاستە ۋە قاقشاتقۇچ تەسىرى ئۇيغۇرنىڭ ئالغا كەتكەن باشقا مىللەتلەر بىلەن

بولغان پەرقنى بارغانسېرى زورايتىۋەتمەكتە. ھالبۇكى شۇكرىۋازلىق پەرەنجىسى بىلەن نىقاپلانغان ھۇرۇنلۇق ئىللىتىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاش سېنىڭ، مېنىڭ، ئۇنىڭ ـــ بىز ھەممىمىزنىڭ تەخىرسىز مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ قالدى. ھۇرۇنلۇقنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش بىز ھەممىمىزنىڭ مىللەت ئالدىدىكى جىددىي مەسئۇلىيىتىمىز بولۇپ قالدى!

سەن بىر خەلق كادىرىسەن. ئەگەر سەن ھۇرۇنلۇق ئىللىتىگە ئەسىر بولغان ئەبگا بولمىساڭ، ئىشخاناڭنى ساقلاپ ئولتۇرىۋەرمەي، نەزىرە يەپ، ئولتۇرۇش كېزىپ يۈرىۋەرمەي، خەلقنىڭ ھاجەتمەن ئەڭ جاپالىق ئەمگەك مەيدانىغا بېرىپ ئۇلارغا ھەمدەم بولىسەن. خەلقنىڭ ئېڭى، ئويلايدىغىنى ۋە غېمى نەدە يۈرىۋاتىدۇ، زاماننىڭ تەرەققىيات رىتىمى، دۇنيانىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمى نەگە يۈرىۋاتىدۇ بۇنى سىيلىشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرقنى تاپىسەن .ئاندىن ئۇنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلاردىكى يولباشچىلارغا، داھىيلارغا ئەينەن دوكلات قىلىپ، چارە ئويلاپ، خەلقنىڭ ئەمەلىي دەردىگە داۋا، مەۋجۇد كېسىلىگە شىفا تاپىسەن.

سەن بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىسەن. ئەگەر ھۇرۇنلۇق ئىللىتىگە مۇپتىلا بولغان ئەبگا ئەپەندى بولمىساڭ، باشقىلار يېزىپ تەييار قىلىپ قويغان كىتابنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەينەن ئوقۇپ بېرىشنىلا بىلىدىغان تەييارتاپ بولۇپ ئولتۇرمايسەن، بەلكى سەن ئۆزەڭمۇ يازىسەن، ئىجاد قىلىسەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تەييارغا ھەييار بولىدىغان، جان باقارمەن پاسسىپ ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىنى ئەبەدىيلىك چۆرۈپ تاشلايسەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىق قىلىشنى، ئوقۇتۇش بىلەن بوشاشماي ئىزدىنىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئەمەلىيىتىڭ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن كۆپرەك تەپەككۇر قىلىدىغان جانلىق ۋە مەنىلىك ھايات يولىغا دادىل باشلايسەن.

سەن بىر ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىسەن. ئەگەر سەن ھۇرۇنلۇق ئىللىتىگە گىرىپتار ئەبگا ئەۋلاد بولمىساڭ، سىنىپىڭنىڭ قارا دوسكىسىغا بەندە، ئۆتمىش نومۇرغا قۇل داپەندە بولۇپ ئولتۇرىۋەرمەيسەن. كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتابلارنى يار تۇتىسەن. ئەقىل دېپتىرىڭگە ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش غايىسىنى پۈتىسەن. ئۇندىن باشقا، جەمئىيەتكە چىقىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىسەن. سەن ياشاۋاتقان بۇ زېمىن زادى قانچىلىك كېلىدۇ، تارىمنىڭ سۈيى قەيەردىن باشلىنىدۇ، زەرەپشاننىڭ سۈيى نەگە قۇيۇلىدۇ، ئۆزەڭ كۆرۈپ باقىسەن .ئىلى دەرياسىدا ئۆزەڭ ئۈزۈپ كۆرىسەن، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆزەڭ گۆھەر سۈزۈپ كۆرىسەن.

بىلگىنىكى، كىچىكىدىنلا ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش ئىنساندا ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ئېڭىنى تۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى ئادەمنىڭ ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قېنىنى جۇش ئۇرغۇزىدۇ!

ھۇرۇنلۇق كالۋالىقنىڭ ھامىلىسى ئەمەس. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كالۋالىق ھۇرۇنلۇقنىڭ تەبىئىي تۆرەلمىسى. بۇ ئالەمدە ھېچقانداق بىر مىللەت تۇغۇلۇشىدىنلا تەبىئىي ئەقىللىق يارالغان ئەمەس، بەلكى ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ئۇنى ئەقىللىق قىلغان. ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق تىگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان كالللىسىدىكى پىكىرچانلىق، مۇلاھىزىچانلىقتىن كېلىدۇ. كىمنىڭ كالللىسىدا يېڭى ـ يېڭى پىكىرلەر كۆپ بولسا، شۇنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭىدىن يېڭى پائالىيەتلەر، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر جىق بولىدۇ. كىم پىكىرچان، تەپەككۇرچان بولسا، شۇنىڭ قەدىمى ئىتتىك، قولى ئەپچىل، ھەرىكىتى چاققان، ۋۇجۇدى كۈرەشچان بولىدۇ. بۇ دۇنيا پەقەت ئىش ـ ئەمگەك بىلەن گۈللىنىپ بۈگۈنكى مۇشۇ كۆركەم ۋە قايناق ھالغا كەلگەن. دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەت بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا مۆتىۋەرلىك تاجىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن كىيىپ چۈشكەن ئەمەس. شۇنداقلا ھە دېگەندىلا ھەممە تەلپۈندىغان مەدەنىي مىللەت تەختىگە ئولتۇرغانمۇ ئەمەس. ھازىرقى دۇنيادا، «سەن ئەمەس مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرگەن خىلى خىلى مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز زامانىسىدا، ئۆز ئەھلىنىڭ ھۇرۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئەبگالىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ يۈرگەن چاغلىرى بولغان. ئۇلار پەقەت ۋاقتىدىلا ئويغىنىپ، ھۇرۇنلۇق چاپىنىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق خىسلىتىنى يېتىشتۈرگەندىن كېيىنلا، ئەقلى ئېچىلىپ، پەم ـ پاراستى بېيىغان ۋە ئاخىرىدا، كۈرەش ئارقىلىق بۈگۈنكى مۇشۇ ئەقىللىق، پەن ـ تېخنىكىدا ئىلغار، مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان.

ھۇرۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەننى تەدبىقلاپ ئەمەلىي ئەمگەككە قاتنىشىش. ئەگەر سەن ئۆگىنىشنى خاھلىساڭ، ئالدى بىلەن شۈكرىۋازلىق ئىللىتى بىلەن بىكىك پىكىرىڭنى، سەۋر ـ قانائەت قۇلۇڭى بىلەن ئېتىك تەپەككۇرىڭنى ئاچ! قەدىناس مەھەللەڭنى، كونا ئورۇندۇقۇڭنى ساقلاپ ئولتۇرىۋەرمەي، ئويان ـ بۇيانغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ ئەمگەكلىرىنى كۆر. باشقىلار بىلەن ئۆزەڭنى سېلىشتۇرۇپ كۆپىرەك مۇلاھىزە قىل. ئاندىن سېنىڭمۇ قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش بولغاندىكىن، يەپ شىمايلاپ ئەمەلىي ئەمگەككە قاتناش. ناۋادا مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ مەغلۇپ بولساڭ، بەلگىلىك بىر

ئەمگەكنى ئىشلەپ يېتىلىشىپ قالساق، بۇنى ئالدىراپ ئۆزەڭنىڭ ئەقلىڭنىڭ كەملىكىدىن كۆرمە. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئەگەر سېنىڭ بىرەر ئىشىڭدىكى ئوڭۇشسىزلىقنى كۆرۈپ، باشقىلار سېنى «كاللىسى ئاددى، كالۋا» دېسە، ھەرگىز ئىشەنمە. بىلگىنىڭكى، ھەرقانداق بىلىك تەكرار ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. كەمدە كەم ئەمەلىيەت بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، ئەمگەك بىلەن تەكرار مەشغۇل بولسا، ئۇنىڭ بىلىك خەزىنىسى تەدرىجى موللىشىدۇ، كاللىسى ئەقىل ھۆجەيرىلىرى بىلەن تولۇپ غوللىشىدۇ.

ھۇرۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئۆيلىماسلىق جەمئىيەت سۆيىدىغان، ۋەتەن ـ خەلق كۆيىدىغان ۋە ئاتا ـ ئانا رازىمەن بولىدىغان بىر ھەقىقىي ئىنسان بولۇشنى خاھلىماسلىق بىلەن باراۋەردۇر. ھۇرۇنلۇق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيىبلەرنىڭ ئەيىبى. ھالبۇكى ھۇرۇنلۇقنى تاشلاش جەمئىيەتنىڭ، زامانىنىڭ، شۇنداقلا سەن ياشاۋاتقان مۇشۇ بوز زېمىننىڭ جىددى تەلىپى!

سېخى تەبىئەت ئاتا قىلغان شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە باي زېمىن ساڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. پۈتكۈل ئەقىل ـ ئىدىرىكىڭنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئىقتىدارىڭنى نامايەن قىلىپ، غۇلىچىڭنى كەڭ يېيىپ ئىشلىسەڭ، ئىشلىگەننى كۆتۈرىدىغان تېپىلماس پۇرسەت ساڭا كۆكسىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى، بۇ ھالدىمۇ كۆز ئېچىپ ئويغانمىساڭ، ئىشچانلار سېپىگە قېتىلىپ، سېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ ئالتۇن زېمىننىڭ ئەتىسى، كەلگۈسى ئۈچۈن زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر ئۇلۇش ئەمگەك قىلمىساڭ، تاڭلا مەھشەر كۈنى يۈزۈڭ قىزارماسمۇ، ئويلان، ئەبگا!

## 5ـ ۋەتەن قەدرىگە يەتمەسلىك ۋە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەسلىك

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى روينۇڭ سامان بولماس.
—ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بوگۈنكى بۇ يەر شارىدا، پەقەت بىرلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بار. ئۇ بولسىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدۇر. يەر مەيدانى بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات

كىلومېتىر كېلىدىغان، ئەلمىساقتىن تارتىپ »ئالتۇن تاۋاق« دەپ پەخىر نامى بار بۇ مۇسۇلمانسىز باي زېمىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاتا مىراس دىيارى، ئومۇمىي ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق مەنبەسى، شۇنداقلا جاھان ئۇيغۇرلىرىنىڭ زاكا يۇرتى، يىلتىزگاھى ۋە سېغىنىش قىبلىگاھىدۇر.

جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا، «شيۇ» (غەربىي دىيار)، «شىنجياڭ» (يېڭى چېگرا) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ زېمىندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۇنداق ئۆزلىكىدىن، ئاسانلىقچە روياپقا چىقىپ قالغان ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇ پىداكار ئەجدادلار ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ شانلىق نەتىجىسى، شۇنداقلا يارامىلىق ئەۋلادلار چېلىشلىرىنىڭ ئۆلمەس سەمەرىسى. ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈندە، كومپارتىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھەممە ئەقىل - پاراسەتنى قاناتلاندۇرۇپ، بارلىق كۈچ - قۇدرەتنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، مەزكۇر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قوغداش، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى بۇرچى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. بىراق ئەپسۇسلىق ئىللىتى بىلەن زەئىپلەشكەن ئۇيغۇردا بۇ خىل تونۇش، بۇ خىل ئاڭ ۋە بۇ خىل زورۇر تۇيغۇ تولىمۇ كەمچىل. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ۋەتەن دېگەن نېمە، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن نېمە بىلمەيدۇ. ئاپتونومىيە دېگەن نېمە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونى زادى نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغان چۈشەنمەيدۇ .مېنىڭچە، قانۇن ئومۇمەن ئادىل. بىراق ئەپگا ئۇيغۇر نادان ۋە جاھىل؛ قانۇنشۇناسلار ھەقىقەتەنمۇ ئالىم، بىراق ئەپگا ئۇيغۇر ئۆزىگە ۋە ئۆز قېرىنداشلىرىغا بەكمۇ زالىم!

بىلىش كېرەككى، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەن دېمەك ئەمەلىيەتتە ئادائقىي مەۋجۇدلۇق دېمەكتۇر. ھېكايە، يەھۇدىيلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئۇزاق قەدىم زاماندىلا يەھۇدىي دىنىنى ئىجاد قىلىپ، دۇنياغا مۇئەييەن ئەقىدە ئاساسىدا ئۆملۈشۈپ، ئومۇملىشىپ ياشاشنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىپ بەرگەن ئۇيۇشقاق مىللەت بولۇپمۇ سانىلىدۇ. بىراق كېيىنچە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەپگالىق ئىللىتى يامراپ كېتىپ، بۇ ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆتە شەخسىيەتچىلىكى، ئۆتە بېكىنمىچىلىكى ۋە بەرەھىملىكى كاساپىتىدىن، شۇنداقلا يەنە باشقا بەزەن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار مۇندىن تەخمىنەن مىڭ يىللار بۇرۇن ئۆز يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، يۇرت - ماكانسىز قارا سەرگەردانلارغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان، قارا سەرگەردانغا ئايلانغان يەھۇدىيلار يەر شارىدا،

بېشى قايغان، پۈتى تايغان بويىچە ئېقىپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ تۆرلۈك بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ئۆزلىرىنى تىرىكچىلىك، جاھاندارچىلىق ۋە كۆڭۈل كەچۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئەمىن جاي ئىزلىدى. دۇرۇس دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن بەزەن دۆلەتلەردە خېلى ياخشى كۈن كۆردى. ئۆزلىرىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە ئىلىم - پەندىكى ئىجادچانلىقى بىلەن ھەر قايسى ئەل زىياللىرىنىڭ سېپىدە بىر مەھەل تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانمۇ بولدى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار بەلكىم ئۆز ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ سەرگەردانلارغا ئايلىنىپ قالغان دەسلەپكى چاغلاردا: «بىزنىڭ مۇشۇ ئىشچان قولىمىز بىلەن پىكىرچان بېشىمىزلا بولىدىكەن، جاھاننىڭ ھەر قانداق يېرىدە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قولىدىن نان تېپىپ يېيەلەيمىز ۋە دۇنيادىكى ھەر قانداق ھالاۋەتتىن بەخىرامان بەھرىمەن بولالايمىز» دەپ ئويلىغان بولغىيدى. بىراق، رەھىمسىز رېئاللىق، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ئىشچان، ئەمگەكچانلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ كېلىشىملىك، چىرايلىقلىقىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ زېھنى ــ زۇكاۋەتلىك، ئەقىللىقلىقىمۇ ھېچقانداق بىر يات ئەلدە ئۇلارغا ئاداققىي ئارامچىلىق ۋە ئەبەدىي پاراۋانلىق ۋە خاتىرجەملىك يارىتىپ بېرەلمىدى. ۋەتەنسىز يەھۇدىيلار «دۇنيادا ئەڭ مەدەنىي مىللەتبىز» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان ياۋرۇپالىقلار ئالدىدىمۇ، ئەڭ ئاق كۆڭۈل، يۇۋاش سانىلىدىغان ئاسىيالىقلار ئالدىدىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا، ئوخشاشلا ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇقى يوق خار ـ زارلىقتىن باشقا ھېچبىر خوۋلۇق كۆرمىدى. ئاخىرىدا، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئالتە مىليون يەھۇدى «جاھاندا ھەممىدىن ئۈستۈنبىز» دەپ مارش ئوقۇيدىغان نېمىسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، خۇددى ياۋايى ئېشەكنى سويغاندەك سويۇلدى ۋە تېرىسى تۇلۇم قىلىنىپ، يېغىدا سوپۇن قۇيۇلدى .تەخمىنەن مىڭ يىللىق كەچۈرمىش سەرگۈزەشتە ۋە ئەمەلىي پاكىت ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردىكى، ۋەتىنى بار مىللەت دېگەن شۇ دەرىجىدىكى كەڭ ئىختىيارلىقتا ۋە شۇ دەرىجىدە چەكسىز ھوقۇققا ئىگە بولىدۇكى، ئۇلار مۇھاجىر مىللەتنى خاھلىسا، زېمىنىدە تۇرغۇزىدۇ؛ خاھلىسا، بىر بولمىغۇر بەدنام بىلەن ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە سولايدۇ؛ خاھلىسا، بىر يوقىلاڭ بۆھتان بىلەن ئۇنى دامغا چۈشۈرۈپ، قوش قىلىپ ئۇۋلايدۇ .شۇنداق، رەھىمسىز پاكىتلار بىلەن تولغان ئۇزاق ئەسىرلىك ۋەتەنسىزلىك، يۇرت ــ ماكانسىزلىق ئاخىرىدا، يەھۇدىيلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزغان، شۇنداقلا ئۇلارنى ئويغىتىپ دىلىغا ۋەتەن ئۇقۇمىنى چوڭقۇر قىلىپ ئويغۇزغان!

مىڭ شۈكرەكى، سېخى تەبىئەت ئۇيغۇرغا دۇنيادىكى ھەر قانداق قەۋمنىڭ

زەۋقىنى كەلتۈرگىدەك مىسلىسىز گۈزەل بىر زېمىننى ئاتا قىلغان. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتىلىدىغان بۇ زېمىندا، مەيلى ئىلى بوستانلىقى، مەيلى تۇرپان ئۈزۈمزارلىقى، مەيلى قاراماي نېفتزارلىقى، مەيلى كورلا نەشپۈتزارلىقى، مەيلى ئاقسۇ ئالمزارلىقى، مەيلى كاشغەر ئانار ـ ئەنجۈرزارلىقى، مەيلى ياركەند ياڭاقزارلىقى ۋە مەيلى خوتەن ئۈجمەزارلىقى بولسۇن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۇ كەڭ دىياردا زۇمرەتتەك جۇلالاپ تۇرىدۇ. بۇ زېمىننىڭ تۆت پەسلى ئېنىق: خۇش ئىلىق باھاردا، ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەر زېمىننى ئوراپ تۇرىدۇ؛ پاراۋان ياز ناھاردا، پارلاق قۇياش يېتىك نۇرى بىلەن زېمىننى تاۋلاپ تۇرىدۇ؛ بەرىكەت كۈز پەسلىدە، سەلكىن شاماللار زېمىنغا ھەممىشە باياشاتلىق تۆكۈپ تۇرىدۇ؛ ئارامىلىق قىش پەسلىدە، كۈمۈش قار زېمىننى رەھمەت يوپۇقى بىلەن پۈركۈپ تۇرىدۇ. بۇ دىياردا، تەكلىماكان، تارىم، جۇڭغار ئاتىلىدىغان دەريجىدىن تاشقىرى زور خەزىنە ئامبارلىرى بار. بۇ زېمىننىڭ بايلىقتا تەڭداشسىزلىقىغا پۈتۈن دۇنيا ھەيرەتتە، بەلكى جىمى ئالەم ئاڭا زوقمەندە!

جاھان ئۇيغۇرلىرى ئۆچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مەئىشەتلىك، ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ مەزمۇنلۇق ۋە ئەڭ مەنىلىك تۇرمۇش ئاخىرقى ھېساپتا مۇشۇ مۇبارەك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا. چۈنكى، بۇ زېمىننىڭ چۆلمۇ، كۆلمۇ ئۇيغۇرغا ئۆز. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ بوشلۇقى، يۇت ـ قولۇمنىڭ خوشلۇقى» دەپ، ئۇيغۇر پەقەت مۇشۇ زېمىندىلا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، ئۇيغۇرچە ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە قوپۇپ يۈرەلەيدۇ. پەقەت مۇشۇ دىياردىلا قىلچىمۇ قىسىلماي، ئازراقمۇ يېتىرقىماي، ئۇيغۇرچە ئويناپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەپ كۈلەلەيدۇ. بۇ زېمىننىڭ تاغۇ تاشلىرىمۇ ئۇيغۇرغا «مەن سېنىڭ» دەپ ئىللىق باقىدۇ. بۇ دىيارنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرىمۇ ئۇيغۇرغا «مەن ساڭىلا خاس» دەپ جىلۋىلىك ئاقىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر بۇ زېمىننى تولىمۇ ئەتىۋارلىشى، بۇ دىيارنى بەكمۇ ئەزىزلىشى، «ئانا ۋەتەننىڭ ئۆز بالىسى» تۇيغۇسى بىلەن ۋەتەننىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يۈسۈندا يېتىشى لازىم. ئەگەر كىمكى بۇ زېمىننىڭ قەدرىگە يەتمىسە، تۈز كورلۇق تۆۋقى ــ لەنىتى بىلەن شەرمەندە بولغاي ئاقىۋەتتە!

ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش ئالدى بىلەن ۋەتەننىڭ بارلىقىغا ــ تاغ ــ دالالىرىغا، ئېقىن ـ دەريالىرىغا، يۇرت ــ قىرلىرىغا ۋە مەھەللە ــ كوچىلىرىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىشنى باش بەلگە قىلىدۇ. ۋەتەن سېنىڭ ئىكەن، زېمىن سېنىڭ ئىكەن، بۇ ھالدا، ئۇنىڭغا تىكىلگەن ھەر بىر تال كۆچەت، ئۇنىڭغا ئۈندۈرۈلگەن ھەر تال گۈل ـ گىياھتىمۇ سېنىڭ خوجايىنلىقىڭ گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى

كېرەك. «دۆڭكۆۋرۈك» ئەسلىدە سېنىڭ ئەجدادىڭ بىنا قىلغان كوچا ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنى سېنى تۇغقان ***ڭ تىلى بىلەن ھەمىشە «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتىغىنىڭ، ئەكسىچە، ھەرگىزمۇ ئەبجەشلەشتۈرۈپ «ئەردوچو» دېمە! «نۇرباغ» سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئاتالغان شۇنداق گۈزەل نام. ھالبۇكى، ئۇنى «مىڭيۈەن» دېۋالدىڭ، بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە، ھەم تىلىڭنى ھەم دىلىڭنى يوقاتتىڭ. بىخەستىلىكىڭ ۋە ھاماقەتلىكىڭ ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى «بېيمىڭ»، «نەنمىڭ» لەشتۈرۈپ بولدى. ئەمدى، بۇ ئىللەتنى بۆيۈك بوۋاڭ مەھمۇد ياشىغان، ئۇيغۇرنىڭ بۆشۈك شەھەرلىرىدىن بولغان كاشغەرگە سۆرەپ بېرىپ، ئەلمساقتىن تارتىپ «يار باغ» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن كۆۋرۈكنى «بېيداچياۋ «، »تۆشۈك دەرۋازا» ئاتىلىپ كەلگەن قەدىمى قەلئە دەرۋازىسىنى «دۇڭمېن» ئاتاشقا رايىڭ بېرىۋاتىدۇ. بىر ئوبدان «تۆمەنكۆل» دېگەن نامنى تاشلاپ «دۇڭخۇ» ئاتاشقا تىلىڭ كېلىۋاتىدۇ. «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دىن «ئۇيغۇر» نى چىقىرىپ تاشلاپ «ئاپتونوم رايون» ئاتاشقا دىلىڭ يول بېرىۋاتىدۇ — بۇ ئەبگاللىقىڭ بولماي زادى نېمە؟ !بىلگىنىڭكى، بىر يۇرت ــ ماكانىڭ ئىسىم ـ نامى شۇ جاينىڭ خوجىدارلىق تارىخىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكىلا ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدىغان ئامانەت نامايەندە!

ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننىڭ ئەتىسى ۋە ئۇزاق كەلگۈسى ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان تەرەققىيات بىناسىغا ئۆز قولى بىلەن خىش قويۇشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلىدۇ. «بىز مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. بۇ بىزنىڭ ئاتا مىراس دىيارىمىز» دەپ ھۆكىرەپ قويۇپ، ئىچىپ، چېچىپلا يۈرسەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلغان، ۋەتەننىڭ قەدرىگە يەتكەن بولمايسەن. ۋەتىنىڭنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ، ئۆزەڭنىڭ گېلى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ۋەتىنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمىي خەلقىڭ ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئىشلەيسەن. يۇرتۇڭ ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىسەن. ئۆز ئەمگىكىڭ بىلەن ياراتقان نەتىجەڭنى بۇ زېمىن ئۈستىگە ئۆزەڭ بىرمۇ بىر تىزىسەن ۋە ئۇنى جاھان ئەھلىگە نامايىش قىلىپ كۆرسىتىسەن. كۆرسىتىپ باقە قېنى، يۇرتۇڭدىكى قايسى زامانىۋى قۇرۇلۇش، قايسى ئېگىز بىنانى سەن لايىھىلىدىڭ، قايسى ماشىنا، قايسى ئايروپىلاننى سەن ياسىدىڭ. سەندىن قانچە ئۇچقۇچى، نەچچە نېفىت چارلىغۇچى، قانچە ئالتۇن كانلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى بار؟ ئەگەر سەن ئۆزەڭنى، ئۆز مىللىتىڭنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىڭنى سەزسەڭ، مۇھىمى كەمچىلىكىڭنى ئېتىراپ قىلساڭ، بۇ ھالدا مائارىپقا بولغان، ئادەم تەربىيىلەشكە

بولغان تونۇشۇڭ ئۆسىدۇ .پەرزەنتلەرنى تۇرلۇك ئىلىم - پەن ساھەسى بويىچە، يالغۇز ئىجتىمائىي پەندىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى تۇرلىرى بويىچمۇ زور تۇركۇملەپ تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان كۆز قارىشىڭ گىرانت كاللاڭنى بۆسىدۇ.

ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەپ خەلقى - ئالەم قايىل بولغىدەك نەتىجە يارىتىش ئىلىم - پەن ئىقتىداردىن كېلىدۇ. ئىلىم - پەن ئىقتىدارىنى بولسا، پەقەت مەكتەپ، خۇسۇسەن ئالىي پەن - تېخنىكا مەكتەپلىرىلا يېتىشتۈرەلەيدۇ. سەن بىر ئۇيغۇر ئائىلىسسەن، ئەگەر ئۆيۈڭدە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بولمىسا، بۇ چوڭ نومۇسلۇق ئىش. ھالبۇكى ئۆزەڭ ئاز يېسەڭمۇ، كەم كىيسەڭمۇ، جاپا تارتساڭمۇ، رىيازەت چەكسەڭمۇ پەرزەنتىڭنى مەكتەپكە بەر، بالاڭنى ئوقۇت. «ماڭا باشقىلار ئادەم تەربىيلەپ بەرمىدى» دەپ ھېچكىمدىن ئاغرىنما. «بالامنى ئوقۇتۇپ قويمىدى» دەپ ھېچكىمدىن زارلانما. بادام دوپپاڭغا تايانغىچە، شۇ بادام دوپپاڭنىڭ ئاستىدىكى ساغلام كاللاڭغا تايان. ئۆزەڭ ئامال قىل، ئامال قىلساڭ، ئىلىمنىڭ داغدام يولى ئالدىڭدا جەزمەن بولۇر ئايان. ئىلىم بولمىسا پەلەككە تاقاشقان ئېگىز بىنالارنى خوجايىنلىق ۋە مېمار — مۇھەندىسلىك سالاھىيەت بىلەن سالالمايسەن. بىلىم بولمىسا، مەدەنىي ئىنسان بولۇپ، مەدەنىي ھاياتتىن بەھرە ئالالمايسەن. ئەڭ مۇھىمى، ئىلىم بولمىسا، گەرچە ئۆزەڭنىڭ ۋەتىنىدە ياشاۋاتساڭمۇ، ۋەتەن لەززىتىنى ھەقىقىي تېتىيالمايسەن.

ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش ئەمگەك ئارقىلىق، كۈرەش ئارقىلىق ۋەتەنداشلىق سورۇنىدا ھەقلىق ئورۇننى تېپىشنى ئاداققىي مەقسەت قىلىدۇ. ۋەتەن بىر ئىنسان ئۈچۈن تەڭدىشى يوق، تۈگىمەس بايلىق. بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسە بولمىسا بولىدۇكى، ۋەتەن بولمىسا زادى بولمايدۇ .ۋەتەنسىز ئادەم بەجايىكى ئىگىسىز ئىشەككە ئوخشايدۇ. ئىگىسى يوق ئىشەكنى كىم كۆرسە، شۇ مىنىدۇ، خاھلىغىنىچە ئىشلىتىپ كۆتلىرىگە تېپىدۇ. ۋەتىنى يوق ئادەمنى باشقىلار ئىشەكتىنمۇ بەتتەر خارلايدۇ. بىراق، ۋەتەن دېگەن ئۇنداق غايىبتىن مىراس قالغان، ھېلىقىدەك بانكىغا سېلىپ قويۇپ، پايدا - ئۆسىمىنى ئېلىپ خەجلەپ، ئاپتاپتا سۇنايلىنىپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزسىمۇ بولىدىغان ئۆلۈك بايلىق ئەمەس. بەلكى ئۇ پەقەت ئۆزلۈكسىز ھالدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىزچىل ھالدىكى مەنىۋى كۈرەشلەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرۇشقا موھتاج جانلىق بايلىقتۇر. سەن بىر ۋەتىنى بار، دىيارى بار، خاس زېمىنى بار ئادەم ئىكەنسەن، ئۇ ھالدا ئۆزەڭنى ۋەتەن بىلەن بىر جان، بىر تەن قىلىپ، گەرچە سېنىڭ ھازىرلىق تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن ئانچە لازىملىق

بولمىسمۇ، بىراق ۋەتەنگە كىرەكلىك، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ قاتنىششىلىك، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى كۈرەشلەرگە تولۇق ئىشتىراك قىلىشلىك لازىم. ۋەتەننىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتناشمايدىغان ياكى ئاز قاتنىشىدىغان، يۇرت ـ دىيارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مەنىۋى كۈرەشلەردىن ئۆزىنى ھەمىشە قاچۇرىدىغان ئادەمنىڭ ۋەتەنداشلىق سورۇندىكى ئورنى ئاقۇۋەت پەگاھقا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى ۋەتەن دېگەن ئەمەلىيەتتە، ۋەتەن ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغانلارنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ .ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم ئاڭلىق ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ .پەقەت ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، جان پىدا قىلىپ ئىشلىگەن ئادەملا ۋەتەنداشلىق سورۇنىدا ھەقلىق ھالدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

بىلگەن ئادەمگە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت سورۇنىدا مۇنداق بىر ئالاھىدىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇ بولسىمۇ، تۈرلۈك مىللەتكە تەۋە ئىنسانلار ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆز قەلبىگە مەھكەم پۈككەن ھالدا، ئىلمىي رىقابەت قىلىپ، ھەرقايسىلەن ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى مەۋجۇدلۇق ئورنىنى چەنلەشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى سەن، مەن ۋە ئۇ ـــ بىز ئۇيغۇرلارمۇ پەقەت ئەمەلىي ئەمگىكىمىز ئارقىلىق، كۈرەش ئارقىلىق مۇبارەك دىيارىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلا بولساق، جاھاندىكى تۈرلۈك مىللەتلەر قاتارىدا بىزنىڭمۇ بېشىمىز ئىگىز، سۆزىمىز بىگىز بولىدۇ. كېيىنكى ئەسىرنىڭ مەدەنىي ھالاۋەت ۋە ماددىي دارامەت داستىخانىدا بولسا، ئىگىلىگەن ئورنىمىز ئۆزىمىزگە يەتكىدەك كەڭ، ئېرىشكەن نېسىۋىمىزمۇ ھېچبولمىغاندا باشقىلار بىلەن تەڭ بولىدۇ!

ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىش دېگەنلىك قەدىناس بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، قەدىم جايىنى بېسىپ بىر ئۆمۈر يېتىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئۇيغۇردا: «مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس «دېگەن ئۇدۇم ماقال بار. بۇ «ئادەم ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ھەقىقىي بىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان بولۇش ئۈچۈن، يۇرت كېزىپ، جاھان كۆرۈپ سەپەر قىلىشى، مۇساپىر )سەپەر قىلغان ئادەم) بولۇشى شەرت» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەتەننى سۆيۈش تۇيغۇسى ۋە مىللەتكە كۆيۈش مۇددىئاسىنى چىقىش قىلىپ، ئىلغار ئەل ۋە ئالغا كەتكەن خەلقلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، باشقا يۇرت، چەتئەللەرگە سەپەر قىلىش، ھەتتا شۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ ئىككىنچى يۇرت ئېچىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى باشقا يۇرت، چەتئەللەردە تۇرۇپمۇ

ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىتى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان خىزمەتلەرنى قىلغىلى، بەلكى ئالاھىدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقىلى بولىدۇ .بۇنىڭغا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان خەنزۇلار ئىچىدىكى بايلارنىڭ، ئالىملارنىڭ ۋە سىياسىئونلارنىڭ تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۆشمۇ تۆشتىن تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقانلىقى پاكىت بولالايدۇ. بىراق ئۆز دىيارىدىكى قىسمەن ناچار مۇھىت ۋە ئۆز يۇرتىدىكى مەلۇم قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ۋەتەننى تەرك قىلىپ، ياقا يۇرت، چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىش، كەتكەندىمۇ شۇ كەتكەنچە خۇددى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىش، ئۆزىنى تۇغقان، ئەجدادىنى باققان ۋەتىنىنى ھېچقانداق بىر ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن ياد ئەتمەي، چەتئەلدە بىر ئۆمۈر كاندىدات گراژدان بولۇپ ئۆتۈش ــ بۇ كەم دېگەندىمۇ ئۆز يۇرت، ئۆز ۋەتىنىگە يۈز كېلەلمىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە دېسەك، چەتئەللەردىكى ھەرقانداق مۇھاجىرنىڭ تۇرمۇشى، كۆنى شۇ ئادەمنىڭ مۇئەييەن كونكرېت ئىشتىكى شەخسى ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈن ياكى تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولغاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى شۇ كىشىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىنىڭ كۈچى، ئانا يۇرتىنىڭ يۈزى ۋە ئۆز دىيار خەلقىنىڭ خەلقئارادا تۇتقان ئورنىغا بېقىپ بولىدۇ .ئەگەر ۋەتىنىڭ كۈچلۈك، خەلقىڭ يۈزلۈك، دىيارىڭ خەلقئارادىمۇ ھۆرمەت - ئېتىبارلىق بولسا، ئۇ ھالدا مۇھاجىر بولساڭمۇ چەت ئەل، ياقا يۇرتلاردا قەددىڭنى رۇس قىلىپ، »گۈس، گۈس« دەسسەڭ يارىشىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھېچگەپتىن ھېچگەپ يوق خارلىنىسەن، بىھۇدە بوزەك ئېتىلىپ ئارلىنىسەن. بۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىز بىلەن ھەم دىنداش ھەم تىلداش ئاتىلىدىغان بەزىلەرنىڭ زېرىكىپ قالسا، «ئاخۇن ئاكىلارنى ئۇرۇپ كېلەيلى» دەپ، سودىگەر ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ - مۇشتلاپ يۈرگەنلىرى شاھىد بولالايدۇ! يەكۈن شۇكى، ئۆز زېمىنىڭنى ئەزىزلە، ئۆز ۋەتىنىڭنى قەدىرلە. چۈنكى سېنىڭ ئىززىتىڭ ئۆز ۋەتىنىڭ بىلەن تومۇرداش ؛ سېنىڭ قەدىر ــ قىممىتىڭ ئۆز دىيارىڭ بىلەن ئۆمۈرداشتۇر!

ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەننى قەدىرلىمەسلىك ئىللىتى بىلەن قوشكېزەك مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسە، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى بىلەلمەسلىك نۇقسانىدۇر.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇ ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىنىدا ئالاھىدە ئىمتىيازى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ نامى بىلەن مەزكۇر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. بۇ ــ قانۇنىي ئاساسى بار پاكىت. ئۇيغۇر بۇ زېمىنغا مېھمان ئاھالە ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئاھالە؛ ئۇيغۇر بۇ زېمىندا ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس، بەلكى كۆپ سانلىق مىللەت،

تـۆۋرۈك مىلـلەت، خوجـايىن مىللەتـتۇر. پەقەت شـۇنىڭ ئۈچـۈنلا بـۇ زېمىـنـدا رەئىـس ئۈيغـۇردىن چىقـىدۇ، ۋالـىي ئۇيغـۇردىن بولـىدۇ، ھـاكىم ئۇيغـۇردىن سـايلىنىدۇ. بۇمـۇ ھېچكىم كۆز يۇمالمايدىغان رېئاللىق.

دۇنيـادا ھېچبىـر ئىنسـان «يـاق، ئۇنـداق ئەمەس» دېيەلمەيـدىغان ئەمەلـيەت شۇكى، ئۇيغۇر قىممەتلىـك، ئۇيغۇرنـىڭ زېمىنـى قىممەتلىـك. شـۇڭا جاھانـدا نـى ـ نـى ئـالىملار ئەجـدادنى ئەۋلادقـا ئـۇلاپ ئۇيغـۇرنى تەتقىـق قىلىۋاتـىدۇ؛ ئۇيغـۇر ئەقىللىـق. مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، موللا مۇسا سـايرامىلاردىن كېيىـن، ئۇيغـۇردا ئـالىم تـۈگەپ قـالغىنى يـوق، خـالمۇرات غوپـۇردەك نەۋقـىران ئـالىملار ئـۇنلاپ چىقىـپ، يۈزلەپ يېتىشىپ، ئىلىم ـ پەن مەيدانىدا بۈيۈك نەتىجىلەر قازىنىـپ كېلىۋاتـىدۇ؛ ئۇيغـۇر مەدەنىيەتلىك. ئۇيغۇرنىڭ ئون ئىككى مۇقامى دۇنيادا تەڭدىشى يـوق مەدەنىـي مىـراس بولۇپ، قىتئەلەر ئارا ياڭراۋاتىدۇ. دېمەككى، ئۇيغۇرنىڭ ھېچبىر مىللەتتىن قالغۇچىلىكى يوق!

ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنى چاغلىمـاي لاپ ئـۇرۇش قانچىلىـك ئەيىـب ۋە قانچىلىـك نۇقسان ئـىش بولسا، ئـۆزىنى خـالىس تونـۇپ، ئـۆزىنى تولـۇق چۈشـىنىش، لىللاھ باھـا بىلەن ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشمۇ شـۇنچىلىك ياخشى ۋە شـۇنچىلىك ئوبدان ئـىش. چۈنكى ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق نەتىجە ۋە غەلىبە يېتىك ئىشەنچنى ئۆزىگە مۇستەھكەم ئۇل قىلىدۇ؛ ھەرقانداق زەپەر ۋە نۇسرەت كامىل ئىماننى ئۆزىگە مەزمۇت يول قىلىدۇ!

شۇ تاپتا ئىدراك بىلەن زەڭ سالساڭ، رېئاللىقتىن نىدا شۇنداق: سەن ئۇيغـۇر ئۆزەڭنىـڭ قىممىتىنى ئـۆزەڭ تولـۇق بىلىشـىڭ كېـرەك. ئۆزەڭنىـڭ يۈكسـەك باھـالىق قىممىتىڭگە ئۆزەپ جەزمەن ئىشىنىشىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىـر ۋاقىتتـا، ئـۆزەڭنى ھامـان باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقىلا لايىق چاغلايدىغان، ئۆزەڭنى ھەممىشە باشقىلار بۇرنۇڭدىن يېتىلەپ يۈرۈشكە مۇناسىپ ھېسابلايدىغان مەھكۇم مىجەزلىكىڭنـى قەتئىـي چـۆرۈپ تاشلىشـىڭ لازىـم .بىلـمەك كېرەككـى، ئىنسـان ئۆزىنىـڭ قىممىتىنـى بىلگەنـدىلا، ئانـدىن ئۇنىڭـدا جاسارەت بولىدۇ؛ ئـادەم جاسـارەت بىـلەن كـۈرەش قىلىـپ ياشـىغاندىلا، ئانـدىن ئۇنىـڭ تۇرمۇشىدا ھەقىقىي مەززە ۋە چىن ھالاۋەت بولىدۇ!

ئىگىز بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەي، يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ ئويلان، ئەبگا!

7 ـــ تۇنۇگـــۈن بىـــلەن كـــارى بولماســـلىق ۋە ئەتـــىگە ئوبـــدان نەزەر سالماسـلىقتەدىبرىنىڭ قانـداق بولسـا،تەقدىرىڭ شـۇنداق بولـىدۇ.ـــ ئۇيغـۇر خەلـق ماقالىبۇگۈننىلا بىلىش، كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرۈش يا ئۆتكەنـدىن سـاۋاق ئالماسـلىق، يـا

كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزمەسلىك، تەدبىرسىزلىك قاتارلىق ئالامەتلەرنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان تۇنۇگۈن بىلەن مۇتلەق كارى بولماسلىق، ئەتىگە بولسا، ياخشىلاپ نەزەر سالماسلىق، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلاش يەنى جاھاندارچىلىق كېسىلى ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يەنە بىر ئەجەللىك ئىللەت. بۈگۈن رېئال، بۈگۈن نەق، بۈگۈننىڭ قىممىتى مۇتلەق. شۇڭا بۈگۈننى تولىمۇ قەدىرلەش، بۈگۈننىڭ مىنۇت ـ سېكۇنتىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ياشاش، بۈگۈنكى ھاياتنى جەزمەن ئەڭ مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك .بىراق بۈگۈنكى ھاياتنىڭ مەنىلىك ئۆتكەنلىكىنى ياكى مەنىسىز ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقىغا شاھىد بولىدىغان ئەڭ ئىناۋەتلىك نەرسە نېمە؟ شەكسىزكى ئۇ ــ تۇنۇگۈندۇر. تۇنۇگۈن مەيلى ئۇ ئۆتكەن تارىخنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، بۈگۈن بولسا، يېڭى بىر ئىرانىڭ باشلانما كۈنى بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈننىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان، بۈگۈنكى كۈننىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرەلەيدىغان ۋە بۈگۈنكى كۈننىڭ مەنىلىك دەرىجىسىنى خالىس باھالىيالايدىغان نەرسە پەقەت ۋە پەقەتلا تۇنۇگۈندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇنۇگۈننىڭ قىممىتى بۈگۈننىڭ قىممىتىدىن قىلچىمۇ تۆۋەن ئەمەس. تۇنۇگۈننىڭ ئەھمىيىتى بۈگۈننىڭ ئەھمىيىتىدىن ئازراقمۇ كەم ئەمەس. شۇڭا ئىنسان ئاڭلىق ۋە ئىدراكلىق مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۈگۈننى ئوبدان قەدىرلەش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ تۇنۇگۈنىنىمۇ ئۆز ئەھمىيىتى بويىچە ياخشى قەدىرلىشى ۋە ئەزىزلىشى لازىم.تۇنۇگۈن دېمەك ئۆتمۈش دېمەكتۇر. تۇنۇگۈن دېمەك تارىخ دېمەكتۇر. دەرۋەقە ئۆتمۈش دېگەن ئۇزاق ئۆتمۈشنى، يېقىنقى ئۆتمۈشنى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ تېخى تۇنۇگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىدە بار ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخ دېگەن قەدىمكى تارىخنى، يېقىنقى تارىخنى، ھازىرقى تارىخنى ۋە بۈگۈنكى تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ؟ ئەسلەپ ئويناش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۈگۈننى ئاشۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتمۈشتەك ياخشى قىلىش ياكى بۈگۈننى ھېلىقى مەنىسىز ئۆتمۈشتىن ياخشى ۋە ئەۋزەل قىلىش ئۈچۈن ئەسلەيدۇ. بىر مىللەت نېمە ئۈچۈن ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ؟ قىلغىلى ئىش تاپالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى تارىختىن ساۋاق ئېلىپ بۈگۈننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىش، بۈگۈنكى ھاياتنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ .مۇشۇنداق زاكۇنلار ئاساسىدا ئېيتالايمىزكى، تۇنۇگۈن بەزەنلەر ئېيتقاندەك ئۇنداق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن چەك ياكى بېلەتكە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. جىددى بىر

تەرەپ قىلىۋەتمىسە بولمايدىغان بۇراق مالغا تېخمۇ ئوخشمايدۇ. لىللاھ مەيداندا تۇرۇپ ئېيتقاندا، تۇنۇگۈن بىر خاسىيەتلىك ئەينەككە ئوخشايدۇكى، بۇ ئەينەك ئاشۇ ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خالىس ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. تۇنۇگۈن بىر مۇكەممەل خاتىرىگە ئوخشايدۇكى، بۇ خاتىرىدە بۈگۈننىڭ تەۋەللۇت بولۇش جەريانى ئۈجۈر - بۈجۈرىگىچە خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. ھالبۇكى تۇنۇگۈندىن ئىبارەت بۇ خاتىرىنى ھەمىشە ۋاراقلاپ ئوقۇپ تۇرۇش بۈگۈنكى تۇرمۇشنىڭ يۈزىنى تېخمۇ نۇرلۇق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەتىگە، كەلگۈسىگە تەئەللۇق ھايات قەدىمىنى مەزمۇت، ئاق يوللۇق ۋە نۇسرەتلىك ئېلىشتىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ۋە زۆرۈردۇر. تۇنۇگۈننى ئۇنتۇماسلىق، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، تارىخنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئەمەلىي تۇرمۇشتا، ئاشۇ ئەھمىيەتلىك تۇنۇگۈنگە، ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئۆتمۈشكە ۋە ئاشۇ شانلىق تارىخقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەجدادلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىك پائالىيەتلىرىنى ئەسلەش، ئۆرنەك ئىش - ئىزلىرىنى ياد ئېتىپ خاتىرىلەش ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەمدى ئەجدادلارنى ئەسلەش ۋە خاتىرىلەش بولسا، ئەجدادلار ھەققىدە خاس كىتابلارنى پۈتۈش، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇشلۇق كىتابلارغا كىرگۈزۈپ ئەۋلادلارغا دەرس قىلىپ ئۆتۈش، ئەجدادلار ئۈچۈن خاس خاتىرە سارايلىرى بەرپا قىلىش، خاتىرە مۇنارلىرى تىكلەش، ھەيكەللىرىنى تۇرغۇزۇش، ئۇلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن پوچتا ماركىلىرى ئىشلەپ تارقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ رۇخسارى بىلەن پۇل يۈزلىرىنى بېزەش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەجدادلارنى ئەسلەش، ياد ئېتىش ۋە خاتىرىلەش ياكى ئەسلىمەسلىك، خاتىرىلىمەسلىك ھەتتا ئۇنتۇپ كېتىش كونكرېت بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئادەمىي ۋىجدانىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەب - ئەخلاق مىزانىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. مۇندىن چىقتىكى، ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئەجدادىنى ئەسلىمەيدىغان، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خاتىرىلىمەيدىغان ئادەم ۋىجدانسىز ئادەم قاتارىغا كىرىدۇ. ئۆزىنىڭ خەلقچىل ئەجدادىنى مۇناسىپ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياد ئەتمەيدىغان، مۇۋاپىق ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن خاتىرىلىمەيدىغان مىللەت بولسا، ئەخلاقسىز مىللەت، نائەھلى مىللەت قاتارىغا تىزىلىدۇ.ئۇيغۇر مىللىتى ئەسكە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان تۇنۇگۈنگە، ئۇنتۇلماس ئۆتمۈشكە ۋە ھەققىي شانلىق تارىخقا ئىگە مۇنەۋۋەر مىللەت. ئۇيغۇر مىللىتى مەيلى ھاكىمىيەت تىكلەپ جاھان سوراشتا بولسۇن، مەيلى پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ ئىنسانىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتا بولسۇن، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر

قەدىمىي ۋە مەدەنىي قەۋم بىلەن بويلىشالايدىغان مىللەت. بۇنىڭغا 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، 10 ـ 13 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى ۋە قارا خانىيلار دەۋرى، شۇنىڭدەك 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردىكى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى قاتارلىقلار ھەر جەھەتتىن بىرلەيدۇ شاھادەت!بۈگۈن ئۇچۇن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر پاكىت شۇكى، ئۇيغۇر مىللىتى بۈگۈنكى زامان جۇڭگو تارىخىمۇ قورۇق قول كىرىپ كەلگەن ئەمەس. جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىسى ماۋزېدوڭ تەرىپىدىن «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئەبەدىيلىك مۇقىملاشتۇرۇلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئېپتىخارلىق بىر باب بولۇپ، بۇنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەۋلادلار بىلمەيدۇ ئەمەس. جاھان ئەھلىنىڭ گويا تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇكى، ئەل سۆيەر ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا، ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىك سەرخىل ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، ئورگانلىرى مۇكەممەل بولغان ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، شىمالىي شىنجياڭدا مۇنتىزىم ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋە ئاخىرىدا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ـ تەڭ قوپۇپ، پۈتكۈل شىنجياڭنى تەڭ ئازات قىلىپ، شىنجياڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشقان. مانا بۇلار مۇبارەك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر غايىبانە ئامەت ئەمەس، ياكى بىراۋ قىلغان سەدىقە، بەخشەندە مۇكاپاتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇيغۇر دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەبىئىي سەمەرىسى ۋە ئۇيغۇر مەنپەئەتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان شانلىق تارىخ!شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇنچىۋالا شانلىق تارىخىمىز بار ئىكەن، ئاشۇنچىۋالا ئېپتىخارلىق تۈنۈگۈنىمىز بار ئىكەن، بىز ئۇنى ھەرگىزمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز، بىز ئۇنى ھەمىشە ئەسلەپ تۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئاشۇنداق شانلىق تارىخىمىز ۋە ئاشۇنداق ئېپتىخارلىق تۈنۈگۈنىمىزنى يارىتىشتا سەردار بولغان تاغ يۈرەك، خەلقپەرۋەر ئەجدادلىرىمىزنى ئۇنداق يادىمىزغا كەلگەندە، ناگان ـ ناگاندا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ۋە ھاراق سورۇنىدا ئەمەس، بەلكى ھەمىشە، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، رەسمىي سورۇندا ۋە تەنتەنىلىك قىلىپ خاتىرىلىشىمىز لازىم. ئەپسۇسكى ئەزىز قېرىندىشىم، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق، بەلكى بارغانسېرى ئۇنداق قىلالماس بولۇپ كېتىۋاتىمىز. نېمىشقا؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ئەبگالىق كېسىلى بارغانسېرى يامراپ كېتىۋاتقانلىقتىن، خۇسۇسەن بۈگۈنىنىلا بىلىش، كۆز ئالدىنىلا كۆرۈش، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلاش، تۈنۈگۈننى بولسا، ئېسىگە

ئېلىپمۇ قويماسلىقتىن ئىبارەت جاھانلدارچىلىق، جانباقتىلىق ئىللىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەدەب كېتىۋاتقانلىقىدىن.ھەممە ئادەم بىلىدۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھېچقانداق بىر قانۇنى ئۇيغۇرنىڭ مەھمۇد كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى، موللا مۇسا سايرامى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاتارلىق ئالىم ۋە باھادىرلارنى خاتىرىلىشنى مۇتلەق چەكلىمەيدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھېچقانداق بىر نىزامىدا، ئەھمەد جان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، لوتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرى ۋە دەۋر سەركەردىلىرىنى ئەسلەشنى، يادلاشنى ۋە خاس پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلەشنى ھەرگىز مەنى قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر چەكلىمە ھۆججەت يوق. بىراق ئەلەملىك يېرى شۇكى، بۇنى پەقەت جاھاندارچى ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى خاتىرىلىمەيدۇ. ھەتتا «خاتىرىلەيلى» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىنمۇ چىقىرالمايدۇ. نېمىشقا؟ بۇ گەپنى چىقىرىپ قالسام، يولداشلار «ھە، بۇنىڭ ئۇيغۇر غورۇرى بارىكەن» دەپ ماڭا چەكت قويۇپ قويىدۇ، مەنسەپ بەرمەيدۇ، ئەمەلىمنى ئۆستۈرمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. باشقىلار «خاتىرىلەيلى» دېسە ۋە مىڭبىر مۇشەققەتتە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرسا، ئۇ بۈيۈك ئەجدادلارنى خاتىرىلىگۈچىگە ھەر جەھەتتىن بىر ئۆمۈر يەتكىدەك قىلىپ زەربە بېرىدۇ. ئۆزى بولسا، بۇنىڭ بەدىلىگە »ئۇيغۇر غورۇرى يوق« دېگەن شەرمەندە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بەخىرامان ياشاپ كېتىۋېرىدۇ.دەردىما! نېمە دېسەك بولار. ئەمەلىيەتتە خەنزۇ يولداشلارنىڭ لىن زېشۈي، لۇشۈننى خاتىرىلىگىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزغۇسى كەلگىنىگە ئوخشاشلا، بىز ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭمۇ سادىر پالۋاننى، لوتپۇللا مۇتەللىپنى خاتىرىلىگىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ تۇرغۇزغۇمىز كېلىدۇ. چۈنكى بىزمۇ خۇددى خەنزۇلارغا ئوخشاشلا غورۇرلۇق ئىنسان. ئەگەر بىزنىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنى پۇخادىن چىققۇدەك خاتىرىلىگىلى قويسا، ئۆز زېمىنىمىزدە باشقىلار بىلەن باراۋەر ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش تۇيغۇمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىمىز تېخىمۇ زورىيىدۇ. ئەكسىچە ئەجدادلىرىمىزنى مۇۋاپىق پائالىيەتلەر بىلەن ياد ئەتكىلى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى مۇناسىپ ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن خاتىرىلىگىلى قويمىسا، تەبىئىيكى يۈرىكىمىز ئېغىر زەخىملىنىدۇ، كۆڭلىمىز قاتتىق ئازار يەيدۇ .بۇنىڭ بىلەن نارازىلىق، ئاداۋەت ۋە ئۆچلۈك تۇيغۇمىز ئۇلغىيىدۇ. ۋاھالەنكى ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارىمۇ يوق. ئۇ كادىر تاللاش ۋە مەنسەپ ئۆستۈرۈشتە، ھېلىقىدەك ئۇيغۇر يۈرىكى سۇغۇرۇۋېتىلىپ، ئورنىغا باشقىلارنىڭ يۈرىكى سەپلەپ قويۇلغان، ئۆزى ئۇيغۇر تۇرۇپ،

«ئەمدى ئۇيغۇر دېگەن گەپنى قويۇپ، مىللىي دېگەن سۆزنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز لازىم» دەيدىغان مۇناپىقلارنى ئەۋرىشكە قىلىدىغان لەنەتلىك ئادەتكە كۆنۈپ كەتكەچ، كالىندارنىڭ ۋارىقىنى يىرتىۋېتىپلا «تۈنۈگۈن ئەمدى ئەھمىيەتسىز، چۈنكى ئۇ كەلمەسكە كەتتى» دەپ يۈرۈۋېرىدۇ.بىراق ئى ئەزىز قېرىندىشىم !سەن، مەن ۋە ئۇ ـــ بىز ھەممىمىز بۈگۈنلا ئاسماندىن «توككىدە» چۈشۈپ قالغان ئەمەس، ياكى زېمىندىن بۈگۈنلا «مىرتتىدە» ئۈنۈپ چىققانمۇ ئەمەس. بىز ھەممىمىز تۈنۈگۈندىن، ئۆتمۈشتىن، تارىختىن بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن مېڭىپ كەلگەن. تۈنۈگۈن بەجايىكى بىزنى تۇغقان ئانا. تۈنۈگۈن ئەمەلىيەتتە بىزنى چوڭ قىلغان ئاتا. ھالبۇكى تۈنۈگۈننى ئۇنتۇش خۇددى ئاتا ـ ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلغانغا ئوخشاشلا گۇناھلىق ئىش؛ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش گويا ئەبا ـ ئەجدادنى خارلىغاندەكلا نومۇسلۇق ئىش. ئەگەر بۇ زاكۇننىڭ مەنىسىگە چوڭقۇر چۆكسەڭ ۋە بۇ چۈشەنچىنىڭ چىنلىقىغا تەسلىم بولساڭ، بۇرۇلۇپ ئارقاڭغا قاراپ باق، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بۈيۈك ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ باق .ئالدى بىلەن ئەقىل كۆزۈڭگە كۆرۈنىدىغىنى 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ ـ پۈتكۈل يەر شارىدا، تاھازىرغىچە بىردىنبىر بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۇنياغا كەلگەن كۈن. بۇ ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن يېڭى بىر ئىرا باشلانغان كۈن. دەرۋەقە مەزكۇر 55 ـ يىل 1 ـ ئۆكتەبىر بۈگۈن ئۆتمۈشكە، تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى. بىراق سەن ئاشۇ كۈننى ئېسىڭدە ھەمىشە مەھكەم ساقلىساڭ، ئاشۇ كۈننىڭ ئۆز زامانىسىدا سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق تولۇق ئاقلىساڭ، ئاندىن سەن ئۆزەڭ ياشاۋاتقان بۈگۈننىڭ نېقەدەر قەدىرلىك كۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىسەن؛ ئاندىن بۈگۈنكى كۈننىڭ قىممەت مەنبەسىنى ھەقىقىي پەم ئېتىسەن ۋە ئويلايسەن: ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان شۇ چاغدىن تارتىپ ھازىرقى كۈنگىچە، سەن ئېرىششكە تېگىشلىك نېسىۋە ئاشۇ باشتا دېيىشكەندەك بارغانسېرى ئېشىۋاتامدۇ ياكى كېمىيىۋاتامدۇ؟ ئىدارىلاردىكى كادىرلار نىسبىتى، زاۋۇتلاردىكى ئىشچى ۋە تېخنىكلار قوشۇنى تۈزۈلمىسى، شەھەرلەردىكى نوپۇس سانى ۋە مەھەللە ـ كوي قۇرۇلمىسى ......قاتارلىقلاردا ساڭا تەئەللۇق ئۇلۇش يىلسېرى كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟ بىلگىنكى، بۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى بۈگۈنكى كۈنۈڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشتا، بۈگۈنكى تۇرمۇشۇڭنى تېخىمۇ ئەۋزەل قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ ئەسقاتىدۇ؛ بۇنىڭ ڭايدىسى سېنى جاھاندارچىلىق ۋە جانباقتىلىق ھاياتىنىڭ مەنىسىز قايىنىمىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئاناڭ بەرگەن سۈتنىڭ ئەجرىنى ۋە ئانا يەر بەرگەن تۇزنىڭ ھەققىنى ئاقلايدىغان ۋاپادار ئەۋلادلار قاتارىغا قاتىدۇ!پەقەت

تارىخنى ئۇنتۇمىغان ۋە تۇنۇگۈنكى كۈرەشلەرنى ئەستە چىڭ ساقلىغاندىلا، ئاندىن ھىلىقىدەك بۈگۈننىڭ قەدرىگە يەتمەي، ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەي، بولۇر - كېتۇر كۈن ئۆتكۈزىدىغان، بىخۇدلۇق قىلىپ بۈگۈنگىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ ئىغىر زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان ئىللەتنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، «شىنجياڭ»، «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ۋە «ئاپتونوم رايون» دېگەن ئاتالغۇلارنى بىر - بىرىگە بەدەل قىلىپ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، جۇڭگو تارىخىدىكى مەنچىڭ زوزۇڭتاڭ زامانىسىدا، ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر زېمىنى «شىنجياڭ» (يېڭى چېگرا) دېگەن سىياسىي نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. پۇتكۇل گومىنداڭ دەۋرىدىمۇ مۇشۇ نام قوللىنىلغان. ئەمدى جۇڭگودا دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، «شىنجياڭ» ئاتىلىق بۇ زېمىنغا كومپارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى چۈشۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان، يەنى شۇندىن ئېتىبارەن بۇ زېمىنغا «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ يېڭى ئات قويۇلغان. ئازراقلا سىياسىي ئېڭى بار ئادەم ئۇچۇن خۇددى ئاسماندا پارلاپ تۇرغان كۈندەكلا روشەن ئىش شۇكى، «شىنجياڭ» بىلەن «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «ئوخشاش بولمىغان زامان ۋە ئوخشاش بولمىغان پارتىيىلەر باسقان ئېنىق دەۋر تامغىسى بار سىياسىي ئاتالغۇلار بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىگە بەدەل قىلىپ ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى «شىنجياڭ» دېگەن ئىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بوزەك قىلىدىغان ۋە ئانىي تاپىدىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قويغان نام. «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بولسا، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەرغىپ قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئادالەتپەرۋەر جۇڭگو كومپارتىيىسى قويغان نام. بۇلارنى قانداقمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولسۇن ۋە بىرسىنى يەنە بىرسىنىڭ ئورنىغا بەدەل قىلىپ ئىشلەتكىلى بولسۇن؟ ھالبۇكى 1935 - يىلى تەسىس قىلىنىپ «شىنجياڭ گېزىتى» ئاتالغان بۇ ئەكسىيەتچى شىنجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتى، ئەگەر 1955- يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نى ئېتىراپ قىلغان بولسا، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەزكۇر گېزىتنىڭ باش بەت باش ستون يۈزىنى «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى» دېگەن بەرھەق سۆز بىلەن بېزىگەندىن باشقا، گېزىت نامىنى جەزمەن «ش ئۇ ئا ر گېزىتى» گە ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى! ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان «شىنجياڭ ياشلىرى«، »شىنجياڭ سەنئىتى»، «شىنجياڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ۋە «شىنجياڭ

ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دېگەندەك گېزىت ـ ژۇرنال ناملىرى، شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى«، »شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» قاتارلىق ئىدارە ـ ئورگان ناملىرىنىڭ ھەممىسى خاتا. ئۇلار پەقەت «ش ئۇ ئا ر ياشلىرى»، «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى»، «ش ئۇ ئا ر ئايالللىرى»، «ش ئۇ ئا ر مەدەنىيىتى»، «ش ئۇ ئا ر سەنئىتى«، »ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ھەرىكىتى»، «ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ۋە «ش ئۇ ئا ر ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ش ئۇ ئا ر خەلق نەشرىياتى»، «ش ئۇ ئا ر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»......... بولغاندىلا ئاندىن توغرا بولىدۇ .چۈنكى بۈگۈنكى جۇڭگودا «شىنجاڭ» دېيىلگەن يەر يەر يوق. ئۇ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلىشى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقالغان. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتقىنى مۇبارەك «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» (ش ئۇ ئا ر (دۇر. شۇڭا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نى قىسقارتىپ «شىنجاڭ» دەپ ئاتاش ئېغىر سىياسىي خاتالىق، قانۇنسىزلىق ھەتتا ئەكسىيەتچىلىك بولىدۇ!بىراق بۇنى تېخى ئاز دېگەندەك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نى تېخىمۇ غەلىتە قىسقارتىپ »ئاپتونوم رايون» دېيىلگەن ئىللەتلىك ئادەتنىڭ ئەدەب كېتىۋاتقىنىغا ئەپيۇھەنناس !خەت ـ سۆزلەرنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ئاپتونوم رايون» دېگەن گەپ »ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈلىدىغان رايون» دېگەن ئابستىراكىت مەنىدىن باشقا، ھېچقانداق بىر كونكرېت جاي ئۇقۇمىنى يورۇتمايدىغان تومتاق ئاتالغۇ. ھالبۇكى شۇنداق تۇرۇقلۇق زادى نېمە ئۈچۈن «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېمەي، «ئاپتونوم رايون» دەپ ئاتاش شۇنچە بازار تېپىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭدا مۇنداق تۆت خىل ئەھۋال بار .بىرىنچى، خېلى بىر بۆلەك كۆڭلى ساددا، پەمى كالتە كىشىلىرىمىز، بىز مۇشۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقاندىكىن، «ئاپتونوم رايون» دېسەكمۇ تەھقىق ھالدا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى، ئېغىزىغا نېمىنى سېلىپ قويسا، ئاڭقارماي يەۋېرىدىغان گوموش بالىدەك، سىياسىي ئاتالغۇلارنى باشقىلار نېمە دەپ قىسقارتىپ بەرسە، چۈشىنىپ ـ چۈشەنمەي، شاتۇتىدەك دوراپ دەۋېرىدىغان چالا ساۋات ئەبگا زىيالىلىرىمىزنىڭ ئېغىدا، «مىللىي» دېگەن سۆز »ئۇيغۇر» دېگەن سۆز بولىدۇ؛ «ئاپتونوم رايون» دېگەن سۆز بولسا، ھەرقانداق يەردە مەڭگۈ «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئەگەر «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بۇ قانۇنىي ئاتالغۇدىن مەركىزىي سۆز بولغان «ئۇيغۇر» ئاتىلىق ھالدا ئېلىپ تاشلىنىۋاتىدۇ دېيىلگەن تەقدىردە، بۇ بىر قىسىم غەيرى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ

غەرەزلىك قىلىنىۋاتقان ئىشى. بۇخىل كىشىلەر تارىختىكى «شىنجياڭ» دا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلغانلىقىغا ئەسلىدىن ناقايىل. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھېلىھەم مەنچىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ دەۋرىگە مايىل. شۇڭا كومپارتىيىنىڭ سىياسىي تامغىسى بېسىلغان، كومپارتىيە ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ نۇرى جۇلالاپ تۇرىدىغان «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ زادىلا خوشى يوق. تۆتىنچى، يەنە بەزەن ساددا قېرىنداشلار بولسا، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېسەك، «بۇ زېمىن ئۇيغۇرلارنىڭلا ئاپتونوم رايونى» دېگەن بولۇپ قېلىپ، بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىز تازا گەۋدىلەنمەي قالىدىكەن دەپ قاراپ، «ئۇيغۇر» سۆزىنى قەستەن تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ھەتتا مۇشۇ خىل خاتا قاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، «شىنجياڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمۇ؟» دېگەندەك بىمەنە ۋە لاۋزا ماقالىلارنىمۇ يازدى.بىز بۇ يەردە خالىس نىيەت ۋە سەممىي كۆڭلىمىز بىلەن شۇنى ئېيتىمىزكى، بۈگۈنكى دۇنيادا قازاق قېرىنداشلارنىڭ قازاقىستانى ۋە قىرغىز تۇغقانلارنىڭ قىرغىزىستانى بولسا، جۇڭگونىڭ ئاساسلىق مىللەتلىرىدىن بولغان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بار. بىز بۇنىڭ بىلەن ئالەمچە ئىپتىخارلىنىمىز! بىراق خۇددى قازاقىستاننى ئاشۇ يەردە ياشاۋاتقان ئورۇس، نېمىس، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قازاقىستانى ئەمەس، «پەقەت قازاقلارنىڭلا قازاقىستانى» دېيىش تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولغىنىدەك، شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىمۇ «پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونوم رايونى» دەپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مۇشۇ زېمىندە ياشاۋاتقان خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىقلارنىڭمۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بۇ نام مۇشۇ زېمىندا ئەزەلدىن تارتىپ، ئاساسىي گەۋدە ھالىتى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى بىلەن قانۇنلاشتۇرۇلۇپ ئاتالغانىكەن، ئۇنى ئەينەن ۋە تولۇق ئاتاش بۇ زېمىندە ياشاۋاتقان ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتتۇراق بۇرچى! ھالبۇكى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دىن «ئۇيغۇر» نى تاشلىۋېتىپ، »ئاپتونوم رايون» دەپ ئاتاش سېپىي ئۆزىدىن بىمەنىلىك ۋە يامان غەرەزلىك!دەرۋەقە »شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن ئاتالغۇ بىر ئۆز ئۇزۇن. بۇنىسى ئەمەلىيەت . شۇنداقىكەن بەزىدە ئۇنى قىسقارتىپ ئاتىساق بولمامدۇ؟ مېنىڭچە بولىدۇ. بىراق قىسقارتقاندا، خۇددى «ئىچكى موڭغۇل (نېيمىڭ ) ئاپتونوم رايونى» ۋە «شىزاڭ (غەربىي زاڭ) ئاپتونوم رايونى» دېگەنلەردە، «موڭغۇل» (مېڭ) ۋە «زاپ» (زاڭ مىللىتى) دېگەن نامالار چۈشۈرۈپ قويۇلمىغانغا ئوخشاشلا، «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دىن قىسقارتىلغان ئاتالغۇدىمۇ ھەر قانداق ئەھۋالدا، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ھەرگىزمۇ

چۈشۈرۈپ قويۇلماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دېگەن ئاتالغۇنى قىسقارتىپ ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە موڭغۇلچىلاردا بىردەكلا «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ياكى «ش ئۇ ئا ر» دەپ ئاتىسا بولىدۇ.شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، تارىختىكى شىنجياڭدا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى تۆنۈگۈنكى ئەل سۆيەر بۈيۈك ئەجدادلار ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئۆلمەس نەتىجىسى. شۇنداقلا كومپارتىيە ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ مۇبارەك سەمەرىسى .ھالبۇكى ئۇنىڭ نامىنى تولۇق، ئەينەن ئاتاش ياكى چالا، ئۆزى بىلگەنچە ئاتاش ئەمەلىيەتتە، شۇ ئاتىغۇچىنىڭ كومپارتىيە ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسىتىگە ئالاقىدار پوزىتسىيىسىنى، چۈشەنچىسىنى ۋە تۈپ مەيدانىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا شۇ ئاتىغۇچىنىڭ تارىخقا، تۈنۈگۈنكى ئەجدادلار ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ۋە بۈيۈك ئەجدادلارغا بولغان كۆز قارىشىنى ۋە ۋاپا دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ھەممىمىز يۈكسەك سىياسىي ئېڭىمىز ۋە يۇقىرى مەسئۇلىيىتىمىز بىلەن تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.ئەبگا ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈنۈگۈن بىلەن كارى بولماسلىق كېسىلى بىلەن قولتۇقلىشىپ كېلىۋاتقان ئىللەت ئەتىگە ئوبدان نەزەر سالماسلىق يەنى پىلانسىزلىق بولۇپ، بۇ ئىللەتنىڭ يامان تەسىرى شۇ تاپتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىستىقبالىنى بارغانسېرى گۇڭگىلاشتۇرماقتا.شۇنداق تۈنۈگۈننى ئۇنتۇپ قالمىغاندىلا، ئاندىن بۈگۈننىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۈگۈنكى ھەر بىر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ۋە چىڭ تۇتۇپ ئەتىنىڭ پىلانىنى ئالدىن تۈزۈپ ماڭغاندىلا، ئاندىن بۈگۈنكى نەتىجىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەتە بۈگۈندىنمۇ گۈزەل كۈننى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ تۇرمۇشى تۈنۈگۈندىن ساۋاق ۋە زوۋرۇر ئوزۇق ئېلىش، شۇنداقلا ئەتىكى يېڭى ھاياتقا تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتقا ھاملىدار قورىماس ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي مەنىلىك تۇرمۇش ۋە چىن لەززەتلىك ھايات بولىدۇ .ئىنساننى ئەتىگە تەلپۈندۈرىدىغان نەرسە يۈكسەك غايە. يۈكسەك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نەرسە بولسا، ئىلمىي پىلان، جانلىق تەدبىر ۋە قەتئىي ئىرادە. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، پىلانلىق ھايات ئاكتىپ ھايات، تاتلىق ھايات؛ پىلانسىز ھايات بولسا، پاسسىپ ھايات، قاڭسىق ھاياتتۇر. ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ ئېيتساق، سەن پىلان بىلەن ئىش قىلىۋاتامسەن ياكى ھېچبىر پىلانىڭ يوق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتامسەن، خەلق كالۋا ئەمەس، ھەممىنى بىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شاخماتنىڭ ئۇرۇقچىلىرىدەك تىزىلىپ كەتكەن راۋاقلار پىلان بىلەن قىلىنغان ئىش.

سېنىڭ پىلانىڭ بولمىغاچ، قىرىق يىلنىڭ مابەينىدە، ئۈرۈمچىگە ئەقەللىسى مىڭ ئادەم دەلنەزى تۇرۇپ مېيىت نامىزى ئوقۇغىلى بولىدىغان بىرەر مەسجىدمۇ سالالمىدىڭ. تۇرۇپلا نەۋرۇز بايرىمى قىلدۇرمايدىغان بولىسەن. تۇرۇپلا رامىزان ھېيتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بولىسەن .خەلقىڭ ئاشۇنداق ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان مىللەت. سېنى ئۇ قاتاردىن چىقىپ كەتتىمكىن دېسە، ھېيت بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ، تۆرنىڭ كاللىسىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ گۆش يەيسەن. بۇ پاسسىپلىقمۇ ياكى ئاكتىپلىقمۇ؟ ئۇيغۇرلار «شىخەنزە» دەپ ئاتايدىغان شىخىزى شەھىرى مۇشۇ يىرىم ئەسىرنىڭ مابەينىدە بىنا قىلىنغان يېپيېڭى بىر شەھەر. ئۇنىڭدا، «شىخىزى ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرۇلۇپ بولدى. ئەمما ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى بار كاشغەردە بولسا، تا شۇ كۈنگىچە بىرمۇ ئۇنىۋېرسىتېت يوق. خەق ئون ئىككى يىل سەرپ قىلىپ، نى نى ئارمانلار بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتسا، ۋاقتى كەلگەندە كىرىپ ئوقۇيدىغانغا ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تايىنى بولمىسا، ئۇلارنى موللاملارنىڭ ھوزۇرىغا تاپشۇرۇپ تالىپ قىلماي قانداق قىلىدۇ، ئەمدى؟!مۇنداق ئىشلارنى ساناپ كەلسەك، ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ جىق. سەممىي ئۈمىد شۇكى، سەن خەلقنىڭ بىر رەھبىري كادىرىسەن، ئۆزەڭ خىزمەت ئۆتەيدىغان ئاشۇ سەككىز - ئون يىلنى قورساق سىلىپ سەمرىۋېلىشنىڭ، پارا ئېلىپ بېيىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى قىلماي، خەلقىڭنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن چىن كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ بىر - ئىككى بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىشنى پىلان قىل. شۇ پىلانىڭنى خەلقىڭغە ئوچۇق ئېلان قىل. مانا شۇ چاغدا سەن كەلگۈسىدىن ئۈمىدلەنگەن خەلقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىسەن. پىلانىڭ ئەمەلگە ئاشقاندا بولسا، ئۆز ئىقبالىدىن سۆيۈنگەن خەلقىڭنىڭ ھەقىقىي ئېھتىرام ۋە چىن ھۆرمىتىنىڭ قايىنىمىدا ھوزۇرلىنىپ ئۈزىسەن.سەن بىر مەكتەپ باشلىقىسەن. مائارىپ ئىدارىسى چۈشۈرۈپ بەرگەن سان - سىفىرغا، مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىلتىپاتىغا قاراپ ئولتۇرماي، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق ۋە ئون يىللىق قىلىپ ئۆزەڭ پىلان تۈز. مەكتەپ باشلىقى دېگەن ئىزباسار ئەۋلاد تەربىيىلەيدىغان باش ئىنژېنېر دېگەن سۆز. ھالبۇكى سېنىڭ پىلانىڭ ئەڭ ئىناۋەتلىك، سېنىڭ تەدبىرىڭ ئەڭ كارامەتلىك. ئالدىڭدىكى ساڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان مەھمۇد كاشغەرى چىراي، ئامانىنساخان رۇخسار ئوغۇل - قىز ئەۋلادلارنى كۆر. ساھىبتەدبىر بولۇپ، ئۇلاردىكى ئارزۇ - تىلەكلەرگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆل. ئەمەلىيەتتە 21 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ خوجايىنلىرى سېنىڭ ئىزباسار يېتىشتۈرۈش ماھارىتىڭغا باغلىق. ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مەرىپەتلىك كەلگۈسى سېنىڭ باشچىلىق جاسارىتىڭغا باغلىق! سەن ھەرقانداق بىر

مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىسەن. كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىسەن. باشتىنلا پىلان بىلەن ياشاشنى ئۆگەن. ۋەتەن ئۈچۈن بىلىم ئال، ۋەتەن ئۈچۈن تەشكىللەن، ئېھتىياتچان ئەزىملەردىن ئىبرەت ئال. ئىجتىھادچان تەۋەككۈلچىلاردىن ئۆرنەك ئال. «سېكرېتارنى پالانى تۇغۇپ بېرىدۇ»، «مۇدىرنى، رەئىسنى پۇستانى يەردە ياساپ بېرىدۇ» دەپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرماي، كىچىككىدىنلا ناھىيەگە ھاكىم، ۋىلايىتىڭگە ۋالىي ۋە ئۇيغۇر ئېلىڭگە رەئىس بولۇشنى كۆڭلۈڭگە مەھكەم پۈك» .چوڭ بولسام، چوقۇم ئەجدادىمدەك باشلامچى ئەزىمەت بولىمەن» دېگەن نىيەتنى قەلبىڭگە مەزمۇت پۈت. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تەدبىر ئويلا، پىلان تۈز. ھايات قوينىدا ئۆمۈر بويى پىلان بويىچە، شىجائەت بىلەن ئالغا قاراپ ئۈز. غايىبانە بىر مۆجىزاتنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرما. ئۆزەڭ قىلالايدىغان ئىشنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرما. ئىلىم بەيگىسىدە ئۆزۈڭلا چىقساڭ، ئىقبال سېنىڭكى. بىلىملىك بولۇپ يېتىلسەڭ، ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى چوقۇم سېنىڭكى!بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەرەققىياتتا ئالدىدا مېڭىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بېرىۋاتقان ساۋاقلاردىن قارىغاندىمۇ، شانلىق تارىخى بار، شۇنداقلا ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇمىغان، تارىخي ساۋاقلارغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بەرگەن مىللەتلەرنىڭ يەنە پارلاق ئىستىقبال يارىتالىشىدىن ئۈمىد زور. ئېپتىخارلىق تارىخى بولسىمۇ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئەتە ئۈچۈن، كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭىدىن يېڭى پىلانلارنى تۈزۈپ مېڭىشنى بىلمەيدىغان مىللەتتىن بولسا، تازا ئۈمىد يوقتۇر.يۇقىرىدا دېدۇق، ئۇيغۇر شانلىق تارىخقا ئىگە مىللەت. بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمدى ئۇيغۇر يەنە پارلاق ئىستىقبال يارىتالامدۇ ـ يوق؟ بۇ ـ پال باقىدىغان ئىش ئەمەس .پەقەت سەن، مەن ۋە ئۇ ـــ بىز ھەممىمىز بىر نىيەتكە كېلىپ، ئورتتۇراق ئەمەلىيىتىمىز بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ئىش. بوۋىمىز ئېيتقان «تەدبىرلىك قانداق بولسا، تەقدىرلىك شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئۇدۇم ئاتا سۆزى بەشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك تەجرىبىلىرى دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئىلمىي پىلانلىق ۋە ئىلغار تەدبىرلىك بولساق، ئەل سۆيەر ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى باسساق، ئۆزىمىزنىلا، بۈگۈننىلا ئويلىماي، كەلگۈسىنى، ئەۋلادلارنىمۇ ئويلىساق، بىر گەۋدىگە ئۇيۇشۇپ، نۇسرەت ئۈچۈن بەلنى مەھكەم باغلىساق، مىللىتىمىز ئۇيغۇر چوقۇم ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ پارلاق ئىستىقبال يارىتالايدۇ!سېنىڭچىچۇ؟ مۇشۇ قاراشنى ياقلاپ، ئويغانغان سەپكە قوشۇلامسەن ياكى «مەن يەنە قاراپ باقاي» دەپ، تىكىۋېتىپلا قوتۇلامسەن ؟ ئويلان، ئەبگا!

8ــ ئىجادكارسىزلىق ۋە جەڭگىۋارسىزلىق ئەزمە ئۇيغۇرچە تەۋەككۈلچى مەقسەتكە يېتىپتۇ.ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى.ھەق ئۈچۈن، ھەقىقەت ئۈچۈن ۋە ھەق يول ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئەزىز جېنىنىمۇ بېغىشلاش ئىجادكارلىق دېيىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز كوللېكتىپىنىڭ جانجان مەنپەئەتى، ھەقلىق ھوقۇقى ۋە ئىززەت ھۆرمىتى ئۈچۈن تىز پۈكمەي كۈرەش قىلىش جەڭگىۋارلىق بولىدۇ. ئىجادكارلىق بىلەن جەڭگىۋارلىق ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئاداققي مەۋجۇدلۇقىنى ۋە ئاقىۋەت ئىستىقبالىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈكتۇر. ئىجادكارلىق بىلەن جەڭگىۋارلىق ھەرقانداق بىر مىللەتنى داغدام يوللۇق، ئۇزۇن قوللۇق، ئۆز رىزقىدىن ئۆزى بەھرىلىنەلەيدىغان، ئۆز ھوقۇقىدىن ئۆزى ھوزۇرلىنالايدىغان قىلىدىغان زۆرۈر روھىي قۇۋۋەتتۇر. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ پاكىتلىق ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ، مەۋجۇدلۇقنىڭ يولى ئىجادكارلىق بىلەن ئېچىلىدۇ. ئىستىقبالنىڭ يولى بولسا، جەڭگىۋارلىق بىلەن كېڭىيىدۇ. ھېكايە، «تام تاغنىڭ كەينىسى» ناملىق ئامېرىكا كىنو فىلىمىنى كۆرگەن ئادەملەر بىلىدۇ ۋە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇكى، ھازىرقى ئامېرىكا نېگىرلىرى مۇندىن يۈز يىللار بۇرۇن، ئىنگلىز سودىگەرلىرى تەرىپىدىن ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ، مال ـ ئەشيا بازىرىدا، ئەركىن ھالدا ئېلىم ـ سېتىم قىلىنىدىغان قارا قۇللار ئىدى. خاس قۇل بازارلىرىدا، خېرىدارلار ئەركەك قۇللارنى خۇددى ئېشەك سېتىۋالغان چېغىدىكىدەكلا، كالپۇكلىرىنى يېرىپ تۇرۇپ چىشلىرىنى كۆرۈپ، بولجۇڭ گۆشلىرىنى مۇشتلاپ بېقىپ ئالاتتى. ئايال قۇللارنى ئالىدىغان چاغدا بولسا، كۆپ تۇغۇپ بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز دەپ، كۆكسىلىرىنى خاھلىغانچە مۇجۇقلاپ، ساغرىلىرىنى سىلاپ، غېرىچلاپ بېقىپ ئالاتتى. ئۇ زامانىسىدا، نېگىرلار ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە، كان ـ كارخانىلىرىدا، ئېكىنزارلىق قورۇقلاردا، ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى، ئىتنىڭ ئورنىدا خارلاپ ئۆلتۈرۈلەتتى .بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈنكى ئامېرىكا نېگىرلىرى ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ، زۇڭتۇڭ نامزاتى بولالايدىغان بولدى.ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق ساھەسى ۋە ھەرقانداق مەخپىي ئورگانلىرىدا بەخىرامان ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. بۈگۈنكى ئامېرىكىدا، ھەربىي سەپتىكى بەش يۇلتۇزلۇق نېگىر گېنېراللار، سەنئەت كۆكىدە پارلاپ جۇلالاپ تۇرغان نېگىر چولپانلار، تەنتەربىيە مەيدانىنى قاپلاپ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا قارا تۇلپاردەك چېپىپ كېتىۋاتقان نېگىر تەنھەرىكەتچىلەر، سوت مەھكىمىسىدە رەت ـ رېتى بىلەن قارا بۈركۈتتەك ئولتۇرغان نېگىر باش سودىيەلەر

نىگىرلارنىڭ مۇندىن يۈز يىللار بۇرۇنقى ھايۋان ئورنىدىكى مەھكۇملۇق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ ھەقلىق خوجايىنلىرىغا ئايلانغانلىقىنى مەدەنىيەت دۇنياسىغا ۋە پۈتكۈل ئالەمگە جاكارلاپ تۇرۇپتۇ. روشەنكى بۇ ھېچبىر ئاسماندىن چۈشكەن غايىبانە ئامەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىققا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن شانلىق غەلىبە! مانا بۇ ــ پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىق روھىنىڭ بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئورنى ۋە مەۋجۇدلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىباھا ئەنگۈشتەر ئىكەنلىكىگە شاھادەت بېرەلەيدىغان ئەڭ جانلىق نەمۇنە !ئەكسىچە، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ياۋرۇپالىق بايۋەچچە سەيياھ ۋە تەۋەككۈلچى كولۇمبۇ ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىماستىن بۇرۇن، ئاشۇ بوز زېمىننىڭ ئاتا مىراس خوجايىنلىرى ئىدى. ئىندىئانلار ئۇزاق ئۆتمۈشتە، مايا مەدەنىيىتى قاتارلىق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە پارلاق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان مەدەنىي مىللەت ئىدى. بىراق ئۇلار كېيىنچە، بىپايان كەڭ زېمىندە كونا دەسمىنى يەپ ئېغىناپ يېتىۋەرگىنى، بىر كېچە، بىر كېچە ناخشا ئوقۇپ، گۈلخاننى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈۋەرگىنى، ئەڭ مۇھىمى ئەسلىدىكى پىداكارلىق روھىنى يوقىتىپ قويغىنى ۋە بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىق خىسلىتىنى ئۇنتۇپ قويغىنى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ زېمىنىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىگە، ھەتتا كۆچمەنلەردىن نان تىلەپ يەيدىغان تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. مانا بۇ ــ يەر شارىدىكى قەدىمىي زېمىنلەردە، بىپەرۋالىق ناخشىسىنى سوزۇپ تۈۋلاپ ياتقان، يېڭى زامان، يېڭى تەرەققىيات قەدىمىگە كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ نەزەر تاشلىمايۋاتقان، ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، ھۇرۇنلۇق چاپىنىنى ئۇزۇل - كېسىل چۆرۈپ تاشلىمايۋاتقان يەرلىك ئاھالىلار ئۈچۈن تىرىك ئىبرەتنامە!!!مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ دىققەت نەزەرى غەربىي يېرىم شاردىكى ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىن ئاللىقاچان شەرقى يېرىم شاردىكى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا ئاغدۇرۇلدى .ئۇلار ھازىرقى دۇنيادا تېخى ئېچىلمىغان ئۈچ چوڭ رايوننىڭ بىرسى سانىلىدىغان تارىم - تەكلىماكان ۋادىسىغا سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغىلى خېلى بولدى. ئۇلارنىڭ قارا، كۆك، ساغۇچ، ھەتتا سەل قىزارغان كۆزلىرىنىڭ قارىشىدىن: «كىرىپ كېلىۋاتقان 21 - ئەسىردە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ قەدىمىي زېمىندە داۋاملىق قەد كۆتۈرۈپ، ئالغا تەرەققىي ئېتەمدۇ ياكى ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ كۈي - تېكىستلىرى بىلەن بىللە نىيە خارابىسىغا خوشنا بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتەمدۇ؟» دېگەن سوئال ئوپئۇچۇق بىلىنىپ

تۇرىدۇ. ھالبۇكى بىز بۇگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى نېمىلا قىلساق، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق جاھان ئەھلىنىڭ يۇقىرىقى سوئالىغا جاۋاب بەرسەك بولىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ جاۋابىمىز «بىز ئۇيغۇرلار ئەجدادىمىز ياراتقان ئۇيغۇر تارىم مەدەنىيىتىنى 21 - ئەسىردە، ئۆز ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجتىھادىمىز بىلەن زامانغا ماس كېلىدىغان يېڭى تەرەققىياتلار ۋەللىسىگە كۆتىرىمىز جەزمەن» دېگەن جاراڭلىق ۋە كەسكىن گەپ بولىدىكەن، بۇ ھالدا خېلى بىر قىسىملىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا خېلى زامانلاردىن بېرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان پىداكارسىزلىق ۋە جەڭگىۋارسىزلىق ئىللىتى بىلەن قەتئىي ئادا - جۇدالىششقا توغرا كېلىدۇ.مېنىڭچە، ئەبگا ئۇيغۇر ۋۇجۇدىدىكى پىداكارسىزلىق ۋە جەڭگىۋارسىزلىق ئىللىتى ئەمەلىيەت ۋە چۈشەنچە تەرەپتىن بولۇپ، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.بىرىنچى، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەپ، ئىجادىي ياشاشتىن، باشقىلارغا يۆلىنىپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشاشنى ئەۋزەل كۆرۈش.مۇشۇ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دىنىي داھى ئورنىغا چىقىۋالغان ھېلىقى «ئەگەر يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىش ۋاجىپ بولغان بولسا، شېك شىسەي جانابلىرىغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلگەن بولاتتى» دېگەن مۇناپىق زات ئۇيغۇر رايونىدىكى مەسجىد ئىماملىرى ۋە شۇ زاماننىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىغا «تۆلكىنىڭ يولۋاس بىلەن دوست بولۇشى» ناملىق مۇنداق بىر مەسەلنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۈندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئاساسلايدىكەن. مەسەل: بۇرۇنقى زاماندا، تۆلكە يولۋاس بىلەن دوست بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھايۋانلار ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ: «ئى تۆلكە! سەن بىر ئاجىز ھايۋان تۇرۇقلۇق، نېمە دەپ بۇ ئورماننىڭ پادىشاھى سانىلىدىغان ۋەھشى ھايۋان يولۋاس بىلەن ئاغىنە بولدۇڭ، قورقامسەن ئەجەبا؟!» تۆلكە جاۋاب بېرىپ: «ۋەھشى ھايۋان يولۋاس بىلەن دوست بولسام، ماڭا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك پايدا بار. بىرسى، ماڭا بىراۋ ئالدىراپ چېقىلالمايدۇ. چۈنكى مەن يولۋاسنىڭ دوستى ـ دە! ئىككىنچىسى، ئاچ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىمەيمەن. بىلىپ تۇرۇپسىلەر، يولۋاس دېگەن بۇ ئورمان دۇنياسىدا ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان. ئۇ ھېچبىر كۈچىمەيلا، ھەرقانداق ئوۋنى ئوۋلىيالايدۇ. مەن پەقەت ئۇنىڭ گېپىدىن چىقمىسام، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمىسام، ئانچە - مۇنچە يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسەملا، ئۇنىڭدىن ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى يەپمۇ قورسىقىم تويىدۇ، كۈنۈم ئۆتىدۇ» دەپتۇ.ناھايىتى ئېنىقكى، ھامان بىر كۈنى بۇرنىدىن ئىلىنىپ قالىدىغان ھېلىگەر تۆلكىنىڭ ۋەھشى ھايۋان يولۋاس بىلەن دوست بولۇشى سېپىي ئۆزىدىن ھاماقەتلىك. چۈنكى ۋەھشى يولۋاس ئادەتتە، ساغرىسىنى سىلاپ، قىچىشقان يەرلىرىنى تاتىلاپ قويىدىغان بىرەر

غالچىغا ھاجىتى چۈشكەندە، ئەڭ مۇھىمى، ئاپ - ئۇۋلار خاھلىغان ۋاقىتتا ئۇۋلىغىلى بولىدىغان دەرىجىدە كۆپ چاغدا، تۈلكىدەك مۇغەمبەرلەرنى »ھە، دوستۇم» دەپ قويغىنى بىلەن، ئۇۋ تاپالماي، قورسىقى ئاچ قالغان چاغدا بولسا، خۇددى مۈشۈك ساچقاننى ئويناپ تۇرۇپ يېۋەتكەندەك، ئۇنى بوغۇپلا يېۋېتىشى ئاباياملقى گەپ. بىراق مەزكۇر مەسەل تەشۋىق قىلغان «كۆچلۈك بىلەن دوست بولساڭ، باشقىلار ئالدىراپ ساڭا چېقىلالمايدۇ»، «كۆچلۈكنىڭ غالچىسى بولساڭ، ئۇ يەپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەرنى غاجىساڭمۇ قورساقىڭ تويىدۇ، كۆنۈڭ ئۆتىدۇ» دەيدىغان مەھكۇملۇققا رازى بولۇش پەلسەپىسى ئۆز زامانىسىدا، «بىر بولۇڭدا مەسجىد بولسا، نامىزىمنى ئوقۇغىلى قويسىلا مەيلى. بەش ۋاخ ناماز ئوقۇۋالساقلا، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىمىز» دەيدىغان مىڭلىغان - مىليونلىغان ھەقىقىي ئىسلامىيەتتىن ساۋاتسىز، ئىلىم مەرىپەتتىن خەۋەرسىز، سادده دىل، نادان خەلقنى ئازدۇرغان. بۇ خىل جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى بىلى بوش ئۇششاق زىيالىلار ئارىسىدىمۇ بازار تېپىپ كېتىپ، ئەسلىدە «ئۆزى ئۇۋلاپ يېگەن توشقاننىڭ گۆشى ئۆزگىچە» ، «باشقىلار چايناپ بەرگەن ناننىڭ تەمى بولمايدۇ» دەيدىغان توغرا ئەقىدىلىك كىشىلەر جامائەتسىز، يېتىم بولۇپ قالغان. ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئاشۇ »تۈلكىنىڭ يولۋاس بىلەن دوست بولۇشى» مەسەلى تەرغىپ قىلغان «جاننى خوراتماي، بىر كۈن بولسىمۇ جان باققان ئەلا» دەيدىغان ئەزمىلىك ۋە پاسسىپ تۇرمۇش قارىشى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېڭىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ بىۋاستە تەسىرى خېلى بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزنى ھېچبىر خىجىل بولماستىن «بىز ماشىنا ياسىيالمايمىز، ئايروپىلان ھەيدىيەلمەيمىز. بۇنى ئاشۇ يولداشلار قىلمىسا بولمايدۇ» دەيدىغان ۋىجدانى مىسكىن قىلىپ قويماقتا. ئىككىنچى، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ۋە پىداكارلارنى قەدىرلىمەسلىك.ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، قەدىمي شەھەر كاشغەر دە سىيىت ئىسىملىك بىر نوچى ئۆتكەن.كەڭ ئامما ئىچىگە تارقالغان مەزكۇر خەلق نوچىسى ھەققىدىكى داستان «سىيىت نوچى» نى ئالىم ئابدۇكەرىم راھمان ئەپەندىم رەتلەپ ئېلان قىلىپ، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇيلايمەنكى، ئەگەر ئۇيغۇرنى چۈشەنگەن ۋە ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ ھەقىقىتىگە ئىشەنگەن بىر ئادەم ئۇنى تارىخي رومان قىلىپ يازسا، نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلىكى بار. بىراق بىزدە چۈشەنچە زەئىپلىكىدىن، ئۇ رەھمەتلىك نوچىنى بىرەر ئەھمىيەتلىك پائالىيەت بىلەن ياد ئېتىپ، روھىغا مەدھىيە ئوقۇش ئەمەس، ئەكسىچە ماقالە يېزىپ، «ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆز قولى بىلەن جاللاتقا ئاپىرىڭ

بەرگەن بىر ساۋاتسىزنى نوچى دەپ پەخىرلىنىش ئاخماقلىق ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەر خېلى چىقتى.مېنىڭچە بىر ئادەم بىرەر پائالىيەتكە ئاتلىنىش ـ ئاڭسىز قاتنىشىپ قىلىپ، ئۇنىڭدا تاسادىپەن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ پىداكار ھېسابلانمايدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ھازىرىنى ۋە ئاقىۋىتىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىقنى شۇ ئىشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئايلىق ئاتاش، ھەتتا شۇ ئاتاش ۋە شۇ بېغىشلاش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىدىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش ـــ مانا بۇ پىداكارلىق بولىدۇ .راست، سىيت نوچى ساۋاتسىز ئادەم ئىدى. كۆچاردىكى مەككار دارىن (غوجام) ئۇنىڭ جېنىنى قەستلەپ يېزىپ بەرگەن خەتنى (خەت مەزمۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى) بىلمەي، كاشغەرگە ئۆزى ئېلىپ بارغان. سىيتنىڭ نوچىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ كاشغەرگە بارغاندا، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى سىيت ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئۆلۈم خېتى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ رەڭگى تاتارماي، ئۆلۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كەينىگە يېنىپ قاچماي، ئەكسىچە ئىككى يۈزلىمچى دارىننىڭ قانخورلۇقىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆزىنىڭ نوچىلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ، مەزكۇر ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى جاللاتنىڭ ئالدىغا ئۆزى ئەكىرىپ بەرگەن. شەك يوقكى، ساۋاتسىزلىق باشقا گەپ، پىداكارلىق بولسا، يەنە باشقا گەپ. بۇ يەردە سىيتنىڭ قىلغىنى يېتىك پىداكارلىق، ئۇنىڭ ئېپادىسى تىپىك جەڭگىۋارلىق ئىدى. شۇڭا سىيتنىڭ بۇ خىل نوچىلىقى ئۆز زامانىسىدا، پۈتكۈل ئۇيغۇر زېمىنىنى زىلزىلىگە سالغانىدى. ملڭ ئەپسۇس، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئېلىدا، ئاشۇ پىداكار ئەجدادنىڭ يا بىرەر نامايەندە قەبرىسى، يا بىرەر يادنامە ھەيكىلىمۇ يوق!ماقۇل، سىيت نوچىنىغۇ «ساۋاتسىز نوچى» دەپ يارىتمايدىكەنمىز. ساۋاتلىق نوچىلارغا بولغان چۈشەنچىمىز ۋە باھايىمىزنى كۆرۈپ باقايلى، ئەمىسە. مەسىلەن، لوتپۇللا مۇتەللىپ قايىنام ئۆركىشى. جاھان بىلىدۇ، لوتپۇللا مۇتەللىپتە بۈگۈنكى خېلى ـ خېلى ئۇيغۇردا يوق ساۋات، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ماھارەتلەر بار ئىدى. ئۇ ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، ھەم كومپوزىتور، ھەم رەسسام ۋە ھەم سەھنىدە رول ئېلىپ ئوينىيالايدىغان سەنئەتكار — ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە خېلى مۇكەممەل يېتىشكەن تالانت ئىگىسى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئېغىزىدا دېگىنىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە، قەلىمى بىلەن يازغىنىنى ئۆز پائالىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغان، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغان مىللەتپەرۋەر ۋە پىداكار ئىنقىلابچى ئىدى. ئۇ پەقەت چىدىغۇسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان ئۆز مىللىتىنىڭ ئازاتلىقىنى ئويلاش مەقسەت قىلىنغان ئىنقىلابىي پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغىنى ئۈچۈنلا، باشقىلارنىڭ قېنىنى ئىچىشكە خوردا بولۇپ كەتكەن

ياتلار تەرىپىدىن ھەبسكە ئېلىنىپ، 1945ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرىۋېتىلگەن. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ياپياش بىر بالا ئىدى. بىراق بۇگۈنكى كۈندە ئاشۇنداق مەردانە، ئاشۇنداق نەۋقىران بىر پىداكار ئەجداد ھەققىدىمۇ «مۇتەللىپ دېگەن سويما»، »قارام ئىنقىلابچى»، «ئىنقىلاب قىلىمەن دەپ نىمە قىلدۇ، سىگگەن نىنىنى يەپ، ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ شېئىر يېزىۋەرگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئۇيغۇرنى دۇنياغا تېخىمۇ تونۇتمامتى؟» دەيدىغانلار ئاز ئەمەس.ئىنسان پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىق روھىنى تەسلىمچىلىك ۋە جانباقتىلىق ئەرۋاھىغا تېگىشۋەتسە، ئېغىزىدىن قانداق نائەھلى گەپلەر چىقمايدۇ ـــ ھە؟! ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغان بىرىنچى ئامىل ـــ دەل پىداكارلىقتىن ئىبارەت. ئەگەر ھازىرقى دۇنيادا، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنى تونۇيدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغانلار خېلى بار دېيىلسە، بۇ ئالدى بىلەن لوتپۇللا مۇتەللىپكە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پىداكار ئەجدادلارغا مەنسۇپ! جاھان خەلقى لوتپۇللا مۇتەللىپنى ئۇيغۇر پىداكارلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يۈز توم كىتابقا تاۋاپ شاھ ئەسىرى «يىللارغا جاۋاب «شېئىرىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ، پارىژ مۇزىيىدا ئۆرنەك قىلىپ ساقلاۋاتىدۇ. (بۇ مەلۇمات شائىر مۇھەممەد جان سادىقنىڭ «شائىر بولسام، بولاي سىېنىڭدەك» ماۋزۇلۇق شېئىرىدىن ئېلىندى.) دەرىخا! لوتپۇللا مۇتەللىپ ھايات بولغان بولسا، بۇ يىل ناھايىتى يەتمىش تۆت ياشقا كىرگەن بولاتتى. بىراق شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئۇ ئۆزىنىڭ »تىگىرقمايمەن دوستلار تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى، چۇشۇرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەككلەرنى» دېگەن ياڭراق شۇئارى ۋە ئۆلمەس غەيۇر ئوبرازى بىلەن تىرىك ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر يەتمىش تۆت ياشلىق ئادەمدىن مەڭگۈ مۆھتەرەم ۋە ئەبەدىي ئۇلۇغدۇر! چۈنكى ئۇنىڭ روھى بۈگۈنمۇ خەلقنى پىداكارلىققا چىللاۋاتىدۇ.بىر مىللەت پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلسە، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنىڭ قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى چىن ھەقىقەتى بىلەن چۈشەنسە، ئاندىن پىداكارلارنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇلارنى دائىملىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياد ئېتىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئامېرىكا نېگىرلىرى بۇ نۇقتىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچ، ئۆزلىرىنىڭ پىداكار ئەجدادى، ئوتتۇز ئالتە ياش ۋاقتىدا سۈيىقەستكە ئۇچراپ قازا تاپقان، نېگىر ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاتاقلىق داھىيسى، مەشھۇر پوپ مارتىن لۇتېر كىڭ (King Martin Luther) نى دۆلەت بويىچە، يىلدا بىر قېتىم خاتىرلەيدۇ. ھەر يىلقى خاتىرلەش كۈنىدە، پۈتكۈل ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەرمۇ، قارا تەنلىكلەرمۇ ئوخشاشلا قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ

مەشھۇر نۇتقى «مېنىڭ چۈشۈم» نىڭ ئاۋاز لىنتىسىنى ئېھتىرام بىلەن ئاڭلايدۇ. بىراق بىزدە ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى پىداكارلىق چۈشەنچىسى خۇنۇك، پىداكارنىڭ يۈزى يوق بولغاچ، لوتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئون سەككىز پىداكار ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان 18 ـ سىنتەبىرنى ھېچكىم ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن ھەمىشە خاتىرىلىمەيدۇ. ئۈچىنچى، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىيالماسلىق. پىداكارلىق دېگەن «چوقۇم ھاياتىدىن ئايرىلىش، جەزمەن ئۆلۈپ بېرىش» دېگەن گەپ ئەمەس. جەڭگىۋارلىق دېگەنمۇ نوقۇل ھالدىكى «مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىش» دېگەن گەپمۇ ئەمەس. تۈپ مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ بەرگەن ھۆشنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ھەق ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە ئىمكانىيىتىنى تەقدىم قىلىش ۋە بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى تەسەددۇق قىلىشمۇ پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېتىدۇ. دۇنيادا ئىنسانلارنى پۈشايمانسىز ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ خاسىيەتلىك پائالىيەت ئۆگىنىشتۇر. كىم ئۆگىنىشكە ماھىر، شۇ ھەممىگە قادىر. ھالبۇكى ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ھەقلىق مەنپەئەت داستىخىنىنى تېگىشلىك نېمەتلەر بىلەن مول قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئىستىقبال تەقدىرىگە ئۆزى يول قىلىشنى ئويلايدىكەن، پىداكارلىق بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك. ئالدى بىلەن قانۇن ئۆگىنىشى، دۆلەت قانۇنىنىمۇ، ئاپتونوم رايون قانۇنىنىمۇ ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. چۈنكى بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىدە، قانۇن بىر دۆلەت، بىر جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش ئىنتىزامىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قورال ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ دۆلەت ۋە شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش قورالى بولماقتا. كىمكى قانۇننى ياخشى بىلسە، نېمىنىڭ قانۇنلۇق ئىش ۋە نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىش ـ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر بىر كىم بوزەك ئەتسە، يۈرەكلىك زاكۇنلىشالايدۇ ۋە قانۇن ماددىلىرى ئاساسىدا ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ. ئەكسىچە ئەگەر كىمكى قانۇن بىلمىسە، تۈپ ـ تۈز يولدىمۇ يۈرەكلىك ماڭالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىدىن ئۆزى مۇتلەق بەھرىلىنەلمەيدۇ. ھېكايە، كاشغەر رايونىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر بالا قۇلىقىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دوختۇرغا كۆرۈنگەن. دوختۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بىر قانچە خىل دورا يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەگەر سەھەر تۇرۇپ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تەنھەرىكىتى قىلسا، بەدەن ئەزالىرىدىكى قان ئايلىنىش جانلىنىپ، ئاڭلاش سېزىمىنىڭ نورماللىششىغا پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

نەتىجىدە ھېلىقى بالا دوختۇرنىڭ تەكلىپى بويىچە، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرەيدىغان بولغان. يۈگۈرۈش تەنھەرىكىتى قىلىشقا ئىنتىلغان ئون نەچچە كۈن بولغان بىر سەھەردە، ئۇ بالا يۈگۈرۈش مەيدانىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ساقچى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، توختىتىپ قويۇش ئورنىغا سولانغان. بىر ھەپتىنگىچە ھەر كۈنى ئۇرۇپ قىيناپ، سوراققا تارتقان. سوئال بىرلا»: سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈش دېگەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتى. سەن ئۇيغۇر نېمە ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرەيسەن، مەقسىتىڭ زادى نېمە؟» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ھەققىي ئەھۋالنى بايان قىلىپ جاۋاب بەرسە، زادىلا ئىشەنمىگەن. ئاخىرىدا مەزكۇر ئوقۇغۇچى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھېلىقى دوختۇرنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەنلىكىگە ئىسپات خېتى ئېلىپ تاپشۇرغاندىن كېيىن، ساقچىلار يەنە ئىككى مىڭ يۈەن پۇل جەرىمانە ئېلىپ، ئاندىن ئۇ بىگۇناھ بالىنى قويۇۋەتكەن.پۇتبول ئويناپ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى دېسە، پۇتبول مەيدانىغا سۇ قويۇپ بېرىپ، توپ ئويناپ يايمىز دېگەنلەرنى «نېمە مەقسەت بىلەن توپ ئوينايسەن؟» دەپ تۇتساڭ، تۆت ئۇيغۇر ياش بىر يەردە گەپلىشىپ تۇرسا، «نېمە دەپ گەپلەشتىڭ ؟» دەپ تۇتساڭ، ئۆزەڭ بىكاردىن بىكارغا ئادەم تۇتۇپ، سولاپ، ئۇرۇپ قىيناپ بولۇپ، خاتا ئادەم تۇتقىنىڭ، بىگۇناھ ئادەمنى ئۇرغىنىڭ ئۈچۈن سەن كەچۈرۈم سورىماي، سەن تۆلەم تۆلىمەي، ئەكسىچە يەنە »ئىككى مىڭ يۈەندىن بەش مىڭ يۈەنگىچە پۇل تۆلىسەڭ ئاندىن قويۇپ بېرىمەن» دېسەڭ، سەندىكى قانۇن زادى قېنى؟! ئەمدى شۇنچىۋالا خارلىنىپمۇ «شۈكرە دېدىم، شۈكرە» دەپ يۈرسەڭ، قانۇن ماددىلىرى بويىچە، ئەھۋالنى يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۆزەڭنى قوغدىيالمىساڭ، سېنىڭ بۇ زېمىندىكى قانۇنىي يۇقرالىقىڭ ۋە ئىنسانىي ھوقۇقۇڭ قېنى؟! روشەنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، قانۇن ۋە سىياسەت بىلىملىرى بويىچە يېتەرلىك سەۋىيە ياراتقاندىلا، ئاندىن يۇقىرىقىدەك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ داۋاملىق سادىر بولۇشىنى ئۈنۈملۈك توسقىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ.ئاندىن پىداكارلىق بىلەن ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى تولىمۇ ئېغىر. پىداكارلىق بولمىسا، ھۆددىسىدىن چىقماق ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. سەن بىر ئۇيغۇر ياشسەن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن مائارىپ كۆرمىسەڭ بولمايدۇ، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ***ڭ تىلى. ئاندىن خەنزۇ تىلى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ .چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە دۆلەت تىلى، دۆلەت ئىچىدىكى پەن ـ تېخنىكا تىلى. جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، خەنزۇچە بىلمىسەڭ، ئۆزگىنى چۈشەنمەيسەن، ئۆزگىلەر كۆزىدىكى ئۆزەڭنىمۇ

چۈشەنمەيسەن. شۇڭا جۇڭگودا تۇرۇپ، خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى بىلمىگەن ئۇيغۇر زىيالىي ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي زىيالى سانالمايدۇ. ئاندىن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى ئىنگلىز تىلى ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ ئومۇملاشقان ئۈچۈر تىلى. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش، ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتۇشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تېخى بويى يەتمەيدۇ. خەنزۇ تىلىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ .بۇنىڭغا ئىنگلىز تىلى قاتارلىق خەلقئارالىق تىل زۆرۈر بولىدۇ. 95 ـ يىلى تىلشۇناسلىق ئىلمىنى مۇتلەق ئۆگىنىپ باقمىغان بىر ياخشى كۆڭۈللۈك چالا ساۋات ئادەم 21»- ئەسىردە ئۇيغۇر تىلى دۇنيا تىلى بولىدۇ» دېسە، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلى دېگۈدەك شادىيانە ناغرىسىنى ياڭرىتىپ، ھەممە ئۇيغۇر دېگۈدەك ھاياجاندىن «بارىكاللاھ» ئېيتىپ، ئېتەك ئېچىپ، داستىخان سېلىپ، پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇ بەشارەتچىنى مۇكاپاتلىدۇق. مۇشۇ ئەمەلىيىتىمىز بىلەن گويا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ راستتىن گۇمانلىنىش، لاپقا ئىشىنىش پسىخىكىسىنى ئوبدانلا نامايىش قىلدۇق. دەرۋەقە ياخشى كۆڭۈل يېرىم دۇنيا ئىنشائاللاھ! بىراق بۈگۈنكى ئەمەلىيەت شۇكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىلى بولۇش ئورنىمۇ ئېغىر تەھلىكىگە ئۇچراۋاتىدۇ. شۇ تاپتا رەھىمسىز رېئاللىق ئۇيغۇرنى ئومۇمىي يۈزلۈك قوزغىلىپ، پىداكارلىق بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرىۋاتىدۇ: ئى ئۇيغۇر ياش! باشقىلار سەككىز سائەت ئۇخلىسا، سەن تۆت سائەتلا ئۇخلا، خەقنىڭ باللىرى بىر كۈن ئوينىسا، سەن يېرىم كۈنلا ئوينا. جان تىكىپ ئۆگەن! پىداكارلىق بىلەن ئۆگەنسەڭ ئۇيغۇر تىلىنمۇ، ئۇيغۇر ئېلىنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالىسەن. ئەگەر پىداكارلىق بىلەن ئۆگەنمىسەڭ، تەھقىق ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن!ئىنتىپاقلىشىش ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېتىدۇ. پىداكارلىق يالغۇز جەڭ - كۆرەشلەردىلا ئەسقاتىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاشۇ جەڭ - كۆرەشلەرنىڭ غەلىبىسىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قوشۇن ئىنتىپاقلىقىنى شەكىللەندۈرۈش، ساقلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ بەك زۆرۈر. بىز پىداكارلىقنى مۇئەييەن كوللىكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھەق يول ئۈچۈن ۋە ئادالەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاش دەپ چۈشىنىمىز ۋە چۈشەندۈرىمىز. ئەمدى مۇشۇ خىل بېغىشلاش ۋە ئاتاشنى ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا، بىرىنچى بولۇپ دۈچ كېلىدىغان نەرسە شەخسى مەنپەئەت، ئۆز نەپسى ۋە «مەن» نىڭ ئۆزىدۇر. پەقەت ئۆزىنى يېڭەلىگەن، ئۆز نەپسىدىن كېچەلىگەن، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئۆزى رازى - رىزالىق بىلەن قۇربان قىلىش ئۆتكىلىدىن ئۆتەلىگەن ئادەملا پىداكار بولالايدۇ. شۇڭا جاھان مۇتەپەككۇرلىرى، مەيلى پەننىي ئىلىم ئالىملىرى بولسۇن ياكى دىنىي

ئىلىم سەردارلىرى بولسۇن، ئۆزىنى ئۆزى يېڭىش، ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش پەيداكارلىقىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە ئاجايىپ ئۆتكۈر تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالايلۇق، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدىغان مۇبارەك ئىسلام دىنىنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىدا، ئۆزى ئىشتىراكچى ۋە سەردار بولغان ئۇھۇد جېڭى قاتارلىق بىر قاتار جىھاد )مۇقەددەس جەڭ) لارنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ساھابىلىرى ۋە پۈتكۈل مۆمىنلەرگە تولىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بىز ھازىر پەقەت كىچىك جىھادلاردا يېڭىپ چىقتۇق. چوڭ جىھاد تېخى ئالدىمىزدا، ئۇ بولسىمۇ جىھادۇننەفس (ئۆزىنى ئۆزى يېڭىش جېڭى، ئۆز نەپسىنى يېڭىش جېڭى) دۇر» دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بارلىق «مەن» لەر پەقەت ئۆزىنى يېڭىپ، ئۆز نەپسىنى يېڭىپ چىقالىغاندىلا، ئاندىن «بىز» دېگەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئۇيۇشالايدۇ. ئۇ پەقەت شەخسى غەرەزلەرنى، خۇسۇسىي مۇددىئالارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئاشۇ «بىزۆ ئاتلىق گەۋدىگە پىدا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ مەزكۇر «بىز «نىڭ بېشى بولامدۇ ياكى قۇيرۇقى بولۇپ قالامدۇ ھەرگىز ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ ۋە »بىز» نىڭ بېشى بولالمىغانلىقى ئۈچۈنلا دەرھال خائىنلىق قىلىپ، «بىز» نىڭ مەنپەئەتىنى دۈشمەنلەرگە سېتىۋېتىدىغان ئىشنى مۇتلەق قىلمايدۇ.مېنىڭچە ئۇيغۇر مىللىتى 20 ـ ئەسىردىكى پۈتكۈل يۈز يىللىق تارىخىنى ئەستايىدىل خۇلاسە قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نەچچە ئەسىرلىك غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كېچىكىپ بولسىمۇ ئويغانغىنى راست .بىراق ئۇتۇق ۋە ئۇتتۇرۇقلىرىنى بىرمۇ بىر تىزىپ كەلسە، ئۇتقىنىدىن ئۇتتۇرغانلىرى يەنىلا كۆپ. نېمىشقا؟ سەۋەب ئۇيغۇرنىڭ مىللەت سەرخىللىرى ھالقىلىق پەيتلەردە «مەن «نى يېڭىپ، «بىز» بولۇپ ئۇيۇشالمىغان. گەرچە بەزىدە مىڭبىر مۇشەققەتتە «بىز» بولۇپ بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ «مەن» نىڭ ئىبزىتقۇلۇقىغا تاقابىل تۇرالماي، «بىز» گەۋدىسىنى داۋاملىق مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالمىغان. ئالايلۇق، مۇشۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىدا، ئۇيغۇردىن چىققان خوجانىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى، تۆمۈر قاسىم، مەسئۇد سەبرى، ئىيسا يۇسۇپ، ئەھمەد جان قاسىمى قاتارلىق شجائەت ئىگىلىرىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش، ئۇيغۇرنى باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا ئارزۇ ـ ئارمانى بار ئىدى. مىڭ ئەپسۇس ئۇلار ئۆزىنى يېڭەلمىگىنى، ئۆز نەپسىنى يېڭەلمىگىنى ئۈچۈنلا، بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىشالمىغان. ھەر قايسىسى ئۆزى سەردار، «بىز» نىڭ بېشى بولۇشنى ئويلىغىنى ئۈچۈنلا، بىر گەۋدىگە ئۇيۇشالمىغان. ھەر بىرسى ئۆز ئالدىغا ئارقا تىرەك خوجايىن تۇتۇپ، ئايرىم شايكا توپلاپ، ئايرىم گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر ـ

بىرىنىڭ كۆتىنى ئېچىشىڭ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولىشىپ يۈرگىنى ئۈچۈنلا، ئاقىۋەتتە بىر ــ بىرلەپ تار ـ مار بولۇپ كەتكەن. پىداكارلىق بىلەن ئۆز نەپسىنى يېڭىپ ئىتتىپاقلىشالمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاخىرىدا ئارمانىنى ئارمانلىقتا، دەردىنى دەرمانلىقتا قالدۇرۇپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۇ ئالەمگە كەتكەن. ئەمدى بۈگۈنكىلەرگە قاراپ باقايلى: بۈگۈنكى ئىناۋەت ئىگىلىرىمىز ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىشالامدۇ ياكى ئۆتمۈشنى ئۆرنەك قىلىشالامدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەتتا ئولتۇرۇشلىرىدا دۇتار چېلىپ بېرىدىغان دۇتارچىلاردىن تارتىپ ئايرىم قىلىپ، ئايرىم سورۇن تۈزەپ، كونا دەسمىنىڭ قالدۇقلىرىنى زاكۇسكا قىلىپ يەپ ـ ئىچىپ، پىداكارلىق بىلەن قورساق سىلىشالامدۇ ياكى خەلقنى ۋە ئەۋلادنى ئانچە ـ مۇنچە ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويىشالامدۇ؟راست گەپ قىلىش ئۈچۈنمۇ پىداكارلىق كېتىدۇ. ئەقىدە، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن ھېچبىر ئورتتۇراقلىقى يوق، پىسخىكا، تۇرمۇش ئادىتى ۋە تىل تەرەپتىن ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوق ئىككى مىللەتنىڭ بىللە ياشىمىقى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تەس. بىراق ئۆمۈر ـ ئۆمۈرلەپ يالغان گەپ قىلىپ ئۆتۈشمۇ ئىش ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۇلى، ئاساسى بولغان باراۋەرلىك ھەققىدىمۇ گەپ قىلىش، گەپ قىلغاندىمۇ راست گەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر راست گەپ قىلساڭ، ساڭا كەمچىلىك بولىدىغان ئەھۋالدىمۇ، شۇنچىلىك كەمچىلىك ئۆتكۈزۈشكە پىداكارلىق بىلەن جۈرئەت قىل ئاۋۋال. چۈنكى ئادالقىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يالغان گەپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر تېشىڭ پۈتۈن ئىچىڭ تۈتۈن ئۆتكىنىڭدىن، راست گەپ قىلىپ، روھىي ئازاتلىقتا ۋە ۋىجدان ساۋاپلىقىغا ئېرىشكىنىڭ ئەۋزەل. ئالايلۇق، تۇرپان ــ ئەزەلدىن ئەبەتكە ئۇيغۇر شەھىرى. ئۇزاق ئۆتمۈشتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا، مەزكۇر شەھەر نامىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى خەنزۇچە «تۈكۈرۈش، تۈكۈرۈك» مەنىسىدىكى خەت بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغانكى، مەزكۇر خەتتىن ئېنىق ھالدىكى تۇرپاننى پەس كۆرۈش، تۇرپانلىقنى ئۆچ كۆرۈش ئۇقۇمى چىقىپ تۇرىدۇ. ھازىر جۇڭگو ۋە چەتئەلدە تۈجيا مىللىتى، تۈنىس ۋە تۈركمەن دېگەنگە ئوخشاش «تۇ» بوغۇملۇق مىللەت ۋە يەر ـ جاي ئىسىملىرى بار. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىدا، «تۈكۈرۈك» خېتى ئىشلىتىلمەيدۇ. نېمىشقا؟ دۇنيادا ھېچبىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۆز زېمىنىنىڭ ئىسمىنى «تۈكۈرۈك» مەنىلىك خەت بىلەن يېزىشنى ئەبەدىي راۋا كۆرمەيدۇ. ھالبۇكى تۇرپان شەھىرىمىزنىڭ نامىنىڭ ھازىرمۇ «تۈكۈرۈك» خېتى بىلەن يېزىلىشى ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىدۇ. ئەمدى «تۇرپان شەھىرى» دېگەننى «تۈكۈرۈك شەھىرى» قىلىپ يازسا، گاراخ ئادەمدەك ھېجىيىپ ئولتۇرما. گەپ قىلىپ، ئۇنى جەزمەن

ئۆزگەرتتۇر. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە پىداكارلىق كېتىدۇ. شىجائەت قىلساڭ، سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ. يەنە مەسىلەن، يەنە شۇ تۇرپاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەپسانىسىدىكى سۇنۋۇكوڭ مايمۇن بىلەن جۇباجىيە تۇڭگۇزلارنىڭ ھەيكەللىرى قەد كۆتۈرۈپ كەتكىلى خېلى زامان بولدى. بىر ئۇيغۇر كادىر چىقىپ، بىزمۇ پىداكار ئەجداد ئابدۇخالىق ئابدۇراھمان ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، تۇرغۇزۇپ قويايلى دېمىدى. ئەمەلىيەتتە سۇنۋۇكوڭ مايمۇن بىلەن جۇباجىيە تۇڭگۇزلار بىرىنچىدىن، ئەپسانىۋى مەخلۇقلار، ئىككىنچىدىن ئۆز زامانىسىدا، «بۇ تۇرپان دېگەن بەجايىكى ئوت يۇرتى ئىكەن، كۆتمىز كۆيۈپ كەتتىيەي، بۇرنىمىز ئۆرتىلىپ كەتتىيەي «دەپ قېچىپ كەتكەن نەرسىلەر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، ئەلمىساقتىن تارتىپ، تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ زېمىننى ئېچىپ، سۇ بولمىسا، كارىز قېزىپ سۇ چىقىرىپ، سالقىن بولمىسا، تەك تىكىپ جانغا راھەت بوستان چىمەنزار ئەھيا قىلىپ، ئوت يۇرتىدا ھاياتلىق ماكانى بەرپا قىلغان يەرلىك مىللەت ئۇيغۇردىن چىققان مۆھتەرەم ۋەتەنپەرۋەر. ھالبۇكى يىلدا بىر قېتىم ئۆزۈم بايرىمى قىلىپ، خەلقئارا دوستلارغىمۇ داستىخان سېلىۋاتقان تۇرپاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا، ھەقلىق ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە!دېمەك، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئۇنى شۇئار ھالەتتىن ئەمەلىي پائالىيەت ۋە ئادەت ھالىتىگە كەلتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى، زاماننىڭ تەقەززاسى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەي ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى!پىداكار ۋە جەڭگىۋارلىق ئۆز مىللىتىنى، ئۆز خەلقىنى ۋە ئۆز زېمىنىنى چىن دىلى بىلەن سۆيۈشنى قۇۋۋەت مەنبەسى قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئۆز مىللىتىنى، ئۆز خەلقىنى ۋە ئۆز زېمىنىنى چىن دىلىدىن سۆيۈش ھەممىسە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق ئۆتمۈشكە سېغىنىپ، قۇرۇق گەپ سېتىش ۋە لاپ ئېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى رېئاللىققا چوڭقۇر چۆكۈپ ئەمەلىي ئىش قىلىش، بۈگۈنكى كۆز ئالدىمىزدىكى ئەك ئاددىي ئىشلاردىن باشلاپ، يىراقنى كۆزلىگەن ھالدا، ئەستايىدىللىق، سەممىيلىك ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئەمەلىي ئۈنۈم قازىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، سەن بىر پىداكار ۋە جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئەۋلاد بولۇشنى دىلىڭغا مەھكەم پۈككەن ئىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغىنىڭ ئۈچۈن ئىپتىخارلان . ئەمەلىي تۇرمۇشتا، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ شەرەپ نامغا داغ چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ساقلان . ھەرقانداق شارائىتتا، ئۆزەڭنىڭ ئۇيغۇرلۇقىڭدىن تانما. «ئۇيغۇر» دېمەي، «مىللىي « ياكى «مۇسۇلمان» دېسىمۇ ئوخشاش دېگەن گەپكە ھەرگىز ئالدانما. ناۋادا سەن بىر ئاشخانا ئاچساڭمۇ، ئۇنداق «مۇسۇلمان ئاشخانىسى» دېمە. ئېنىق قىلىپ، «ئۇيغۇر

ئاشخانىسى» دە. چۈنكى بۇ دۇنيادا تۇغۇلغان مۇسۇلمانمۇ بار، مالاي مۇسۇلمانمۇ بار، ھىندى مۇسۇلمانمۇ بار. سەن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئەمەس، بەلكى مۇبارەك ئۇيغۇر مۇسۇلمانسەن. ھالبۇكى «ئۇيغۇر ئاشخانىسى» دېسەڭ، مەزكۇر ئاشخانا خوجايىنىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمىغىنىدىن باشقا، ئۇنىڭ جاھان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمان تەرىپىدىن ئېچىلغان ئاشخانا ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ، خېرىدارنى ئوچۇق مەلۇماتلىق قىلىدۇ. «ئاش ـ تائاملار دەپتىرى» دىكى «شىنجياڭ سەي «، »شىنجياڭ تامىقى» دېگەن ئاتالغۇلارنىمۇ ئۇنىڭ كونكرېت ئىگىسىنى روشەن قىلىپ، »ئۇيغۇر قورۇمىسى»، «ئۇيغۇر تامىقى» دەپ ئېنىق ياز. چەتئەللەرگە چىقساڭ، ۋەتەن چېگرىسىدىن چىقىۋېلىپلا ھېلىقىدەك «سەن قەيەرلىك» دەپ سورىسا، قازاقىستانغا قاراشلىق تۈركىستان شەھرىنىڭ نامى بىلەن «مەن تۈركىستانلىق بىر نېمە» دەيدىغان ئاخماقانە ۋە يالغان گەپنى ئەمدى ئەبەدىي تاشلىۋەت. ئۇنىڭ ئورنىغا ئېنىق قىلىپ، »مەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق، ئۇيغۇر ئېلىلىق ئۇيغۇرمەن» دېيىشنى قىل ئادەت .بىلگىنكى، ئى قېرىنداشىم ئۇيغۇر! ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ ئىسمى مەڭگۇ «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ياڭراق ۋە مەغرۇر! بۇ ھەقىقەتنى ئالدى بىلەن ئۆزەڭ ئۇق، ئاندىن جاھان ئەھلىگىمۇ ئۇقتۇر!پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، بىر مىللەتنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز روناق تېپىشىنىمۇ ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان روھىي تۈرتكىدۇر. ھازىرقى دۇنيادا، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونىنى قۇرمىقى بەسى مۈشكۈل. ئوخشاشلا بۈگۈنكى جاھاندا، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئاپتونوم رايونىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق قىلىپ قوغداپ قېلىشى ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشىمۇ مۈشكۈلدىن مۈشكۈل. بۇنىڭغا پەلەستىنلىكلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى مىسال بولالايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، پەلەستىنلىكلەر 1993 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن پەلەستىن ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاجايىپ زور پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئاجايىپ زور بەدەل بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار پەلەستىن ئاپتونوم رايونىنى قوغداش، مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا، داۋاملىق پىداكارلىق كۆرسەتمەكتە .بىلمەك كېرەككى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى قۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق پىداكارلىق كۆرسەتكەن. دەرۋەقە سەن ـ بىزمۇ بۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىمكانىمىزچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق .بىراق مەسىلە ئاز ئەمەس، يېتەرسىزلىك ئاز ئەمەس. ھەممىدىن يېتىشسىزلىك قىلىۋاتقىنى پىداكارلىق ۋە

جەڭگىۋارلىق. ھالبۇكى «ئۇيغۇرنىڭ يەتتە مىڭ يىللىق تارىخى بار، سەككىز مىڭ يىللىق سەرگۈزەشتىسى بار» دېگەننى ئۆتە قوغلىشىپ كەتمە. يەرنىڭ ئاستىنى كولاش، كونا كىتابلارنى ۋاراقلاش بىلەن پۈتۈن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزۈۋەتمە. چۈنكى دۇنيادا تارىخى ئۇزۇنلارنى بىرەر پارچە زېمىن بىلەن مۇكاپاتلايدىغان قائىدىمۇ يوق .يەرشارىنى سوراپ يەۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنىڭ تارىخى تېخى ئۈچ يۈز يىلغىمۇ يەتكىنى يوق. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى ۋە ئۇنىڭدىكى رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەتقىقاتىڭنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىل .بۈگۈنكى ياشلارنى، ئۇيغۇر ئەۋلادلارنى تەتقىق قىلىشقا ئەڭ كۆپ ۋاقتىڭنى سەرپ قىل .ئاپتونوم رايون دېگەن جاھاندا ئەندىزىسى يوق، قۇرۇلما رامكىسى يوق نەرسىمۇ ئەمەس .ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونۇڭنى غەربىي زاڭ (شىزاڭ) ئاپتونوم رايونى بىلەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىل. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونۇڭنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاپتونوم رايونلار بىلەن، ئالاھىدە رايونلار بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىل. تەتقىق قىلىپ، توغرا يول تاپ. توغرا يول ئۆچۈن بارلىقىڭنى بېغىشلا، ئۆزەڭنى ئات. گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرى شۇكى، سەن ــ بىز ئەگەر تەتقىقاتنى ئەمەلىيەتكە چەمبەرچەس باغلاپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە قوغداپ، ئۇنى ئىسمىغا مۇناسىپ لاياقەتتى ۋە ئېپى سېپىدە ھالتى بىلەن ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەلمىسەك، نەۋرىلەر بىزنى «نان قېپى ئەجداد، مۇناپىق ئەجداد» دەپ تىللايدۇ ۋە قەبرىمىزگە تۈكۈرىدۇ. بۇنى ئۇبدان قىياس قىل ۋە ئويلان، ئەبگا!

## خاتىمە

ئۇزۇن گەپنى قىسقا قىلىش يۈزىسىدىن «ئەبگا ئۇيغۇر «ماۋزۇلۇق بۇ تەنقىدىي رېئالىزىم ئەسىرىمنى يۇقىرىقى ئىخچام ئون باب بىلەن تاماملىدىم. خاتا دېگەن بولسام، ئەستەغپىرۇللاھ. توغرا دېگەن بولسام ئويلاپ بېقىڭلار.

مەلۇمكى مۆئەييەن بىر شەخسنىڭ كەمچىلىكى ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش جىق ئاسان ئىش. بىراق بىر مىللەتنىڭ يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسان تەرەپلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسە چىقىرىش ۋە بۇخىل خۇلاسىنى شۇ مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈش بولسا، ئېغىزدا دەپ قويۇش ئاسان، ئەمما قەغەز يۈزىگە ئېلىپ، ئەسەر قىلىپ پۈتۈپ چىقىش

ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىش.

بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالدى ـ ئارقىسىنى ئويلىسام، گەپنى 1984 ـ يىلى ئىراق ئەرەب جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان باغدات سەپىرىمدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەرەب تىلى ئۆگەنگەنلىكىمنىڭ شاراپىتىدىن، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەسىرلەر بويى تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان مەشھۇر «مىڭ بىر كېچە» قىسسىسىنىڭ ھېكايە مەيدانى باغدات شەھرىگە باردىم. ئەلۋەتتە خوشال بولدۇم، ھاياجانلاندىم .ئىراقتا جەمئىي ئون سەككىز ئاي تۇردۇم. بۇ جەرياندا پايتەخت باغدات شەھىرىدىن باشقا، ھىللە، كۇفە، نەجەف، كەربالا، بەسرە ۋە كەركۈك قاتارلىق شەھەرلەردە بولدۇم .خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئاددىي دېھقاندىن تارتىپ، نازىر، مىنىستىرغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن تارتىپ، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورى، دوكتۇرلىرىغىچە ئارىلاشتىم .شەھەر قورۇلۇش مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىش ۋە قەدىمىي ئىزلارنى زىيارەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇ قەدىمىي زېمىندە، يېڭى زامان، يېڭى دەۋر تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان خەلقنى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى، تۇرمۇش قارىشىنى ۋە ياشاش ئۇسلۇبىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتتىم. مەن ئۇلارنى ئۆزەم بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر قەۋمگە تەڭ قىلمايدىغان مىللىتىم ئۇيغۇر بىلەن سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە بەزەن ئېنىق پەرقلەرنى سەزدىم. خۇسۇسەن تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى ئەمەلىيلىك ۋە ھايات ئەقىدىسىدىكى جانلىقلىق جەھەتتە، ئىراق ئەرەبلىرىنىڭ روشەن ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم .سەزگەن ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن بايقىغانلىرىم ئاساسىدا، «ئىراق تەسىراتلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا نۇرغۇن خاتىرە يازدىم. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇردىكى نۇقسانلار» دېگەن تارماق تېمىدىكى خاتىرىلىرىممۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىراق تەسىراتلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا، دوستلىرىمغا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىلەن خاتىرە مەزمۇنى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردۇم. ئەپسۇسكى ھېچكىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدىم. ھەممەيلەن خۇددى بۇرۇن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا: «ئۇيغۇرنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ قىلىنغان تەنقىدنى خەلق كۆتۈرەلمەيدۇ» دېيىشتى. كۆپىنچەيلەننىڭ ئارقامدىن: «ئۆزىچە يوغان بىر ئىش قىلغاندەك، چەتئەلگە چىقتىم دەپ چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىتىنىمۇ ياراتمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ھەتتا بىر ئاغىنەمنىڭ «باغدات كاشىغەرچىلىك بارمىكەن؟» دېگەن سوئالىغا: «بىزنىڭ كاشغەر شەھىرىمىز باغداتنىڭ ئوتتۇرا ھال

دەرىجىدىكى بىر كوچىسىغا ئاران ـ ئاران باراۋەر كېلىدىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىم ئۈچۈن، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا دەشنام يېدىم. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، خېرىدار قوبۇل كۆرمەيدىغان مالنى بازارغا سالماسلىق، خەلق ياقتۇرمايدىغان گەپنى ئۇلارغا دەپ ئولتۇرماسلىق قارىشى بىلەن، مەزكۇر «ئۇيغۇرلاردىكى نۇقسانلار» ماۋزۇلۇق خاتىرەمنى رەتلەپ ئېلان قىلىشتىن ۋاز كەچكەنىدىم. بىراق ئاشۇ خاتىرەم گېزى كېلىپ، بۈگۈنكى مۇشۇ «ئەبگا ئۇيغۇر» ماۋزۇلۇق ئەسىرىم ئۈچۈن خېلى قۇۋۋەتلىك خىمىرتۇرۇچ بولدى.

كېيىنچە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، مائارىپشۇناسلىق ئىلمى نەزەرىيىسى بىلەن پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. پسىخولوگىيە ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۆزەمنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە مىللىتىم ئۇيغۇرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرىيىۋى ئاساسلارغا تەدبىقلاپ مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، خېلى كۆپ پايدىلىق ئىلمىي ۋە ئەمەلىي چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلدىم. خۇسۇسەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇن يۈلەن خانىم يازغان «مىللەتلەر پسىخولوگىيىسى» ناملىق كىتاب مېنىڭ ئۇيغۇر پسىخولوگىيىسىنى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆككەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئىستىكىمنى ئويغاتتى. بۇ كىتابتىكى ئىنساننىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كىشىلىك دۇنيا قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەدرىجى ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقى ۋە بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇئەييەن ئىنكاس ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيە ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى ۋە مېنى كۆپ ئويلاتتى. نەتىجىدە بۇ خىل نەزەرىيىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە نۆۋەتتىكى ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىگە تەدبىقلاپ يۈرۈپ، بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى بايقىدىم ۋە بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىقات يۈزىسىدىن بولسىمۇ يېزىپ چىقىپ، كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشنى ئىلىم يولىدىكى بىر ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ قارىدىم. مانا مۇشۇنداق ئۆگىنىش، تەسىرات ۋە ئويلار ئارقىسىدا، «ئەبگا ئۇيغۇر» « ماۋزۇلۇق بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مېنىڭچە بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى ئىچىدىكى پسىخىك نۇقسانلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ يېزىلغان ئەسەر جەزمەن ئىلمىي ئاساسلىق ۋە سەممىي پىكىرلىك بولغاندىن تاشقىرى، شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە مۇتلەق كۆپچىلىك ئەزالىرى ئېتىراپ قىلغۇدەك دەرىجىدىكى ئەمەلىيەتچانلىقتا ئىگە بولۇشى لازىم. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن بۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي ئەسەر بولالايدۇ.

مۇشۇ چۈشەنچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، مەن مەزكۇر ئەسەرنى بىر تەرەپتىن يېزىش، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىپ بولغان قىسمىنى ئىمكان بار ئوچۇق مۇھاكىمە قىلىش، مۇھاكىمىدىن ئۆتكەن ۋە بېرىلگەن پىكىرلەر ئاساسىدا، قايتا گىشىشقلاك ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىشىكنى داغدام ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئۈچ بابىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، فوتو كوپىيە قىلىپ، ئۇنى تونۇش مۇھەررىرلەرگە، مەسىلەكداش بۇرادەرلەرگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ پىكىر ئالدىم .مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قارمىقىدا تەشكىللەنگەن «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئەنجۇمەنى» نىڭ پائالىيەت كۈنلىرىدە، ياش ئەنجۇمەنداشلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئەسەر يورۇتماقچى بولغان مەسىلىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە قويدۇم. نەتىجىدە كۆپچىلىكنىڭ ئىلھامبەخش رىغبەتلەندۈرۈش پىكىرلىرىگە مۇشەررەپ بولغىنىمدىن باشقا، مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان سەممىي تەنقىد ۋە جەددىي تەكلىپ پىكىرلىرىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. مانا بۇلار بۇ ئەسەرنىڭ نىسبەتەن قايىل قىلارلىق، قىزغىن ئالقىشلىق ۋە ئىجابىي تالاش ـ تارتىشلىق ئاكتىپ ئەسەر بولۇپ پۈتۈپ چىقىشىنى ئاممىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بۇ ئەسەرنىڭ ئالدىنقى بەش بابىنى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزىپ تاماملىدىم .كېيىنكى بەش بابىنى بولسا، مىسىر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق قورۇسى بولغان «ستودېنتلار شەھىرى ( » Students City ) ناملىق گۈزەل باغدا يېزىپ پۈتتۈردۈم. مىسىردا بولغان كۈنلىرىمدىمۇ، ئەسەرنىڭ پۈتكەن بابلىرىنى ئۇدۇللۇق كۆپەيتىپ بېسىپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقچىلىقى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەن «مىسىر ئۇيغۇر ئەنجۇمەنى» سىنىپىدىكى يېڭى ئەنجۇمەنداشلارغا ۋە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىنستىتوتىدا مەن بىلەن ئوقۇۋاتقان بالام دىمەتلىك ساۋاقداشلىرىمغا ئوقۇپ بەردىم. ئەسەرنى ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرىسىگە قويدۇم .نەتىجىدە ۋەتەندىن بەش يىل، ھەتتا ئون يىللاپ ئايرىلىپ، نىل دەرياسى ساھىلىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان، ئانا ۋەتەنىنىڭ قەدرىنى نەق ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشەنگەن، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەخىرسىزلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن بۇ تالىبۇلئىلىم (ئىلىم تەلەبكارى) لارنىڭمۇ نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلىرىگە ۋە رىغبەتلىك دۇئالىرىغا ئېرىشتىم. مەن بۇ يەردە مەزكۇر ئەسىرىمنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك يېزىلىپ

پۈتۈشى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە سەممىي پىكىرلىرى ئارقىلىق قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن چوڭ - كىچىك قېرىنداشلىرىمغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرنىڭ كەپ كىتابخانلار بىلەن ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئەمەلىي مەيدان ھازىرلاپ بەرگەن، تەھرىرلىكتە يېتىك ماھارەت، ئەسەرنى ئېلان قىلىشتا تەمكىن جاسارەت كۆرسەتكەن ژۇرنالىست «ش ئۇ ئا ر مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قۇربان مامۇت ئەپەندىمگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن ۋە سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

ئىنسان بۇ دۇنيادا تېخى ئىككى يۈز يىل ياشىغىدەك بولمىدى. ئادەمنىڭ ئەڭ ھاياتى كۈچكە ئىگە ئۆمرى ۋە تۆھپىكار ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە ئون يىللا ئىكەنلىكى ھېلىھەم پاكىت بولۇپ كەلدى .شۇنداقىكەن ئىنسان ھەر بىر كۈن، ھەر بىر ئاي ۋە ھەر بىر يىلنى چوقۇم ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىنۇت، ھەر سائەتنىمۇ ئەزىزلەپ، مەسئۇلىيەت ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ئەستايىدىل ياشىشى لازىم. بۇ — مېنىڭ تۇپكى ھايات قارىشىم .ھالبۇكى مەن بۇ ئەسەرنى ھېلىقىدەك دەپ ئېيتىۋىلىش، سۆزلىۋىلىش ۋە قورسىقىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئانا سۇتىنىڭ قەرزى ۋە ئانا يەر تۇزىنىڭ بۇرچ - پەرزى ئۈچۈن، ئەستايىدىل ئويلىنىپ يازدىم. بۇ ئەسەر ھېچقانداق بىر كونكرېت شەخسكە قارىتىلمايدۇ. بىراق ئۆز نۆۋىتىدە ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر بۇ ئەسەرنىڭ قاراتمىلىقى دائىرىسىدىن چەتتە قالمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۆزەمنىڭ سۈرىتى، مەن ئۆزەمنى ئاشۇنداق تونۇدۇم. ئۆزەمدە ئاشۇنچىۋالا ئىللەت ۋە نۇقسانىنىڭ بارلىقىنى سەزدىم. مەسىلىنى سەزگەن ۋە تونىغان ئىكەنمەن، مۇندىن كېيىنكى ئۆمرۈمدە، جەزمەن نۇقسانلارنى تۈزىتىپ، ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىسمى جىسمىغا مۇناسىپ بىر مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇر بولۇپ ياشايمەن. ئەمدى شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ، شۇ جۈملىدىن، تەنقىد قىلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان، غەزەپ تاشقىنلىرى تېشىپ كېتىۋاتقانلارنىڭمۇ، دەسلەپ بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىل بىر ئوقۇپ چىقىشىنى، بىر قېتىم ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىش - ئەمەللىرى ئاساسىدا، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئەستايىدىل بىر مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىللەت ۋە نۇقسانلارنى تېز پۇرسەتتە تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بېقىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىجادكارى بولغان ئۇيغۇر ئۇلۇغ مىللەت. بىراق ئايىنىڭمۇ يۈزىدە دېغى بولغىنىدەك، ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا بار ئاشۇنداق بىر مۇنچە نۇقسان ۋە ئىللەت. ئەمدى ئەگەر بىز ھەممىمىز بىردەك ئېڭىمىزدا ئۇيغۇر ئەقىدىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئۆز ئارا ـ ئىجىل ئىناق، بىر گەۋدە بولۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى ھەقىقىي مەنىدىكى قېرىنداش تونۇپ، ھورۇنلۇقنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چىن يۈرەكتىن قەدىرلەپ، ئۆز ۋەتىنىمىزنى ئۆز پائالىيىتىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئەزىزلەپ، مەرىپەتلىك بولۇپ، پەزىلەتكە تولۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى قېرىنداشلارچە سۆيۈپ، ئورتاق ئىشىمىزغا جان ـ دىلىمىز بىلەن كۆيۈپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە خۇراپاتلىقنى ئۆزىمىزدىن يىراق قىلىدىغان، پىداكارلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى بارلىق ئىشلىرىمىزغا باش بايراق قىلىدىغانلا بولساق، شەك يوقكى، ئۇيغۇرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ تاكامۇللاشقۇسى. يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر زېمىنى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى ياراتقان مۆجىزە ۋە كارامەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقۇسى!

شۇ مۇرادىمنى مۇنۇ تۆت مىسراغا مۇجەسسەم قىلدىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسىرىمنى مۇكەممەل قىلدىم:

ئۇيغۇر بىز — ئۇيۇشقاقتۇر بىزنىڭ ئەسلىمىز،
كۈرەش قىلساق بىرلىشىپ، گۈللەر نەسلىمىز.
نۇقسانلارنى تۈگەتسەك، ئىلىم ئۆگەنسەك،
كېلەر يەنە بىزنىڭكى پارلاق پەسلىمىز!

1997- يىل 7 ـ ئاپرېل دۈشەنبە، قاھىرە

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى




مۇھىم مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىش قائىدە ئاساسىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنى تەتقىق قىلىش، توپلاش ۋە رەتلەپ لۇغەتلىرىمىزگە ئېلىشنىڭ مۇھىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي دەۋرلىرى ئۇزايىدىن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى «دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. چاغاتايخانلار زامانىسىنى ئۆزىگە دەۋر بېشى قىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر قارخانىيلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىنىڭ بىۋاستە راۋاجى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇل-ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر. ھالبۇكى، ماۋزۇيىمىزدىكى ئىزافەتلەر مەسىلىسى مۇشۇ تەتقىقات ساھەسىگە كىرىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

### (1)ئىزافەتلەر ۋە ئۇلارنى ئوقۇش-يېزىشنىڭ قائىدە ئاساسى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن، ئىپىنقلانغۇچى سۆزى ئالدىدا، ئىپىنقلىغۇچى سۆزى كەينىدە كەلگەن، ئىپىنقلاش-ئىپىنقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىز بىرىكمە «ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن، خەلقى ئالەم: ئالەم خەلقى؛ روھىي زەمىن: يەر يۈزى؛ سىرا تۇلمۇستەقىم :توغرا يول، دېگەنلەرگە ئوخشاش. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئىزافەت» بىلەن ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تەڭسىز بىرىكمە» قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا مەزكۇر «ئىزافەت» دېگەن ئاتالغۇنى يەكلەپ تاشلىۋەتمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئۇقۇم دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان خاس تېرمىن قىلىپ ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوستاۋىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالتە ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىمۇ ئۈپرىماس ھاياتىي كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىزافەتلەر ئاز ئەمەس. ئەمدى، بۇ خىل ئىزافەتلەرنى لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرۈش مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدىكى قوللىنىشچانلىقىنى، يەنى بىلىپ ئىشلىتىش ۋە توغرا ئىشلىتىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزافەتلەر ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەنئەنىۋى تەڭسىز بىرىكمىلەردىن تۈپلۈك پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا دائىر ئاساسىي قائىدىلەر ھەققىدە مۇۋاپىق بايان بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ئىزافەتلەر ئۆزلىرىدىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ، «ئەرەبچە ئىزافەت» ۋە «پارسچە ئىزافەت «دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئادەتتە، تەركىبىدە ئەلفلام (ال-)بولغان، يەنى ئىپىنقلانغۇچى سۆز بىلەن ئىپىنقلىغۇچى كەلىمە ئەلفلام ئارقىلىق بىرىكىپ كەلگەن ئىزافەت »ئەرەبچە ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «يول» مەنىسىدىكى « «پىرائ»كەلىمىسى بىلەن »تۈز، توغرا، داغدام، ئۇقۇمىدىكى مستقيم» سۆزىدىن تەركىب تاپقان ئەرەبچە ئىزافەت »پىرائ المستقيم» شەكلىدە بولىدۇ ۋە ئىزافەت ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئالدى قوشۇلغۇچى بولمىغان ئەھۋالدا«سىراتۇلمۇستەقىم» دەپ ئوقۇلىدۇ.

ئەرەبچە ئىزافەتلەرنى ئوقۇش ۋە ترانسكرىپسيە قىلىشتا، ئىزافەتنىڭ ئالدىدا «بى، فى، ئان، ئىلە، ئەلە،» قاتارلىق ئالدى قوشۇلغۇچى كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىگە، شۇنداقلا ئەلىفلام بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان ئىنقىلىغۇچى سۆز باش ھەرپىنىڭ قەمەرىيە ھەرپى ياكى شەمسىيە ھەرپى ئىكەنلىكىگە قارايمىز.

ئەگەر ئىزافەت ئالدى قوشۇلغۇچىسىز بولسا، بۇ ھالدا ئالدى بىلەن، ئىنقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «ـئۇ» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىنقىلىغۇچى سۆز قوشۇلۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، »امر» سۆزى بىلەن «الله» سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئالدى قوشۇلغۇچىسىز ئەرەبچە ئىزافەت ئادەتتە، امرالله شەكلىدە يېزىلىدۇ ۋە «ئەمرۇللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇكى، بۇنىڭ مەنىسى »ئاللاھنىڭ ئەمرى » دېگەن بولىدۇ. («ئاللاھ» سۆزىدىكى «ھ» تاۋۇشىنى يېزىقتا چۈشۈرۈپ قويۇش مۇتلەق توغرا ئەمەس!) ئەمدى ، ئەگەر بۇ ئىزافەت «ب» «بى» دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن كەلسە، بۇ ھالدا، بامرالله شەكلىدە يېزىلىدۇ ۋە مەزكۇر ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» نىڭ تەسرى بىلەن، ئەسلىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى «ئى» گە ئۆزگىرىپ »بىئەمرىللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇكى ،بۇنىڭ مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن» دېگەن بولىدۇ .ئوخشاشلا، اسم بىلەن الله سۆزىدىن تۈزۈلگەن ئەرەبچە ئىزافەت ئالدى قوشۇلغۇچىسىز ئەھۋالدا، اسم الله يېزىلىپ، «ئىسمۇللاھ » دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىسمى» دېگەن بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئالدى قوشۇلغۇچى «بـ» بىلەن كېلىپ، بسم الله يېزىلغاندا بولسا، «بىسمىللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇ. ۋە مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن «دېگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئەلفلام بىلەن كەلگەن ئىنقىلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى شەمسىيە ھەرپى بولسا ۋە ئىزافەت ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئالدى قوشۇلغۇچى بولمىسا، بۇ ھالدا، ئىنقىلىغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «ـئۇ»تاۋۇشى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىنقىلىغۇچى سۆزنىڭ بېشىدىكى شەمسىيە ھەرپى قاتلاپ (تەكرار) ئوقۇلغان ھالدا قوشۇلىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «دېڭىز» مەنىسىدىكى «بحر»سۆزى بىلەن »نجاتلىق» ئۇقۇمىدىكى «نجات»كەلىمىسى ئەلفلام ئارقىلىق بىرىكىپ« بحرالنجات « شەكلىدىكى ئىزافەت ھاسىل قىلسا، ئۇ «بەھرۇننەجات» دەپ ئوقۇلۇپ ترانسكرىپسيە قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئەلفلام كەلگەن ئىنقىلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى ھەر قانداق قەمەرىيە ھەرپى بولسا، ئۇ ھالدا، ئىنقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «ـئۇ» تاۋۇشى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەسلەپ «ال-»(ئەلفلام) دىكى «ل-»(لام) ھەرپى

قوشۇلىدۇ .ئاندىن ئىنقلىغۇچى سۆز ئەينەن قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن، »قىسسىلەر، ھېكايىلەر» مەنىسىدىكى «قىپ»سۆزى بىلەن «ئەۋلىيالار» ئۇقۇمىدىكى «انبيا «سۆزى ئەلپلام بىلەن بىرىكىپ ئەرەبچە ئىزافەت ھاسىل قىلسا، قىپ الانبيا شەكلىدىكى بۇ ئىزافەت «قىسەس-ۇل-ئەنبىيا» دەپ ئوقۇلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئەرەبچە ئىزافەتتىكى »انبيا» (ئەنبىيا) سۆزىنىڭ ئورنىدا، باش ھەرپى شەمسىيە ھەرپى بولغان «رابغوزى «كەلىمىسى كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا «قىپ الرابغوزى»شەكلىدىكى بۇ ئەرەبچە ئىزافەت ئەمەلىيەتتە «قىسەس-ۇر-رابغۇزى»(رابغۇزى توپلىغان قىسسىلەر) دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مۇشۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل ئىزافەت ئىككى كەلىمىلىك ئەمەس، بەلكى ئۈچ كەلىمىلىك بولسا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىزافەت تەركىبىدىكى ئىنقلانغۇچى سۆز بىردىن ئارتۇق بولسا، بۇ ھالدا، ئەڭ ئالدىدا كەلگەن بىرىنچى ئىنقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىر «-ئۇ» تاۋۇشى، ئىككىنچى ئىنقلانغۇچى سۆزنىڭ ئاخىرىغا بولسا، بىر «-ئى» تاۋۇشى قوشۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەلپلام بىلەن كەلگەن ئىنقلىغۇچى سۆز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدە بويىچە، شەمسىيە ھەرپلىك بولسا تەكرارلىنىپ، قەمەرىيە ھەرپلىك بولسا، ئۆزگە «ل-» ھەرپى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. ۋە شۇنداق تراسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «تىللار» مەنىسىدىكى « لغات» سۆزى بىلەن « تۈركىي تىللىق مىللەت » مەنىسىدىكى «ترك» كەلىمىسىدىن تۈزۈلگەن ئىككى كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەت «لغات الترك»يېزىلىپ، «لۇغات-ۇت-تۈرك» ئوقۇلىدۇ. «تۈركىي تىللار» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى، مەزكۇر ئىككى كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەتنىڭ ئالدىغا »قامۇس، چوڭ لۇغەت» مەنىسىدىكى يەنە بىر ئىنقلانغۇچى سۆز بولغان «يوان»سۆزى قوشۇلسا، بۇ ھالدا، مەزكۇر ئۈچ كەلىمىلىك ئەرەبچە ئىزافەت ئەمەلىيەتتە «ديوان لغات الترك» شەكلىدە يېزىلىپ، «دىۋان-ۇ لۇغات-ىت-تۈرك» دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە مەنىسى «تۈركىي تىللارنىڭ قامۇسى» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، جاھانغا مەشھۇر قامۇسىمىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەرەبچە ئىزافەتلىك ئەسلى شەكلىنى نىمە ئۈچۈن «دىۋانى لۇغاتىل تۈرك» ئەمەس، بەلكى «دىۋانۇلۇغاتىتتۈرك» دەپ ئوقۇيدىغانلىقىمىزنىڭ قائىدە ئاساسى مانا شۇ.

روشەنكى، بۇ خىل ئەرەبچە ئىزافەتلەرنى توغرا ئوقۇش ۋە دۇرۇس ترانسكرىپسىيە قىلىش ئۈچۈن، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28ھەرپنىڭ ئىچىدە، «ا، ب، ج، چ، خ ، غ ، ع، ف، ق، ك، م، ھ، و، ھ، ى»دىن ئىبارەت 14 دانىسىنىڭ «قەمەرىيە ھەرپلىرى « ت، ڭ، د، ۋ، ر، ز، س، ش، پ، گ، ئ، ئ، ل، ن»، »دىن ئىبارەت 14دانىسىنىڭ «شەمسىيە

ھەرپلىرى» ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز بەكلا مۇھىم.
ئەمدى، پارسچە ئىزافەت دېگىنىمىز بولسا، پارس تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن، تەركىبىدە ئەلفلام(ال (بولمىغان ئىزافەتلارنى كۆرسىتىدۇ. پارسچە ئىزافەتلەردىمۇ ئوخشاشلا ئىنقلانغۇچى سۆز ئالدىدا ،ئېنىقلىغۇچى سۆز بولسا كەينىدە كېلىدۇ. پارسچە ئىزافەتلەرنى ئوقۇش ۋە ترانسكرىپسىيە قىلىشتا، ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ قانداق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىقىغا قارايمىز. ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز «-ئا» «سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، مەزكۇر ئېنىقلانغۇچى سۆز بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئارىسىغا بىر «يى» بوغۇمىنى قوشۇپ ئوقۇيمىز ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىمىز .مەسىلەن، دريا چيرت (دەرىيايي ھەيرەت): ھەيرانلىق دەرياسى؛ دنيا باقى (دۇنيايى باقى :مەڭگۈلۈك ئالەم؛ خدا تىالى(خۇدايىتەئالا)؛ تەڭداشسىز ئاللاھ، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنقلانغۇچى سۆز «ئە، ئى، ئو، ئۇ» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆز ئارىسىغا بىر «ئى» بوغۇمى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ.
مەسىلەن: پرده ئلمت(پەردەئىي زۇلمەت: زۇلمەت پەردىسى؛ غنچه خندان(غۇنچەئى خەندان): پورەك ئېچىلغان غۇنچە؛ سو ئن (سوئى زەن) گۇمان، يامان كۆز بىلەن قاراش؛ سوقيد” (سۇيىقەسد) سۇيىقەست؛ ئوئى دل (تۇتىئى دىل): يۈرەكنىڭ تۇتىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەگەر ئىزافەت تەركىبىدىكى ئېنىقلانغۇچى سۆز ھەر قانداق بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، بۇ ھالدا، ئېنىقلانغۇچى بىلەن ئېنىقلىغۇچى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «-ئى»تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، گل نار (گۇلى نار): ئانارگۈلى؛ دل نار(دىلى نار :(ئوت يۈرەك؛ ماەنور(ماھى نۇر) نۇرلۇق ئاي، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قەدىمىي تېكىستلەردە، ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن پارسچە ئىزافەتلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ .مەسىلەن، مست غرق باده (مەستى غەرقى بادە): رومكىغا چۆكۈپ كەتكەن مەست؛ مزرى لئق الهى(مەزرەئى لۇتفى ئىلاھى): ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جاي، دېگەنلەرگە ئوخشاش.
ئىزافەتلەر ھەققىدىكى قائىدە ئاساسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئوبدان ئىگىلەش بىزنى بۇ تۈردىكى سۆزلەرنى بىلىپ ئىشلىتىش، جايىدا ئىشلىتىش ۋە جانلىق ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## (2)ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ تۈرلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن، ئەملا تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا جانلىق ۋە يېزىق تىلى ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان ئىزافەتلەرنى ئىستېمالىمىزدىكى نەق ھالىتى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:
خەلقىئالەم (خلق عالم): ئالەم خەلقى، پۈتكۈل خەلق؛
پادشاھىئالەم(پادشاه عالم): ئالەمنىڭ پادىشاھى؛
تەركىدۇنيا(ترك دنيا (دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىش؛
ئەكسىھەرىكەت(عكس الحركت )قارشى ھەرىكەت، تەتۈرلۈك؛
ئەكسىئىنقىلاب ( عكس الانقلاب): تەتۈر ئىنقىلاب؛
بەيتۇللاھ (بيت الله) ئاللاھنىڭ ئۆيى، مۇقەددەس ئۆي، كەبە؛
ئەبەدىلئەبەد (ابدالابد)؛ مەڭگۈگە؛
بەيتۇلمۇقەددەس (بيت المقدس): مۇقەددەس ئۆي، كەبە؛
مەردىمەيدان )مردميدان): جەڭگاھ ئىنسانى، جەڭ مەيدانىدىكى ئەركەك.
ئەھلىمەھەللە(اهل مَحله :(مەھەللە ئەھلى، مەھەللە ئىنسانى؛
جانىجان (جان جان) جاننىڭ جېنى، ئەڭ ئەزىز؛
مىراب (ميرزب ): سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار
مىراخور(ميرزخور) جەڭ ئەتلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار؛
ئابىچەشمە (زب چشمه )؛ بولاق سۈيى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىن بىرسىنىڭ نامى، ئابىچەشمە مۇقامى؛
ئابىزەمزەم ( زب زمزم): زەمزەم بولىقىنىڭ سۈيى؛
ئابىكەۋسەر(زب كوثر):جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى؛
خەتمىقۇرئان (ختم قرزن) قۇرئاننى ئوقۇپ تۈگىتىش؛ قۇرئان ئوقۇش
شەيخۇلئىسلام (شيخ الاسلام) ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا مۇشەررەپ بولغان زات؛
دارىلئاجىزىن (دارالعاجزين): قېرى-چۆرىلەر يۇرتى، ئاجىزلار يۇرتى؛

دارلمۇئەللىمىن(دارالمعلمين): مۇئەللىم تەربىيىلەش يۇرتى؛
دارلفۇنۇن (دارالفنون) ئىلىم-پەن يۇرتى؛
دەردىسەر(دردسر)باش ئاغرىقى؛
دىۋانۇلۇغاتتىتۇرك(ديوان لغات الترك) تۈركىي تىللار دىۋانى؛
تارىخىگۇرەۋزەتىسسەفا (تاريخ روگه الپفا): ساپالىق باغ تارىخى ؛
تارىخرەشىدى (تاريخ رشيدى) ئابدۇرەشىدخان تارىخى؛
تارىخھەمىدى (تاريخ چميدى) ئابدۇلھەمىدىخان تارىخى
تارىخئەمنىيە (تاريخ امنيه) ئەمىنىيەتلىك تارىخ؛
ماھىنۇر(ماه نور) نۇرلۇق ئاي؛
سەددىچىن (سدد چين): جۇڭگو سېپىلى؛
ئىمانىكامىل(ايمان كامل): تولۇق ئىشەنچ ئىمامئەخپەش (امام اخپش) ئەخپەش ئىمام ؛
ئىلمىنۇجۇم (ىلم نجوم): ئاسمانشۇناسلىق ئىلمى
ھەججىئەكبەر ( حج اكبر): چوڭ ھەج، بۈيۈك ھەج؛ قەتلىئام (قتل ىلم ) ئومۇمىي قىرغىن، قىرغىن
غەيرىرەسمى (غير رسمى): رەسمىي بولمىغان؛ ۋەلىيۇللاھ (ولى الله :(ئاللانىڭ دوستى
ۋەلىئەھد (وليهد): تەخت ۋارىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.
ئىككىنچى، ئىزافەت قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمىغان، ئەمما تەركىبىدىكى سۆزلەردە فونېتىك ئۆزگىرىش بولغان ھالدا ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:
رويىزېمىن: يەر يۈزى، دۇنيا، ئەسلى: رەيىزەمىن (روى زمين).
تەختىراۋان: ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان چاغدا چىقىدىغان تەخت، جەسەت يۆيۈلىدىغان خاس تاختا؛ كونا جەمئىيەتتە مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى يەلكىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ
ماڭىدىغان جاھاز؛ ئەسلى: تەختىرەۋان (تخت روان).
ئابىھايات :تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى سۇ؛ ئەسلى: ئابىھەيات (ژب چيات).
ئابىناۋات: ناۋات سۈيى، بىر خىل قوغۇن ئىسمى؛ ئەسلى: ئابىنەبات (ژب نبات).
ئابىراۋان: ئاقار سۇ؛ ئەسلى: ئابىرەۋان (ژب روان).
ئاشىقىبىقارار :تاقەتسىز ئاشىق. ئەسلى: ئاشىقىبىقەرار ( باشق بيقرار)
ئالىمادىس: ھادىسىلەر دۇنياسى؛ ئېھتىمال. ئەسلى: ئالەمىھادىسە ( بالم چاد شه)
تەركىجاھان: جاھاندىن كېچىش. ئەسلى: تەركىجەھان (ترك جهان)

دارىلئىبتام: يېتىملەر يۇرتى. ئەسلى :دارىلئەيتام (دارالايتام)
بالايىبەتتەر: ئەڭ زور بالا-قازا. ئەسلى: بەلايى بەتتەر (بلا بتر)
زامانىئاخىر: ئاخىرەت، ئاخىر زامان. ئەسلى: زەمانى ئاخىر (زمان ژخر)
زامانىئەۋۋەل: ئۇزاق ئۆتمۈش، بۇرۇنقى زامان. ئەسلى: زەمانىئەۋۋەل (زمان اۋل)
ئەھلىمۆمىن: مۇسۇلمان. ئەسلى: ئەھلى مۇئمىن (اهل مؤمن)
دۇئايىبەت :قارغىش. ئەسلى: دۇئايىبەد (دىا بد)؛
دۇئايىسالام: تىنچلىق تىلىكى. ئەسلى: دۇئايى سەلام (دىا سلام)
روزىرامىزان: رامىزان كۈنى. ئەسلى: روزى رەمەزان (روز رمگان)
رەڭگىرۇخسار: چىراي، چېھرە رەڭگى. ئەسلى: رەنگى رۇخسار (رنگ رخسار)
پەيلىشەيتان: شەيتاننىڭ پەيلى. ئەسلى: فئىلى شەيتان (فىل شيئان)
بەدەرىبۇزرۇك: بۈيۈك ئاتا. ئەسلى: پەدەرى بۇزورك (پدر بزورك)
پەۋقۇلئاددە: ئادەتتىن تاشقىرى. ئەسلى: فەۋقۇلئاددە (فوق السادھ)
پۇشتىپاناھ: ئارقا تىرەك. ئەسلى: پۇشتى پەناھ (پشت پناە)
خۇدايىتائالا: تەڭداشسىز خۇدا. ئەسلى: خۇدايى تەئالا (خدا تىالى)
سۈيىقەست: يامان غەرەزلىك ھەرىكەت. ئەسلى: سۈيى قەسد (سو قېد)
سۈيىئىستېمال: يامان غەرەزلىك پايدىلىنىش، ۋاستە. ئەسلى: سۈيى ئىستىئمال (سواستىمال)
ئەمرىمەرۇپ: مەشھۇر ئىش. ئەسلى: ئەمرى مەئرۇف (امر مىروف)
ئەھلىسەلىپ: كرېست بەلگىلىك قوشۇن. ئەسلى: ئەھلى سەلىب (اهل پليب )
ئەھلىئىلىم: ئىلىم ئەھلى. ئەسلى: ئەھلىئىلم (اهل ىالم)
تەھتىسارا :يەر-زېمىننىڭ ئاستى. ئەسلى: تەھتىسەرا (تىت سرا)
ئەرشىئەلا: ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستى. ئەسلى: ئەرشىئەئلا (ىرش اىلا)
جامادىيەلئاخىر: ھىجرىيە 6-ئاي. ئەسلى :جەمادىيەلئاخىر (جمادى الاخر)
جامادىيەلئەۋۋەل: ھىجرىيە 5-ئاي. ئەسلى :جەمادىيەلئەۋۋەل (جمادى الاول)
رەبىيۇلئاخىر: ھىجرىيە 4-ئاي. ئەسلى :رەبىئۇلئاخىر (ربيى الاول)
رەبىيۇلئەۋۋەل: ھىجرىيە 3-ئاي. ئەسلى: رەبىئۇلئەۋۋەل )ربيى الاچز)
مىرشاپ: يىگىت بېشى، يىگىتلەر ئەمرى. ئەسلى: مىرشاب )مېرشاب)
مىرشەب: كېچىلىك جىبەكچىلەر باشلىقى، ئەسلى: مىرشەب ( ميرشب)
لەۋزى ھالال: راست گەپ. ئەسلى: لەفزى ھەلال (لفئ چلال)
لەۋزى ھارام: يالغان سۆز .ئەسلى: لەفزى ھەرام ( لفئ چرام)

قازىكالان: باش قازى. ئەسلى: قازىكەلان (قاپ كلان)
ۋەلىدىزىنا: نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا. ئەسلى: ۋەلەدىزىنا (ولدزنا)
قازايىقەدەر: پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىش. ئەسلى: قەزايى قەدەر (قپا قدر)
ئىسمىئەزەم: ئەڭ بۈيۈك ئىسىم. ئەسلى: ئىسمى ئەئزەم (اسم ائم)
ئىسمىشېرىپ: ئۇلۇغ ئىسىم. ئەسلى: ئىسمى شەرىف (اسم شريف)
ۋەلىئەزەم :باش ئىش بېجىرگۈچى. ئەسلى: ۋەلىئى ئەئزەم (ولى ائم)
ۋەلىنېمەت: نېمەت ئىگىسى .ئەسلى: ۋەلىنئەمەت (ولينمت)
مەدىكار: ئىشلەمچى. ئەسلى: مەردىكار(مردكار)
مىرغەزەپ: غەزەپ ئىگىسى. ئەسلى: مىغەزەب (ميرغگب)
كالامىشېرىپ: ئۇلۇغ گەپ، قۇرئان. ئەسلى: كەلامى شەرف (كلام شريف)
توقلىنەت: لەنەت چەمبىرىكى .ئەسلى: تەۋقى لەئنەت ( ئوق لىنت)
شاھىئەزەم: ئۇلۇ شاھ. ئەسلى: شاھى ئەئزەم (شاھ ائم)
پادىشاھىئەزەم: ئۇلۇغ پادىشاھ. ئەسلى: پادىشاھى ئەئزەم (پادشاھ ائم)
كەبىتۇللاھ: ئاللاھنىڭ كەبىسى. ئەسلى: كەئبەتۇللاھ (كىبە الله) ۋ.ب
ئۆچىنچى، ئوتتۇرىدىكى ئىزافەت قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان ھالدا زىچ يەملىشىپ كەتكەن ئىزافەتلەر:
ئاداپ: سۈيۈق ئوماچ. ئەسلى :ئاردئاب (زرد ژ ب)
ئابروي: يۈز ئىناۋىتى. ئەسلى: ئابروي (ژب روى). بۇ سۆزنى تۈركلەر « » (يۈز سۈيى) دەپ ئىشلەتمەكتە.
ئارامخۇدا: خۇدا بەرگەن ئاراملىق .ئەسلى: ئارامى خۇدا (ارام خدا)
ئارامخۇش: ياخشى ئارام. ئەسلى: ئارامى خۇش (ارام خوش)
ئاسار ئەتىقە: قەدىمكى ئىزلار. ئەسلى: ئاسارى ئەتىقە (اثار نتيقە)
بايۋەچچە: بالا باي، باينىڭ ئوغلى. ئەسلى: بايى بەچچە (باى بچە)
بەچچىخەر: ئېشەكنىڭ بالىسى. ئەسلى: بەچچەئى خەر (بچەخر)
پايناپ: ئېرىق ئۆستەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرى. ئەسلى: پايىنى ئاب (پاين ژب)
پەردىشەپ: قاراڭغۇلۇق پەردىسى؛ توسۇق. ئەسلى: پەردەئى شەب (پردە شب)
پايتەخت: پادىشاھ تەختى بار جاي .ئەسلى: پايى تەخت (پاى تخت)
پېشايۋان: ئايۋاننىڭ ئالدى. ئەسلى: پېشى ئايۋان (پيش ايوان)
تەرجىمىھال: ئەھۋال تەپسىلاتى. ئەسلى: تەرجىمەئى ھال (ترجمە چال )
تەندۇرۇس: ساغلام بەدەن. ئەسلى: تەنى دۇرۇست (تن درست).

ئەۋلىيا ئەزەم: ئەڭ بۈيۈك ئەۋلىيا. ئەسلى: ئەۋلىيايى ئەئزەم (اوليا ائم )
چۆلئىراق: ئىراق چۆلى؛ مۇقام ئىسمى. ئەسلى: چۆلى ئىراق ( چول ىراق)
خەزىنەدەپىنە: كۆمۈپ قويۇلغان خەزىنە. ئەسلى: خەزىنەئى دەفىنە (خزينه دفينه)
دۇردانە: دانە مەرۋايىت. ئەسلى :دۇررى دانە (در دانه)
شاكراپ: سۈيۈق شېكەر، ئۆتە تاتلىق سۇ. ئەسلى: شەكەرى ب (شكر ژب). بۇ ئىزافەت كېيىنچە مەنە كۆچۈش قىلىپ،
»ئۆتە تۈزلۈق» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بولۇپ قالغان.
رويخەت: خەت يۈزى، تىزىملىك. ئەسلى: روىيى خەت (روى خٔ)
سەللىمازا: پۈتۈنلەي ساغلام: ئەسلى: سەلىمۇلئەئزا (سليم الاىگا)
روياپ :سۇ يۈزى. ئەسلى: روىيى ئاب (روى ژب)
ساھىبخانا: ئۆي ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى خانا )پاچب خانه )
ساھىبخان: داستىخان ئىگىسى، مېھمان ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى خان )پاچب خان )
ساھىبقىران: يېتىكلىك ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى قىران (پاچب قران)
ساھىبتەدبىر: تەدبىر ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى تەدبىر (پاچب تدبير)
سانايىنەپىسە: گۈزەل سەنئەت. ئەسلى: سەنايىئى نەفسە (پنايچ نفيسه )
ساھىبپەرمان: پەرمان چۈشۈرگۈچى. ئەسلى: ساھىبى پەرمان (پاچب پرمان)
ساھىبجامال: جامال ئىگىسى، چىرايلىق. ئەسلى: ساھىبى جەمال (پاچب جمال)
ساھىبكامال: كامالەت ئىگىسى. ئەسلى: ساھىبى كەمال )پاچب كمال)
سىماب :سۈيۈق كۈمۈش، سىماپ. ئەسلى: سىمى ئاب (سيم ژب)
سىمكار: ئىش ھەققى .(工钱) ئەسلى :سىمى كار (سيم كار)
سەپراس: تۈز سەپ. ئەسلى: سەفى راست ( پى راست)
سەركار :ئىش بېشى، ئىش باشقۇرغۇچى. ئەسلى: سەرى كار (سركار)
قەدەمتەشرىپ: مۇبارەك قەدەم(光临) .ئەسلى: قەدەمى تەشرىف (قدم تشريف)
گۈلنار: ئانار گۈلى. ئەسلى: گۈلى نار (گل نار)؛ دىلنار: ئوت يۈرەك. ئەسلى: دىلى نار (دل نار)
گۈلسۇرۇخ: قىزىلگۈل. ئەسلى :گۈلى سۇرۇخ (گل سرخ)
گۈلقەقە: پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل. ئەسلى: گۈلى قەھقەھ (گل قهقه)
گىرداب: سۇ قايىنمى، قايناm. ئەسلى: گىردى ئاب (گرد ژب)
لەپشىرىن :تاتلىق لەۋ. ئەسلى: لەبى شىرىن (لب شيرين)
مويلاۋ: بۇرۇت. ئەسلى: مويى لەب (موى لب)؛ مويسپىت: ئاق چاچ. ئەسلى: مويى

سەفىد (موى سفيد)
ۋەزىر ئەزەم: باش ۋەزىر، بۈيۈك ۋەزىر. ئەسلى: ۋەزىرى ئەئزەم (وزيرا ئىم)
مەككە مۇكەررەمە: ئۇلۇغ مەككە .ئەسلى: مەككەئى مۇكەررەمە (مكەمكرمە)
مەدىنە مۇنەۋۋەرە: نۇرلۇق مەدىنە. ئەسلى :مەدىنەئى مۇنەۋۋەرە (مدينە منورە)
ساھىبماقام: ئەمەلدار، مەنسەپدار. ئەسلى :ساھىبى مەقام ( پاچىب مقام) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## تۆتىنچى، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىزافەتلەر:

بىسمىللاھ (بسماللە): ئەرەبچە ئىزافەت ئىسمۇللاھ (اسم الله) بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن.
ئەزبىرايىخۇدا (ازبراى خدا): پارسچە ئىزافەت »رەيئى خۇدا» بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» ۋە «دىن \تىن» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى »ئەز» (از) نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان.
مەنىسى: ئاللاھنىڭ رايى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى؛ خۇدا ھەققى، جەزمەن.
پىسەبىلىللاھ (فى سبيل الله): ئەرەبچە ئىزافەت »سەبىلىللاھ» (سبيل الله) بىلەن «دا\ دە\ تا \ تە» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «فى «نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان.
مەنىسى: ئاللاھنىڭ
يولىدا، خالىس، خالىسانە.
پىسۇىللا: بۇ يۇقىرىدىكى دىنىي كەلىمە «پىسە بىلىللاھ» نىڭ جانلىق تىلدىكى ئۆزلەشمە شەكلى بولۇپ، قەشقەر شىۋىسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.
ئەستايىدىل: بۇ سۆز ئەسلىدە، پارسچە ئىزافەت «تەھى دىل» (تەدل) بىلەن «دىن \ تىن» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىزافەت بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «ئەستايىدىل» كەلىمىسى بولۇپ قالغان. سۆز مەنىسى «يۈرەكتىن چىقىرىپ، چىن يۈرەكتىن» ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان .مەزكۇر »ئەستايىدىل» كەلىمىسىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى شەكلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ژىرىك ئەسىرى « تارىخىي ھەمىدى» دە مۇنداق كۆرۈلىدۇ:
بەگ بەچچە باشلىغ ھەممە ئەمىر، لەشكەر، يىگىت، ئەسكەرلەر ئەزتەھىدىل

مۇھارەبە ۋە مۇقاتەلەگە تۇردىلەر. (بەگقۇلى بەگ باشلىق بارلىق ئەمىر، لەشكەر، يىگىت ۋە ئەسكەرلەر ئەستايىدىل جەڭ قىلىشقا باشلىدى). ئۇل ھەيبۇ قەييۇم لانىيام دەرگاھى تەقەددۇستىن ئىلتىجا ۋە ئىستىد ئايى تەماملار بىرلە ئەزتەھەدىل يىغلادىلەر. (ئۇ ئەبەدىيلىك ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن كەمكۆتىسىز ئىلتىجا تىلەپ ئەستايىدىل يىغلاشتى).

## (4)ئىزافەتلەر تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىدىكى رولى

بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى ئىزافەتلەر ئەسلىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق بىرلىكلەر بولغاچقا، تەتقىقات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەركىبىنى ئوچۇقلاپ كۆرسىتىش ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق، بۈگۈنكى تىلىمىزدا «چۈپرەندە»دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: «شاكال، شۆپۈك قاتارلىق كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت؛ چۈپرەندە ئازگىلى» ئەمدى ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، مەزكۇر «چۈپرەندە» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، «ياغاچ» مەنىسىدىكى «چوب » )مەسلەن، چوبگەز)سۆزى بىلەن «رەندە» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان »چۆبىرەندە»شەكلىدىكى پارسچە ئىزافەت ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. دېمەك، ئۆز زامانىسىدا، »رەندىلەشتىن چىققان ياغاچ قىرىندىسى، پۈزەك» ئۇقۇمىنى ئاتىلىپ ئىشلىتىلگەن مەزكۇر »چوبىرەندە» بىرىكمىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بۈگۈنكى تىلىمىزدىكى «چۈپرەندە» تەلەپپۇز قىلىنىپ، «شاكال-شۆپۈك؛ ئەخلەت» مەنىسىنى ئاتىلىدىغان بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. دەرۋەقە، بۇ سۆز بۈگۈنكى تىل ئىستېماللىمىزدا، «چۈپرەندە ئادەم» دېمۇ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ ھال مەزكۇر ئىزافەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، «يارىماس، چاكىنا، ئېتىبارسىز» قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە يىغىدىن يۈكلىگەن بىر كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مىسال ئالساق، ھازىرقى تىلىمىزدا «ئەۋرەز» دېيدىغان بىر سۆز بار. بۇ سۆز ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدە: «ئۆينىڭ ئىچىگە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياسالغان ئۇستى يېپىق ئورا «دەپ ئىزاھلىنىدۇ. بۇ سۆزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «سۇ» مەنىسىدىكى «ئاب» سۆزى بىلەن «تۆكۈۋېتىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن» ئۇقۇمىدىكى «رىز» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئابرىز» شەكلىدىكى پارسچە ئىزافەت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز

زامانىسىدا، «يۈيۈندى سۇ، يۈيۈندى سۇ ئازگىلى، يۈيۈندى سۇ يولى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئەگەر بىز بۇ «ئابىرىز ئەۋرەز » سۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىدا «يۈيۈندى سۇ يولى، تۆكۈندى سۇ يولى» ئۇقۇمىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «مۇنچا ئۆيىنىڭ ئىچىگە يۈيۈنغان سۇنى ئېقىتىۋېتىش ئۈچۈن ياسالغان ئورا» دېگەن مەنىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى «下水道» دېگەن بىرىكمە سۆزگە بەدەل قىلىپ ئىشلىتەلىسەك، بۇمۇ بىر نەتىجە بولىدۇ ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ ئۆزلەشكەن تەكسىز بىرىكمىلەر بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق قېزىپ، تولۇپ ۋە رەتلەپ لۇغەتلىرىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە توغرا، تولۇق ئىزاھلاپ كۆرسىتىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەر يالغۇز «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە »كاششى خاندانلىقى» غا ئوخشاش تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر تىل ئىستېمالىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئۆزگىچە خاس بولغان رول ۋە ئەھمىيەت بىلەن ئەسقاتىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1)«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل نەشرى.
(2)«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىل نەشرى.
(3)«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى.
(4) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» قوليازما، 269-بەت، -9-8قۇرلار. 323-بەت، 5-6-قۇرلار.

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى »ژورنىلىنىڭ 2005 -يىل 1 -سانى